ئسمايل ئەھمەد

# مىللىي خىزمەتكە دائىر ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

مللەتلەر نەشرياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك*

(1995-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنى)

بىزنىڭ شەرقتىكى بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى تارىخ ۋە تارىخنى ياراتقان خەلق بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن مىللەتنى سىغدۇرىدىغان كەڭ قۇچىقى بار، شۇڭا، ئۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان؛ ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئىجادىي كۈچىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرمەكتە؛ ئۇ تۈرلۈك ئىقتىسادىي رايونلارنى بىر گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرگەن، بۇ رايونلار بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ۋە بىر-بىرىگە ياردەم قىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە؛ ئۇ مىللەتلەرنىڭ خىلمۇخىل ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى رەڭگارەڭ ھۆسنىگە ئىگە؛ ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئورتاق يارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دەرۋەقە، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە بىر مىللەتلىك دۆلەتتە كۆرۈلمەيدىغان مەسىلىلەرمۇ بولىدۇ، مىللىي پەرق تۈپەي-

---

* بۇ ماقالە «نۇر» گېزىتىنىڭ 1995-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

لىدىن يۈز بەرگەن مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش-
قا، مىللەتلەرنىڭ ئۆيۈشۈش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشقا
توغرا كېلىدۇ، بۇ جەرياندىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە مىللەتلەرگە
ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى دائىم، ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بې-
رىشتىن ئىبارەت.

**دۆلەت ھەممىدىن ئەلا — بۇ ھەربىر پۇقرانىڭ ھازىرلىشى ۋە ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ بېرىشى لازىم بولغان ئىدىيە**

كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ
قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مۇناسىۋەت بار، ئۇ بولسىمۇ
دۆلەت بىلەن مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

ھەربىر ئادەم ئىگىلەپ تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ناھايىتى تەبى-
ئىي ھالدا بىر مىللەتكە تەۋە بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ ئەزاسىغا
ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدا شۇ مىللەت بىلەن بىللە ئىسسىق-سوغۇقنى
باشتىن كەچۈرۈش، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش جەريانىدا ئالا-
ھىدە مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ، بۇنداق مۇھەببەت تۇغما مۇناسى-
ۋەت ۋە كېيىنكى تۇرمۇش تۇپەيلىدىن بارا-بارا مۇستەھكەملى-
نىپ بارىدۇ. بۇ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلى-
شىدىكى مۇھىم ئامىل.

بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەينى زاماندا بىر دۆلەتكە
تەۋە بولىدۇ. دۆلەت سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق
ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ھەربىر ئادەم بىلەن
زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەربىر ئادەمنىڭ مېھرى-
نى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. مۇساپىرنىڭ يۇرت-ۋەتىنىنى سېغى-
نىشى ئەنە شۇنداق مېھرىنىڭ ئۆزىدۇر.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر ئادەم ئۆز مىللىتى ئۈچۈن كۆپرەك قانداشلىق ۋە ئىرق ئەھمىيىتىگە ئىگە، ئۇ ئۆز دۆلىتى ئۈچۈن تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر بىر ئادەم بىرەر دۆلەتكە مەنسۇپ بولمىسا، ئۇنىڭ پۇت تىرەپ تۇرىدىغان يېرى بولمايدۇ، قانۇن بەخش ئېتىدىغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتكىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ھازىر دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، بىر مىللەتلىك دۆلەتنى ئالغاندىمۇ، ئۇ ئالدى بىلەن بىر دۆلەت بولغىنىدىلا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ. بىرەر ئادەم ياكى بىر توپ ئادەم مەلۇم مىللەتكە ۋاقىتىنچە مەنسۇپ بولماسلىقى ياكى كونكرېت ئىرق نامى بىلەن ئاتىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بولماي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۆلەت مىللەتتىنمۇ مۇھىم. «ئېھ، ۋەتىنىم ئانام!» —مانا بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى، شۇنداقلا تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقىرىلغان ئەقلىي يەكۈن.

كۆپ مىللەتلىك دۆلەتتە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. مىللەتلەر ئورتاق زېمىندا بىللە كۈرەش قىلىپ، بىللە يول ئېچىپ، ئورتاق مەردپەت يارىتىدۇ، شۇنىڭدەك ئورتاق ئىجادىيەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ دۆلەتتە دۆلەت مىللەتلەرگە ئەمگەك قىلىش شارائىتى يارىتىپ بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمگىكىنى قوغدايدۇ. دۆلەت مەۋجۇت بولمىسا ۋە قۇدرەت تاپمىسا، تىنچ ئەمگەكنى ۋە ئەمگەك نەتىجىسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى

تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دۆلەتنىڭ ئىلگىرىلىشى يا-
كى چېكىنىشى، گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى، شەرەپ قازىنى-
نىشى ياكى خارلىققا قىلىشى بىر مىللەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ياكى
چېكىنىشى، گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى، شەرەپ قازىنىشى
ياكى خارلىققا قېلىشى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق. دۆلەت
قۇدرەت تاپقاندىلا، مىللەت ئالغا باسىدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئادەم
دۆلەت ھەممىدىن ئەلا، دۆلەت ھەممە مىللەتنىڭ ئالىي مەنپەئەت-
تىنىڭ نامايەندىسى ۋە بەخت-سائادىتىنىڭ مەنبەسى، ھەرقانداق
مىللەت ھەرقانداق چاغدا دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، دۆ-
لەتنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشى كېرەك دېگەن ئېتىقادىنى ئۈز-
لۈكسىز كۈچەيتىشى شەرت.
مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ماھى-
يەتتە بىر. مۇئەييەن شارائىتتا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ كونكرېت
مەنپەئەتى بولۇشى مۇمكىن ۋە ئۇ بەزىدە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە
زىت كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھەممە مىللەت ئۆز
مىللىتىنىڭ تېزرەك راۋاجلىنىشىنى، دۆلەتنىڭ كۆپرەك يار--
يۆلىكىگە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن ئوبيېكتىپ
شارائىتتا كۆپ ھاللاردا ھەربىر مىللەتنىڭ تەلىپىنى تەڭ قاندۇ-
رۇشقا ئىمكان بەرمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن، تەرەققىياتتا ئىلگى-
رى-كېيىنلىك، تېز-ئاستىلىق پەرقى بولىدۇ. ئەنە شۇنداق
ۋاقىتتا، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن
مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئېھتىيا-
جىنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە ئېھتىياجىغا بويسۇندۇ-
رۇش لازىم.

## دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش — مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەنتەنىلىك بۇرچى

دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىدىكى تۈپ شەرت. جۇڭگونىڭ 5000 يىللىق تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بىرلىكنىڭ ھامان ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. دەل شۇ بىرلىك تۈپەيلىدىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى شەرقتىكى پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى چوڭ دۆلەت بولۇپ ئۇيۇشقان. جۇڭگو زېمىنىدا ياشىغان مىللەتلەرنى «جۇڭخۇا مىللەتلىرى» دەپ ئاتىغان ئەجدادلىرىمىزغا رەھمەت، ئەنە شۇنىڭ ئۆزى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىناقلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر. بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى تەربىيىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىدىيىسىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بىرلىك — مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ئىستىكى، بۈگۈنكى كۈندە مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلار دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلغان ۋە خىزمەت كۆرسەتكەن بارلىق كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ؛ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە زىيان كەلتۈرگەن ھەرقانداق ئادەم مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، دۆلەتنىڭ بىرلىك-

نى قوغداشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت، مىللەتلەرنىڭ بىر-
بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، دوستانە ئۆتۈشى،
بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى دۆ-
لەتنىڭ بىرلىكىنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەر-
بىيىسى ئېلىپ بارغاندا، «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا
قويۇش پروگراممىسى» دىكى تەلەپلەر بويىچە مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى توغرىسىدىكى تەربىيىنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بې-
رىپ، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەش، ئىتتىپاقلىقنى قوغداش ۋە
ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قۇدرەتلىك جامائەت پىكرىگە
ۋە ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈ-
رۈش— زامانىمىزدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالىي بۇرچى. ھازىر-
قى دەۋردە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى ئىقتىسادىي
قۇدرىتىگە قاراپ باشقىدىن تىزىلماقتا. جۇڭخۇا مىللەتلىرى
جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغان مىللەتلەر قاتارىدا دۇنيا سەھنى-
سىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى
تېزلىتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشى كېرەك. شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش-
تا، مىللەتلەرنىڭ ئىرادىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ
ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ۋە قا-
بىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە جۇڭگو-
چە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
ئۇلۇغۋار گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇش لازىم.

دۆلىتىمىز كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ كەلمەكتە. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، جۇڭگودا بولغان ئۆزگىرىشلەر ۋە يارىتىلغان مۆجىزىلەر— 20-ئەسىردىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ بىرى. تارىخىي پۇرسەت ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇشقا، ئارىسالدى بولۇشقا بولمايدۇ، بىز بۈگۈنكى پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، قاتتىق كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا چاپسان ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، مىللەتلىرى كۆپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدا پەرق بار، بۇنداق پەرقنى پەيدىنپەي ئازايتىپ، تۈرلۈك رايونلارنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش ۋە مىللەتلەرنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، شۇنداقلا پۈتكۈل دۆلەت ئىقتىسادىنى ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ھەممە مىللەت دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە ئەمەل قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەممىيلەن ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يۆلىشى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىشى كېرەك.

**ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسى— مىللەتلەرنىڭ ئورتاق**

## بايلىقى

بىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى قىزغىن سۆيۈش— مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. ھەرقايسى مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا، قايسى رايوندا ئولتۇراقلاشقانلىقىغا ۋە قانداق شارا- ئىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، ۋەتىنىمىزگە ھامان سادىق بو- لۇپ كەلدى ۋە ۋەتىنىمىزنى ھامان قىزغىن سۆيۈپ كەلدى.

ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش تارىخي مۇقەررەرلىككە ۋە مې- ھىر-مۇھەببەت مۇقەررەرلىكىگە ئىگە. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ھەممە مىللەت ئورتاق بەرپا قىلغان، ئۇنىڭغا ھەر مىللەت خەلقى- نىڭ ئورتاق غايىسى ۋە ئىستىكى مۇجەسسەملەشكەن، ھەر مىل- لەت خەلقىنىڭ ئىسسىق قان ۋە تەرلىرى سىڭگەن. ھەربىر مىللەت پۈتكۈل دۆلەت ئورگانىزمىنىڭ كەم بولماس ۋە ئاجرال- ماس ئورگانىك تەركىبىي قىسمىدۇر.

جۇڭگونىڭ 5000 يىللىق مەرىپەت تارىخى ۋەتەنپەرۋەرلىك داستانلىرى بىلەن تولغان. ۋەتەنپەرۋەرلىك خۇددى ۋالىلداپ چاقناپ تۇرغان قىزىل يىپتەك، يىراق زامانلاردىن تا ھازىرغىچە تارتىلىپ كەلگەن. تارىختا دۆلەت ئىچكى مالىمانچىلىققا ئۇچ- راپ، خەلق ئازاب-ئوقۇبەتتە قالغان چاغلاردا، ھەر مىللەت خەلقى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۆلەتنى قايتا ئوڭ- شاش ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ (ئۆكلۇك-سۆي- گۈن) توپىلىڭى»نى تىنچىتىش جەريانىدا، ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ لەشكەر-سەركەردىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭ-

لىككە كىرىپ، مەركىزىي خاندانلىقنىڭ پەرمانى بىلەن، بۇ مالىمانچىلىقنى تىنچىتىش يولىدا ئات چاپتۇرۇپ نەيزە ئوينىتىپ جەڭ قىلغان. بەزىلەر مىللىي ئادالەتنى قايرىپ قويۇپ، يەر ئايرىپ ئۆزى بەگ-ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، دۆلەتنى پارچىلىغان- دىمۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر ھەققانىيەت ئۈچۈن جان پىدا قى- لىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، توپىلاڭچىلارنى جازالاش كۈرىشىگە ئاتلاندى. چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا، غالداننىڭ بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى ۋە «ئۈچ پەرمانبەردار توپىلىڭى» نى تىنى- چىتىش ۋاقتىدا، ھەر مىللەت ئەزىمەتلىرى ھەممىنىڭ ئالدىدا كۈرەشكە ئاتلىنىپ تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇنقەرز بولۇش خەۋ- پىگە دۇچ كەلگەندە، ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ باتۇرلۇق بىلەن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، گۆش ۋە قېنى بىلەن ئۇلۇغ ئىستىھكام قۇردى. شەرقىي شىمالدا، 18-ئەسىردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭلىرىنىڭ نۇرى مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ، بۇنىڭغا شاۋقۇنلۇق خېيلۇڭجياڭ دەريا- سى گۇۋاھ. غەربىي جەنۇبتا، 19-ئەسىردە ھەر مىللەت خەلقى- نىڭ ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇرۇپ كۆرسەتكەن ئېگىلمەس-سۇنماس روھى تىللاردا داستان بولدى، بۇنى ھەيۋەتلىك جاڭزى پوتىيى ئايان قىلىپ تۇرماقتا. يېقىنقى زاماندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېڭى جۇڭگونى قۇرۇش ۋە قوغ- داش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى زامان-زامانلارغىچە تا-

رىختا تېخىمۇ ساقلانغۇسى. مانا بۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىنمۇ يانمايدىغان ئۇلۇغ روھىنى نامايان قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندا، ئەنە شۇ تارىخنى قەدىرلەش، بولۇپمۇ بۇ تارىخنى ياش-ئۆسمۈرلەرگە بىلدۈرۈش لازىمكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشسۇن.

قان بىلەن يېزىلغان تارىختا شان-شەرەپ پۈتۈلگەن، خورلۇقمۇ خاتىرىلەنگەن. تارىخنى ئۇنتۇمايلا قالماستىن، بەلكى تارىخ ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ بىرمۇنچە تارىخىي تراگېدىيىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۇنىڭدىن تەسىرات ۋە تەربىيە ئېلىش لازىم.

**كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش— ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئىچكى تەلىپى**

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» دا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە، تەدبىردىن نىشانغىچە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. بىز «پروگرامما» نىڭ روھى بويىچە خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، مىللەتلىرى كۆپ، ئەھۋالى تولىمۇ پەرقلىق ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، شۇ مىللەت، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى ۋە خۇسۇسىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جانلىق تەسىرلىك ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھەيۋەتلىك تاغ-دەريالار، گۈزەل
مەنزىرىلىك جايلار بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى مىللەتلەر
پارلاق مەدەنىيەتكە، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ھەممە مىللەت جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن، ئۆزگى-
چە تۆھپىلەرنى قوشقان، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە
تىپىك ئىشلار ۋە تىپىك شەخسلەر نۇرغۇن، مانا بۇلار ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى ماتېرىياللاردۇر.
جايلار بۇ ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلاردىن
پايدىلىنىپ، بۈگۈنكى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن
خەلقنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە تەربىيىلىشى لازىم.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى پاكىت ئارقى-
لىق ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئادەملەرنى ھەقىقەت بىلەن قايىل قى-
لىش، قۇرۇق ۋەز ئېيتىشتىن ساقلىنىش لازىم. پاكىت قايىل
قىلىش كۈچىگە ھەممىدىن بەك ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى
كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونكرېت مىزانغا ئىگە قىلالايدۇ،
بولۇپمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ
چوڭ ئائىلىسىدە ئېرىشكەن تەرەققىيات ۋە ئالغا بېسىش پاكىتلى-
رىنى مەردانىلىق بىلەن تەرغىپ قىلىش كېرەك. جۇمھۇرىيىتى-
مىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 45 يىل مابەينىدە، بولۇپمۇ، ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 16 يىلدىن بۇيان،
مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىش-
تى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا چوڭقۇر تارىخىي ئۆزگى-
رىشلەر يۈز بەردى، بۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان،

ھەممە ئادەم ماختاۋاتقان پاكىتلاردۇر. بۇ پاكىتلار مەملىكىتىمىز خەلقىغە ۋە پۈتۈن دۇنياغا رەت قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھەرقايسى مىللەتلەر سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ قوينىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىغاندىلا، ئۈزلۈكسىز روناق تېپىپ، ئالغا باسالايدۇ، ئۆز غۇرۇرىغا ئىگە بولالايدۇ، ئېزىلىش، كەمسىتىلىش تەقدىرىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالايدۇ، شۇ سەۋەبتىنمۇ ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، بۇ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان بولىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ تولۇق پايدىلىنىش لازىم. مەملىكىتىمىزدە 20 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۆز يېزىقى بار، زور كۆپچىلىك مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تىلىنى ئىشلىتىدۇ. شۇڭا، تەشۋىق-تەربىيىنى ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدا ئېلىپ بېرىشقا، ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدا ئوقۇشلۇق ۋە كىنو، تېلېۋىزىيە ماتېرىياللىرىنى پائال تۈزۈش ۋە نەشر قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئاسان تەربىيە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

نۇرغۇن ھېيت-بايرام پائالىيەتلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بارىدىغان ئوبدان ۋاستە قىلىشقا بولىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شەكىلۋازلىقتىن ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمى يوق رەسمىيەتچىلىكتىن ساقلىنىش لازىم. خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق مىللىي روھنى ھەقىقىي ئۇرغۇتۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، مىللىي غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىقنى تۇرغۇزۇش، ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، گۈللىنىشى ۋە باي-قۇدرەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا يېتەكلەش ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈش لازىم.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدىغان پىلانلارنى تۈزۈپ، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش ھەم تىپىك مىساللاردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا جانلىق ئېلىپ بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم مەزمۇنغا ئايلاندۇرۇش لازىم.

# مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي شارائىت يارىتايلى*

(1993-يىل 11-ئاينىڭ 3-كۈنى)

بۇ قېتىم غەربىي شىمال رايونىدا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىنىڭ ۋاقتى ناھايىتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنى ناھايىتى تولۇق، ئۇتۇقى خېلى ئوبدان بولدى. بۇ يىغىننىڭ ئۇتۇقى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ۋەزىيەت ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلىندى. ھەممەيلەن ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەم مىللىي ئىتتىپاقلىق

---

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ئاساسى ئىقتىسادنى، مىللىي خىز-
مەتنىڭ ناھايىتى ئوبدان ۋەزىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى،
ھەم مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق جەھەتتە
ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت
ئۈستىدە بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ۋە ئەتراپلىق تونۇش ھاسىل قى-
لىندى، بۇنىڭ ئۆزى خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولدىن بەر-
مەي، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ
ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز زىممىمىزدىكى خىزمەتلەرنى ئوب-
دان ئىشلەشكە پايدىلىق.

ئىككىنچى، خىزمەتتە ھاسىل قىلىنغان تەسىرات ئالماش-
تۇرۇلدى. ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىر-
لەشتۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا مىللىي خىزمەت تارماقلىرى-
نىڭ بۇرچىنى قانداق ئادا قىلىش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قان-
داق قىلىپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىم-
لىقنى قانداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز قوغداش جەھەتتىكى ئىش
ئۇسۇللىرىنى ۋە تەسىراتلىرىنى تونۇشتۇردى، بىرمۇنچە تەسى-
راتلارنى ئەمەلىيەتتە قىممەتلىك تەجرىبە دېيىشكە بولىدۇ. بۇن-
داق ئالماشتۇرۇش ئۆزئارا ئۆگىنىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلى-
قىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكىنى تۈگىتىپ،
بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشكە پايدى-
لىق.

ئۈچىنچى، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىم-
لىقنى تېخىمۇ ئوبدان قوغداش ئۈستىدە كۆپ تەرەپلىك پىكىر
ۋە تەكلىپ بېرىلدى. ھەممەيلەن مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ھا-

زىرقى شارائىتتىكى ئەھۋالىنى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ، مىللىي ئىت- تىپاقلىقنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىما- ئىي مۇقىملىقنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئوبدان قوغداش ئۈستىدە تۈرلۈك نۇقتىدىن پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە قاراتمىلىقى كۈچلۈك، ئەمەلىي ئەھمىيىتى چوڭ، ناھايىتى قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلەرمۇ بار.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنى مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ بۇرچىنى تېخىمۇ ئوبدان ئادا قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت تەرەق- قىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ مۇقىمله- قىنى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلا- ھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى- نى ئالغا سىلجىتىشىمىز ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىغۇسى.

ئەمدى يىغىننىڭ ئەھۋالىغا بىنائەن، تۆۋەندە بەزى پىكىر- لەرنى بايان قىلماقچىمەن.

## 1

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش داۋامىدا، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى ئالغا قاراپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئى- شىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى يېڭىدىن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ئاز سانلىق مىللەت

رايونلىرىنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقى ھەرقانداق چاغدىكىدىن كەڭرەك ۋە يېقىن بولماقتا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن مۇستەھكەم ماددىي ئاساس يارىتىپ بەردى، شۇڭا، يېقىنقى بىرقانچە يىل مابەينىدە، خەلقئارا ۋەزىيەتتە تۈرلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن، دۇنيانىڭ بەزى رايونلىرىدا مىللىي توقۇنۇش كەسكىنلەشكەن، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزگە ئۈزلۈكسىز بېسىم ئىشلەتكەن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ساقلاپ قېلىندى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت داۋاملىق راۋاجلاندى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكىگە ئوخشاش، غەربىي شىمال رايونىدىمۇ ۋەزىيەت ياخشى بولماقتا، ئىقتىساد راۋاجلانماقتا، مىللەتلەر ئىناق ئۆتمەكتە، جەمئىيەت مۇقىم بولماقتا، خەلق خاتىرجەم ياشىماقتا.

بىز ئاساسىي ئېقىمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تىپتىنچ ئەمەسلىكىنىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك. ھازىر ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ئەھۋال شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يوشۇرۇن ئاپەت ساقلانماقتا، بۇ مۇنۇ ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىسى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىش، دۆلەتنى

پارچىلاش ھەرىكىتى جىددىيلەشمەكتە؛ ئىككىنچىسى، ئاز سان-لىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا تاقىلىش ئارقىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر كۆپەيمەكتە، بەزىلىرى نامايىش قىلىش، تەلەپ قويۇشقا ئوخشاش ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىيان-لىق ۋەقەلەرگە ئايلانماقتا، بەزىلىرى ھەتتا قانلىق توقۇنۇشقا ئايلانماقتا.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە مەن باشقا يوللار ئارقىلىق ئۇققان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-نوم رايونىنىڭ بەزى جايلىرىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغان؛ زاڭ-زۇ رايونلىرىنىڭ بەزىلىرىدىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەھۋاللار بار. بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى دۆلەتنى پارچىلاش-نى سىياسىي مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرۇش، دۆلەتنى پارچىلاش يولىدا تەشۋىق-تەرغىبات ئېلىپ بېرىش، تېرورلۇق قىلىش، ئاممىنى قۇترىتىپ، جېدەل چىقىرىش، ئىچكى-تاشقى مىللىي بۆلگۈنچىلەر تىل بىرىكتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر تۈرلۈك يوللار بىلەن دۆلىتىمىزگە كېلىپ، ئىچكى بۆلگۈنچى-لەرنى ھەرىكەت قىلىشقا كۈشكۈرتمەكتە ۋە قۇتراتماقتا. ئىچكى بۆلگۈنچىلەر چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن تېخىمۇ غالجىرلاشماقتا.

بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتى نېمە ئۈچۈن بەزىدە ناھايىتى غالجىرلىشىپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى مۇنۇلار:

(1) دۆلىتىمىزنى پارچىلاشقا، ھاكىمىيىتىمىزنى ئاغدۇ-

رۇشقا ۋە تۈزۈمىمىزنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇش— غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئۆزگەرمەس ستراتېگىيىسى. خەلقئارالىق ئىشلاردا، ھەتتا دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدە، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ بىزگە بېسىم ئىشلىتىپ، بىزنى مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، بۆلگۈنچى كۈچلەرنى ئاشكارىدىن ئاشكارا قوللاپ، دۆلىتىمىزنى ۋە مىللەتلەرنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

(2) بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان شۇنداق بىر ئەھۋال بارلىققا كەلدىكى، ئۇ بولسىمۇ مىللەتچىلىك باش كۆتۈرۈپ قالدى. بەزى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر پارچىلىنىپ مىللەتنى بىرلىك قىلغان دۆلەتلەرگە ئايلىنىپ قالدى. بەزى دۆلەتلەر دىنىي، مىللىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا دۆلەتلەردىكى مەلۇم مىللەتنىڭ ئاپتونومىيىسىنى يولغا قويۇشنى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى ۋە دۆلەت قۇرۇشنى قوللىدى. مىللىي ۋە دىنىي توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن تۇتاشقان ئۇرۇش ئوتلىرى ئۇزاققىچە ئۆچمەي كېلىۋاتىدۇ. ئەنە شۇ ئەھۋاللار ئېلىمىزدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كەيپىياتىغا ئوبيېكتىپ جەھەتتە تەسىر كۆرسەتمەكتە، ئۇلار مىللەتچىلىك كەيپىياتى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەدەپ بۆلگۈنچىلىك قىلماقتا.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ئارقىسىدا دۇنيانىڭ سىياسىي تۈزۈلۈشى ۋە كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۆلگۈنچىلەر بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك، سوتسىيالىستىك

مەملىكىتىمىز جۇڭگودىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، جۇڭگومۇ بەزى دۆلەتلەرگە ئوخشاش چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ، تۈگە-مەس داۋالغۇش ئىچىدە قالىدۇ دېگەن خاتا تونۇشتا بولۇشتى. ئۇلار ۋەزىيەت ھەققىدىكى پۈتۈنلەي خاتا ھۆكۈمىنى كۆزدە تۇ-تۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، ھەر-ىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى.

(3) دۈشمەن كۈچلەر بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئىشىكىمىزنى ئېچىۋەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك يول-لار ئارقىلىق، تۇغقان يوقلاش، ساياھەت قىلىش ۋە دىن قاتار-لىق شەكىللەرنى ۋاستە قىلىپ ئارىمىزغا سىڭىپ كىرمەكتە. ئۇلار غەربنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى، قىممەت قارىشىنى تەرغىب قىلماقتا، شۇنىڭدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۆلگۈن-چىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئېلىپ بارماقتا. بۇ ھال بولۇپمۇ دىنىي ساھەدە روشەن ئىپادىلەنمەكتە. چېگرا سىرتىدىن ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇن دىنىي بۇيۇملار دۆلىتىمىز ئىچىدە تارقىتىلماقتا، دىنىي بۇيۇملارنىڭ بىر مۇنچىسى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىياسىي سۈيىقەستى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بەزى كىشىلەر چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ۋە بۆلگۈنچىـ-لەرنىڭ ئۆزىگە تارتىشى، چېرىتىشى ئارقىسىدا دىنىي كەيپىيات جەھەتتە ئەسەبىيلىشىپلا قالماستىن، بەلكى دىنىي ئەسەبىيلىك-تىن بۆلگۈنچىگە ئايلىنىپ كەتتى.

(4) جەمئىيەتتىكى ناتوغرا ئىستىللار بەزىدە بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن سۈيىئىستېمال قىلىندى. ئۇلار شۇنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئەتەي ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى كەمسىتتى، سوت-

سىيالىستىك تۈزۈمگە ھۇجۇم قىلدى، شۇ ئارقىلىق بۆلگۈنچى-لىك ھەرىكەتلىرىگە باھانە تاپتى. بەزىلەر پۇلغا چوقۇنۇش، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك تۇپەيلىدىن مىللىي مەرداند-لىكنى، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئۇنتۇپ، نالايىق ئىشلارنى قىل-دى ھەتتا مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغان، ۋەتەندىن يۈز ئۆرىگەن مۇناپىقلارغا ئايلىنىپ كەتتى. شۇنىڭدەك يەنە بەزىلىرى ھوشيار-لىقىنى يوقىتىپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە كارى بولماس-لىق پوزىتسىيىسىنى تۇتتى، بەزىلەر ئۆزىنى قاچۇردى، بەزىلەر كۆرمەسكە سېلىۋالدى.

## 2

يۇقىرىدا بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا توختالدىم. يەنە بىر تىپتىكى مەسىلىلەر دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەت سەۋەبى بىلەن يۈز بەرگەن مەسىلىلەردىن ئىبارەت، بۇ يەردە ئاساسەن ئىككى مىسال كەلتۈرىمەن:

(1) بەزى جايلاردا دىنىي پائالىيەت دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە ئالاقىدار قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغان. بەزى دىنىي باش-لىقلار ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرىغا بويسۇنمىغان ھەتتا قار-شى چىققان. دىنىي مەزھەپلەر ئىچىدىكى قارشىلىق ۋە كۈرەش-لەر قان تۆكۈش ۋەقەسىگە ئايلانغان.

(2) «مېڭىنىڭ تېز بۇرۇلۇشى» دېگەن كىتاب تۈرلۈك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن نامايىش قىلىش، تەلەپ قويۇشقا ئوخشاش

ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلدى. «مىڭنىڭ تېز بۇرۇلۇشى» دېگەن كىتاب بۇ يىل 1-ئايدا سىچۇەندە نەشىر قىلىنغان، مەسىلە سېزىلگەندىن كېيىن، يەرلىك ئورۇنلار ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى، سىچۇەن ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا دەرھال ئادەم ئۇيۇشتۇردى، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە مۇسۇلمان ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئاساسىدا، بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر سەككىز تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ پىكىرلەر ئالاقىدار خادىملارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش دېگەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ خەۋىرى غەربىي شىمالغا يەتكەندىن كېيىن، ئاۋۋال گەنسۇنىڭ بەزى رايونلىرىدىكى مۇسۇلمان ئامما نامايىش قىلىغان، ئۇنىڭدىن كېيىنلا، شىنىڭدا بەزىلەر نامايىش قىلغان. شىنىڭدا ئاز ساندىكى يامان ئادەملەر باش بولۇپ، «مۇسۇلمانلارنىڭ خارلاشقا قارشى تۇرۇش ھەيئىتى» دېگەن قانۇنسىز تەشكىلاتنى قۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئورگىنىغا ھۇجۇم قىلغان، يەنە بىرمۇنچە ئادەمنى بېيجىڭغا كېلىپ ئەرز قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان. بۇ ۋەقە چىڭخەي ئۆلكىلىك پارتكوم بىلەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەمدە مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ھەر جەھەتتىن تەدبىر كۆرگەندىن كېيىنلا ئاران بېسىقتى. بۇ ۋەقە چىڭخەينىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزدى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

بۇ ئىككى ۋەقە ناھايىتى تىپىك، مىللىي ئىتتىپاقلىقىقا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىقا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەر ئىچىدە خېلىلا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، غەربىي شىمال رايونىدا يېقىنقى بىرقانچە يىل ئىچىدە يەنە «جىنسىي ئۆرپ-ئادەت»، «‹كىچىك مەككە› لىنشيا»، «زامانىۋى ئالاقىگە باب قائىدە-يوسۇنلار» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلەر تۈپەيلىدىن كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىش، جىم ئولتۇرۇۋېلىش، تەلەپ قويۇش ۋەقەلىرى يۈز بەردى، گەنسۇنىڭ جىشىشەن ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بالدۇرقى ئورنىغا مەسچىت سېلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەنى پەيدا قىلغان؛ ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەت تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن مىللىي توقۇنۇشلارمۇ بار. دىن ۋە ئۆرپ-ئادەتكە دائىر ۋەقەلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلىشىمىز زۆرۈر.

بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب نېمە ۋە ئۇلار نېمە سەۋەبتىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلدى؟ مېنىڭچە بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر مۇنداق:

(1) بەزى دىنىي خادىملارنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتى قانۇن سىزىقىدىن چىقىپ كەتكەن، ئۇلار دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىغا سەل قاراپ، دىن دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمىسىمۇ، قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىسىمۇ بولىدۇ دېگەن خاتا قاراشتا بولدى، ھەتتا دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنغا بولغان ئىخلاسىدىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇردى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەر دۆلەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرىنى قىلچە نەزەرگە ئىلماي، قورallıq ئادەملەرنى توپلاپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىققا سالدى، يەرلىك ھۆكۈمەت كۆپ قېتىم خىزمەت ئىشلىسىمۇ تىڭشىماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى،

بۇ قانۇن يول قويمايدىغان، دىنىي ئەقىدىلەرگىمۇ زىت كېلىدىغان قىلمىق.

(2) بەزى ئادەملەر قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنىڭ ئورنىغا دىنىي ۋە مىللىي ھېسسىياتنى دەسسەتكەن. بۇ ھال «مېڭىنىڭ تېز بۇرۇلۇشى» دېگەن كىتاب تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ۋەقەدە ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەندى. ئالدى بىلەن شۇنى كۆرۈۋېلىش كېرەككى، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە خىلاپ، ئۇ مۇسۇلمان ئاممىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەن ئىنتايىن خاتا كىتاب، جاۋابكار خادىملارنىڭ قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنغانلىقى ئەلۋەتتە زۆرۈر. مۇسۇلمان ئاممىنىڭ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ، تەلەپ قويغانلىقى چۈشىنىشلىك. ئەمما بۇ ۋەقە سىچۈەندە يۈز بەرگەن، يەنە كېلىپ شۇ جاينىڭ ئۆزىدە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىنغان، باشقا جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارزۇ-تەلەپلىرىنى قانۇنىي يول بىلەن ئىپادىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن قانۇنسىز يول بىلەن كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىشقا قىلچە ھەققى يوق ئىدى. بولۇپمۇ شۇ ئىشنى دەپ قانۇنسىز تەشكىلات قۇرۇش خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ، چەت ئەل ئەلچىخانىلىرىغا ماتېرىيال كىرگۈزۈپ بېرىش مىللىي غۇرۇرغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىنتايىن بىمەنە قىلمىققا ياتىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاشۇ كىتابنى زادى كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئەھۋالنىڭ تېگىنى بىلمەيدىغان بەزى كىشىلەر دىنىي ھېسسىياتقا بېرىلىپ قارىسىغا ھەرىكەت قىلغان. بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋەقەلەر بىلەن ئوخشايدىغان ئالاھىدىلىكى شۇ-

كى، بەزى كىشىلەر مەسىلە ھەل قىلىش ئۈچۈن ھامان ماتېرد-
يال تارقىتىش، ئالاقە باغلاش، نامايىش ئۇيۇشتۇرۇشقا ئوخشاش
ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللاندى. مەلۇم جايدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن
باشقا جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خەۋىرى يوق تۇرغاندا، بەزى
ئادەملەر مەسچىتلەرگە ماتېرىيال ۋە خەت ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن،
خەۋەر تارقىلىپ، بارا-بارا ئىجتىمائىي مۇقىملىققا دەخلى يەتكۈ-
زىدىغان ۋەقەگە ئايلاندى. بۇ تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش. ئېلى-
مىز قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان دۆلەت، ھەر-
قانداق ئىشنى قانۇن مىزانى بويىچە ھەل قىلىشنى راۋا كۆرىدۇ-
كى، قانۇندىن چەتلەپ باشقىچە ئىش كۆرۈشكە يول قويمايدۇ.
قانۇندىن چەتلەپ ئىش كۆرۈش قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرىدۇ،
ئۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ بولۇپلا قالماي، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگىمۇ تامامەن زىت كېلىدۇ.

(3) بەزى يامان ئادەملەر قۇتراتقۇلۇق قىلىپ پايدا تاپماق-
چى بولىدۇ. جەمئىيەتكە نارازى بەزى ئادەملەر، جۈملىدىن
ئۆتمۈشتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمىتىمىز
جازالىغان ئادەملەر ئەلنىڭ قالايمىقان بولۇشىنى تىلەپ، پۇر-
سەت تاپسىلا ھەرىكەت قىلىپ، ئەتەي زىددىيەتنى كەسكىنلەش-
تۈردى، ۋەقەنى چوڭايتتى. يېقىنقى يىللار مابەينىدە بېيىپ
قالغان بەزى ئادەملەر سىياسىي جەھەتتە مەنپەئەتكە ئېرىشىش
ئۈچۈن ھەدەپ ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللاندى ھەمدە ئۆزلىرىنى
ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى قىلىپ كۆرسەتتى. شىنىڭدا «مېڭد-
نىڭ تېز بۇرۇلۇشى» دېگەن كىتاب تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن
ۋەقەنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىگە يامان ئادەملەرنىڭ قۇتراتقۇلۇقى

سەۋەب بولدى. قانۇنسىز تەشكىلات قۇرۇش، كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىش، بېيجىڭغا بېرىپ ئەرز قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇش دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يامان ئادەملەر باش قاتۇرۇپ پىلانلىغان.

(4) ناتوغرا ئىستىللار مىللىي مۇناسىۋەتكە ناھايىتى زور سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى. ئاخبارات-نەشرىيات ساھەسىدە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى مىللىي سىياسەتنى چۈشەنمەسلىكتىن بولغان بولسا، بەزىلىرى ئاپتور، مۇھەررىرلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرىمەن دەپ، ياكى تىراژنى كۆپەيتىپ پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيە قوللانغانلىقىدىن، مەتبۇئات بۇيۇملىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى نەزەردە تۇتمىغانلىقىدىن بولدى.

(5) ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە ئۇ مەسىلىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ خىزمىتىمىزنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە تېگىشلىك تەرەپلىرى بار. سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمەت ئاجىز، مەلۇم شارائىتتا، يامان ئادەملەرنىڭ قۇترىتىشى، دىنىي كۈچلەرنىڭ چاقىرىقى ئارقىسىدا، ئەسلىدە كىچىكرەك بولغان ۋەقەلەر زور ۋەقەگە ئايلىنىپ قالدى؛ بەزى شەھەر-بازارلاردا، يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى شۇ قەدەر ئاجىزكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنى ئۈنۈملۈك چەكلەشكە قۇربى يەتمەيدۇ؛ تونۇ-

شى بىر تەرەپلىمە بەزى يولداشلار مىللىي-دىنىي مەسىلىلەرنى «نازۇك» دەپ، چاتاق چىقىشىدىن قورقۇپ، باشقۇرۇشقا پېتىنالمەيدۇ، نەتىجىدە ۋەقە ئۇلغىيىپ كېتىدۇ-دە، بارغانسېرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ بەزىلەر باشتا بىپەرۋالىق قىلىپ، ئىش چوڭايغاندا ئاندىن تەدبىر كۆرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇنىڭدا تارتىدىغان چىقىم چوڭ بولىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى بەك ئاددىي، ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئىش قىلىشى يېتەرسىز بولغاچقا، ئىشنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالمايدۇ.

3

دۆلەتنىڭ ئەبەدىي خاتىرجەملىكى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن، كۆچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي، كۈچلۈك ۋە مۇرەسسەسىز كۆرەش قىلىش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تېخىمۇ ئوبدان قوغداش لازىم، بۇ ھەقتە بىردەك ۋە ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلىشىمىز، بۇنى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ھەققىدىكى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتىن بۇرۇن، غەربىي شىمالنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە بىر ئاز تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز زۆرۈر. غەربىي شىمال ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە خېلىلا ئالاھىدە-

لىكى بار رايون:

جۇغراپىيە جەھەتتىن ئالغاندا، غەربىي شىمالنىڭ چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، ئۇ نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن چېگرىداش، بەزى قوشنا دۆلەتلەردە مىللىي زىددىيەت ئېغىر، توقۇنۇش كەسكىن.

مىللىي تەركىب جەھەتتىن ئالغاندا، غەربىي شىمالغا جاي- لاشقان مىللەتلەر 20دىن كۆپ، ئاھالىسى 10 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، غەربىي شىمالدىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 18. 6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ سان مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىگىلىگەن 8.04% نىسبەتتىن كۆپ ئارتۇق.

دىنىي جەھەتتىن ئالغاندا، غەربىي شىمال دىنىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك رايون، يەنە كېلىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەر جايلاشقان ئاساسىي جاي، مەملىكەت بويىچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 18 مىليون ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان.

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، غەربىي شىمال رايونى ئېلىمىز بويىچە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان، يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرى ناھايىتى زور رايون، شۇنداقلا تەرەققىياتى نىسپىي ھالدا ئارقىدا قىلغان را- يون. بەش ئۆلكىنىڭ بەزى جايلىرىدا كەمبەغەللىك كۆلىمى بىرقەدەر زور، كەمبەغەللىك دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى.

ئەنە شۇ ئامىللار مىللىي خىزمىتىمىزگە، ئىجتىمائىي مۇ- قىملىققا ۋە مىللىي مۇناسىۋەتكە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلى- شى ۋە ئۆزگىرىشىگە يارىشا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدا، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز، مۇقىملىق ۋە ئىتتىپاق-لىق خىزمىتىنى ھامان كۈچەيتىپ بېرىشىمىز لازىم.

ھەر جەھەتتىكى كونكرېت ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مېنىڭچە، ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈ-رۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ھەممە تارماقلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى، يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە باشقا جەھەتلەر-دىن كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، غەربىي شىمال رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش، غەربىي شىمال رايونىنىڭ مۇقىملىقىنى تېخىمۇ ئوبدان قوغداش لازىم.

(1) مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇد-دەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ كۈرەشنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق تو-نۇش. ئېلىمىزدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە مەۋجۇتلۇقىدىن قالدى، سىنىپىي كۈرەش ئېلىمىزدى-كى ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى، ئەمما، سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە خېلىلا كەسكىن بولۇپ ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن، مىللىي بۆل-گۈنچىلەر ئېلىپ بېرىۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلى-مىزدە ھازىرقى باسقۇچتا بولۇۋاتقان سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىپا-دىلىرىدىن بىرى. شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش، «شەرقىي تۈر-كىستان» قۇرۇش—يېقىنقى زاماندا جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا

تاجاۋۇز قىلىش سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى. خەلقئارادا دۈشمەن
كۈچلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى، مىللىي بۆلگۈنچى
كۈچلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بىزنىڭ بۆلگۈن-
چىلەرگە قارشى كۈرىشىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك بولىدۇ، بۇ كۈ-
رەش ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىردە ئۆر-
لەپ، بىردە پەسىيىپ تۇرىدۇ. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن
بۇيانقى 40 نەچچە يىل مابەينىدە، بىزنىڭ بۆلگۈنچىلەرگە قارشى
كۈرىشىمىز زادى توختاپ قالغىنى يوق. بىز ئەلۋەتتە مىللەتلەر-
نىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىنى، پۈ-
تۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلى-
مىز، لېكىن بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى
ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، بىز بۇ رېئاللىق ئالدىدا، ئىدىيە جە-
ھەتتە ئۇزاققىچە كۈرەش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشىمىز لازىم.
بىزنىڭ بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرىشىمىز مىللىي مەسى-
لىگىمۇ، دىنىي مەسىلىگىمۇ ياتمايدۇ، بەلكى مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىشىشى كېرەكمۇ-يوق، دۆلەتنىڭ بىرلىكى كېرەكمۇ-يوق،
خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت دۆلەت ھاكىمىيىتى
كېرەكمۇ-يوق دېگەن مەسىلىگە ياتىدۇ. بۆلگۈنچىلەر بەزىدە
مىللىي ياكى دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈۋالغىنى بىلەن، ئۇلار ھەر-
گىزمۇ مەلۇم مىللەتكە ياكى مەلۇم دىنغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ،
بىزنىڭ ئۇلارغا قارشى كۈرىشىمىز ھەرگىز بىر مىللەتنىڭ يەنە
بىر مىللەتكە قارشى كۈرىشى ئەمەس، شۇنىڭدەك دىنغا ئېتىقاد
قىلىش ياكى قىلماسلىق كۈرىشىمۇ ئەمەس، بەلكى كەسكىن،
مۇرەككەپ سىياسىي كۈرەش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى سەممىي

قوغدىغۇچى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنى، مىللەتلەرنى پار-
چىلىغۇچى ئەكسىيەتچى سىياسىي كۈچلەرگە قارشى كۈرىشى.
بۇ ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان ھا-
يات-ماماتلىق كۈرەش، بۇ كۈرەشتە مۇرەسسە قىلىشقا، يول
قويۇشقا ئورۇن يوق. بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر
يەتكۈزدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە زى-
يان يەتكۈزدى. مۇبادا ئۇلارنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشىدىغان
بولسا، بۇ دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىدىن، مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇش--
تالاش قىلىشىدىن، خەلقنىڭ قان تۆكۈشى ۋە ئاپەتكە يولۇقۇشى-
دىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە نىس-
بەتەن قىلچە بىپەرۋالىق ۋە يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ.
(2) بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتى تارىخ ئېقىمىغا، ئۆز مىل-
لىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە
پۈتۈنلەي خىلاپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي
قانۇنى»غىمۇ پۈتۈنلەي خىلاپ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە مەنىۋى
جەھەتتىمۇ، سىياسىي جەھەتتىمۇ، قانۇن جەھەتتىمۇ، دىنىي
جەھەتتىمۇ يول قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئەلۋەتتە
ئادىللىق بىلەن ئەيىبلىنىشكە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقى تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلىنىشقا ھەقلىق. ئاتال-
مىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش دېگەننى ئالساق، بۇ پۈ-
تۈنلەي كىشىلەرنىڭ دىتىغا سىغمايدىغان ئەكسىيەتچىل ھەرد-
كەت. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، شىنجاڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا
ۋەتىنىمىز بۈيۈك ئائىلىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان، ھازىرغا

قەدەر ئىككى مىلىق يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى؛ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇنداقلا ۋەتىنىمىز بۈيۈك ئائىلىسىدە ئۆزلۈكسىز روناق تېپىپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ كەلدى. پەقەت مۇشۇ ئەسىرگە تەۋە 30-يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندىلا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ پىلانلىشى ۋە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۇشكۇرتۇشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، بىر دامولla باش بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇردى، ئەمما بۇ ئۆمرى كۆتە كۈلكىلىك ئويۇندىنلا ئىبارەت بولدى. ئۇ ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا، ئاران نەچچە ئاي ئۆمۈر سۈرۈپ، گۇمران بولدى. ھازىر يەنە بەزىلەر چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قۇترىتىشى ۋە قوللىشى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقماقتا، بۇ تامامەن ئەبجەقى چىققان بايراق. ئۆز ۋاقتىدا دۆلىتىمىز ئىنتايىن كەمبەغەل، ئىنتايىن ئاجىز ئەھۋالدا تۇرغاندا، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نەرسىلەر ناھايىتى تېزلا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقانىكەن، خەلق ئۆز ئۆزىگە خوجا بولغان، دۆلىتىمىز مىسلىسىز قۇدرەت تاپقان بۈگۈنكى كۈندە، بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۇيىقەستى ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.

(3) بۆلگۈنچىلەر بىلەن ئۆچۈق مەيداندا تۇرۇپ قەتئىي كۈرەش قىلىش. بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئادەم سانى ئاز بولغىنى بىلەن ھەرىكىتى ئاز ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇلارنى غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر قوللايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولماي-

دۇ. بۇ بۆلگۈنچىلەرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ۋە ئاممىغا تولۇق ئىشىنىشىمىز ۋە تايىنىشىمىز لازىم، ئۇلار بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسىي كۈچى. ئۇلار ئۇزاقتىن بۇيان ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كومپارتىيىگە چوڭقۇر مۇھەببىتى بار، ئۇلار سوتسىيالىستىك بۈيۈك ئائىلە ئىچىدىلا ھەممە مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا باسالايدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلغاندىلا روناق تېپىشقا ۋە گۈللىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا يېقىندىن تايانغاندىلا، بۆلگۈنچىلىككە ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى كۈرەشتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان پولات ئىستىھكام قۇرغىلى بولىدۇ. بىرەر مىللەت ئىچىدىن بۆلگۈنچى چىققىنىغا قاراپلا، شۇ مىللەتكە بولغان ئىشەنچنى بوشاشتۇرساق بولمايدۇ. ھەممە كىشى قايسى مىللەتكە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەيدانىدا، ئەڭ كۆپ ساندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىشى لازىمكى، ھەرگىز تۇتۇق پوزىتسىيىدە بولماسلىقى، ئىككىلىنىپ يۈرمەسلىكى شەرت.

ئىككىنچىدىن، ياشلارغا قارىتىلغان خىزمەتنى ئالاھىدە ئوبدان ئىشلەش لازىم. ياشلار بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، دۈشمەن كۆچلەرمۇ ياشلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان نۇقتىلىق نىشان قىلىۋاتىدۇ، ھازىر بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىۋاتقان ئاز سانىدىكى كىشىلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ياشلار. كىمكى ياشلارغا ئېرىشسە، كېلەچەك شۇنىڭ بولىدۇ. بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى كۈرەشتىمۇ خۇددى شۇنداق بولىدۇ. بىز ياشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ۋە ئائىلىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، ھەممەيلەن تەڭ قول سېلىپ، تەڭ ئىگە بولۇپ، ياشلارغا قارىتىلغان خىزمەتنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچىدىن، قانۇن كۆز قارىشىمىزنى كۈچەيتىپ، بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قانۇن ۋاستىسى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئاساسىي قانۇنغا، شۇنداقلا جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپ، ئۇ قىلمىشى سىغمايدىغان جىنايى ھەرىكەت. بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىنى قانۇن قورالى بىلەن چەكلىشىمىز، بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايى ھەرىكىتىگە قاراپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم.

تۆتىنچىدىن، بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشتە تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىپ، خاراكتېرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. جىنايىتى ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغانلار-

غا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى بىلەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، جىنايىتى ئېغىر بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇشىمىز لازىم. قانۇنغا خىلاپ ھەرىكىتى يېنىكرەك بولغانلارغا تەربىيىلەش-قۇتقۇزۇش ئىشىنى كۆپرەك ئىشلىشىمىز لازىمكى، ئۇلار ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتسۇن. قايمۇققان، ئالدانغان ئاممىغا تەربىيە بېرىشنى ئاساس قىلىپ، كوممۇنىستلارغا خاس كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىمكى، ئۇلار ھەق-ناھەقنى ئايرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ، خەلق مەيدانىدا تۇرىدىغان بولسۇن.

بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئىدېئولوگىيىگە چېتىلىش بىلەن بىللە سىياسەت، ئەخلاق، تارىخ، مەدەنىيەت ساھەلىرىگىمۇ، دۆلەت ئىچىگىمۇ، دۆلەت سىرتىغىمۇ چېتىلىدۇ. شۇڭا بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك چەكلەپ ۋە ئۇنىڭغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغداش ئۈچۈن، قاتتىق زەربە بېرىش بىلەن بىرلىكتە، كۆپ خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ھەر تەرەپتىن تۈزەش لازىم.

(4) ئىدىيىۋى تەربىيىنى ۋە تەشۋىق-تەرغىبات ئىشىنى كۈچەيتىش. كىشىلەرنى ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى كۈچەيتىپ، توغرا مىللەت قارىشىغا ئىگە قىلىش— مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىكى تۈپ تەدبىر، بۇنى مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇ-

روش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش دېگەنگە ئوخشاش كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىش لازىم. نۆۋەتتە مۇنۇ تۆت جەھەتتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك:

بىرىنچى، مىللىي سىياسەت ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدە تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى باي مەزمۇنلارنى، جۈملىدىن مىللىي مەسىلىنىڭ مەنبەسى مىللىي پەرقتە، مىللىي مەسىلە پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، ھەممە مىللەت ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان، ھەممە مىللەت ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە باراۋەر ئورۇندىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، ھەممە مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئورتاق راۋاج تېپىشى لازىم. . . دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئېلىمىز مىللىي خىزمەت جەھەتتە، بىر قاتار سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملارنى تۈزدى، بىراق بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتنىڭ دائىرىسى ۋە چوڭقۇرلۇقى يېتەرسىز بولدى. ئاخبارات-نەشرىيات ساھەسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئالساق، ئاپتور ۋە مۇھەررىر خادىملار مىللىي سىياسەت كۆز قارىشىغا ئىگە بولغان بولسىدى، بىرمۇنچە ۋەقەلەردىن تامامەن ساقلىنىشقا بولاتتى.

ئىككىنچى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش—ھەممە پۇقرانىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتى ۋە

ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى. ھەر مىللەت خەلقىگە دۆلىتىمىزنىڭ ئاللىقاچاندىن تارتىپلا كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ كەلگەنلىكىنى، خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ھەممە مىللەتنىڭ ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبىداش بولۇشى— ۋەتەننى قۇدرەت تاپتۇرۇشىنىڭ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزمنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق تاللىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقلىقنى قوغداش، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. بۇ تەربىيە جانلىق، نىشانلىق ئېلىپ بېرىلىشى، ئۇنۇمىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇلۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، مىللىي مۇناسىۋەتنى قانۇن بىلەن تەڭشەشنى تەكىتلەش لازىم، ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەزالىرى قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشى شەرت. قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش، ئەڭ كۆپ سانلىق خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش لازىم. ھەرقانداق ئادەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلسا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە چېقىلسا بولمايدۇ. مۇبادا مۇنداق دەخلى-تەرۇز قىلىش ۋەقەسى يۈز بېرىدىكەن، ئۇ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىشى، قانۇن جاۋابكارلىققا تارتىش لازىم بولسا، شۇنداق جاۋابكارلىققا تارتىلىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىمكى، يۈز

بەرگەن ۋەقەلەرگە قانۇنغا خىلاپ ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلماس-
لىقى، ئۆزىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە قاراپلا، قانۇن-ئىنتىزامنى
بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئالاقە باغلايدىغان، كوچىغا چىقىپ
نامايىش قىلىدىغان ئىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەقەنى چوڭايتىۋەت-
مەسلىكى، يولسىز جېدەل چىقارماسلىقى، ئۆزى يوللۇق بولغان-
دىمۇ جېدەل چىقىرىپ يۈرمەسلىكى لازىم.

تۆتىنچى، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، توغرا كەيپىياتنى جارى
قىلدۇرۇش لازىم. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشى بويىچە ئىلغار تىپلارنى يېتىشتۇ-
رۇش ۋە مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن قانات يايدۇرۇلغان پائالىيەتلەر-
نى يەكۈنلەپ، سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈش ئاساسىدا، تېخىمۇ ئوبدان
ئېلىپ بېرىش لازىم.

بەشىنچى، بۆلگۈنچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ۋە كۆز قاراشلىرىغا
قايىل قىلارلىق ماتېرىياللار بىلەن بىر-بىرلەپ رەددىيە بېرىپ،
جامائەتنى توغرا كۆز قاراشقا ئىگە قىلىش لازىم.

(5) ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخ-
شىلاش. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، غەر-
بىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتى زور تەرەققىياتقا
ئېرىشتى، قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۇ ھەم-
مىگە ئايان. دەرۋەقە، باشقا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا سېلىش-
تۇرغاندا ئاستىراق، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئار-
قىدا قالسا جەزمەن ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىققا سەۋەب بولىدۇ
دېيىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما سىياسەت بىلەن ئىقتىسادنىڭ

مۇناسىۋىتى ئەزەلدىن يېقىن، ئىقتىسادنىڭ ئارقىدا قېلىشى مە-
لۇم شارائىتتا ئىجتىمائىي مۇقىملىققا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولى-
دۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ بېيىشى—
ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ماددىي ئاساسى، بۇ نۇقتىنى نۇرغۇن
يولداشلار ئۆز سۆزىدە بايان قىلدى. بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى
مەركەز قىلىش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى، غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىق-
تىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنى ئورنىتىش داۋامىدا، غەربىي شىمال-
نىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئارتۇقچىلىقىنى
جارى قىلدۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، دۆلەتنىڭ
ئومۇمىي كونتروللىنى كۈچەيتىشىمىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمە-
لىيلەشتۈرۈشىمىز، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئوبدان
ئىجرا قىلىشىمىز، شۇ يول بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي
ئىشلار تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، غەربىي شىمالنىڭ ئىقتىسا-
دىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ماسلاش-
تۇرۇشىمىز لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىنى
تىرىشىپ ھەل قىلىشىمىز كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان،
دۆلەت ۋە ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ھەر مىللەت خەلقى-
نى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا نۇرغۇن خىزمەت ئىش-
لەپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى، لېكىن بۇ جەھەتتىكى
ۋەزىپە يەنىلا مۇشكۈل. بىز داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ،
غەربىي شىمالنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشىمىز، شۇ رايونلار-

دىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم، خەلق ئاممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىسا، ۋەتەن بىرلىكىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا قارشى تۇرىدىغان بولىدۇ.

(6) دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. غەربىي شىمال رايونىدا دىنىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بولغان تەسىرى زور بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۆز تەھلىلىمىزدە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزگەن بەزى ۋەقەلەرنىڭ دىنىي ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندۇق، غەربىي شىمال رايونىدا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن، دىنىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۇردە ئوبدان ئىشلەش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئوبدان ئىجرا قىلىش، دىنىي پائالىيەتلەرگە قارىتىلغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىم. دىنىي مەسىلىدە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى تەكىتلەش، پارتىيىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە ئىجرا قىلىش كېرەك، دىنغا ئېتىقاد قىلغانلار بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىر-بىرىنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىم. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار قانۇن بويىچە دىنىي قائىدىلەرگە ئاساسەن نورمال دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزسە بولىدۇ، بۇنىڭغا باشقىلار ئارىلىشالمايدۇ؛ دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ھوقۇقىمۇ ھۆرمەتلىنىشى كېرەك. كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ۋە دىنىي

پائالىيەتلىرىدە پەرق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن سوتسىيالىزم ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ۋەتەننى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈش جەھەتتە نىشانى بىر بولۇشى شەرت. ئېلىمىز مۇھىم تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرماقتا، ھەر مىللەت خەلقى زامانىۋى دۆلەت قۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئەنە شۇنىڭ-دا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار-مۇ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدى-غانلارمۇ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى، خەلقنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك.

ئالاقىدار تارماقلار دىنىي پائالىيەتلەرگە قارىتىلغان باشقۇ-رۇشنى دادىللىق بىلەن كۈچەيتىشى لازىمكى، دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسۇن. دىن مەمۇرىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى، دۆلەتنىڭ مائارىپ ۋە ئەدلى-يە تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى لازىم. دىنىي ئىبادەتخا-نا-مەسچىتلەر دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما نورمال دىنىي پائالى-يەت ئېلىپ بارىدىغان جاي، ئۇ ھەرگىزمۇ يامان ئادەملەر قانۇن-سىز ھەرىكەت قىلىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كې-رەك. دىنىنىڭ مۇستەقىل-ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، دىنىي ساھەدىكىلەر چەت ئەللەردىكى دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلسا بولىدۇ، ئەم-ما، چەت ئەلدىكى دىنىي جەمئىيەت ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ بىز-نىڭ دىنىي ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەجگە

باريدىغان كىشىلەرگە قارىتىلغان باشقۇرۇشنى ۋە تەربىيىنى كۈ-
چەيتىش لازىم. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلى-
نىپ سىڭىپ كىرىشىدىن ۋە دىندىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇ-
شىدىن ساقلىنىش لازىم.

(7) ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىش. ئاساسىي قاتلاملار—خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ
ئاساسى. ھالبۇكى، بەزى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىمىز ئاجىز
ۋە بوشاڭ ھالەتتە تۇرماقتا، بەزىلىرى ئۇرۇقداشلار ۋە دىنىي
كۈچلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىققا
زىيان يەتكۈزىدىغان ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلالمايدىغان
بولۇپ قالغان. شۇڭا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش، تەشكىلا-
نى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاساسىي
قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاساسىي قات-
لام ھاكىمىيىتىنى بۆلۈنۈشكە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرغۇ-
چى مۇستەھكەم قورغان قىلىپ قۇرۇشقا تىرىشىپ، بۆلگۈنچى-
لەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى قەيەردە يۈز بەرسە، شۇ يەردە
قايتۇرما زەربىگە ئۇچرايدىغان ھالەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش
لازىمكى، بۆلگۈنچىلەر خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ قۇد-
رىتى ھەممە جايدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئەيمىنى-
دىغان، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى تەپتارتماي ئېلىپ بېرىشقا پېتى-
نالمايدىغان بولسۇن.

(8) ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئېغىش-
ماي ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئىقتى-
ساد-سودا، تۇغقان يوقلاش، ساياھەت قىلىش پائالىيەتلىرىدىن

پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىدىن ئۈنۈملۈك تۈردە ساقلىنىش لازىم، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە ئىقتىساد راۋاجلاندى، جەمئىيەت ئۆزگەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاسسىپ نەرسىلەرمۇ سۇقۇنۇپ كىردى. بۇ جەھەتتىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولغۇسى. شۇڭا مۇشۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، خىزمەتنىڭ ھەممە ھالقىلىرىدا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىشىمىز، بۆلگۈنچىلىككە ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىش تۈزۈمىنى ۋە سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈستىدە بىر تەرەپلىمە ئويلىنىپ، غەمگە پېتىپ، سىرتقا ئىشىكنى دادىل ئېچىۋېتىشتىن قورقساق بولمايدۇ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە ئىقتىسادنىڭ گۈللەنگەنلىكىگە قاراپلا دۈشمەن كۈچلەرگە قارىتىلغان ھوشيارلىق ۋە كۈرەشنى بوشاشتۇرۇپ قويساقمۇ بولمايدۇ. ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش مەقسىتىگە تىرىشىپ يېتىشىمىز لازىم.

(9) دىپلوماتىيە ۋە خەلقئارا ئىشلاردا، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش. بۆلگۈنچىلىككە ۋە سىڭىپ كىرىشكە قارشى كۈرەش چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرگە تاقىلىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بەزى كاتتىباشلىرى چېگرا سىرتىدا، ئۇلار خەلقئارا بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنى پارچىلاش ھەرىكىتىنى

ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا ئالاقىدار دىپلوماتىيە ۋە خەلقئارا ئىشلاردا، ئەھۋالغا قاراپ، بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى پاش قىلىشىمىز، چېگرا سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئالاقىدار ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئالاقىدار دۆلەتلەرگە ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قارىتىلغان خىزمەتنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. بىز ئالاقىدار تارماقلارغا مۇشۇنى تەكلىپ قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزنىڭ مىللىي خىزمەت تارماقلىرىمىزمۇ ئەھۋال ئۇقۇشقا، ۋەزىيەتنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىشى، ئالاقىدار كىشىلەرگە مۇناسىپ خىزمەت ئىشلىشى كېرەك.

(10) ھەر مىللەت كادىرلىرى مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئاڭلىق قوغدىشى لازىم. ئېلىمىزدە 2 مىليون 200 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى بارلىققا كەلدى، بۇلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يەنە داۋاملىق يېتىشتۈرۈش لازىم. يولداش جياڭ زېمىن بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىدىن بولغان كەڭ كادىرلارغا تايىنىش كېرەك دېگەنىدى. باش شۇجىنىڭ بۇ سۆزى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە قويۇلغان تەلەپ، شۇنداقلا كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا بىلدۈرۈلگەن ئىشەنچ ۋە قويۇلغان تەلەپ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مىللىي ئىتتىپاقلىقنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغۇچى مۇھىم كۈچ. بىز ھەر مىللەت كادىرلىرى مۇشۇ ئۇلۇغ مەملىكەتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇۋاتقان ئۇلۇغ دەۋردە ياشاۋاتقىنىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى چەكسىز پەخىرلىك، چەكسىز

شەرەپلىك ھېس قىلىشىمىز لازىم. شۇنداقلا مەسئۇلىيىتىمىز-
نىڭ زور ئىكەنلىكىنى سېزىشىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەپ
ياشنىشى، ھەممە مىللەتنىڭ روناق تېپىپ يۈكسىلىشى ئۈچۈن
تىرىشىپ تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم، بۇ جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم
ۋە قولىمىزدىن كېلىدىغان بىر ئىش مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە
ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تىرىشىپ قوغداشتىن ئىبارەت. ھەر
مىللەت كادىرلىرى بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى باش تارتماستىن ئۈستى-
گە ئېلىپ، پارتىيە ئىشلىرىغا، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا، مىل-
لەتلەرنىڭ تەقدىرىگە ۋە تارىخقا يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بو-
لۇش روھى، نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن
باشلامچى بولۇپ مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىنى،
دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم. بۇنداق
چوڭ پرىنسىپال مەسىلىدە مەيدانىمىز ئېنىق، پوزىتسىيىمىز
روشەن بولۇشى لازىمكى، قىلچە ئىككىلىنىپ ۋە تەمتىرەپ يۈر-
مەسلىكىمىز شەرت. ھالقىلىق پەيتتە، ھېچنېمىدىن قورقماي،
كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆز ساداقىتىمىز ھەتتا ئۆز ھاياتىمىز
بىلەن قوغدىشىمىز لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى خەلق ئاممى-
سى بىلەن قەلبداش، ھەمنەپەس بولۇشى، پارتىيىنىڭ ئېسىل
ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، خەلقنىڭ تۈپ مەنپە-
ئىتىنى قوغداشتىمۇ ھەققانىيەت يولىدىن قايتماسلىقى، ھېچنې-
مىدىن قورقماي پىداكارلىق كۆرسىتىشى لازىم.

# 4

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەدبىرلەر نۇرغۇن تارماقلارغا چې-
تىلىدۇ، بۇنى ھەممەيلەن تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ماسلاشقان ۋە
ھەمكارلاشقاندىلا ئوبدان ئىشلەشكە بولىدۇ. ئەمدى ھازىرقى
ئەھۋال ئاستىدا مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى
قانداق قىلىپ ئوبدان ئىشلىشى ھەققىدە توختالماقچىمەن.

مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى
قوغداش— ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مۇ-
ھىم ۋەزىپىسى ۋە مۇقەددەس بۇرچى، بىز ئۆز خىزمىتىمىزنى
يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە كۈچلۈك ئىشچانلىق بىلەن ئوبدان
ئىشلىشىمىز لازىم.

(1) مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداشنى ھامان مىللىي ئىش-
لار كومىتېتىمىز خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشىمىز
كېرەك. مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى چوڭ جەھەت-
تىن مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈش دېگەن ئىككى نۇقتىغا ئىخچاملاش مۇمكىن. ئىتتىپاق-
لىق بىلەن يۈكسىلىش بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۆزئارا
باغلىنىشلىق بولۇپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىتتىپاق-
لىق— ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ يۈكسىلىشى-
نىڭ ئىجتىمائىي شەرتى؛ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مىللەتلەر-
نىڭ يۈكسىلىشى— ئىتتىپاقلىقنىڭ ماددىي ئاساسى. شۇڭا،
مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، تارقاق جايلاشقان رايونلا-
رىمىز، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە مۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلە

يۈز بەرگەن رايونلاردىمۇ، تارىختىن بۇيان تىپتىنچ بولۇپ كەلگەن رايونلاردىمۇ، ئىچكى-تاشقى مەلۇم ئامىللارنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان چاغدىمۇ، ئۇنداق ئامىللار كۆرۈلمىگەن چاغدىمۇ، ھامان مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇ ئىشنى ھەرقانداق چاغدا بوشاشتۇرۇپ قويماي، مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇستەھكەم قورغىنىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

(2) خەلق ئاممىسىغا كۆپرەك خىزمەت ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. خەلق ئاممىسى— ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ ئاساسى، ئامما بىزنى ھىمايە قىلىدىغانلا بولسا، ئىنتايىن ئاز سانلىق بۆلگۈنچىلەر ھېچقانچە ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ. تارىختىن قارىغاندا، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىل بولۇشى ياكى بولماسلىقى بىرەر ھاكىمىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلغانلار ئەلنى سورايدۇ دېگەن گەپ بار. كەڭ خەلق ئاممىسى خاتىرجەملىكنى ئۈمىد قىلىدۇ، مالىمانچىلىققا قارشى تۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدۇ، دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ پارچىلىنىشىغا قارشى تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ خەلق ئاممىسىغا داۋاملىق لايىقىدا خىزمەت ئىشلەش كېرەك، ئەلۋەتتە. بۇ خىزمەتتە ھامان ئاممىنى نەزەردە تۇتۇشنى، جان-دىل بىلەن خەلق ئاممىسىغا كۆيۈنۈشنى، خەلق ئاممىسىغا چىندىن تايىنىشنى، كەڭ خەلق ئاممىسىنى پارتىيە ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىمىز بىلەن بىللە كۈرەش قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(3) ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى

بىلىش. خىزمەت ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئارىسىغا دائىم چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى ئۇقۇپ تۇرۇش، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ھا- زىرقى ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرۇش، زىددىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئامىللارنى ھەقىقىي بىلىپ تۇرۇش لازىم. شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس دېگەن گەپ بار. ھەر قانداق مەسىلىنىڭ يۈز بېرىشىدە مەلۇم سەۋەب بولىدۇ، ئادەتتە بىرەر دېرىكى مەلۇم بولىدۇ. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتبىقلاش ئارقىلىق ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ھەقىقىي تۇردە ئىگىلەش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، نىشانلىق ۋە ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، تەشەب- بۇسكارلىقنى قولغا ئېلىپ، ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدۇق، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، تېخى يېتەرلىك ئەمەس، بەزى ۋەقەلەرنى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ياكى باشقا ئالاقىدار تارماقلار سېزىپ ئىنكاس قىلدى، بەزى ۋەقەلەر ئالدىقاچان چوڭىيىپ كەتكەن بولسىمۇ بىز— مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپمىغان ئەھۋاللار بولدى. شۇڭا مۇشۇ جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم.

(4) مەسىلە سېزىلگەندىن كېيىن، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىز مەسىلە يۈز بېرىشنى ئەلۋەتتە خالىمايمىز، لېكىن مەسىلە كۆرۈلگەنىكەن، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ئىمكانقەدەر شۇ جايىنىڭ، شۇ ۋاقىت-

ىنىڭ ئۆزىدە، بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىشىمىز لازىم. بەزى ئەمە-
لىي مىسالLاردىن قارىغاندا، يۈز بەرگەن مەسىلىلەر قانچىكى
بالدۇر ھەل قىلىنسا شۇنچە ياخشى، بالدۇر ھەل قىلماي ۋاقىت
ئۆزىراپ كەتسە، چاتاق كۆپىيىدۇ، كەينىگە سۈرگەنچە ئەھۋال
ئوسالLىشىدۇ. دەرۋەقە، ئاددىيلا ئىش كۆرمەي، خىزمەتنى
ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئىشلەش، ھەم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش،
ھەم تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىش، ۋەقەنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە
تىزگىنلەپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىدىن ساقلى-
نىش لازىم.

(5) پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئوبدان مەسلىھەتچىسى ۋە
ياردەمچىسى بولۇشىمىز لازىم. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداش
بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز بولغانىكەن، خىزمەتنى تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن داۋاملىق ئىشلىشىمىز، دادىل مەسئۇل بولۇشىمىز،
ئۆزىمىزنىڭ ئۈنۈملۈك خىزمىتى ئارقىلىق پارتىيە بىلەن ھۆكۈ-
مەتنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان ئېتىبارىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز
لازىم. مىللىي خىزمەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكىگە ئوخشاش بۇ
خىزمەتتىمۇ باشقۇرغۇچى رەھبەرلىكنىڭ ئىش تاپشۇرۇشىنى
پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرماي، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجاد-
كارلىق بىلەن ئىشلىشىمىز، ئۆزلۈكىمىزدىن ھەرىكەتلىنىشى-
مىز، توخۇ يۈرەكلىك قىلىپ تەمتىرەپ يۈرمەسلىكىمىز، بو-
لۇپمۇ ئىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش خىيالىدا بولۇپ، زىددىيەت-
تىن باش تارتماسلىقىمىز، ھازىرقى ھالەتتىن قانائەتلىنىپ قال-
ماسلىقىمىز لازىم. بۇ يىل 5-ئايدا، مەن روسىيە ئىتتىپاقداش
ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شاخراي بىلەن كۆرۈشكەندە،

ئۇ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ئىشىغا جان-پىدا قىلىش—
ئۇلۇغ ئىش، دېگەن سۆزنى قىلدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەر-
قانداقلىكى دۆلەتنىڭ كىشىلىرى سىياسىي مەيداننىڭ قانداق
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مىللەتلەر دوستانە بىللە ياشىشى كېرەك، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ ھېسابلايدۇ، ھەممەيلەننىڭ مۇشۇ نۇقتىدا
ئورتاقلىقى بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئىشىمىز ئىستىقباللىق
ئىش، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى جىق، مەسىلەن،
ئەھۋالنى ۋاقتىدا، توغرا ئىنكاس قىلىش، ئېنىق ۋە سالماقلىق
پىكىر-تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە باشقىلار، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەھۋاللاردىن كۆپرەك خەۋەر تېپىپ بۇ خىزمەتكە تېخىمۇ ئوبدان رەھبەرلىك
قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

(6) مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى،
جۈملىدىن ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ۋە
ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم. ئۆز ئىدىيىمىزنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى
ۋەزىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل يول ئېچىشىمىز لازىم؛ ئۆز ئىستىلىمىزنى تېخىمۇ
ساغلام قىلىشىمىز، خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىشىمىز لازىم. ھازىر نۇرغۇن يولداشلار ئاپپارات ئىسلاھاتى
جەريانىدا مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش
مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. كۆپچىلىك بۇ توغرۇلۇق باش
شۇجى جياڭ زېمىن بىلەن لى پېڭ زۇڭلىنىڭ بۇلتۇر 1-ئايدا

مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالسا بولىدۇ، ئۇلار مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىملىقىنى ناھايىتى ئېنىق سۆزلىدى. مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرى ئىجتىمائىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدۇر، كۈچەيتىشكە تېگىشلىك تارماقلاردۇر، جايلاردىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ئىشىنى مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىشىنىمىز.

# يولداش ماۋ زېدۇڭنى خاتىرىلىگەندە، ئالدىنقىلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭىلىق يارىتايلى*

(1993-يىل 12-ئاينىڭ 18-كۈنى)

بۈگۈن پايتەختتىن ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنىنىڭ 100 يىللىقىنى بۇ ئۇلۇغ داھىيغا چەكسىز ھۆرمەت ھەم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى قاتتىق سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن تەبرىكلىمەكتە. قايسى مىللەتنىڭ ئەزاسى بولۇشىدىن ۋە ئۇنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەممەيلەننىڭ بۇ يىلقى 12-ئاينىڭ 26-كۈنىگە نىسبەتەن ئوخشاش ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئىنسانلار تارىخىدا 100 يىل بىر ئەسىر دېمەكتۇر. ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇنداق 100 يىلدىن قانچىسى ئۆتۈپ

---

* بۇ—يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

كەتكەنلىكىنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق، 100 يىللارنىڭ بەزىلىرى ھېچقانداق يېڭىلىقسىز ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بەزىلىرى ئاجايىپ ۋەقەلەر بىلەن ئۆتتى. 1893-يىلىدىن 1993-يىلىغىچە بولغان 100 يىل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا تولىمۇ پەۋقۇلئاددە 100 يىل بولدى.

بۇ 100 يىل داۋامىدا مۇشۇ قەدىمكى شەرق مەملىكىتى بولغان بىزنىڭ ئېلىمىز سان-ساناقسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈردى، مىسلى كۆرۈلمىگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەت-لەرگىمۇ ئېرىشتى: ۋەھشىي فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، جۇڭگو زېمىنىدا زوراۋانلىق قىلىپ كەلگەن جاھانگىر كۈچلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، دۆلەتنىڭ مۇس-تەقىللىكىنى قولغا كەلتۈردى، دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىش، بېيىپ قۇدرەت تېپىش يولىنى—جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى تاپتى.

بۇ 100 يىلدا، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرمۇ سان--ساناقسىز ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىسلى كۆ-رۈلمىگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى: قۇللۇق، زۇ-لۇم، مەھكۇملۇق تەقدىرىدىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ، بارا-ۋەرلىك ۋە تەرەققىيات يولىغا مېڭىپ، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارى-دىن مەردانە ئورۇن ئېلىپ، ئورتاق گۈللىنىدىغان ئالىي نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

بۇ 100 يىلدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ماۋ زېدۇڭ دېگەن ئۇلۇغ نام بىلەن چەمبەرچاس باغلان-غان. مىللىي مەسىلە جەھەتتە:

يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتتىن تەركىب
تاپقان ئۇلۇغ دۆلەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ رېئاللى-
قىنى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى داۋامىدا جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلى-
نى ئوبدان ھەل قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى جۇڭگو كوم-
پارتىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا سەزگۈرلۈك بى-
لەن بايقىغان. دەل جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ماۋ زېدۇڭنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ئاساسچىلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە دانالىقى
ئارقىسىدا، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە پۈتكۈل جۇڭگو ئىنقىلا-
بى داۋامىدىكى مۇھىم مەسىلىگە ئايلىنىپ يۈكسەك ئېتىبارغا
ئېلىندى، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققى-
ياتىدىكى بىرمۇنچە مۇھىم پەيتلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق،
پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدا مۇھىم ۋە توغرا تەد-
بىرلەرنى كۆرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.
يولداش ماۋ زېدۇڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ،
جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە ئۈستىدە توختىماي ئەستايىدىل،
ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ مەسىلىنىڭ تارىخى، تەرەققى-
يات يۈزلىنىشى، ھادىسىلىرى ۋە ماھىيىتى ئۈستىدە تەكشۈ-
رۈش ئېلىپ باردى. مىللىي مەسىلە ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن شۇ
پىكىرلەر جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە ئايلان-
دى ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت ئارقىلىق، جۇڭگودىكى
مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى شەكىللەندۈردى.
يولداش ماۋ زېدۇڭ ئادەتتىن تاشقىرى قايناق ھېسسىيات
ۋە ئىجادىي روھ بىلەن، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قى-
لىپ، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ھەققىدە بىر

قاتار توغرا پىكىر، نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭ ھەم چوڭقۇر نەزەرىيە سىستېمىسى جۇڭ-گودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دائىر مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ مەزمۇنلار ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر قىسمىغا ئايلاندى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى مۇپەسسەل بايانلىرىدا، مىللەتلەرنىڭ باپباراۋەرلىكى توغرىسىدىكى چوڭقۇر پىكىرلىرىدە، «جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشايلى» دېگەن ئۇلۇغ خىتابىدا، «ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى را-ۋاجلاندۇرۇشىغا سەمىمىي ياردەم بېرىش كېرەك» دېگەن تەنتەنە-لىك چاقىرىقىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر زور تەدبىرلىرىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈ-رۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىدە ھەقىقەت نۇرى مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدۇ.

يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆڭۈل-كۆكسى كەڭ زات بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانى قەلبىگە پۈككەنىدى، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇنىڭ قەلبىدىن مۇھىم ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ ئۆزى-نىڭ شانلىق نەزەرىيىسى ۋە ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جۇڭ-گودىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا قال-ماي، بەلكى ھەر مىللەت خەلقىنى كۆڭلىگە چىڭ پۈكۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، دەردىگە دەرمان بولاتتى، تۇر-مۇشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئاددىي ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقاتتى، ئۇنىڭ

ئوبرازى نۇرغۇنلىغان ئاددىي ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن بىر كۆرۈنۈشتە نامايان بولاتتى، ئۇ ئاددىي ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا ئۆز قولى بىلەن جاۋاب خەت يازاتتى، تەستىق سالاتتى، ئىمزا قويۇپ بېرەتتى. ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە شۇ قەدەر ئۇلۇغ، ئالىيجاناب ھەم شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك ئىدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخىدا، پارتىيىمىزنىڭ ھۆججەتلىرىدە خەلقنىڭ يادىدا ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالدى. بۈگۈن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شۇ ئۇلۇغ داھىيسى دۇنياغا كەلگەن كۈنىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، نۇرغۇن يولداشلار ئۆزىنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ئويلىغانلىرىغا ئاساسەن نۇرغۇن مۇھىم پەيتلەرنى يادىغا ئېلىپ، نۇرغۇنلىغان مۇھىم قاراشلارنى بايان قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلق داھىيسىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى شۇنداقلا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى نەزەرىيىسىمۇ، ئەمەلىيىتىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، مىللىي مەسىلىنى قانداق تونۇش ۋە قانداق ھەل قىلىش— يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمى. ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ بۈيۈك ئائىلىسىدە، ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات يولىدا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلىماقتا.

بىز بۈگۈن جۇڭخۇا زېمىنىغا نەزەر سېلىپ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق، خاتىرجەم، خۇشال-خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، نۇرغۇن رايونلارنى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە ئۇرۇش-تالاش قاپلاپ كەتكەنلىكىنى، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ياش ۋە قان تۆكۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن نەقەدەر ئۇلۇغ تۆھپە قوشقانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايمىز!

دەرۋەقە، بۇ ئۇلۇغ زاتنى ئەسلىگىنىمىزدە، شۇنى ئوبدان بىلىۋاتىمىزكى، مىللىي مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم، يەنە كېلىپ ئۇ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى مىللىي مەسىلە ئۆتمۈشتىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئاددىي داۋامى ئەمەس، بىز يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز. بىز مىللىي خىزمەتتە مىللىي باراۋەرلىك-ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىدىغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان تارىخىي جەرياندا مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

بىزدە نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر بار، پىشقان نەزەرىيىلەر بار. بىز مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقاندا شۇنى ھەقىقىي

ھېس قىلىۋاتىمىزكى، ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتا-
رىيات ئىنقىلابچىلىرى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قى-
لىشتا يارالغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نەزەرىيە ھېلىمۇ
تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە، بۇ نەزەرىيە بىزنىڭ مىللىي
خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىمىزدە ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھ-
مىيەتكە ئىگە، ئىنتايىن مۇھىم بايلىق. ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز
يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋر-
دە، ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىجادىي كۈچكە تولغان يىللاردا، نەزەرىيە
ئەمەلىيەتكە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز بېيىتىلىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇ-
لۇشى كېرەك ۋە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ
مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە سىياسەتلىرى ماۋ
زېدۇڭ ئىدىيىسىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى،
يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزە-
رىيىسى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ ۋە
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنىڭ قىبلىنامىسى، شۇنداقلا مىللىي
مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىش-
لىشىمىزنىڭ قىبلىنامىسى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، مىللىي مەسىلىنى ھەل
قىلىشنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى داۋاملىق يېڭى تەرەققىيات-
لارغا ئېرىشكۈسى. بۇ نەزەرىيىۋى ئەمەلىيەت بىزنى جۇڭگودىكى
مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ-
رۇش يولىدا چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئۈتۈقلۇق
يېتەكلەيدۇ.

دۆلىتىمىز ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىمىز مۇھىم تارىخىي باسقۇچتا تۇرماقتا. ئالدىمىزدا ياخشى پۇرسەتمۇ، مۇقەددەس ۋەزىپىمۇ تۇرۇپتۇ. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئېچىپ بەرگەن توغرا يولنى بويلاپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك، مۇشۇنىڭ ئۆزى يولداش ماۋ زېدۇڭنى ئەبەدىي ئەسلىگەنلىك ۋە ئەڭ ياخشى ئەسلىگەنلىك بولىدۇ.

# يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، دىنىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى*

(1994-يىل 1-ئاينىڭ 12-كۈنى)

ئالدىنقى قېتىملىق مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلغىنىغا بۈگۈن توپتوغرا ئىككى يىل بولدى. بۇ ئىككى يىل مەملىكىتىمىز ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىككى يىل بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن مۇھىم نۇتقى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ مۇھىم قەدەم تاشلىدى. بۈگۈن كەڭ جۇڭخۇا زېمىنىدا ئىقتىسادىي قۇ-

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

رۇلۇش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ، سىياسىي ۋەزىيەت مۇ-
قىم بولۇۋاتىدۇ، مىللەتلەر ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈۋاتىدۇ، ئىج-
تىمائىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدى-
غان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىغا قاراپ تولۇپ
تاشقان ئىشەنچ بىلەن باتۇرانە ئالغا چامدىماقتا. ئىككى يىلدىن
بېرى، ئېلىمىزنىڭ دىنىي خىزمەت سېپىدە، پارتىيە ۋە دۆلەت-
نىڭ ئالاقىدار دىنىي سىياسەتلىرىنى، قانۇن-نىزاملىرىنى،
مەملىكەتلىك دىنىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلى-
شىشقا يېتەكلەش جەھەتتە كۆپلىگەن ئۇنۇملۇك خىزمەتلەر ئىش-
لىنىپ كۆپ تەرەپلىمە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، مەن بۇ
يەردە دىنىي خىزمەت سېپىدە كۆرەش قىلىۋاتقان يولداشلارغا
ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈ-
چۈن، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، غەلىبىسىنى ئىلگىرىلەپ،
تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىز كېرەك. 1994-يىلى ئېلىمىزنىڭ
ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىش-
لىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل، سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە بىر قاتار ئىسلا-
ھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە قويۇلغۇسى، پۈتۈن
پارتىيە ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىدا
تۇرغان ۋەزىپىلەر ئىنتايىن ئېغىر. تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىر-
لەرنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قى-

لىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ زور يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى ئىشقا سېلىشىمىزغا، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىمىزغا، تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋەزىپىلەر بىزدىن دىنىي خىزمەتنى كۈچەيتىشنى ھەمدە يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي خىزمەتنى تىرىشىپ تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يىل دىنىي خىزمەتكە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ مۇنداق: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئوبدان ئىجرا قىلىش، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش، دىنىي خىزمەتنى جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش.

**1. يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇش.**

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا: نۆۋەتتىكى ئىسلاھات داۋامىدا «ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر پۈتۈنلۈك جەھەتتىن ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاش ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم. مەملىكىتىمىزدە، دىن تا ھازىرغىچە مىليونلىغان ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ، دىن ئىجتىمائىي ھاياتتا سەل قاراشقا بولمايدىغان تەسىرگە ئىگە. دىنىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش، دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەزمۇن.

يولداش جياڭ زېمىن بۇلتۇر 11-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمەت يىغىنىدا: مىللەت ۋە دىنغا ئائىت ئىشلارنىڭ كىچىكى يوق دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىچكى-تاشقى تەجرىبە-ساۋاقلاردىن چىقىرىلغان چوڭقۇر يەكۈن. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارغا قارىتىلغان مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇش. شەرقىي ياۋروپادىكى ئۆزگىرىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا مىللىي، دىنىي توقۇنۇش تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان ئىجتىمائىي داۋالغۇش بىز-

نىڭ ئاگاھ بولۇشىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن بىشارەت بېرىدۇ. ئېلە-
مىزدىكى دىنىي مەسىلە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، لې-
كىن دىنىي مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش ياكى ھەل قىلالماس-
لىق سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زور تەسىر كۆر-
سىتىدۇ، بۇنىسى ئېنىق ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا قايتا-قايتا ئىس-
پاتلانماقتا.

دىن ئىجتىمائىي، تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ بىرى. ئېلىمىز-
نىڭ سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تارىخىي باسقۇچىدا دىنىنىڭ بىر
قىسىم ئادەملەر ئارىسىدىكى تەسىرى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرى-
دۇ ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ،
بۇنىسى ھېچقانداق كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس. شۇڭا
بىز دىنىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتا ۋە ئۇنى بىر تەرەپ
قىلىشتا، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىشىمىز، يىراقنى
نەزەرگە ئېلىپ، ئۇزاق مۇددەت خىزمەت ئىشلەش ئىدىيىسىنى
تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. ئېلىمىزدە، مەمۇرىيەت بىلەن دىن
ئايرىۋېتىلگەن، دىنىى مەمۇرىي كۈچ بىلەن يوقىتىشقىمۇ، مە-
مۇرىي كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ يول يوق. بىز ماتېرىيا-
لىزمچىلار مۇرەككەپ ۋە چىگىش ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىدى-
ئالىستىك پوزىتسىيە ۋە مېتافىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن بىر تە-
رەپ قىلساق بولمايدۇ. ئەگەر دىنىي مەسىلىگە ئۆز ئارزۇيىمىز،
سۇبيېكتىپ ئىرادىمىز ۋە شەخسىي خاھىشىمىز بىلەن مۇئامىلە
قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا سۇبيېكتىپچىلىق خاتالىقىنى سادىر
قىلىمىز، ئېلىمىزدىكى دىنىي مەسىلىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋا-
لىنى كۆزدە تۇتماي، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلماي، جەمئىيەتتە-

مىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىن ھالقىپ، مەمۇرىي ۋاستىلەر بىلەن تېزلا ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئىنتايىن زور خەۋپ كەلتۈ- رىدۇ ۋە ئاقمايدۇ، بۇ جەھەتتە، بىزدە چوڭقۇر ساۋاقلار بولغان. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەگەر دىنىي ھادىسىلەرگە ئېتىبارسىز قا- راپ، دىنىي ئىشلارنى توغرا سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملار بىلەن يېتەكلىمەي ۋە باشقۇرماي، مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان بولساق، بۇمۇ ئىنتايىن زىيانلىق. بىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىيا- ستىنى ئىجرا قىلىش ئارقىلىق دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقىنى ۋە ئاكتىپلىقىنى قوزغىشىمىز، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك. لى پېڭ زۇڭلى: دىنىي خىزمەتنى ئۇ- زاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدا ئالدىراپ كېتىشكىمۇ، بوشاڭلىق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ، دېگەنىدى. بۇ سۆز ئەمەلىيەتتىن چىقىرىلغان يەكۈن بولۇپ، چوڭقۇر پەلسەپە- ۋى قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

دىنىي مەسىلە— مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلە. مەملىكى- تىمىزدە، دىنىي ساھەدىكى زىددىيەت، ئاساسىي جەھەتتىن، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ، بىراق خەلقئارا ئامىللارنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مەلۇم دائىرىلىك سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت بەزىدە گىرەلىشىپ كېتىدۇ، بەزىدە يامان ئادەم- لەر دىننى سۇيىئىستېمال قىلىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، پارتى- يىگە، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى

بۇزىدىغان، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان جىنايى ھەرىكەتلەر-نى ۋە باشقا جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بار-دۇ. دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، دىن بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ئوتتۇرىسىدا، كونكرېت مەنپەئەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن زىددىيەت ۋە ماجىرا يۈز بېرىدۇ، ھەتتا چوڭ ۋەقەلەر تۇغۇلىدۇ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا جەمئى-يەتنىڭ تىنچلىقىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ. ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ كۆنسېرى كېڭىيىشىگە ئەگە-شىپ، دىنىي ساھەدىكى ئالماشتۇرۇشمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيـ-دى. بۇنىڭ ئىجابىي تەرىپى بار، لېكىن خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ بىزگە قارشى سىڭىپ كىرىش ھەرى-كەتلىرىنى ئۇدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ مەقسىتى دىندىن پايدىلىنىپ سىياسىي قەستىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى. دى-نىي مەسىلىنىڭ مۇشۇنداق مۇرەككەپلىكى دىنىي خىزمەتنىڭ مۇشكۈللۈكىنى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى بەلگىلىگەن.

**2. يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.**

جەمئىيىتىمىز ئۇلۇغ ئۆزگىرىش جەريانىدا تۇرماقتا، ئىق-تىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمى-نىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان چوڭقۇر ئىنقىلاب. بىز يېڭى ۋەزىيەتتە دىنىي خىزمەت دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ھەل قىلى-شىمىز لازىم.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىسىدا جەمئىيەتنىڭ

ھەرقايسى ساھەلىرىدە بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىش، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە بارلىققا كەلگەن يېپيېڭى تۈس دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن پايدىلىق ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئارقىسىدا يارىتىلغان غايەت زور ماددىي بايلىق، بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزمغا بولغان ئەقىدىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىپ كۆرەش قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ياراتتى. ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر دىنىي خىزمەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت ۋاستىسى، جۈملىدىن ماددىي شەرت-شارائىت، ئۇچۇر ۋاستىسى قاتارلىقلارنى ھازىرلاپ بەردى. ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئىلمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال قۇدرىتىنى ئاشۇرۇپ، خەلقئارا ئورنىنى ئۆستۈردى. نەتىجىدە بىز دىنىي جەھەتتە «ئۈچ ئۆز» فاڭجېنىغا تېخىمۇ كۈچلۈك ئەمەل قىلىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزگە قارشى ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق، سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق. ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، بۇ ھال كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا دىنغا نىسبەتەن بارا-بارا توغرا تونۇش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز-

نىڭ دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىمىزگە پايدىلىق.

دەرۋەقە، شۇنى ئوچۇق كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېڭى ۋەزىيەتتە، دىنىي خىزمەت نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە بىزدە يېتەرلىك تونۇش بولۇشى كېرەك.

بىرىنچى، دىن ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغانلىقى، يەنە كېلىپ كەڭ تەسىرگە ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، ئىلگىرى ئىدىيىۋى تەربىيىدە سەۋەنلىك كۆرۈلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى جايلاردا دىن ئەۋج ئالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى، بەزىلەرنىڭ دىنىي ئېڭى كۈچىيىپ قالدى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما روشەن ھالدا كۆپىيىپ كەتتى. بەزى جايلاردا دىنىي ئەسەبىيلىك يۈز بەردى، بۇ ھال خىزمىتىمىزنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى ۋە خىزمىتىمىزنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويدى.

ئىككىنچى، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ساپاسى تەكشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشقۇرۇش ئىشى ئارقىدا قالىدىغان بولسا، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن، ھەتتا كەسكىن توقۇنۇش پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بەزى جايلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەر ھېلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا ئەۋج ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، دىندىن پايدىلىنىپ مەمۇرىي ئىشلارغا، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ئەھۋاللار پات-پات يۈز بېرىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا ئاللىقاچان بىكار قىلىنغان دىنىي ئىمتىيازلار قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىسلاھاتنىڭ ھەربىر قەدەم ئىلگىرىلىشى مەنپە-ئەت قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، ئىسلاھات ۋە ئې-شىكنى ئېچىۋېتىش ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، ئەمما ھەممىلا ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا، تەڭ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋې-تىش ئىشى بەزىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە تېگىپ، بەزى زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بەزىلەر دىندىن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىزم بىلەن قارشىلىشىپ، جەمئىيەت تەر-تىپىنى بۇزىدىغان، تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىشى مۇمكىن.

تۆتىنچى، دۆلەت سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرى كۈچىيىۋاتىدۇ. نۆۋەت-تە، پۈتكۈل خەلقئارا ۋەزىيەت ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىك-نى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى ئەھۋال جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەر قانداق چاغدىكىگە قارىغاندا ئەڭ ياخشى بولماقتا. لېكىن، شۇنى كۆرمەي بولمايدۇكى، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دۆلىتى-مىزنى «پارچىلاش» ۋە «غەربلەشتۈرۈش» غەرىزى ئۆزگەرگىنى يوق. بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، غەرب-تىكى دۈشمەن كۈچلەر ھەدەپ مىللىي، دىنىي مەسىلىدىن پايدى-لىنىپ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشماقتا. دۇنيانىڭ بەزى را-يونلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان كەسكىن مىللىي، دىنىي توقۇنۇشلار، مىللەتچىلىك ۋە دىنىي كەيپىياتنىڭ ئۆرلىشى ئېلىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتىغا ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكىگە

تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

بەشىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ دىنغا دائىر قانۇن، قائىدە-نىزاملىرى بەرپا قىلىنىش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كادىرلار قوشۇنىدا يېڭىلار بىلەن كونىلارنىڭ ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن، بەزى يولداشلارنىڭ دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ ياكى قانۇنچىلىق قارىشى ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. دىنىي سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىدىغان، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ئىشلار ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمايدىغان بولسا، ئۇ بەزى زىددىيەتلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولۇشى ھەتتا قارشىلىق پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

دېمەك، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىيىتى ناھايىتى ئېغىر، شۇنداقلا دىنىي خىزمەت ۋەزىيىتىمۇ ناھايىتى ئېغىر. يېڭى ۋەزىيەتتە، تىرىشىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، دىنىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت ھازىرلىشىمىز كېرەك.

**3. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەۋرەنمەي، ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش كېرەك.**

دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا

كۆرسىتىلگىنىدەك، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىمىز دىنىي خىزمەتكە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، دىنىي خىزمەتتىكى نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەرنى مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار شەخسەن ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى بىرقەدەر مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللەندى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش داۋامىدا، پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتى تېخىمۇ راۋاجلاندى، بۇ 1982-يىلىدىكى 19-نومۇرلۇق ھۆججەتتە ۋە 1991-يىلىدىكى 6-نومۇرلۇق ھۆججەتتە بىرقەدەر مەركەزلىك ئىپادىلەندى. پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئالاقىدار يىغىنلاردا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، دىنىي مەسىلە ئۈستىدە كۆپ قېتىم توختىلىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى شەرھلەپ، دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشنى تەكىتلىدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىنىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيىسى، نەزەرىيىسى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. بۇ نەزەرىيىنىڭ دۆلىتىمىز ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، كىشىلەر قەلبىگە ياقىدىغان توغرا، مۇۋەپپەقىيەتلىك نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى پاكىتلار ئىسپاتلىدى. بىز دىنىي خىزمەتتە بۇ نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ۋە پۇختا ئىجرا قىلىشىمىز لازىم، بۇ— دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، بۇ سىياسەتنىڭ مەزمۇنىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشە-نىش كېرەك؛ كونكرېت خىزمەتلەر جەريانىدا ئىش بېجىرىش ۋە مەسىلە ھەل قىلىشتا بۇ سىياسەتنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. جايلار بۇ سىياسەتنىڭ پرىنسىپال روھى-غا ۋە جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇناسىپ يولغا قويۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىياسەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىجرا قىلىشى كېرەك.

دىنىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. جەمئىيىتىمىز ئۆزگىرىش داۋامىدا كېتىۋاتىدۇ، بو-لۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، نۇرغۇن سىياسەتلەر تەڭ-شىلىۋاتىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ. بۇ تامامەن زۆرۈر. لېكىن بۇ ھەرگىز دىنىي سىياسەتنىمۇ ئۆزگەرتىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دىنىي مەسىلە ۋە دىنىي خىزمەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيەتلىرى بار، ئېلىمىزنىڭ دىنىي سىياسى-تىدە ئەنە شۇ ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىنى، ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىمىز دەپ، پار-تىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا سەل قاراشقا بولماي-دۇ. دەرۋەقە، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگە-شىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ بارىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسى-پى ئۆزگەرمەيدۇ.

دىنىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا، دىنىي مەسىلىگە

دائىر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ئوبدان ھەل قىلىشقا ئالاھىدە
دىققەت قىلىش كېرەك. سىياسەت كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈپ،
يۈز بەرگەن زىددىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدەش ئاساسىدا بېكىتىش، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدى-
غانلىكى زىددىيەتنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش
ئۇسۇلى بويىچە كۆپرەك چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت
ئىشلەش ئارقىلىق ھەل قىلىش، پايدىسىز ئىشنى پايدىلىق ئىشقا
ئايلاندۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يامان ئادەم-
لەرنىڭ ئىشنى ئۇلغايتىپ زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈ-
ۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى
ئۇقتۇردىكى، مۇرەككەپ ھەم نازۇك دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ
قىلىشتا، ئۆتكۈر سىياسىي كۆز بىلەن مۇرەككەپ ھادىسىلەر
ئىچىدىن مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇشىمىز
ھەمدە مەسىلىنى مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئېھتىياتچاند-
لىق بىلەن پۇختا ھەل قىلىشىمىز كېرەك. دىنىي جەھەتتىكى
مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەممىدىن بەك ھەزەر ئەيلەشكە
تېگىشلىكى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش، يەنى ئاق-قارىنى ئايرىماي،
مەسىلىنى ئاددىي ھالدا مەمۇرىي ۋاسىتىلەر بىلەن ھەتتا قوپال
ۋاسىتىلەر بىلەن ھەل قىلىش تۇگىمەس بالا-قازاغا سەۋەب بولى-
دۇ، بۇنداق ئۇسۇل مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلماقتا يوق،
ئۆزىمىزنى ئاممىنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ، زىددى-
يەتنى كەسكىنلەشتۈرىدۇ ۋە مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ. بىراق، دى-
نىي مەسىلىنىڭ نازۇك ۋە مۇرەككەپلىكىگە قاراپلا، قورۇنۇپ،
تەمتىرەپ، ئۇنىڭغا يېقىن يولاشقا جۈرئەت قىلمىساق ياكى كۆ-

رۇپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، ئۆزىمىزنى قاچۇرساق، بۇمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش پارتىيە ئىشلىرى ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق بولىدۇ. دىنىي مەسىلە مۇرەككەپ ۋە نازۇك بولغانلىقى ئۈچۈن، سىياسەتنى ئوبدان ئىجرا قىلىپ، ھەرقايسى ھالقىلاردىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەپ، مەسىلىلەرنى مۇمكىنقەدەر بىخ ھالىتىدىكى چاغدا مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىشىمىز كېرەك. دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، كۆپرەك خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم.

**4. دىنغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.**

دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش زامانىمىزدىكى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بەلگىسى. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، قانۇنچىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان دۆلەت. دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كېرەك. قانۇن پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ قۇدرەتلىك ۋاستە. دىنىي خىزمەتتىمۇ قانۇننىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش

كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرى ئىچىدە دىنغا دائىر پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر «ئاساسىي قانۇن» دا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بەزى مۇھىم قانۇنلىرىدىمۇ دىنىي مەسىلە توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر بار، مەخسۇس دىنغا دائىر مەمۇرىي قانۇن-نىزام تۈزۈلۈۋاتىدۇ، جايلارمۇ بەزى يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قانۇن-نىزاملارغا ھەقىقىي تۈردە ئەمەل قىلىش لازىم.

قانۇن بويىچە باشقۇرۇش شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىنىشى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنى قانۇن بويىچە تىزىمغا ئالدۇرۇشى ھەمدە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى، دىنغا دائىر تاشقى ئالاقىدە قانۇن بويىچە ئىش قىلىنىشى لازىم ۋە باشقىلار.

دىننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتا، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ دەخلى-تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش دىنىي ساھەدىكى زىددىيەت، ماجىرالارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، نەسىھەت بىلەن توسۇشقا تېگىشلىكلىرىنى نەسىھەت قىلىپ توسۇش، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا

تېگىشلىكلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مەنئى قىلىشقا تېگىش-
لىكلىرىنى مەنئى قىلىش كېرەك. جىنايەت شەكىللەندۇرگەن-
لەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش كېرەك. دىندىن پايدىلىنىپ
قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ
بارغانلارنى كىم بولۇشىدىن ۋە نەدىن كەلگەنلىكىدىن قەتئىينە-
زەر قانۇن بويىچە جازالاش كېرەك. مەن بۇ يەردە شۇنى تەكىت-
لەيمەنكى، ھەج تاۋاپ پائالىيىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش
كېرەك. نورمال ھەج تاۋاپقا ھۆكۈمەت يول قويىدۇ، لېكىن
تەشكىللەش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش، ھەج
تاۋاپ قىلغۇچى خادىملارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەي-
تىش كېرەك. بەزىلەرنىڭ ھەج تاۋاپ پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ
بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىدىن،
دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەج تاۋاپتىن پايدىلىنىپ ئارىمىزغا سىڭىپ
كىرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

دىنغا دائىر قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كې-
رەك. گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مەمۇرىي قانۇن-نىزاملىرى تەك-
شۈرۈشكە سۇنۇلۇۋاتىدۇ، جايلارمۇ داۋاملىق تۇردە يەرلىك قا-
نۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا ۋە مۇكەممەللەشتۈرسە بولىدۇ.
دىنغا دائىر قانۇن-نىزاملارنى ئوبدان پىلانلاپ، بىرنەچچە يىل
تىرىشىش ئارقىلىق دىنىي جەھەتتىكى قانۇن-نىزام سىستېمى-
سىنى ۋە قانۇننىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى
ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۇرۇش كېرەك. دىنغا دائىر قانۇن-
چىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەككى، كىشىلەر قانۇنچىلىق
كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە

قىلىنىدىغان بولسۇن.

خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ماركسىزملىق دىن قارىشى ھەققىدىكى تەشۋىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد شەخسلەرنىڭ ئۆز ئىشى، ئاممىنىڭ ئۆزى تاللاش ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلىشىۋالماسلىقىمىز ھەمدە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. بىراق، بۇ ماركسىزملىق دىن قارىشىنى تەشۋىق قىلىشقا توسالغۇ بولمايدۇ، ئوبيېكتىپ ئاساستىكى تەشۋىقات ئارقىلىق كىشىلەرنى دىن توغرىسىدا توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىش ۋە دىنغا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىش لازىم. دەرۋەقە، بۇ تەشۋىقاتتا سورۇنغا، ئوبيېكتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئۇسۇلغا ۋە ئۈنۈمگە دىققەت قىلىش كېرەك.

**5. ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.**

دىنىي خىزمەتتە، ئىتتىپاقلىق ئىشىنى ئوبدان ئىشلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. دىنىي خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى سىياسىي جەھەتتە بىر نىشانغا ئىگە بولۇپ، ئېتىقاد جەھەتتە بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، زامانىۋى سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىتتىپاقلىق ئەھۋالى ياخشى، شۇنداقتىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا، مەسىلەن، بەزى دىنلارنىڭ تۈرلۈك مەزھەپلىرى ئۆزئارا تەسىر دائىرىسى تالىشىدىغان، بىر-

بىرىنى چەتكە قاقىدىغان، ھەتتا ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار بار، بۇ قانۇنغىمۇ، دىنىي ئەقىدىگىمۇ خىلاپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاقلىقنى قوغداش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشى، ئوخشاش بولمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى، بىر دىندىكىلەرمۇ ئۆز ئىچىدە ئىتتىپاقلىشىشى، ھەممەيلەن سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىدا، تۈپ مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق ئالغا بېسىپ، زامانىۋى دۆلەت قۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك.

ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى دىنىي خىزمەتتە بولۇپمۇ مۇھىم. مەن بۇ يەردە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى دىنىي مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە توختالماقچىمەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ دىنىي خىزمەت ۋەزىيىتى ئومۇمەن ياخشى بولۇپ كەلدى، لېكىن زور يوشۇرۇن ئاپەتمۇ ساقلىنىپ كەلدى، يەنە كېلىپ بۇ يوشۇرۇن ئاپەت ئۆلچىيىش تەرىپىگە يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى مۇنداق: ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش، دۆلەتنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرى ئەدەپ قالدى، بەزى بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ چەت ئەلگە باغلىنىشلىق ئارقا كۆرۈنۈشى بار؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا تېگىش سەۋەبى بىلەن پەيدا بولغان ۋەقەلەر

كۆپىيىپ قالدى؛ بەزى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشىلىق تالاش-تارتىش، قان تۆكۈش ۋەقەلىرىنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولماقتا؛ بەزىلەر تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى ئۇل-غايتىپ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەر-نى پەيدا قىلماقتا. مانا بۇ ئەھۋاللارغا يۇقىرى دەرىجىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئېلىمىزدە 20 مىللەتنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلىرى مەلۇم بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، دىنىنىڭ بۇ مىللەت-لەر ئارىسىدىكى تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، مەملىكىتىمىزدىكى دىنىي مەسىلىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئەنە شۇ. ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىدىكى دىنىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى دىنىي خىزمەتكە چوقۇم ئەھ-مىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى كۈچەيتىشىمىز، دىنىي سىياسەت ۋە ماركسىزملىق دىن قارىشى توغرىسىدىكى تەربىيىنى، ۋەتەنپەر-ۋەرلىك ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى، ئىنتىزامغا بويسۇنۇش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق توغرىسىدىكى تەر-بىيىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىشىمىز، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز كېرەككى، بىرى بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، بىرى بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىش، ئىتتىپاقلى-شىش، ھەمكارلىشىش ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانسۇن. خىزمەتنى نىشانلىق ھالدا كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن، قائىدە-نىزام ۋە سىياسەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ۋە دىنغا

ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنى ئۆزلىرىنىڭ دىققىتىنى مىللىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، مىللەتلەر-نىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتىش-قا يېتەكلەش لازىم.

### 6. دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈ-شى، ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلىشى، ئۇنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، يې-تەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىش-لىرىنى ئېلىپ بېرىش، مەسىلىلەرنى ئەتىبىقلاپ ھەل قىلىشى كېرەك. جايلار دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، لېكىن بەزى جايلاردا دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ھادىسىلەر تېخى تولۇق ئۆزگەرتىلگىنى يوق. ئادەتتىكى خىزمەتلەردە يې-تەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەي، مەسىلە كۆرۈلگەندىن كې-يىن تۇتۇش قىلىدىغان پاسسىپ ئەھۋال ئاساسىي ئورۇندا تۇرى-دۇ ھەمدە شۇ سەۋەبتىن كەتكەن ئەجىر كۆپىنچە چوڭراق بولۇ-ۋاتىدۇ. دىنىي جەھەتتە كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەر، ئومۇمەن جۇغلىنىپ ۋە ئۇلغىيىپ بېرىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئەگەر دائىملىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا دىققەت قىلمايدىغان، مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدە بايقىمايدىغان ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلماي-دىغان بولساق چاتاق يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشىمىز تەس بولى-دۇ. دىنىي جەھەتتە چاتاق چىقىدىغان ھەمدە مۇئەييەن كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان بولسا، ئۇنى ھەل قىلىش تولىمۇ تەسكە چۈشى-

دۇ، بىرەر مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن نەتىجە قازىنىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن قالغان كاشىلىنى ناھايىتى زور كۈچ ۋە ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوڭشاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرىمىز دىنىي مەسىلىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى، يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە ئاساسەن ۋاقتىدا مۇناسىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دىنىي خىزمەتنى توغرا يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدىغان قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن زۆرۈر ماددىي شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

يېڭى ۋەزىيەتتىكى دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش دىنىي خىزمەت تارماقلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى دىنىي خىزمەتنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇلتۇر 11-ئايدا مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دىنىي خىزمەت خادىملىرىغا خاس مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت

تۈيغۇسى بىلەن خىزمەتلەرنى ئىجادىي يوسۇندا قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئەستايىدىل كۈچەيتىپ، ئەينەن ئەھۋالنى ھەقىقىي ئۇقۇپ، ۋەزىيەت يۈزلىنىشىنى ئىگىلەپ، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىشىمىز كېرەك. ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، چىن ھەم مۇھىم ئۇچۇرلارنى، ئەقىلغە مۇۋاپىق ھەم كونكرېت تەكلىپلەرنى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرگە يەتكۈزۈپ مەسلىھەتچىلىك ۋە ياردەمچىلىك رولىمىزنى چىنىدىن جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

يولداشلار: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى دىنىي خىزمەت تارماقلىرىمىز ۋە كادىرلىرىمىز ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام ۋە ھەيدەكچىلىك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشىغا ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي خىزمەت ۋەزىيىتىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارىدۇ، شۇڭا دىنىي خىزمەتنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا دىنىي خىزمەتنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگە قاراشلىق دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك، بىر تەرەپتىن، بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تىرىشچانلىق بىلەن يۇقىرى ئۈنۈم قازىنىش، پاكلىق

بىلەن ئىشلەش ئاساسىدىكى خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش
كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، نۆۋەتتە دىنىي خىزمەت ئاپپاراتلى-
رىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۆز ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپىگە ئۇيغۇن
بولمايۋاتقان ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش ۋە كۈچەيتىش، دىنىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنى
تولۇقلاش ۋە كۈچەيتىش لازىم. يولداشلارنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى
يۈكنىڭ سالمىقىنى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى
يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىنى، قى-
يىنچىلىقتىن باش تارتماي ئالغا چامدىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ تە-
شەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئې-
لىمىزنىڭ دىنىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن.

# روھىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەيلى.*

(1994-يىل 1-ئاينىڭ 27-كۈنى)

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى
خىزمەت يىغىنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنداق: مەركىزىي
كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېقىندا
مىللىي خىزمەت توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقلىرىنى
يەتكۈزۈش؛ 1992-يىلى 1-ئايدا مەركەز مىللىي خىزمەت يىغى-
نىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈل-
گەن ئاساسىي نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش؛ بۇ يىللىق
مىللىي خىزمەتنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش. شۇ-
نىڭ بىلەن يېڭى ۋەزىيەتتە روھىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئىنتىپاقلى-
شىپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈل-

---

* بۇ—يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى

ـمسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش.

## 1

بۇلتۇر 12-ئاينىڭ ئاخىرلىرى دۆلەت مىللىي ئىشلار كو-مىتېتى پارتگورۇپپىسى «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەنگە مىللىي خىزمەتنى دوكلات قىلىش توغرىسىدا يوليو-رۇق سوراش» دوكلاتىنى، ئۇنىڭغا قوشۇپ «هازىرقى مىللىي خىزمەتتىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلىنى دوكلات قىلىش تېزى-سى» نى يوللىدى. «دوكلات قىلىش تېزىسى» ئاساسەن تۆت جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تې-رىشىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىيا-تىغا ماسلاشتۇرۇش؛ ② ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا نامراتلا-رنى يۆلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ توق يېيىش، ئىسسىق كىيىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش؛ ③ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-نىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ۋە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇنا-سىۋەتنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش؛ ④ ئاز سان-لىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىش-تۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش.

بۇ يىل 1-ئاينىڭ 13-كۈنى، باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتې-تى پارتگورۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە دوكلاتقا پرىنسىپ جەھەتتە قوشۇلدى، يەنە نۆۋەتتىكى مىللىي خىزمەت توغرىسىدا مۇھىم يولىيورۇق بەردى ۋە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىزنىڭ مىللىي خىزمىتىمىز تەجرىبىگە ئىگە بول-دى، ئۇتۇق قازاندى. مىللىي مەسىلىنى ۋە مىللىي خىزمەتنى تەكىتلەش زۆرۈر؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر مىللىي خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى تىرىشىپ تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كى-رىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش لازىم؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا تارىختا شەكىللەنگەن پەرقلەرنى ئامال قىلىپ پەي-دىنپەي ھەل قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى رايونلار ۋە مىللەتلەرنى ئورتاق باياشاتلىققا ئېرىشتۈرۈش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا چېتىلىدىغان زور سىياسەت، تەدبىر-لەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا ۋە تۈزگەندە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىم. مەركىزىي كومىتېت بەر-گەن يولىيورۇقنىڭ سۆزى ئىخچام، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىنتايىن

ۋاقىتىدا بېرىلگەن، بۇ يولىيورۇقلار مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىمىز ئۈچۈن غايەت زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ يولىيورۇقلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك.

**(1) مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي خىزمەت ئۈستىدە دوكلات ئاڭلىشى ھەم مۇھىم يولىيورۇقلارنى بېرىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈردى.**

مەركىزىي كومىتېت ئورۇنلاشتۇرغان بۇ قېتىمقى دوكلات قىلىش يىغىنى مۇھىم بىر پەيتتە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ 1994-يىلى باشلانغان، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى مۇھىم بىر باسقۇچقا قەدەم قويغان پەيتتۇر. ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىدىغان بولساق مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقلىرىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرالايمىز.

مەملىكەت ئىچىدە، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز تۇردە كىشىنى روھلاندۇرىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئىقتىساد جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈۋاتىدۇ، جەمئىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەۋاتىدۇ.

بۇ رايونلاردا تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى
ۋە بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا بەزى يېڭى
ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگىمۇ دۇچ كېلىۋاتىمىز. تەرەققىيات-
نى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىشانلىق ھالدا تەدبىر قوللىنىپ، پايدى-
لىق شارائىتنى ئۇلغايتىش، زىيانلىق ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش
لازىم.

دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، پۈتكۈل خەلقئارا ۋەزى-
يەت ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تولىمۇ پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ. ئېلىمىز-
نىڭ خەلقئارا ئورنى كۈنسېرى ئۆسۈۋاتىدۇ، ئېلىمىزنىڭ ئەترا-
پىدىكى ئەھۋال جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەر قاي-
داق چاغدىكىگە قارىغاندا ئەڭ ياخشى بولۇۋاتىدۇ، بۇ ھال چېگ-
رىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى
ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ستراتې-
گىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشى
ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. لېكىن غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر-
نىڭ بىزگە قاراتقان «غەربلەشتۈرۈش» ، «پارچىلاش» قەستى
ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر ئۇسۇلى مىللىي ۋە
دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ ئارىمىزغا سىڭىپ كىرىش ۋە
بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.
دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا مىللىي، دىنىي مەسىلە تۈپەيلىدىن
تۇغۇلغان توقۇنۇشلار جەمئىيەتنى داۋالغۇشقا سېلىپ، خەلقنى
چوڭقۇر ئازاپ-ئوقۇبەتكە گىرىپتار قىلماقتا؛ بەزى دۆلەت ۋە
رايونلاردا مىللەتچىلىك باش كۆتۈرۈپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئەۋج

ئالماقتا. خۇددى مەركەزدىكى رەھبىري يولداشلار بۇ قېتىم ئېيتقاندەك، بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئېلىمىزگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭغا جىددىي قاراپ، ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

بۇ قېتىمقى دوكلات قىلىش ئىشى ئەنە شۇنداق ئىچكى-تاشقى ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. دېمەك مىللىي خىزمەتمۇ ئېلىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكىگە ئوخشاش ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتكە دۇچ كەلمەكتە، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدا تەتبىقلاپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى يېڭى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. بىز مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى ۋەزىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، پايدىسىز ئامىللارنى تۈگىتىپ، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك.

مەركەزدىكى رەھبىري يولداشلار دوكلاتىمىزنى ئاڭلاۋېتىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللىي مەسىلىنى ۋە مىللىي خىزمەتنى دائىم تەكىتلەپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىش كېرەك. مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىللىي خىزمەت ئۈستىدە مەخسۇس دوكلات ئاڭلاش يىغىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، دائىمىي كومىتېتنىڭ يىغىنغا قاتناشقان ھەممە ئەزاسىنىڭ پىكىر بايان قىلغانلىقى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى، مىللىي خىزمەتنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىللىي خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت

بېرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىشكە تولۇق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەتكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مۇشۇ ئىككى يىلنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 1992-يىل 1-ئايدا مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى؛ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەكلىكى تەكىتلەندى ھەمدە مۇناسىپ سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇلتۇر چاقىرىلغان مەملىكەتلىك يېزا خىزمەت يىغىنىدا، مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا، مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن خىزمەت يىغىنىدا مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار مىللىي خىزمەت ئۈستىدە توختالدى؛ باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇلتۇر 11-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم نۇتقىدا مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي خىزمەت ئۈستىدە مەخسۇس توختالدى؛ مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار يەنە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كۆپ قېتىم چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. مۇشۇلارغا بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ئىلمىزنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار بولغان مىللىي مەسىلىنى، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش دا-

ۋامىدىكى مۇھىم بىر خىزمىتى بولغان مىللىي خىزمەتنى ئىنتا-يىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە ۋاقىت ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىنى، كۆپلىگەن يۇرەك قېنىد-نى سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

**(2) مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومى-تېتى ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدىكى نەتىجىلەرنى ۋە تەجرىبىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.**

ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ-رۇش داۋامىدا پۈتۈن دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنىمۇ ھاسىل قىلدى. بۇنى مەركىزىي كو-مىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى تولۇق مۇئەي-يەنلەشتۈردى.

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە دۆلى-تىمىز ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ بىر قاتار سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملىرىنى تۈ-زۈپ چىقتى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتلەر مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىتتىپاقلىشىپ، تارىخىي تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يى-غىنىدىن كېيىن، بۇ سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملار تېخىمۇ را-ۋاجلاندۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيە ۋە نەزە-رىيە— يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ-

رۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، خەلقنىڭ قەلبىگە بەكمۇ ياقىدىغان سىياسەت؛ ھەممە مىللەتنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقى، ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئالغا بېسىۋاتقانلىقى پەخىرلىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا كۆرۈلگەن غايەت زور يۈكسىلىش دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتماقتا؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جۇش ئۇرۇپ داۋام قىلماقتا، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى قاينام-تاشقىنلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلماقتا، ئىجتىمائىي ئىشلار ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھى كۆتۈرۈلمەكتە؛ دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا مىللىي توقۇنۇش كەسكىنلىشىۋاتقان، جەمئىيەتتە داۋالغۇش بولۇۋاتقان ھەتتا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى توختىمايۋاتقان ئەھۋالدا، ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مۇقىملىقنى ساقلاپ، خەلق خاتىرجەم ياشىماقتا. شۇڭا خەلقئارادىكى بىرمۇنچە مەشھۇر زاتلار دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىشتى.

ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدىكى نەتىجىلەرنى ۋە تەجرىبىلەرنى باش شۇجى جياڭ زېمىن، لى پېڭ زۇڭلى 1992-يىلى مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا ئېنىق ھەم سىستېمىلىق شەرھلىدى. بۇ قېتىم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا، مەركەزدىكى رەھبىرىي يول-

داشلار يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ: ئىلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى تەجرىبىگە ئىگە بولدى، جۇڭگونىڭ مىللىي سىياستى ياخشى دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭدەك ئىلىمىزنىڭ مىللىي سىياستىنى مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش تۆرلۈك نۇقتىدىن شەرھلىدى. مانا بۇلار بىزگە شۇنى ئوچۇق ئۇقتۇردىكى، مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى؛ مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ چوڭ فاڭجېنى تامامەن توغرا. ئەمەلىي خىزمەتتە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا كۆرسىتىلگەندەك «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرىدىغان» بولساقلا غەلىبىدىن تېخىمۇ يېڭى ۋە زور غەلىبىگە قاراپ ئۇزلۇكسىز ئالغا باسالايمىز. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يوليورۇقلىرى بىزنى مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق، ئىلمىي تونۇشقا ئىگە قىلدى، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

**(3) مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى نۆۋەتتىكى مىللىي خىزمەتنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.**

مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار مىللىي خىزمەتنىڭ ئۆتمۈشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، بۇ خىزمەتنىڭ كەلگۈسىنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى نۆۋەتتىكى مىللىي خىزمەتنى

قانداق قىلىپ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم ۋە ئېنىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «دوكلات قىلىش تېزىسى»نى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

بىز بۇ «دوكلات قىلىش تېزىسى»دا، تۆت جەھەتتىكى مەسىلىنى نۇقتىلىق دوكلات قىلدۇق، ھەر جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ تەھلىل يۈرگۈزدۇق، مۇھىم نۇقتىنى ئاشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئۈستىگە قويدۇق. ئاشۇ تۆت جەھەتتىكى مەسىلىنى ئاساس قىلىپ دوكلات قىلىشتا، مىللىي خىزمەتتە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە قەتئىي ئەمەل قىلىش ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنىڭ، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى، مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۆزدە تۇتتۇق، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتتۇق.

مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «دوكلات قىلىش تېزىسى»نى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا، بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىدىغانلىقىنى ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئار-

زۇسغا تولۇق ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى سۆزلى-رىدىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇنۇ ئىككى جەھەتتىكى مەسىلى-گە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، ئاتالمىش «شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىش»، «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش، «بۈيۈك موڭغۇلىيە» قۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەت-لىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش؛ يەنە بىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تارىخىي سەۋەب ۋە باشقا سە-ۋەبلەر تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن پەرقلەرنى پەيدىنپەي ئازايتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

مانا بۇلار نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يەردە چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، «دوك-لات قىلىش تېزىسى» دا پەقەت تۆت جەھەتتىكى مەسىلىلا سۆز-لەنگەن. ئاساسلىقى مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلى-لەرلا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ باشقا جەھەتتىكى خىزمەتلەر مۇ-ھىم ئەمەس دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. مەسىلەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش

ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ خىزمەتلەرنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ بۇرۇنقىدەكلا ئەھمىيەت بېرىپ ئىشلەش ۋە كۈچەيتىش كېرەك.

**(4) مەركەزدىكى يولداشلارنىڭ دوكلاتىمىزنى ئاڭلاپ مۇھىم يوليورۇق كۆرسىتىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي خىزمەت سېپىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسەتتى.**

بۇ «دوكلات قىلىش تېزىسى»نى تەييارلاشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال تارتىپ تاكى دوكلات قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغانغا قەدەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىغا ئېرىشتۇق. بۇ «دوكلات قىلىش تېزىسى» بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىغا يوللانغاندى، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن بېسىپ تارقىتىشقا تېزلا تەستىق سالدى ھەمدە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا مۇھاكىمە قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشنى ئورۇنلاشتۇردى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ دوكلاتىمىزنى ئاڭلاشنى شۇنچە تېز ۋە شۇنچە يۇقىرى ئۆلچەمدە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى پارتگۇرۇپپىمىزدىكى يولداشلار ئويلاپ باقمىغاندۇق. مەركىزىي كومىتېت دوكلاتىمىزنى سىياسىي بيۇرونىڭ دائىمىي كومىتېتى

يىغىنىدا ئاڭلاشنى ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «دوكلات قىلىش تېزىسى»نى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، مىللىي خىزمەتتە ئوبدانلا يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى.

مەركىزىي كومىتېت بىز ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئۈچ مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بەردى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ مەسىلە ئەقىلغە مۇۋاپىق، ھەل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. يەنە: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندا ۋە تۈزگەندە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بەزىبىر ئالاھىدە ئېھتىياجىغا مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بىزنىڭ گوۋۇيۈەن 2-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرسا دېگەن تەكلىپىمىزنى مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار مۇھىم مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلاپ، تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يولداش جياڭ زېمىن، لى پېڭلارنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش، يىغىنىنى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قا-

نۇنى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىق خاتىرىسى بىلەن بىر-لەشتۈرۈش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. مانا بۇ ئېلىمىزنىڭ پۈتكۈل مىللىي خىزمەت سېپى ئۈچۈن غەمخورلۇق ۋە مەدەت، بارلىق مىللىي خىزمەت خادىملىرى ئۈچۈن ئىلھام ۋە تۈرتكە.

**(5) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى-دىن چوڭ ئۈمىد كۈتتى ۋە بۇ خىزمەتكە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى.**

بۇ قېتىم مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىزنىڭ خىزمە-تىمىز ئۈستىدە نۇرغۇن ئىلھاملاندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلدى، دوكلاتىمىزنى ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى مۇ-ئەييەنلەشتۈردى ھەمدە مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىش-لەش كېرەك، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. مەركەزدىكى رەھبە-رىي يولداشلارنىڭ سۆزلىرى بىز ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام ھەم ئىشەنچ، شۇنداقلا كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تۈرتكە. مانا بۇلار بىزدىن مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يوليورۇقىغا ۋە «دوكلات قىلىش تېزىسى» دىكى مەزمۇنلارغا ئەستايىدىل ئە-مەل قىلىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. «دوكلات قىلىش تېزى-سى» دا تىلغا ئېلىنغان خىزمەتلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپ، قىيىنلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە، غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسى-تىشىمىزگە ۋە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت يەنە: ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-نىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە ئىقتىسادىي

قۇرۇلۇشغا چېتىلىدىغان چوڭ سىياسەت ۋە مۇھىم تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئاۋۋال دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى-نىڭ پىكرىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. بۇ، بىزگە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىشەنچ شۇنداقلا بىزگە تاپشۇ-رۇلغان مۇھىم بىر ۋەزىپە. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ مۇقەددەس مەسئۇلىيەت.

مانا بۇلار بىزدىن ئىدىيىمىزنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، روھى-مىزنى ئۇرغۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پارتىيىنىڭ مىل-لىي سىياسىتىنى تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن ئوبدان ئىجرا قى-لىپ، مىللىي خىزمەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يۈكسىلىشىگە يارىشا ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مانا بۇلار بىزدىن ھامان تەشەببۇسكارلىق روھىغا ئىگە بولۇپ، ئىسلاھات داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە چېتىلىدىغان-لىكى چوڭ ئىشلارغا ۋاقتىدا ئارىلىشىپ، پائال ئىشتىراك قى-لىپ، دېيىشكە تېگىشلىك گەپنى دېيىشنى، ئىشلەشكە تېگىش-لىك ئىشلارنى ئىشلەشنى، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، باش تارتماي ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مانا بۇلار بىزدىن مىللىي خىزمەتتىكى يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئۆتكۈر كۆز ۋە ئەمەلىيەتچىل روھ بىلەن بايقاپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئەھۋالنى چۈشىنىش، يۆنىلىشنى ئىگىلەش، كۆڭۈلگە سان پۈكۈش تەلىپىگە يېتىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش دا-ۋامىدا مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشنى، مىللىي

خىزمەتتە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مانا بۇلار بىزدىن ئۆزىمىزنىڭ بىلىش سەۋىيىمىزنى، پە-كىر قىلىش قابىلىيىتىمىزنى ۋە خىزمەت سۈپىتىمىزنى تىرى-شىپ ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، قىممىتى يۇقىرى پى-كىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى، ئاكتىپ ئىشتىراكچىلا ئەمەس، بەلكى قۇدرەتلىك ئىشتىراكچى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مانا بۇلار بىزدىن خىزمەتتىكى ئاساسىي ئېقىمنى مۇئەييەن-لەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، خىزمەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى سەگەكلىك بىلەن بايقاپ، نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇشنى، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىشنى، مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، داۋاملىق ئالغا چامداشنى تە-لەپ قىلىدۇ.

زىممىمىزدىكى يۈك ئېغىر، بىز ئېغىر ۋەزىپىنى ئالىيجا-ناب مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئۈس-تىمىزگە ئېلىپ، قېتىرقىنىپ ۋە تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ چوڭ ئۈمىدى-نى يەردە قويماسلىقىمىز كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى-نىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا كونكرېت ھەرىكىتىمىز، كۆز-گە كۆرۈنەرلىك خىزمىتىمىز ۋە ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك.

**(6) مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مەنزىلى يىراق، ئىستىقبالى پارلاق.**

مىللىي خىزمەت ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئالاقىدار ئىش، خۇد-

دى يولداش جياڭ زېمىن بۇلتۇر 11-ئايدا چاقىرىلغان مەملىكەت-
لىك بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىدا كۆرسەتكەندەك «مىللەت ۋە دىنغا دائىر ئىشلارنىڭ كىچىكى يوق». مىللىي خىزمەت ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. مىللىي خىزمەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فۇنكسىيە تارماقلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادچان-
لىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. فۇنكسىيە تارماقلى-
رىنىڭ ئۇتتۇقلۇق ئىش قىلىش-قىلالماسلىقى مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنى كۆرۈ-
شىمىز كېرەككى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تار-
ماقلار مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مەركەز چاقىرغان مىللىي خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى تېخىمۇ بىر-
لىككە كەلدى ۋە تېخىمۇ ئۆستى، بۇنىڭ ئۆزى مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشىغا ئىنتا-
يىن پايدىلىق. كۆپرەك پىكىر يۇرگۈزۈپ، خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەيدىغان، ئەقىلغە مۇۋاپىق پىكىرلەرنى ئىنكاس قىلىدىغان، ناھايىتى قىممىتى بار تەكلىپلەرنى بېرىدىغان بولساقلا، چوقۇم ھېسداشلىققا ۋە چۈشىنىپ قوللاشقا ئېرىشەلەيمىز. بۇ قېتىم مەركىزىي كومىتېتنىڭ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارت-
گورۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغانلىقى مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ تەكلىپى، پىكرى ۋە تەلەپلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مانا بۇ مىل-

لىي خىزمەتتە نى-نى نەتىجىلەرنى يارىتىشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەيدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادە، ھەر مىللەت خەلقى ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان چىن كۆڭۈل، خىزمەتتە قىلچە بىپەرۋالىق قىلماي، يۇكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولىدىغان روھ، خىزمەتنى پۇختا ۋە ئەمەلىي ئىشلەيدىغان ئىستىل بولسىلا، مىللىي خىزمەتنىڭ دېگەن بۇ چوڭ سەھنىسىدە، مۇشۇ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يىللىرىدا ماھارەت كۆرسىتىپ، تۆھپە ياراتقىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە، جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭمۇ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە، تولۇق تەييارلىق قىلىش ئاساسىدا ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرىغا مىللىي خىزمەتنى بىر قېتىم ئەستايىدىل دوكلات قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ئىشلار ئېتىبارغا ئېلىنىپ، قوللاشقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن.

مەركىزىي كومىتېت «دوكلات قىلىش تېزىسى» دىكى مەزمۇنلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۈيۈشتۇرسۇن، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ شەرەپلىك ھەم مۇشكۇل ۋەزىپە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئەمەلىي خىزمەتتە قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈستىدە تۆۋەندىكى تۆت پىكىرنى بايان قىلماقچىمەن:

بىرىنچى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ يې-

تەكچىلىك قىلىش. جايلارنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ خىلمۇخىل، يەنە كېلىپ شەيئىلەر توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەركىزىي كو-مىتېتنىڭ يولىيورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چوقۇم ماتېرىيا-لىستىك دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرۇپ، ئورتاقلىق بىلەن خاسلىق-نىڭ مۇناسىۋىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساسىي قىلىپ، «دوكلات قىلىش تېزىسى» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى جانلىق ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان ۋە تەڭ ماڭغۇزىمەن دەيدىغان مېتافىزىكىلىق خاھىشتىن ساقلىنىش لازىم.

شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ، چېگرا رايونلار بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ، مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار بى-لەن تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئە-مەس. «دوكلات قىلىش تېزىسى» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئىجرا قىلىشتا، شۇ زامان ۋە شۇ ماكاننىڭ كونكرېت تارىخىي ۋە رېئال شارائىتىنى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، نىشانلىق ئىش قىلىش، تۇرگە ئايرىپ يېتەك-چىلىك قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېلىپ ئېيتى-ساق، تېزلىتىشكە بولسا تېزلىتىش، پۇختا قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلسە پۇختا قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىش كېرەك. تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشمۇ ئەھۋالغا قاراپ جانلىق ئىش كۆرۈشنى، ئورۇنداشقا بولىدىغانلىكى ئىشنى تېز ئورۇنداشنى، ھازىرچە ئورۇنداشقا بولمايدىغان ئىشنى تىرىشىپ شەرت-شارا-ئىت ھازىرلاپ ئىمكانىقەدەر تېز ئىشلەشنى قولغا كەلتۈرۈشنى

تەلەپ قىلىدۇ. ئىشلارنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈشكە، ئىلغار تەج-رىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئومۇملاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئو-مۇمىي خىزمەتنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئىككىنچى، پىلانلاپ، قەدەمگە بۆلۈپ يولغا قويۇش. «دوكلات قىلىش تېزىسى» دا تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلار كۆپ، شۇ مەزمۇنلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلارنى بىرەر يىلدىلا ئورۇن-داپ بولغىلى بولمايدۇ. جايلار ئاۋۋال قايسى ئىشنى ئىشلەش، كېيىن قايسى ئىشنى ئىشلەشنى ئەستايىدىل پىلانلىشى، پائال ھەم پۇختا ئىشلىشى، ھەربىر قەدەمنى پۇختا بېسىشى، بىر يىلدا دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى، ئۈچ يىلدا چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن قانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىمىز مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقلىرىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرغانلىقىمىزنى ئۆلچەيدىغان ئاساس ئۆلچەم. ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش دېگىنىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ غېمىنى يەپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، سىياسەت، قانۇن-نىزاملاردا تەلەپ قىلىنغان ۋە يول قويۇلغان، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى زۆرۈر تاپقان ۋە تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىپ بېرىش دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدا قۇرۇق گەپ سېتىشتىن، ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق يۈزەكى ئىشلارنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. مۇۋاپىق پەيتتە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرۇش لازىم.

تۆتىنچى، كەڭ تۇردە ئالاقە باغلاش، ماسلىشىپ ئىش كۆرۈش. مەركىزىي كومىتېت بىزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇ، بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىلھام. مىللىي خىزمەت مەزمۇنغا باي، ھەممە تەرەپكە چېتىلىدۇ، بۇ خىزمەتنى بىرلا خىزمەت تارماقلىرىغا تايىنىش بىلەن ئىشلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، شۇڭا بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېغىر ۋەزىپىنى ئورتاق زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. بۇرۇن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قېرىنداش تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئورۇندىغان. ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مىللىي خىزمەتنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىغا ھەم بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ قاتنىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

2

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللىي خىزمەت ھەققىدىكى يوليورۇقلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئۈچۈن، ئىككى يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتنى قىسقىچە ئەسلەپ باقايلى.

1992-يىل 1-ئايدا چاقىرىلغان مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنى ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى تارىخىدا شانلىق نامايەندە بولدى. مۇشۇ ئىككى يىللىق مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم بەلگە-

سى شۇكى، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى ئىسلاھات ۋە ئىشىك-نى ئېچىۋېتىش داۋامىدا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىدى، ئۇلۇغ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسا-دىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى مىللىي خىزمەتنىڭ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى، ھاياتىي كۈچكە تولغان مىللىي خىزمەت ئۆز نۆۋىتىدە ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىش-لىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۈگۈن جۇڭخۇا زېمى-نىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەممە جايىنىڭ گۈللەپ ياشناپ، ھاياتىي كۈچى جۇش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقى خۇشاللىققا چۆمۈلۈپ، كۆڭلى ئىشەنچكە تولغانلىقىنى كۆرد-مىز. ئېلىمىزنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت ۋە يۈكسىلىشنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مىللىي خىز-مەت خادىملىرىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى بار.

مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق:

**(1) مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندۇق ۋە ئىزچىللاشتۇردۇق.**

مۇشۇ ئىككى يىللىق مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش-تىن ئىبارەت بولدى. مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا، پارتى-يىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى چوڭ فاڭجېن ۋە سىياسەت-تەدبىرلىرى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرد-لەپ بەلگىلەندى ھەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك

ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن تولۇقلاندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. شۇ يىغىندا يەنە جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىللىق مىللىي خىزمەت تەجرىبىلىرى ۋە نەتىجىلىرى يەكۈنلەندى، 90-يىللاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مانا بۇلار مىللىي خىزمەتكە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بەخش ئەتتى.

مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، كۆپ تەرەپلىمە تەدبىرلەر قوللىنىلدى. بىرمۇنچە تارماقلار يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئاساسىدا، ئۆز تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، يىغىن روھىنى ھەر ئامال بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، مۇناسىپ يىغىنلارنى چاقىرىپ، ئومۇمىي تۈردە سىياسەت خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات، ئىتتىپاقلىق ۋە ئالغا بېسىش دېگەن مۇشۇ ئىككى ئاساسىي تېمىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋەتەن بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مىللىي خىزمەتنىڭ قانات يې-

يىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىن-ىنىڭ روھى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بەردى، كىشىلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا تولۇپ تاشقان قىزغىن ھېسسىياتى ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجادىي كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە جاسارەت بىلەن ئالغا چامدىماقتا. بۇ ئىككى يىل ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-نىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە ئىقتىسا-دىي قۇرۇلۇشتا مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىككى يىل بولدى.

**(2) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىرىشىپ ئىلگىرى سۈردۇق.**

مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلى-گەن مۇھىم نۇتقى ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن ئوبدان پۇرسەت تۇغۇلدى. جايلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن مۇھىم نۇتقىنىڭ رو-ھىغا ئاساسەن، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆلچىمى ۋە «ئۈچ-كە پايدىلىق بولۇش» نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىر-

نى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈردى. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈستىدە تۇرغۇن بەلەن پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا دائىر تۇرغۇن ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئارا مەزگىللىك ۋە ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. شۇنىڭدەك ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللارغا سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. مۇشۇ ئىككى يىلدا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى كۆپ قېتىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش يىغىنى چاقىردى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىنى شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، چىڭخەي، گۇيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مەلۇم بولغان ئەھۋاللار ۋە بېرىلگەن تەكلىپلەرنى گوۋۇيۈەنگە ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ئىنكاس قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچىنىڭ يېتىشىچە خىزمەت قىلدى.

بىز دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېزا-بازار كارخاند-

لىرىنى راۋاجلاندۇرۇشغا ئاكتىپ ياردەم بەردۇق.
1993-يىلدىن باشلاپ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېزا-بازار كارخانىلىرى ئۈچۈن
ئۆسۈمى تۆلەپ قويۇلىدىغان مەخسۇس قەرز پۇلدىن ھەر يىلى
100 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇردۇق، يەنە يېڭى ۋەزىيەتكە ئاسا-
سەن، شەرقىي قىسىمدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بې-
رىش ئىشىنى پائال ئىلگىرى سۈردۇق، شاڭخەيدە مەملىكەتلىك
سىستېما بويىچە ياردەم بېرىش خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، بۇ
خىزمەتنى قانداق قىلىپ داۋاملىق ئوبدان ئىشلەش ئۈستىدە
ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدۇق، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدۇق، ئورۇن-
لاشتۇرۇش ئېلىپ باردۇق، تەدبىر قوللاندۇق.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە، دۆلەت تۈزۈل-
مە ئىسلاھاتى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلارنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بويىچە ئۈنى-
ۋېرسال سىناق رايونلىرىنى كۆرسەتتۇق. چېگرا رايونلارنىڭ
ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى، چېگرا سودىسى-
نى، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەركىزىنى ۋە چېگرا ئۆلكىلەرنىڭ
مەركىزىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش
توغرىسىدا تەكلىپ بەردۇق؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
چېگرىغا جايلاشقانلىق ئۈستۈنلۈكىدىن ۋە ئەتراپىمىزدىكى بىزگە
پايدىلىق مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىش
ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەھەتتە، كۆپلەپ تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىپ، ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

بىز نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە چىن مۇھەببىتىمىز ۋە قاتتىق تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ئاكتىپ قاتناشتۇق. ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشايدىغان 143 نامرات ناھىيىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇ- لۇشىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە ھەم گوۋۇيۈەننىڭ[1989] 62-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە، نامراتلارنى يۆلەش، توق يېيىش، ئىسسىق كىيىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش فوندى ئۈچۈن 120 مىليون يۈەن پۇل، 116 تۇر ئورۇنلا- شتۇرۇپ، 245 مىڭ ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردۇق.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتى- ياجلىق بۇيۇملار، مىللىي سودا بۇيۇملىرى جەھەتتە ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىيا- جىغا ئاساسەن ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مۇناسىپ خىز- مەتلەرنى ئىشلىدۇق. بۇنىڭدا مىللىي سودا بۇيۇملىرى مىللەت- لەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئۆسۈمى تۆلەپ قويۇلىدىغان قەرز پۇلدىن ھەر يىلى 40 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇردۇق.

مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا قاراشلىق ئىقتىسادىي گەۋدى- لەرنىڭ خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولدى، بەزىلىرى بىرقەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

**(3) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى- رىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق.**

مىللىي خىزمەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئورتاق گۈللىنىش ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ بىرى بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىرى بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن بىرۋاقتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشتۇق.

مىللىي مائارىپ جەھەتتە، بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مىللىي مائارىپنى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشتۇق. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مىللىي مائارىپ تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشكە ياردەم بەردۇق؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ خىراجىتى قىس، ئۈسكۈنىلىرى ناچار، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەنرەك بولۇۋاتقان بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردۇق. 1992-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، مىللىي مائارىپنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلىندى، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا مىللىي مائارىپنى قانداق قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش ئىشى

ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىندى، مۇناسىپ سىياسەت ۋە تەدبىر-لەر تۈزۈلدى، مىللىي مائارىپتا گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان ئىلغار شەخسلەر ۋە ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىدا بىلىم تارقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىلدى، «ئەخلاقلىق، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق» يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مىللىي سىياسەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا دائىر دەرسلىك ۋە دەرستىن سىرتقى ئوقۇشلۇق تۈزۈۋاتىدۇ. بۇ يېڭى دەۋردە مىللىي مائارىپنى كۈچەيتىشتە مۇھىم تەدبىر.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە مىللىي ئالىي مائارىپ خۇشاللىنارلىق دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالىي مائارىپى ئىخ-تىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، پەننىي تەتقىقات قاتارلىق جەھەتلەردە ئوبدان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى «ئۆزگە قاراشلىق مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ۋە تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تەييارلاپ تارقاتتى؛ شەرقىي شىمال مىللەتلەر ئىنس-تىتۇتى توققۇز يىللىق تەييارلىقتىن كېيىن رەسمىي تەستىقلى-نىپ، قۇرۇلۇش باشلىنىۋەتتى ھەمدە ھازىرقى شەرت-شارائىتىغا قاراپ سىناق تەرىقىسىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى؛ غەربىي شىمال ئىككىنچى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مەملىكەتلىك ئالىي

مەكتەپلەرنى باھالاپ تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى؛ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مانا بۇلار مىللىي مائا-رىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈ-رۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يېڭى دەۋردە داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش ھەمدە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ توغرا فاڭجېنىدا چىڭ تۇردۇق. 1992 -يىلى يۇننەندە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت-سەن-ئىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «3-نۆۋەتلىك جۇڭگو مەدەنى-يەت-سەنئەت بايرىمى» مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىلى يەنە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا جۇڭگودىكى 56 مىللەت سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلدى. بىز يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان نادىر كىنو فىلىمى-تېلېۋىزىيە تىياتىرى بويىچە «تولپار مۇكاپاتى» نى باھالاش ئىشىنى ئېلىپ باردۇق، «جۇڭگو ئون ئىككى مۇقامى» چاتما پائالىيىتى ئۆتكۈزدۇق، ئاز سانلىق مىللەت ناخشىچىلىرى مۇسابىقىسىنى، ئاز سانلىق مىللەت نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردۇق ۋە باشقىلار. شۇنداق قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردۇق.

مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى جەھەتتە، تىرىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قانۇنىيەت ئۇستىدە ئىزدىنىپ، تەشۋىقات بازىسىنى كېڭەيتتۇق، بەزى چوڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ مىللىي خىزمەت جەھەتتە تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق.

تىل-يېزىق خىزمىتى جەھەتتە، گوۋۇيۈەن 1991-يىلى تەستىقلاپ تارقاتقان «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى دوكلات» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە بۇ ھەقتە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇناسىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدۇق. بۇنىڭ سىرتىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەھىيە ئىشلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرجىمە، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، ئىجابىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

**(4) مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملىدۇق ۋە راۋاجلاندۇردۇق.**

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مىللىي خىزمەتنىڭ ھەرقانداق چاغدىكى تۈپ خاراكتېرلىك ۋەزىپىسى. جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ روناق تېپىپ ئالغا بېسى-

شى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، ئىسلاھات-ئىشكنى ئېچىۋې-
تىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنى-
شى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى باش-
تىن-ئاخىر ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بۈيۈك بىرلىكىنى،
مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىشىمىز
كېرەك.

مۇشۇ ئىككى يىلدا، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى
ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىش-
لىدۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە كۆپ خىل شەكىلدە
تەشۋىقات-تەربىيە ئېلىپ باردۇق، بۇ تەربىيىنى ئۇزاققىچە،
كەڭ كۆلەمدە نىشانلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىپ، ھەر مىل-
لەت خەلقىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنى تېخىمۇ چوڭقۇر
بىلىدىغان، كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ
قىزغىن سۆيىدىغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈ-
چۈن تېخىمۇ ئاڭلىق كۈرەش قىلىدىغان ئاڭغا ئىگە قىلىشقا
تىرىشتۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يېڭى كەيپىياتقا ئايلاندۇ-
رۇش ئۈچۈن، بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس
ۋە ئىلغار تىپلارنى تەقدىرلەش پائالىيىتىنى داۋاملىق ئېلىپ
باردۇق، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ياشلار ئىتتىپاقى
مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بىر تۈركۈم
ئىستىقباللىق ياشلارنى تەقدىرلىدۇق؛ دۆلەت مىللىي ئىشلار
كومىتېتى يەنە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان شەھەر-

لەرگە «مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇ-
نىچى شەھەر» دېگەن نام بەردى. جايلارمۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقى ۋە تەرەققىياتى ئېيى»، «مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە
تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش» دېگەنگە ئوخشاش
شەكىللەر بىلەن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىش-
لىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش خىزمىتىدىكى مۇھىم
بىر تەرەپ مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت-
لەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ-ئادىتى بەكمۇ خىلمۇخىل، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋې-
تىش داۋامىدا مىللەتلەرنىڭ بېرىش-كېلىشى كۆپىيىپ بارىدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىل-
لەتلەر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، سۈركىلىش، ھەتتا توقۇنۇش
پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش تەس. ھەممىدىن مۇھىمى خىزمەتنى
كۈچەيتىپ، زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، تالاش-تارتىش-
لارنى تۈگىتىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداشتىن ئىبا-
رەت. ھازىر مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي جە-
ھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت. بىز مىللەتلەر ئوتتۇرىسىد-
كى توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىشتا، زىددىيەتنىڭ خاراكتېرىنى
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا بېكىتىشىمىز، خەلق
ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغانلا بولسا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت-
نى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىدىيىۋى
خىزمەتنى كۆپرەك ئىشلىشىمىز، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد-
نى قانات يايدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى، چوڭ ۋەزىيەتنى تەكىتلە-

شىمىز كېرەك. مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە، بىز ئالاقىدار تەرەپ-
لەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر بىرمۇنچە
ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلدۇق، بۇ ۋەقەلەر ئىچىدە بەزى جايلار-
دىكى خۇيزۇلار ئاممىسىنىڭ يۇقىرىغا دەرد ئېيتىش ۋەقەسى،
«مېڭىنىڭ تېز بۇرۇلۇشى» دېگەن ماقالە سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن
نامايىش، تەلەپ قويۇش، يۇقىرىغا دەرد ئېيتىش ۋەقەلىرى،
دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قوراللىق توقۇنۇش تۈپەيلىدىن يۈز
بەرگەن قان تۆكۈلۈش ۋەقەسى ۋە باشقىلار بار. بۇ ۋەقەلەرنى
بىر تەرەپ قىلىشتا ناھايىتى زور چىقىم تارتقان، ناھايىتى زور
كۈچ سەرپ قىلغان بولساقمۇ، لېكىن خېلى ئوبدان ھەل قى-
لىپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتۇق.
مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى زامانى-
مىزدىكى جۇڭگودا قارشىلىق قىلىپ بولمايدىغان تارىخىي ئې-
قىم، لېكىن پارلاق قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدىمۇ قارا كۆلەڭگە
بولغىنىدەك، ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەملەر ھا-
مان بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر تەپتارتماستىن ۋەتەننى ۋە مىللەت-
لەرنى پارچىلايدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارماق-
تا؛ غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
بۇزۇشنى خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىمىزنى ئاغدۇرۇشتىكى
ۋاستىلەرنىڭ بىرى قىلماقتا. بۇ ئەھۋاللار بىزنى تەۋرىتەلىگە-
نى ۋە قورقىتالىغىنى يوق، بەلكى بىزنى تېخىمۇ قەتئىيلەشتۇر-
دى، تېخىمۇ سەگەكلەشتۇردى. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قار-
شى قىلىچە مۇرەسسە قىلماي مەردانىلىك بىلەن كۆرەش قىلدۇق.
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە ۋەتەن بىرلى-

كىنى قوغداش ئۈچۈن، مەخسۇس تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردۇق، مەخسۇس يىغىنلارنى چاقىرىپ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلدۇق، تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دۇنيا ئالدىدا، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا، ئىنتايىن ئاز سانلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە بىمالال تاقابىل تۇرۇپ خەلق رايىنى مايىل قىلدۇق، غەلىبىگە ئېرىشتۇق، مۇقىملىقنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز ئېپتىخارلىق بىلەن جاھانغا شۇنى جاكارلايمىزكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ داۋامىدا شەكىللەنگەن قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچى بوگۈنكى تارىخىي شارائىتتا ئۆزلۈكسىز قۇدرەت تاپماقتا، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ بۇزالمايدۇ ۋە ئاغدۇرالمايدۇ.

**(5) مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىلەشتۈرۈپ، قانۇننىڭ مىللىي خىزمەتتە مۇھىم رول ئويناشىغا ئىمكانىيەت ياراتتۇق.**

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مىللىي خىزمەتتىكى مۇھىم بىر يۈكسىلىش شۇ بولدىكى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي قانۇنچىلىق خىزمىتىدىمۇ مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي خىزمەت پەيدىنپەي قانۇنچىلىق يولىغا سېلىندى. 1984-يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن

كېيىن، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار بۇ تۈپ قانۇننى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى. 1991-يىل 12-ئاينىڭ ئاخىرىدا گوۋۇيۈەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى، بۇ ئېلىمىزدە ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە قوللىنىلغان مۇھىم بىر قەدەم-باسقۇچ ئىدى. بىرمۇنچە رايونلار گوۋۇيۈەننىڭ شۇ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆز جايلىرىدا ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھەر ئامال بىلەن ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش، بولۇپمۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلىرىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىش، يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە نازارەت قىلىش قاتارلىق كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. مۇشۇ ئىككى يىللىق ئەھۋالدىن قارىغاندا، گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى ياخشى بولدى. دۆلەت سىلىنىمىنى كۈپەيتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، كادىر يېتىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللەتلەر تارقاق ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي قانۇنچىلىق خىز-

مىتىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىلگىرىلەش بارلىققا كەل-
دى. 80-يىللارنىڭ ئاخىرىلىرى تەييارلاشقا تۇتۇش قىلىنغان
«مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى» ۋە «شەھەرلەر-
نىڭ مىللىي خىزمەت نىزامى» 1993-يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىد-
قى ھەم ھوقۇق بېرىشى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى
تەرىپىدىن ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلدى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ مىل-
لىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا مۇھىم نامايەندە بولدى. ئۇ ئېلى-
مىزدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى
تەڭشىگۈچى قانۇن بارلىققا كېلىپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر
تارقاق ۋە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى مىللىي مۇنا-
سىۋەتنى تەڭشىگۈچى مەمۇرىي قانۇن-نىزاملارنىڭمۇ بارلىققا
كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دۆلەت مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن
بىرۋاقىتتا، ھەرقايسى رايونلارمۇ مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇ-
شىنى كۈچەيتىش جەھەتتە مۇناسىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
مۇشۇ ئىككى يىلدا، يەنە بەزى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى مەيدانغا كەلدى، ھازىر بەش ئاپتو-
نوم رايوننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ سانلىق ئاپتونوم ئوبى-
لاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى تۈزۈلۈپ
بولدى. بەزى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردا مىللەتلەرنىڭ ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش قاتارلىق ئىشلارغا ئالاقىدار يەرلىك قانۇن-نىزاملار تۈزۈل-
دى ھەمدە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىندى. ئېلىمىزنىڭ مىللىي
قانۇن-نىزاملىرى دەسلەپكى قەدەمدە بىرقەدەر مۇكەممەل سىس-

تېما بولۇپ شەكىللەندى.

**(6) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلىدۇق.**

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ دائىملىق، مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. مۇشۇ ئىككى يىلدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىدە بىز بەزى نەق ئىشلارنى قىلدۇق.

1993-يىلى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» ئاچتى. يىغىندا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە بولغان تونۇش ئۆستۈرۈلدى، پىكىر بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. يىغىندا يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىندىن كېيىن «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر» تۈزۈلدى. هازىر يىغىن روھى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئەھۋال ياخشى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۈرستا تەربىيىلەش جە-

ھەتتە تەدبىر كۆرۈلدى. مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «ئوبلا-ست باشلىقلىرى كۇرسى» ، «ئوبلاستلىق پارتكوم شۇجىلىرى كۇرسى» دېگەنگە ئوخشاش كۇرسلارنى ئاچتى، يەنە ئالاقىدار پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە ياشلار سىياسىي ئىنستىتۇتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئاچتۇق. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىل-لەت كادىرلىرىنى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ۋە ئالاقىدار مىنىس-تىرلىك- كومىتېتلارغا ۋەزىپە بىلەن بېرىپ چېنىقىشقا ئۇيۇش-تۇردۇق. مانا بۇلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساپاسىنى ياخشىلاشتا تازا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە. جايلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىش-تۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى.

بىز يەنە يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشتە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلدۇق. مىللىي خىزمەتنىڭ باشقا تەرەپلىرىگە ئوخشاش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىمۇ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قى-لىش، مەسىلەن، ئارتۇق نامزاتلىق سايلام، خىزمەتچىلەر تۈزۈ-مىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، كارخانىلارنىڭ سەرخىللاشتۇرۇلۇشى،

تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش تۈزۈمى ۋە توختاملىق تۈزۈم قاتارلىق-
لار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار خىزمىتىنىڭ ئالدىغا يېڭى
مەسىلىلەرنى قويدى. بۇ يېڭى مەسىلىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بار-
چە تەتقىق قىلدۇق، بۇنىڭدىكى يېتەكچى ئىدىيە مۇنداق: كادىر-
لار تۈزۈمى ئىسلاھاتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى
يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى بىرى بىرىگە تۈرتكە
قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى رىقابەتلىشىشكە جۈر-
ئەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى سەھنىسىدە ئۆز
تالانتىنى ئىشقا سېلىشقا، رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەن-
دۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت كادىر-
لىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، قوغداش تەدبىرلە-
رىنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ
تېخىمۇ ئوبدان يېتىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇش.

**(7) مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەش-تۈرۈپ، پائال قانات يايدۇردۇق.**

مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم
بىر تەرىپى، نەزەرىيە خىزمىتى ئەمەلىي خىزمەت ئۈچۈن مۇھىم
يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. نەزەرىيە خىزمىتى ئىلگىرىكى
ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، جەۋھىرىنى ئىلغىۋالغاندىن
كېيىن، ئۇنى سىستېمىلىق نەزەرىيىگە ھەمدە سىياسەت، قانۇن
تەدبىرلىرىگە ئايلاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەل-
كى ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، پەرەز قىلىپ،
ئالدىنئالا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە ئىجابىي
يېتەكچى تەسىر كۆرسىتىشكە ئىمكان بېرىدۇ. مۇشۇ ئىككى

يىلدا مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىدىكى بىر ئالاھىدى-
لىك شۇكى، رېئال مەسىلىلەرنى، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى
تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى ھەمدە بۇ تەتقىقات بىرقەدەر
چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1992-يىل 11- ئاي-
دا، مەملىكەتلىك مىللەت نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى چاقى-
رىلىپ، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللەت نەزەرى-
يىسى تەتقىقاتى خىزمىتى بىرقەدەر سىستېمىلىق يەكۈنلەندى،
يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي خىزمەتكە دائىر بەزى نەزەرىيە مەسى-
لىلىرى مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىندى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى
مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئىشى ئو-
رۇنلاشتۇرۇلدى.

مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدى-
كى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ
ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرىغا
جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تە-
رەققىياتى»، «سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت»، «شەر-
قىي رايونلار بىلەن غەربتىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى
تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش» دېگەنگە ئوخشاش چوڭ-چوڭ تېمىلار
ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن
شۇغۇللانغۇچى خادىملار بىلەن ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچى
خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، مىللەت نەزەرىيى-
سى تەتقىقاتى جەھەتتە بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەت بارلىققا كەل-
دى، «ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو. مىللەتلەر توپلىمى»،
«جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت

رايونلىرىنىڭ 90-يىللاردىكى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «مىللىي مەسىلە توغرىسىدا»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاساسىي رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي مەسىلىگە دائىر بايانلىرى» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى نەشر قىلىندى ۋە نەشر قىلىنماقچى؛ مەركەزدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا بەزى مۇھىم ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بىرقەدەر مۇھىم بولغان بەزى تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەنگە يوللاندى. مۇشۇ بىرنەچچە يىللىق مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان شۇنداق بىر ئەھۋال بارلىققا كەلدىكى، نەزەرىيە خادىملىرى بىلەن ئەمەلىي خىزمەت ئىشلىگۈچى خادىملار قولغا قول تۇتۇشۇپ، مەركەزدىكى تەتقىقات تارماقلىرى بىلەن جايلاردىكى تەتقىقات ئورگانلىرى ماسلىشىپ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ تەتقىقات تارماقلىرى بىلەن مەخسۇس نەزەرىيە تەتقىقاتى تارماقلىرى ھەمكارلىشىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىپ، بىرقەدەر قۇدرەتلىك قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈردى.

**(8) ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تاشقى ئالاقە جەھەتتە ئىرىشىپ يېڭى يول ئاچتۇق.**

مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ تاشقى ئالاقىسى كېيىنرەك باشلاندى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تاشقى ئالاقىنى ئۇيۇشتۇرۇش فۇنكسىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكى 1988-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئېنىق بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تاشقى ئالاقە خىزمىتى پەيدىنپەي قا-

نات يايدۇرۇلدى. مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە، ئېلىمىزنىڭ تاشقى ئالاقىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تاشقى ئالاقە ئىشلىرىمۇ پائال ئېلىگىرىلىدى.

تاشقى ئالاقىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ بارماقتا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقە داۋاملاشماقتا، مۇشۇ ئىككى يىلدا، نەچچە تۈركۈم ئەدەبىيات-سەنئەت ئۆمەكلىرىنى ۋە گۇرۇپپىلىرىنى چەت ئەللەرگە ئويۇن قويۇشقا چىقاردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تاشقى ئالاقە ئىقتىسادىي ساھەگىچە كېڭەيدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى ۋە شېرىكلىشىپ باشقۇرىدىغان تۈرلەرنى كىرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش ئىشىدا ئىلگىرىلەش بولدى. جۈملىدىن ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئاتىغان بىر تۈركۈم ھەقسىز ياردىمىنى قولغا كەلتۈردۇق. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تاشقى ئالاقىسى كۆپرەك خەلق ئارىسىدا بولىدىغان ئالاقىدىن ھۆكۈمەت ئارا بولىدىغان ئالاقىگە، تۆۋەنرەك قاتلامدىكى ئالاقىدىن بىرقەدەر يۇقىرى قاتلامدىكى ئالاقىگە كېڭەيدى. 1993-يىلى روسسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قوشۇمچە دۆلەت مىللىي سىياسەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى شاخراينى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدۇق، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن روسسىيە تەرەپ مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئەھۋالىنى ئالماشتۇردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئالاقىنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش ئارزۇسى ئۈستىدە سۆزلەشتى.

تاشقى ئالاقىدە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق

قىلدۇق. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى ۋە مىللەتلەرنىڭ
ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە ئېرىشكەن تەرەققىياتىنى، ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ مەزمۇنى مول، رەڭگارەڭ مەدەنىيىتىنى تو-
نۇشتۇردۇق، بۇلار ئىككى دۆلەتنىڭ ئالاقىسىنى ۋە ئىككى دۆ-
لەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول
ئوينىدى.

بىزنىڭ تاشقى ئالاقىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى خەلقئارا
ساھەدىكى كىشىلىك ھوقۇقى كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتنىشىشتىن
ئىبارەت بولدى. يېقىنقى يىللاردا، غەربتىكى بەزى دۆلەتلەر
«كىشىلىك ھوقۇقى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىزگە
بېسىم ئىشلەتتى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك
ھوقۇقى مەسىلىسى ئۇلارنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىشتا دائىم ئىش-
لىتىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. بىز بۇنىڭغا قارشى مەر-
كىزىي كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئالاقىدار تار-
ماقلارغا ماسلىشىپ كۈچلۈك، يوللۇق ۋە لايىقىدا كۈرەش قىل-
دۇق، خادىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقىغا
دائىر يىغىنلارغا، خەلقئارا يەرلىك ئاھالە كىشىلىك ھوقۇقى
يىغىنىغا ۋە خەلقئارا مۇھىت ئاسراش يىغىنىغا قاتناشتۇردۇق.
خەلقئارا مۇنبەردىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى
جەھەتتىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىنى ۋە ئاساسىي سىياسىتىنى
شەرھلىدۇق، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك
ھوقۇقى جەھەتتىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇق، غەربتى-
كى بەزى كىشىلەرنىڭ يامان غەرەز بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا

كۆچلۈك پاكىتلار بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدىدۇق.

نۇرغۇن رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرىمۇ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە، تاشقى ئالاقە ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرىغا قاتناشتى ھەمدە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە كۆچلۈك ماسلاشتى ۋە يار-يۆلەك بولدى.

**(9) مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئىرىشىپ كۈچەيتتۇق.**

يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىرىشىپ ئىدىيىۋى-سىياسىي، تەشكىلىي ۋە ئىستىلىي جەھەتلەردىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق مىللىي خىزمەتنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۈستىگە ئالدى. مەملىكەت بويىچە مىللىي خىزمەت سېپىدىكىلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆز ئىدىيىسىنى قوراللاندۇردى، تونۇشىنى ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىپ ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ قەتئىي ئەمەل قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇندۇرۇپ ۋە خىزمەت قىلدۇرۇپ، توغرا يول بىلەن ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈشكە ئىرىشتى. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە، ئاممىغا ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئەھمىيەت بې-

رىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە ساداسىنى چۈشىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە سەمىمىي ياردەم بەردى، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلدى. ھەر مىللەت خەلقى مىللىي خىزمەت خادىملىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئىشەنچ باغلىدى ۋە ئۇلارنى قىزغىن قوللىدى.

مىللىي خىزمەت پۈتۈن پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمىتى دېمەكتۇر، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مىللىي خىزمەتكە بولغان ئېتىبارىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئىككى يىل مابەينىدە، جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، مىللىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مىللىي خىزمەتنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىپ بېرىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئەنە شۇ. كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆزى خىزمىتىنى ئىجادىي ئىشلەپ، مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ، چارە تېپىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي تارماقلىرىغا ھەقىقىي ۋە مۇھىم ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىشى ۋە ئەمەلدە ئۈنۈم بېرىدىغان تەكلىپلەرنى بېرىشى، شۇنىڭدەك ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ماسلىشىپ ئىشلەپ، مىللىي خىزمەتنى ئورتاق ئالغا سۈرۈشى لازىم. بىز مۇشۇ بىرنەچچە يىل مابەينىدە، ئىزچىل

تۇردە ئەنە شۇنداق قىلدۇق، ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوبدان مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولۇپ كەلدۇق.

بۇلتۇر يولداش ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش چاتما پائالىيىتىنى داغدۇغىلىق ھەم قىز-غىن ئېلىپ باردۇق. «ماۋ زېدۇڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت» دېگەن مەزمۇندا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدۇق، مەخسۇس ئەدەبى-يات-سەنئەت كېچىلىكى ئۇيۇشتۇردۇق، مەخسۇس ماقالىلەر توپلىمى چىقاردۇق. يولداش ما ۋېزۇڭنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر-نىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇشى، تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگى-رىلىشى يولىدا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى چىن يۈرەكتىن مەدھىيىلىدۇق.

جايلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى يەنە پارتىيە قۇرۇ-لۇشىنى ئەستايىدىل كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئۈز-لۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئا-ۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى ۋە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ جەڭ-گىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلىپ، خىزمەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈ-رۈش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلدى.

## 3

ھەرقانچە ئۇزۇن سەپەر بىرىنچى قەدەمدىن باشلىنار دېگەن

گەپ بار، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي خىزمەت ئۈستىدە بەرگەن مۇ-ھىم يوليورۇقلىرىنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشنى ھازىردىن باشلاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك.

1994-يىلى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر يىل. بۇ يىل مىللىي خىزمەتكە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ مۇنداق: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزە-رىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-تېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىجرا قىلىش، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدا يېقىندا بەرگەن يوليورۇقلىرىنى ئەمەلىي-لەشتۈرۈش، مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قو-يۇلغان ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق ئورۇنداش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىل-لەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسى-لىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پۇرسەتنى ئىگىلەپ، ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلىپ، كونا-يېڭى تۈزۈلمىنىڭ ئالمىشىشى داۋامىدا ئوڭۇشلۇق بۇرۇلۇش ياساپ تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇش، ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، سەھىيە قاتارلىق

ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئۈز-لۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش، مىللەتلەرنى ئەتراپلىق يۈكسەلدۈرۈش، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق مىللىي قانۇن-نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئۆزئارا ياردىمى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى قۇدرەتلىك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە چوڭ تەرەققىياتى يولىدا يېڭى تۆھپە يارىتىش.

بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئاساسەن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرى ۋە مەركىزىي كومىتېت پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلغان «ھازىرقى مىللىي خىزمەتتىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلىنى دوكلات قىلىش تېزىسى» ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنى ئەتراپلىق، پۇختا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەن بۇگۈن بۇ يىل تۇتۇش قىلىپ ئىشلەيدىغان بەزى خىزمەتلەر ئۈستىدە تېزىس تەرىقىسىدە توختالماقچىمەن.

**(1) «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مېڭىمىزنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش**

ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچى-

لىكىگە مۇھتاج. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومى ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىدىكى بىر قاتار چوڭ-چوڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىدۇ، پۈتۈن ئەسىردە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى ماركسىزم، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ قىبلىنامىسى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ قىبلىنامىسى دېمەكتۇر. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلدى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىشنى پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە، مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، روھىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگونىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز، تولۇق تەييارلىق قىلىش ئاساسىدا مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشىمىز، شۇ يول بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مىللىي خىزمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى نەزەرىيە جەھەتتىن

چوڭقۇر تونۇپ، بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا تېخىمۇ ئوبدان ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

### (2) «مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى»نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى بۇ يىل 9-ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىشقا ھەمدە بۇ يىغىننى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە قوشۇلدى. بىز بۇ يىغىننىڭ تۈرلۈك تەييارلىق ئىشلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، شۇنداق پۇختا ۋە ئوبدان ئىشلەيلىكى، بۇ يىغىن يېڭى ۋەزىيەتتە مەملىكەت بويىچە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان يىغىن بولسۇن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان يىغىن بولسۇن، ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان يىغىن بولسۇن.

تەييارلىق ئىشلىرىنى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئەستايىدىل ئىشلىشى لازىم، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىمۇ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. ئىلغارلار ۋەكىللىرىنى سايلاش ۋە كۆرسىتىش جەريانىنى مىل-

لەتلەرنىڭ ئىقتىساقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش، تەشۋىقات ۋە باشقا خىزمەتلەر ئارقىلىق، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردىمى، ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق يۈكسىلىشىنى قۇدرەتلىك جامائەت پىكرىگە ۋە ئوبدان ئەخلاقىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بىرىنچىسى، ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە سەۋەبىدىن مىللىي مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئىككىنچىسى، بۆلۈنۈشكە، سىغىپ كىرىشكە مەردانىلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن كۈچلۈك مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش. بۇ ھەقتە «دوكلات قىلىش تېزىسى» دا بىرقەدەر كونكرېت سۆزلەنگەن. بۇ يەردە قايتا توختالمايمەن.

**(3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ناھايىتى ياخ-

شى پۈرسەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئاسان قولغا كەلمەيدىغان بۇ پۈرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەي، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرنىڭ ئىقتىسادىنى مۇمكىنقەدەر تېزرەك يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تەرەققىيات ۋە مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. لېكىن بىزنىڭكىدەك ئاھالىسى كۆپ، زېمىنى كەڭ مۇنداق دۆلەتتە، ھەرقانچە ياخشى سىياسەتنىڭمۇ ھەممە جايغا، ھەممە ئادەمگە بىرلا ۋاقىتتا، باپباراۋەر نەپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بەزىبىر ئەھۋال ۋە كونكرېت قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بەزى كارخانىلارنىڭ ساپاسى بىرقەدەر ياخشى، لېكىن پۈتۈنلۈك جەھەتتىن ئېيتقاندا بىرقەدەر ناچار، باشقا رايونلارغا قارىغاندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بازار قۇرۇلۇشىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بازار قۇرۇلۇشى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يېتىلىش دەرىجىسى تۆۋەنرەك، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش بازار قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، بازار رىقابىتىنىڭ بېسىمى كۈچىيىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادىي ئاساسى نىسپىي ھالدا ئاجىز، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭ-

شەش-تىزگىنلەشنى ئۆزلىرى ئېلىپ بارىدىغان كۈچى چەكلىك بولغاچقا، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى مەلۇم دەرىجىدە كۆپرەك دۆلەتنىڭ ئېلىپ بېرىشىغا توغرا كېلىدۇ. تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى توغرىدىن توغرا تۇرمۇش سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. تەقسىماتتا ئۈنۈمنى ئالدىغا قويۇش، ئادىل بولۇشقا ئېتىبار بېرىشنى گەۋدىلەندۈرۈشتە بەزى كونكرېت قىيىنچىلىقلار بار. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش جەھەتتىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ماددىنى ئارقا تىرەك قىلىدۇ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، ھۆكۈمەت زۆرۈر مالىيە كۈچىگە ئىگە بولغان چاغدىلا ئوبدان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئاندىن ئورنىتىشقا بولىدۇ. مانا بۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئۆز جايىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىملىقىنى، ئاددىي يول بىلەن ئىش كۆرۈپ، باشقا رايونلارنىڭ ئۇسۇل ياكى تەجرىبىلىرىنى ئۆلۈك ھالدا ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن، بۇ ھال بىزدىن كۆپلەپ ئىنچىكە ۋە جاپالىق خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىشىغا قاتنىششنى بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشىمىز كېرەك. بۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاز سانلىق مىل-

لەت رايونلىرىنىڭ ئالاقىدار ئەھۋاللىرىنى مۇناسىۋەتلىك تارماق-
لارغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قانداق قىلىپ
ئوبدان بەرپا قىلىش ھەققىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن پىكىر ۋە
تەكلىپلەرنى بېرىش؛ ئالاقىدار تارماقلارنى جۇملىدىن مەركەزدى-
كى ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈل-
مىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزىبىر ئالاھىدە خاراكتېرلىك
مەسىلىلەر ئۈستىدە نىشانلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش. شۇنىڭ
بىلەن بىرۋاقىتتا، 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3- ئومۇ-
مىي يىغىنىنىڭ «قارارى» دىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى
قاتارلىق تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىما-
ئىي تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشكە دائىر مەزمۇنلارنى ئەمەلىيلەش-
تۈرۈش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش.

بۇ يىل ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىسلاھات-ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش بويىچە ئومۇمىي سىناق خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ.
بىرىنچى تۈركۈمدە يەتتە ۋىلايەت ۋە ئوبلاست سىناق نۇقتىسىغا
كىرگۈزۈلدى، بۇ يىل بۇنىڭدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان
يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىمىز.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن شەرقتىكى تەرەققىي
تاپقان رايونلارنىڭ ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش ئىشى-
نى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئالماشتۇرۇش
ئالاقىسىنى، ھەمكارلىقىنى ۋە ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش

لازىم.

يەنە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن ئوبدان پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك؛ لەنساڭجياڭ ۋادىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە دائىر خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ، ئاسىيا بانكىسى قەرز بەرگەن قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئوبدان ئېلىپ بېرىش لازىم؛ 1995-يىلى ئېچىلىدىغان «دۇنيا ئاياللار يىغىنى» نىڭ كومىتېتىمىز ئۈستىگە ئالغان مۇناسىۋەتلىك تەييارلىق خىزمەتلىرىگە تۇتۇش قىلىش كېرەك.

**(4). ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىش**

ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئامىسىنىڭ نامراتلىق كۆلىمى بىرقەدەر كەڭ، نامراتلىق دەرىجىسى بىرقەدەر چوڭقۇر، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ۋەزىپە مۇشكۈل بولۇپ، ئۆزاققىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىمىز، خىزمەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىمىز بىلەن، چوڭ كۈچ سەرپ قىلىپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم. بۇ يىل مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش-تەرەققىيات خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىدۇ. بىز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا ئاكتىپ قاتنىشىشىمىز، شۇنىڭ

بىلەن بىرۋاقىتتا، «دوكلات قىلىش تېزىسى» دا تىلغا ئېلىنغان ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نام-راتلىقتىن مۇمكىنقەدەر تېز قوتۇلۇشىغا تىرىشىپ ياردەم بېرد-شىمىز كېرەك.

**(5) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتى جەھەتتە يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش**

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پەن-تېخنىكا خادىملى-رىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش مەسىلىسى «دوكلات قى-لىش تېزىسى» دا مەخسۇس بىر مەسىلە قىلىپ يېزىلغان، ئۇنى شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىشلەش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكرى» تۆۋەنگە تار-قىتىلدى، جايلار ئۇنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈ-رۈپ، ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئىجرا قىلىشى كېرەك.

**(6) مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈ-رۈش**

مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق يۈكسەك دەرىجە-دە ئەھمىيەت بېرىش، مىللىي مۇناسىۋەتنى قانۇن سىستېمىسى بىلەن تەڭشەش، يۈز بەرگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى قانۇن ۋاسى-تىسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. قانۇن ئالدىدا ھەممە مىللەتنىڭ باپباراۋەر بولۇشىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي قانۇن-نى-زاملارنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. مىللىي مۇناسىۋەتكە

دائىر بولغانلىكى مەسىلىلەرنىڭ خاراكتېرىنى ھەقىقەتنى ئەمە-
لىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بېكىتىپ، ئۇنى قانۇننىڭ بەلگىلە-
مىلىرى ۋە تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، قانداق مەسئۇلى-
يەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولسا شۇنداق مەسئۇلىيەتنى
ئارتىش كېرەك. ھەرقانداقلىكى ئادەم قانۇنغا قاتتىق ئەمەل
قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىمكى، يۈز بەرگەن
مەسىلىلەرگە قانۇنغا خىلاپ ۋاستىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلسا
بولمايدۇ، قانۇنسىز ھالدا ئالاقىلىشىشنى تەشكىللەشكە، كوچا
ئايلىنىپ نامايىش قىلىشقا، ۋەقەنى چوڭايتىشقا يول قويۇلماي-
دۇ. ئۆزىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە قاراپلا قانۇن-ئىنتىزامنى
بىر چەتكە قايرىپ قويسا بولمايدۇ؛ يولسىزلىق بىلەن جېدەل
چىقىرىشقا يول قويۇلمايدۇ، يوللۇق تۇرۇپ جېدەل چىقىرىشقى-
مۇ يول قويۇلمايدۇ.

ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ «مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خا-
تىرىلەپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچى-
لىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇستەھكەملەش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلىپ، مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىسلاھات-ئىشكىنى ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش
لازىم.

«شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمەت نىزامى» ۋە «مىللىي يې-

زىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى» دا، مىللىي يېزا ۋە شەھەر-لەردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلەپلىرى ھازىرقى مىللىي خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، قانۇن-نىزام شەكلىدە بېكىتىلگەن. جايلار ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى، كونكرېت يولغا قويۇش چارىلىرىنى تۈزۈشى كېرەك.

ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 2-بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. دۆلەت-نىڭ ئالاقىدار تارمىقى 2-بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش داۋامىدا مىللىي قانۇن-نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاش-تۇرۇش خىزمىتىگە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى باشلامچى-لىق قىلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇ خىزمەت كېيىنرەك باشلى-نىپ قالدى، شۇڭا چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، ھەممە خىزمەتنى 2-بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدىكى تەلەپلەر بويىچە ئوبدان ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**(7) مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئىسلاھات داۋامىدا تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇش**

ئالاقىدار تارماقلار بىلەن داۋاملىق بىرلىشىپ، مەملىكەت-لىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مىللىي مائارىپنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى» نى پەيدىنپەي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللىي مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈ-رۈشتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنى قاند-اق قىلىپ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ نامىنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆزگەرتىشكە ئالاقىدار ئىشلارنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش كېرەك.

تۈرلۈك تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ مىللىي سىياسەت تەربىيە-سىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتى-پاقلىقى ھەققىدىكى دەرسلىك ۋە ئوقۇشلۇقنى يېزىش خىزمىتى-نى ئورۇنداش لازىم.

**(8) مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەتراپلىق يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، شۇنداقلا كەڭ بىر زېمىن، ئۇنىڭدا ئىشلەشكە بولىدىغان ۋە ئىشلەش لازىم بولغان نۇرغۇن ئىشلار بار. ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى، تەرەق-قىيات پىلانىنى شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شا-رائىتىدا مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلان-دۇرۇش، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش قاتارلىق مەسىلە-لەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتى-نىڭ ئىسلاھات-ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىس-تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ئوبدان

ئۈيغۇنلىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە گۈللىنىشكە قاراپ مېڭىشى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك. بۇ يىل ئىشلىنىدىغان كونكرېت خىزمەتلەر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

—«5- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى»نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش.

— «5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېلېۋىزىيە-بەدىئىي فىلىملىرى (تۈلپار مۇكاپاتى)» نى باھالاش، «1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان كىنو فىلىملىرىنى باھالاش ۋە مۇكاپاتلاش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش.

—مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىدە گوۋۇيۈەننىڭ [1991] 32-نومۇرلۇق ھۆججىتىنى داۋاملىق ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش. سىياسەتنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۇنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش.

مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**(9) مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئوبدان جامائەت پىكرى شارائىتىنى يارىتىش**

مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلىپ، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇنى ئۆزگە لايىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇ خىزمەتتە توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە مىللىي قانۇن-نىزاملارنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلگەن شانلىق نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تەشۋىقات داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىي ساقلىنىش، تەرەققىياتنى ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ھازىرقى تەشۋىقات بازىلىرى ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يېڭى بازىلارنى ئېچىپ، يېڭى ۋاسىتىلەرنى كۆپەيتىپ، تەشۋىقات دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مىللىي تەشۋىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**(10) ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش**

جەمئىيەت ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە ئۆزگىرىۋاتقان دەۋردە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش ھەرقانداق چاغدىكىدىن زۆرۈر. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتكەندىلا، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققىلى، ۋەزىيەتنى ئىگىلىگىلى، خىز-

مەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئالغىلى بولىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن ئەستايىدىل پىكىر قىلىش، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. نەزەرىيە تەتقىقاتىدا چوقۇم ئەمەلىيەتكە يۈزلىنىپ، رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى مىللىي خىزمەت ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئىگىلەش ئاساسىدا، «دۆلىتىمىزنىڭ چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەر ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى»، «ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت»، «شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي قىسمىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش» قاتارلىق تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

**(11) ئۆز ئالاھىدىلىكىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاقىدار تاشقى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش**

تاشقى خىزمەتتە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قەدەم تاشلاپ، ھەر خىل پۇرسەتتىن ۋە خەلقئارا مۇنبەردىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، تەرەققىياتى يولىدا قوللانغان سىياسەت، قانۇن تەدبىرلىرىنى، مىللەتلەرنىڭ ۋەتە-

نىمىز چولڭ ئائىلىسىدە ئېرىشكەن تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشلە-رىنى كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن ئاكتىپ تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارغا ئاكتىپ ماسلىشىپ خەلقئارا كە-شىلىك ھوقۇقى ساھەسىدىكى كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىشىمىز، ماتېرىيال جۇغلاپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئاز سانلىق مىل-لەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى جەھەتتە بىرقەدەر سىستېمىلىق نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزىمىزنى مۇ-ناسىۋەتلىك خەلقئارا ئالاقىدە ۋە كۈرەشتە تېخىمۇ كۆپ تەشەب-بۇسكارلىققا ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

داۋاملىق كەڭ يول ئېچىپ، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىل-لەت خەلقىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىقتىساد، سودا ساھەلىرىدىكى ئالاقىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ۋاستىچىلىك قىلىشىمىز، تاشقى خىزمەتنى ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئىشىك-نى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققى-ياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

بۇرۇن ئالاقە ئورناتقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈ-چەيتكەندىن تاشقىرى، يەنە كەڭ يول ئېچىپ، ياۋروپا ئەللىرى، ئەرەب ئەللىرى ۋە ئەتراپىمىزدىكى ئەللەر ۋە رايونلار بىلەن بولغان ئالاقە يوللىرىنى كېڭەيتىپ، بېرىش-كېلىشنى كۈچەيتى-شىمىز، دوستانە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

**(12) مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىش**

كومىتېتىمىزنىڭ ۋەزىپە، ئاپپارات، شتاتىنى بېكىتىش لايىھىسى تەستىقلىنىشقا يوللاندى، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىك، كومىتېتلىرىدىكى خادىملار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20% قىسقارتىلىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، كومىتېتىمىزنىڭكىنى قىسقارتىش نىسبىتى چوڭ ئەمەس. فۇنكسىيە جەھەتتىن قارىغاندا، ئەسلىدىكى فۇنكسىيە ساقلاپ قېلىنغاندىن تاشقىرى، بەزىبىر يېڭى فۇنكسىيە قوشۇلدى، بۇ ئاساسەن مۇنۇلار: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش فۇنكسىيىسى قوشۇلدى. بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئارا مەزگىللىك، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانلىرىنى تۈزۈشكە قاتنىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋەزىپە، ئاپپارات، شتاتىنى بېكىتىش لايىھەسىدىكى تەلەپ بويىچە فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ ئۆزگەرتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئادا قىلىشى كېرەك.

كومىتېت ئەزالىرى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش — مىللىي

ئىشلار كومىتېتلىرى تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچى-
لىقى. كومىتېت ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،
ئۇلارنى مىللىي خىزمەتكە كۆپرەك قاتنىشىش، كۆپرەك ۋەزىپى-
لەرنى ئۈستىگە ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، بۇ
ئۆز تارماقلىرى بىلەن مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋى-
تىنى ماسلاشتۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈ-
رۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىدىيە،
ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىدىيىنى يېڭى ۋەزىيەت تە-
لىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، روھلىنىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ،
پۇختا ۋە باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، تىرىشىپ يېڭى نەتىجە
ۋە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

بىز مىللىي ئىشلارنى باشقۇرىمىز، خىزمىتىمىز ئىشتىن
ئايرىلالمايدۇ، لېكىن ئىشۋازلىقتا پېتىپ قالساق بولمايدۇ.
كۆڭلىمىزگە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى پۈكۈپ، يىراققا نەزەر سېلىشقا
ماھىر بولۇشىمىز كېرەك، ھەم ئىش بېجىرىشىمىز، ھەم چوڭ
فاڭجېنلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۆپرەك
ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ تەلىپى
ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئالدىنقى باسقۇچتىكى چىرىكلىككە
قارشى كۈرەشتە ئېرىشكەن باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە ئاساس-
دا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشى-
مىز كېرەك. قائىدە-نىزاملارنى رەتلەش، تۈزۈم بەرپا قىلىش
ئىشىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەش، باشقۇرۇش مېخانىزمىنى

ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى چىڭىتىشىمىز كېرەك. كەڭ
كادىرلارغا ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە چىرىكلىككە قارشى تۇ-
رۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ھەققىدە ئۈزلۈكسىز تەربىيە
بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، كادىرلار بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ
سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز، ئىدىيە جەھەتتە ناچار ئىس-
تىللاردىن مۇداپىئە كۆرىدىغان، چىرىكلىككە قارشى تۇرىدىغان
قورغان قۇرۇشىمىز كېرەك.

ھازىر، يەرلىك ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش ئىشى ئىشلە-
نىۋاتىدۇ، مىللىي خىزمەت ناھايىتى مۇھىم خىزمەت، مىللىي
خىزمەتنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ناھايىتى مۇھىم ئىجتىمائىي
باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە كۈچەيتىش زۆرۈر بولغان تارماقلار-
دۇر، جايلارنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا بۇنى تولۇق نەزەرگە ئال-
دىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

يولداشلار، يەنە بىر يېڭى باھار باشلاندى. ھازىر مىللىي
خىزمىتىمىزنىڭ نىشانى تېخىمۇ روشەنلەشتى، بۇ ھەقتىكى تە-
سەۋۋۇر تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. بىز مىللىي خىزمەت ئىشلىگۈچى-
لەرنىڭ روھىمىز تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى، ئىشەنچىمىز تېخىمۇ تو-
لۇپ تاشتى. بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە، باش شۇجى جياڭ زې-
مىننى يادرو قىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا
رەھبەرلىكىدە توختىماي كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىت-
تىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۆھپە قوشايلى.
ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45
يىللىقىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋالايلى.

# رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەيلى*

(1994-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى)

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىغا ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى مىللىي خىزمەتكە مەسئۇل رەھبىرىي يولداشلارنى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇردۇق. بۈگۈن بىر سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاساسەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى قانداق كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە يولداشلار بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچى. مەن ئالدى بىلەن قىسقىچە سۆزلىمەكچى، ئاساسلىقى كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى ئاڭلايمىز، مەن ئۈچ جەھەتتىكى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

**1. يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ستراتېگىيىلىك نە-**

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي خىزمەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقلىرى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

**زەر بىلەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ تولۇق تونۇش كېرەك**

مەملىكىتىمىز بىر پۈتۈن، كۆپ مىللەتلىك، تارىخى ئۇزۇن شەرق مەملىكىتى. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مىللىي مۇناسىۋەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئالغا يۈكسىلىشى ياكى چېكىنىدىشىگە، گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم سەۋەب بولۇپ كەلدى. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شۇنچىۋالا ئۇزاق تارىخقا، غەرب كىشىلىرىنى مەپتۇن قىلىدىغان شۇقەدەر شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇشىمىزدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، بۇ تارىخ ۋە مەدەنىيەتنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان، بۇ تارىخ ۋە مەدەنىيەت نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنى مەركەزلەشتۇرگەن، مىللەتلەرنىڭ ئىجادىي كۈچىنى مۇجەسسەملەشتۇرگەن. ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، تارىختا مىللىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان توقۇنۇش ۋە يېغىلىق خەلقنى ئېغىر بالايىئاپەتكە گىرىپتار قىلىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىدىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىغا توسقۇنلۇق قىلغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلىرىدىن باشلاپلا دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەھۋالىغا، مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىغا تولۇق ئەھمىيەت بەرگەن. پارتىيىنىڭ 1922-يىلى چاقىرىلغان 2-قۇرۇلتىيىدا

جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ 70 نەچچە يىللىق تارىخى داۋامىدا مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىشنى باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى، ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قىلىپ كەلدى. ھەربىر مۇھىم تارىخىي پەيتتە، پارتىيەمىز مىللىي خىزمەت ۋە مىللىي مەسىلە ئۈستىدە مۇھىم سىياسەتلەرنى ۋاقتىدا بەلگىلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى ۋاراقلاپ باقىدىغان بولساق، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرىمىز. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، يولداش ماۋ زېدۇڭ: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى— ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دېگەنىدى. بۇ ئىنتايىن چوڭقۇر، ئىنتايىن ئەتراپلىق ئېيتىلغان سۆز ئىدى. سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيىمىز بۇرۇنقىدەكلا مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەمدە مىللىي سىياسەت ۋە مىللەت نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى.

كۆپچىلىك بىلەن ئورتاق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەردە مۇنۇ ئىككى جۈملە مۇھىم سۆزنى نەقىل كەلتۈرمەكچىمەن: بىرى، 1982-يىلى پارتىيىنىڭ 12-قۇرۇلتىيىدا «مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۆز.

يەنە بىرى، يولداش جياڭ زېمىن بۇلتۇر 11-ئايدا مەملىكەتلىك بىرلىك سەپ خىزمەت يىغىنىدا: «مىللەت ۋە دىنغا ئائىت ئىشلارنىڭ كىچىكى يوق» دەپ كۆرسەتكەن سۆز. بۇ يەردىكى «زور ئىش» ۋە «كىچىكى يوق» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئوخشاش. بۇ مىللىي مەسىلىگە ئەھمىيەت بەرمەي ئىلاجىڭ يوق، ئەھمىيەت بەرمىسەڭ كىچىك ئىش چوڭ بالاغا ئايلىنىپ كېتىشى، ۋەقە يۈز بېرىپ چوڭ چاتاق تۇغۇلۇشى مۇمكىن، ئۇنداقتا جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا، مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىگە تەسىر يېتىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا مىللىي مەسىلىگە ھەرقانداق چاغدا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

دۇنيا ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قانۇنىيەتنى كۆرىمىز، يەنى: مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغانلىكى دۆلەتلەردە، مىللىي مۇناسىۋەت ئوبدان ھەل قىلىنغانلىكى رايونلاردا جەمئىيەت مۇقىم بولماقتا، ئىقتىساد تەرەققىي قىلماقتا، مەدەنىيەت گۈللەنمەكتە؛ مىللەتلەر بىر-بىرى بىلەن ئۆچمەنلىشىپ تالاش-تارتىش قىلىۋاتقانلىكى دۆلەتلەردە ۋە رايونلاردا جەمئىيەت داۋالغۇش ئىچىدە قېلىپ، دۆلەت پارچىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىقتىساد ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىپ كېتىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى، يۇگوسلاۋىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ۋە باشقا رايونلاردىكى پاكىتلار بىزگە مىللەتكە دائىر ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەن كىچىكى يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

بۇ قېتىم مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي

كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، يىغىندا مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزاھلاندى، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچلۈك تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئېيتىلدى ھەمدە چەت ئەللەردىكى مىساللار تىلغا ئېلىنىپ، مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مىللىي خىزمەتكە قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئەسكەرتىلدى. بۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىللىي مەسىلىگە ۋە مىللىي خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، بۇ ئەمەلىيەتتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان مۇھىم پەيتتە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدا كۆرگەن مۇھىم بىر تەدبىرى.

ئومۇمىي مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللەت مەۋجۇت ئىكەن، مىللىي مەسىلە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مىللىي مەسىلە مەۋجۇت بولغانىكەن، ئۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىسى ئوبيېكتىپ رېئاللىق، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇشقا، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، رېئاللىققا باتۇرلارچە يۈزلىنىپ، توغرا سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك. ھازىرقى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىدە چۈشىنەلەيمىز. ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرىپى بولىدۇ، مىللىي خىزمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتمۇ ئەنە شۇنداق. ئالدى بىلەن، مىللىي خىز-

مەت ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە ئىقتىسا-
دىي قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش ئوبدان تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ
كەلمەكتە. مەملىكەت ئىچىدە، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋې-
تىش ئىشلىرى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلى-
نىپ غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
ئۇيۇشۇش ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئىنتايىن زور دەر-
جىدە ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى سوتسىيالىستىك ۋەتەن-
نىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە ئىگە قىل-
دى، خەلق روھلىنىپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، ئىسلاھات--
ئېچىۋېتىشنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا. خەلقئارا
جەھەتتىن قارىغاندا، خەلقئارا ۋەزىيەت ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات--
ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن
پايدىلىق، ئېلىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىت ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئۆز ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ ئىشىكنى سىرتقا
ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئېلىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال
قۇدرىتىنىڭ ئېشىشى ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى ئۆس-
تۈردى، نەتىجىدە بىز غەربنىڭ بېسىمىغا تېخىمۇ كۈچلۈك تاقا-
بىل تۇرالايدىغان، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرگە ۋە بۆلگۈنچى
كۈچلەرگە قارشى تېخىمۇ كۈچلۈك كۈرەش قىلالايدىغان بول-
دۇق. دېمەك، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت پۈتۈن دۆلىتىمىز ئۈچۈن
پايدىلىق، مىللىي خىزمەت ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. مىللىي خىزمەت-
تىمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى

ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، مىللىي خىزمەتنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

يەنە بىر جەھەتتىن، مىللىي خىزمەت جىددىي مۇسابىقىگە دۇچ كەلمەكتە. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى غايەت زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، لېكىن بۇ رايونلارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن بولغان پەرقى چوڭىيىپ بارماقتا، بۇ نۇقتىنى مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار نەچچە قېتىم تىلغا ئالغانىدى، بۇ نۆۋەت يەنە تىلغا ئالدى. بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ، تەدبىر قوللىنىشىمىز لازىم. ئىقتىساد بارلىق ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ ئاساسى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلماي ئارقىدا قالسا، نۇرغۇن ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ، جۈملىدىن مىللىي خىزمەتكە، مىللىي مۇناسىۋەتكە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى جەزمەن ئىنتايىن گۈزەل بولىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق ئاقىلانە سىياسەتنىڭ ھەممىلا ئادەمگە ۋە ھەممىلا رايونغا بىرلا ۋاقىتتا، تەڭ-باراۋەر نەپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ باشقا رايونلار يولۇقمايدىغان بەزى كونكرېت مەسىلە ۋە كونكرېت قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشى تۇرغان گەپ، شۇ سەۋەبتىن بەزىبىر زىددىيەتلەر تۇغۇلۇشى مۇمكىن، شۇڭا يېتەكلەشكە، چۈشەندۈرۈشكە توغرا

كېلىدۇ. سىياسىي جەھەتتە، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئاغدۇرمىچى-لىق قىلىشى، سىڭىپ كىرىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇز-غۇنچىلىق قىلىشى، پاراكەندىچىلىك سېلىشى— ئوبيېكتىپ رې-ئاللىق، ئۇلار بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئېلىشىشقا، بەزى چاغلاردا بەلكىم كەسكىنرەك ئېلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى باسقۇچتىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇئەييەن دائىرىدىكى ئىپادىسى. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي مۇناسىۋەتتە بەزى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرمۇ مەۋجۇت، تارىختىن قېپقالغان مەسىلە-لەر، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد، ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەن-پەئەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مەلۇم شارائىتتا ئوڭايلا ماجىراغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي خىزمەت ۋە مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈ-رۈپ، مىللىي خىزمەتكە باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

**2. مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك**

مىللىي خىزمەت— پۈتۈن پارتىيىنىڭ خىزمىتى، ھەر دە-رىجىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى ۋە كەڭ باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكى بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. باشقا خىزمەتلەردىكىگە ئوخشاش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈ-

مەت تارماقلىرىدىن مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇش ئاساسىدا، مىللىي خىزمەتنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، تەتقىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ تۇرۇشنى، قىلچە سەل قارىماسلىقنى، تىلغا ئالغاندا مۇھىم دەپ، ئەمەلدە مۇھىم ئورۇنغا قويمايدىغان، باشقا خىزمەتلەرنىڭ قوشۇمچىسى قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە مۇھىم بىر تونۇش مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ مىللىي خىزمەت بىلەن ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. شۈبھىسىزكى، ئىقتىسادىي خىزمەت پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى، ئۇنى ئەلۋەتتە ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. لېكىن بۇ مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشكە زىت كەلمەيدۇ. مىللىي خىزمەتنىڭ بىرمۇنچىسى ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ، مىللىي خىزمەت ئوبدان ئىشلەنسە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ. دېمەك، ساپ ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش خىزمەتنى دائىم، ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ بېرىشنى، تۇرۇپ ئەھمىيەت بېرىپ، تۇرۇپ سەل قارايدىغان ئىشنى قىلماسلىقنى، بولۇپمۇ بۇ خىزمەتنى تىنچ چاغلاردا ئەستىن چىقىرىۋېتىپ، قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە ھۇدۇقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىشنى

تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي مەسىلىنىڭ يۈز بېرىشى، كۆپىنچە، جۇغلىنىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، جۇغلىنىپ مۇئەييەن باسقۇچقا بارغاندا پارتلايدىغان بولسا، قوزغايدىغان تەسىرى زور بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداقتا بىر تەرەپ قىلىش ئانچە ئوڭايغا چۈشمەيدۇ، نۇرغۇن ۋاقىت، نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىشقا، ھەتتا ناھايىتى زور چىقىم تارتىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق ساۋاقلار يوق ئەمەس. مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەڭ ياخشىسى ئازراق چىقىم تارتىش ياكى چىقىم تارتماسلىق كېرەك. خىزمەتنى ئادەتتىكى چاغلاردا، مەسىلە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئىشلەپ، ئالدىنى ئېلىش تەلىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئو-رۇنداش لازىم.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش مىللىي سىياسەت كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھۆججىتىدە: «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك» دېگەن ناھايىتى مۇھىم بىر سۆز بار. بۇ يېڭى سۆز بولماستىن، قايتا تەكىتلەپ ئېيتىلغان سۆز، ئەمما ناھايىتى مۇھىم سۆز. بۇ سۆز بىزگە مىللىي خىزمەتكە بۇرۇنقىدەكلا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگى-لىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان خىزمەت داۋامىدا مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈ-رۈش خىزمىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملىرى جۇڭگو-نىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، ئۇتۇقلۇق سىياسەت ۋە قانۇن-نى-

ـزاملاردۇر، ئۇنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ، ئەتراپلىق ۋە ھەـ قىقىي ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر بۇ جەھەتتە ئىككى ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېـ ـرىش كېرەك. بۇنىڭ بىرسى ئىدىيە ۋە كۆز قاراش جەھەتتىكى مەسىلە، ھازىر جەمئىيەت ئۆزگىرىش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئىشلار تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ بېرىۋاتىدۇ، بىرمۇنچە ئىقتىسادىي قانۇن-نىزاملار، سىياسەتلەر تەڭشىلىۋاتىـ ـدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىۋاتىدۇ، بۇنداق بولۇشى مۇقەررەر. لېكىن بۇ ھەرگىز مىللىي سىياسەتنىڭمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىسلاھات سىياسىتى مىللىي سىياسەتكە ھەرگىز زىت ئەمەس، بەلكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا تۇرلۇك سىياـ سەتلەر تېخىمۇ ئوبدان ئىجرا قىلىنىدۇ. يەنە بىر ئەمەلىي مەسىـ ـلە سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسىدىن ئىبارەت، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، بولۇپمۇ ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مالىـ يە-باج تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا مىللىي سىياسەتنىڭ بەزىلىرىنى گەۋدىلەندۇرۇش تەس بولۇۋاتىدۇ ياكى ئۇ مەۋجۇدلۇقىدىن قېلىـ ـۋاتىدۇ. مەسىلەن، باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش سىياـ ستى، ئۆسۈم نىسبىتىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە يەنىلا 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 -ئومۇمىي يىغىنىدا ئېيتىلغىنىدەك، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياـ ستىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش، سىياسىتىنىڭ پرىنسىپال روھىنى قەتئىي داۋاملاشتۇـ ـرۇش كېرەك. دەرۋەقە، چارىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدۇ، بۇ

ھەقتىكى بىر تەسەۋۋۇر كونا ئىتىبار بېرىش سىياستى ئەمەل-
دىن قالسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى سىياسەتنى دەسسىتىش كېرەك
دېگەندىن ئىبارەت. ھەممەيلەننىڭ ئورتاق تىرىشىپ، بۇ جەھەتتە
كۆپرەك چارە تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش يەنە شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى،
پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تارماقلىرى دائىم ئەمەلىيەتكە چۆ-
كۈپ، خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالىنى كۆزىتىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ
ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگى-
رىشىنى تەتقىق قىلىشى، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە يۈكسىلىشىگە تەسىر
يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋاللارنى ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ،
نىشانلىق ھالدا تەدبىر قوللىنىشى، ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ئۆزگى-
رىش ياساش يولى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم. ئىسلاھات-
ئېچىۋېتىش داۋامىدا تۈرلۈك ئىشلار تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگى-
رىپ تۇرىدۇ، يېڭى شەيئىلەر ئۈزۈلمەي بارلىققا كېلىپ تۇرى-
دۇ، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. يېقىندا،
باش شۇجى جياڭ زېمىن: «مېھماندارچىلىقنى ئازايتىپ، كۆپ-
رەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلايلى» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىنتايىن
مۇھىم، ئىنتايىن ۋاقتىدا ئېيتىلغان سۆز. تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىش بىزنىڭ نۇرغۇن ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىشىمىزغا، ئىش-
خانىدا ئولتۇرۇپ ئاڭلىشىمىز مۇمكىن بولمىغان سادالارنى ئاڭ-
لىشىمىزغا، دۆۋە-دۆۋە ھۆججەتلەردىن كۆرۈشىمىز مۇمكىن
بولمىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشىمىزگە ئىمكان بېرىدۇ، ھەتتا ئاز

سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىملەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، نىملەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى ھەقىقىي تۇردە بىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ خەلق ھۆكۈمىتىگە بولغان ئامراقلىق ھىسسىياتىنى كۈچەي-تىشىمىزگە ئىمكان بېرىدۇ.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوبدان ئىش قىلىپ بېرىشنى، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېنىننىڭ: بىرەر ھەرىكەت بىر دۆژنا پروگراممىدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ، دېگەن مۇھىم بىر سۆزى بار. ھازىر مىللىي خىزمەتنىڭ چوڭ فاكچېنلىرى بېكىتىلىپ بولدى، سىياسەت، قانۇن-نىزاملار سىستېما بولۇپ شەكىللەندى، ھەممىدىن مۇھىم گەپ ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە قالدى، بۇنى چىن مەنىدىكى ئەمەلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خىزمەت پوزىتسىيىسى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسى مەسىلە-سىدۇر. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ناھايىتى ئاددىي-ساددا، ئاق كۆڭۈل ۋە سەممىي كېلىمىز، كادىرلىرىمىزنىڭمۇ ئۇلار ئۈچۈن چىندىن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى ئۇمىد قىلىمىز. مەسى-لەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي قىيىن-چىلىقلىرىنى، مىللىي مۇناسىۋەتتە ساقلىنىۋاتقان، ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىش، شۇنىڭدەك مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاج-لاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلەپ بېرىش زۆرۈر بولغان ئىشلارنى ئىشلەپ بېرىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر-

نىڭ كۆپرەك كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەقىقەتەن كۆزگە كۆرۈنىدىغان، قولغا ئۆرۈنىدىغان ئىشلارنى، خەلق ئاممىسى زۆرۈر تاپقان ۋە ئۈمىد قىلغان ئىشلارنى كۆپرەك ئىشلەپ بېرىد-شىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**3. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-رۇش، مىللىي خىزمەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى قوللاش كېرەك**

ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئادەم بولۇشى كېرەك. مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللىي خىزمەت-تىكى ئېغىر ۋەزىپىلەر جايلاردىن ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىز-مەت ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ مىل-لىي خىزمەت يىغىنىدا: مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللىي خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە باشقۇرۇشى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى تولۇقلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. ھازىر يەرلىك ئاپپارات ئىسلاھا-تى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، بەزى جايلار ۋە بەزى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغاندەك ۋە قوشۇۋېتىلىدىغاندەك قىلىدۇ. مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرى جەھەتتە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھازىرنى نەزەرگە ئېلىپ، يىراقنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. جايلارنىڭ بۇنى تولۇق نەزەرگە ئالىدىغانلىقىغا

ئىشىنىمەن. مىللىي خىزمەت ناھايىتى مۇھىم خىزمەت، مىل-
لىي خىزمەتنى باشقۇرغۇچى تارماقلار ناھايىتى مۇھىم ئىجتىما-
ئىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدۇر. شۇڭا مىللىي خىزمەت تارماقلى-
رىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرىغا كادىر سەپلەشتە، سىياسىي
ساپاسى ياخشىراق، سىياسەت سەۋىيىسى يۇقۇرىراق، ياش ۋە
قابىل كادىرلارنى تاللاپ سەپلەش كېرەك، مىللىي ئىشلار كو-
مىتېتلىرىنى باشقا تارماقلاردا ئىشلەشكە لايىق بولمىغان كادىر-
لارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇن قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ.
ھەممە ئىشنى ئادەم بېجىرىدۇ، شۇڭا ئادەملەرنىڭ ساپاسى ئىنتا-
يىن مۇھىم.

مىللىي خىزمەتتە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم بىر
تەرىپى— مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇ-
رۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش،
ئۇلارنى مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئادا قىلىدىغان، خىز-
مەت ھوقۇقىنى ھەقىقەتەن يۈرگۈزەلەيدىغان قىلىش. ئۇلارغا
ۋەزىپە ئارتىش، ئەقىل كۆرسىتىش كېرەك. مىللىي خىزمەت
تارماقلىرىنى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە كۆپرەك قاتناشتۇرۇش
لازىم، مەسىلەن، مۇھىمراق بەزى يىغىنلارغا قاتناشتۇرۇش،
چوڭ سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزىدىغان ۋە چوڭ مەمۇرىي تەد-
بىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان چاغلاردا مىللىي ئىشلار كومى-
تېتلىرىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ۋە باشقىلار. خىزمەت داۋامىدا
مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنى بىر خىل زىننەت بۇيۇمى قاتارىغا
قويۇشقا بولمايدۇ، دەرۋەقە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىدىن

خىزمەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىقىنى ۋە ئاكتىپلىقىنى جا-رى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنى بىرقەدەر ياخشى خىزمەت شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. جايلار-دىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ خىزمەتتە بەزى ئالاھىدە ئېھتىياجلىرى بولىدىغانلىقى-نى بەلگىلىگەن. مەسىلەن، مىللىي سىياسەت ۋە قانۇن-نىزام-لارنى تۇزۇش ۋە تەشۋىق قىلىش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا دائىر ئىشلارنى ئىشلەش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار تىپلار-نى يېتىشتۇرۇش ۋە تەشۋىق قىلىش، مىللىي مۇناسىۋەتنى ماس-لاشتۇرۇش ۋە مىللىي مۇناسىۋەتتە كۆرۈلگەن تاسادىپىي ۋەقە-لەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ قەدىمىي ئەسەرلىرىنى، تىل-يېزىقلىرىنى رەتلەش، قېلىپ-لاشتۇرۇش، تەتقىق قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇ-لۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى «ۋاقتى قىسقا، ئۆزى ئاددىي، ئۈنۈمى تېز» تۈرلەرگە ياردەم بېرىش ۋە باشقىلار. جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ مىللىي خىز-مەت تارماقلىرىنى مالىيە كۈچى ۋە ماددىي شارائىت جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە قوللىشىنى تەكلىپ قىلىمىز. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ۋاسىتىلىرىنى كۆپەيتىش ئۇ-

چۇن، ئۇلارنىڭ بەزى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى قۇرۇشىغا ياردەم ۋە مەدەت بېرىش كېرەك.

جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندەك ئۇسۇل بويىچە مۇۋاپىق پەيتتە مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىسا بولىدۇ. دوكلات ئاڭلاش ئارقىلىق مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى شۇنىڭدەك خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى بىلسە، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان قانات يايدۇرۇشىغا قولايلىق تۇغۇلىدۇ.

# مەكتەپنى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسىتېت قىلىپ قۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا كېرەكلىك تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرەيلى*

(1994-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنى)

يەنە بىر باھار بىزگە ئۈمىد ۋە ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. بۇ گۈزەل پەسىلدە بىز مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ نامى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى تەبرىكلەۋاتىمىز. ئالدى بىلەن، مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى غايەت زور نەتىجە-

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ نامىنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى.

لەرگە ئېرىشتى، ئىقتىساد جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، مىللەتلەر ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۈكسەلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى ۋە كەچۈرمەكتە. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ماددىي سېلىنمىغا، شۇنىڭدەك ئەقلىي ياردەمگە، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل نۇرغۇن ئىختىساس ئىگىلىرىگە، بولۇپمۇ ئىختىساسلىق پەن-تېخنىكا خادىملىرىغا ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىغا مۇھتاج. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ نامىنىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلىشى دەل ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن، بۇ مىللىي ئالىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەم ئالغا يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ قېتىم مەكتەپ نامىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئالىي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر نامايەندە بولۇپ، مىللىي مائارىپ ساھەسىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

مائارىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەرنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ ئاساسىي ۋاستى-

سى، هازىرقى زامان جەمئىيىتىدە بولۇپمۇ شۇنداق، مەملىكە-
تىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك مەملىكەت،
مىللىي مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش
پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئوبدان ئىجرا قىلىپ، مىللەت-
لەرنىڭ باراۋەرلىك-ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداشتا، ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىنى ئوبدان ھەل
قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە
ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي ئالىي مائارىپ پۈتكۈل
مىللىي مائارىپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭ تەرەققىيات
سۈرئىتى، تەرەققىيات كۆلىمى پۈتكۈل مىللىي مائارىپ ئىشلى-
رىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي ئالىي
مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى ئوبدان باشقۇرۇش
كېرەك، ئىككىنچىدىن، يەنە بىر مۇھىم تەرىپى مىللىي ئىنس-
تىتۇتلارنى ئوبدان باشقۇرۇش كېرەك. مەركىزىي مىللەتلەر
ئىنستىتۇتىنىڭ نامىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوبدان باشقۇرۇلۇشى مىللىي ئىنستىتۇتلار-
نىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ۋە
چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى شەرەپلىك ئەنئەنىگە
ئىگە بىر مەكتەپ، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇھىم
تەسىرى بار، ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ
مىللىي سىياسىتىنى نامايان قىلغۇچى كۆزنەك. ئۇنىڭ تېگى

يەنئەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىدى، 1950-يىل 6-ئايدا مەركە-
زىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى رەسمىي قۇرۇلغان، ھازىر ئۇنىڭ
نامى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.
پارتىيە ۋە دۆلەت بۇ مەكتەپكە ئۇدا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ
كەلدى. ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ليۇ شاۋچى، جۇ دې، دېڭ
شياۋپىڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بۇ
مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى ۋەكىللىرىنى كۆپ قېتىم قو-
بۇل قىلغان؛ جۇ ئېنلەي قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى
ھايات ۋاقتىدا بۇ مەكتەپنى شەخسەن ئۆزلىرى كۆپ قېتىم
كۆزدىن كەچۈرگەن، بۇ يىل 2-ئايدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن
ئۆز قەلىمى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەن
مەكتەپ نامىنى يېزىپ بەردى؛ 3-ئايدا، لى پېڭ زۇڭلى بىلەن
لى لەنچىڭ مۇئاۋىن زۇڭلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتې-
تىغا بېغىشلىما يېزىپ بەردى. مانا بۇلار مەركىزىي مىللەتلەر
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىپتىخارى ۋە شەرىپى، شۇنداقلا بۇ مەركە-
زىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالغا
ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ.

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى مەملىكەت بويىچە مىللىي
مائارىپنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى سۈپىتىدە، نەچچە ئون
يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىش-
تۈرۈپ بېرىپ، ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتتى. ئوقۇش
پۈتتۈرگەن 30 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىغا ئورۇنلاشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەركىزىي كومە-

تېت ئەزالىرى، مەركەزگە قاراشلىق مىنىستىرلىك-كو-
مىتېتلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئۆلكە باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايون
رەئىسلىرى، ۋىلايەت-ناھىيە (خوشۇن) مەسئۇللىرى، ئالىم،
مۇتەخەسسىس، پروفېسسور ۋە قەھرىمان-نەمۇنىچىلەر بار.
ئىنستىتۇتنىكى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى يەنە ئاكتىپ ھالدا
دۆلەتنىڭ پەننىي تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆز
زىممىسىگە ئالغان. ئۇلار پەننىي تەتقىقاتنى كەڭ كۆلەمدە قانات
يايدۇرۇپ، كۆپلىگەن مەخسۇس ئەسەرلەرنى نەشىر قىلدۇردى،
بىرمۇنچە پەننىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە
خەلقئارادا ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى.

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆز نامىنى مەركىزىي
مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىشى يالغۇز مەكتەپ نامىنى
ئاددىي ھالدا ئۆزگەرتىپ قويۇشلا ئەمەس، ئۇ بىر يېڭى ئاتلى-
نىشتىن، يېڭى باشلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ؛ مەكتەپنىڭ زىم-
مىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىدىن، مەك-
تەپنىڭ تۆرلۈك خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلغانلىقى-
دىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، مەكتەپ نامىنى ئۆزگەرتىش مۇنا-
سىۋىتى بىلەن روھلىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ،
مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك. يول-
داش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرى-
يىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ،
پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيا-
لىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئې-
چىشنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىيىتىگە

يۇزلىنىپ، تېخىمۇ كۆپ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تېخىمۇ كۆپ پەننىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىش كېرەك؛ باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەكتەپنى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىپ، سەۋىيىلىك باشقۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپلىرىدىن قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئۇنىۋېرسىتېتنى ئوبدان باشقۇرۇش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، يۇكسەك مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن دەرس ئۆتۈپ، شاگىرت تەربىيىلەپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلىپ، يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي مەكتەپلەر ئارىسىدا يېڭى قىياپەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ئۈچۈن چوقۇم تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشىدۇ.

# ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئوبدان راۋاجلاندۇرايلى*

(1994-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنى)

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى قىسمەن ۋىلايەت-ئوبلاست (ئايماق، شەھەر) لارنىڭ بۇ قېتىمقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى سۆھبەت يىغىنى ئىلى ئوبلاستى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست (ئايماق، شەھەر) لەرنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

رايونلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك جايلارنىڭ ئىسلا-
هات ئېلىپ بېرىش-ئېشىكنى ئېچىۋېتىشتە ئېرىشكەن مۇۋەپپەـ
قىيەت ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، يېڭى ۋە-
زىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى قانداق قىلىپ ئىسلا-
هاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچى-
ۋېتىش، تەرەققىياتنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلىش ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇهاكىمە ئېلىپ بېرىشتىن ئىبا-
رەت. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى
مەسىلە مۇهاكىمە قىلىنىدۇ: (1) شەرت-شارائىتى بار ئاپتونوم
ئوبلاستلارنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە ئىچكى
ئۆلكىلەرنىڭ مەركىزى بولغان شەھەرلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان
سىياسەت ۋە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇش مەسىلىسى. بۇ
ھەقتىكى مەزمۇن مەركىزىي كومىتېت پرىنسىپ جەھەتتە ماقۇل-
لىغان، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى-
غا يوللىغان، نۆۋەتتىكى مىللىي خىزمەتكە دائىر بىرقانچە مۇ-
ھىم مەسىلە توغرىسىدا دوكلات قىلىش تېزىسىدا بار. ئەمدى
ئۇنى قانداق قىلىپ كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇهاكىمە
قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. (2) دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى،
دۆلەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش--
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىناق نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىگەن يەتتە
ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ سىناق قىلىش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ
ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسىنى مۇهاكىمە قىلىش.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە دائىر تەتقى-
قاتتا نېمە ئۈچۈن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؟ بىرىنچىدىن، مەم-
لىكىتىمىزدە 30 ئاپتونوم ئوبلاست بار، بۇنىڭدىن باشقا بەش
ئاپتونوم رايوندا يەنە 40تىن ئارتۇق ۋىلايەت، ئايماق، شەھەر
بار، بۇ ۋىلايەت-ئوبلاستلار ئومۇمىي ئىقتىسادىي مىقدار، ئاھا-
لە، تېررىتورىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ رايونلارنىڭ ئىسلاھات
ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇش مەلۇم
دەرىجىدە بارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوبدان ئېلىپ بېرىلغانلىقى-
دىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، نىسپىي ھالدا ئۆز ئالدىغا
سىستېمىسى بار ئىقتىسادىي بىرلىك بولغان بۇ ۋىلايەت-ئوبلاست-
لار ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇنى مەخسۇس مۇھاكىمە
قىلىش زۆرۈرىيىتى بار. ئۈچىنچىدىن، ۋىلايەت، ئوبلاستلار
ناھىيىدىن چوڭ، ئۆلكىدىن كىچىك بولغاچقا، ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە دائىر سىياسەت-تەدبىرلەرنى
قوللىنىشقا ئەپلىك، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش
جەھەتتە ئىگىلەشكە قولايلىق. تۆتىنچىدىن، پۈتۈن مەملىكەت-
مىز مىقياسىدا پۇرسەت چىڭ تۇتۇلۇپ ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇ-
رۇلماقتا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسى كېڭەيتىلمەكتە. ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئىسلا-
ھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش
توغرىسىدىكى ساداسى كۈچلۈك، تەلىپى كەسكىن. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ھېسابقا ئېلىپ، ئاز سانلىق مىللەت

رايونلىرىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بې-
رىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە
ئىلگىرى سۈرۈش زۆرۈرىيىتى بار.

كۆپچىلىكنىڭ ئەھۋالنى ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە
قىلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئالدى بىلەن پارتىيە
11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات
ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرماقچى.

## 1

70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا، دۆلىتىمىز دېڭىز بويىدىكى رايون-
لارنى ئېچىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ
بىلەن دېڭىز بويىدىكى ئوچۇق شەھەرلەر، ئالاھىدە ئىقتىسادىي
رايونلار، ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرى، باجدىن خالىي را-
يونلار كەينى-كەينىدىن قۇرۇلدى. دېڭىز بويىنىڭ ئېچىۋېتىل-
شى ۋە ئۇنىڭدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنى غايەت زور دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە ئىلھاملان-
دۇرۇپ، ئۇلار ئۈچۈن، ھەم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ھەم
بېسىم بولدى. بۇنىڭغا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دەرھال
ئىنكاس قايتۇردى ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، مۇسابىقىنى قارشى
ئېلىپ، ھاياتلىق ۋە تەرەققىياتنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئى-
شىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دېگەن
كەسكىن قارارغا كەلدى. دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭكىدىن

پەرقلىنىدىغىنى شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىس-
لاھات ۋە ئېچىشنى ئىچكىرىلىتىش ئىشلىرى تەدرىجىي ئىلگىرى-
لەش، ئىچكى جەھەتتىن سىرتقا كېڭىيىش، ئىزدىنىش-سىناق
قىلىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىدىكى ئىسلاھات ۋە ئېچىشنى ئىچكىرىلىتىش ئىشلىرىنىڭ باش-
لىنىشى كېيىن، قانتىمى تۆۋەن، دائىرىسى كىچىك بولسىمۇ،
مەلۇم دەرىجىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات ۋە ئېچىشنى ئىچ-
كىرىلىتىشنىڭ بىر مۇنچە مەزمۇنلىرى ۋە تەدبىرلىرى «ئۆز چىقى-
مى ھېسابىغا قىلىنىغان ئىشلار» خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭدا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى ۋە
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

**(1) بېكىنمە ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىشىكنى ئاۋۋال ئىچكىرىگە، ئاندىن سىرتقا ئېچىۋەتتى**

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تەرەققىي
تاپقان رايونلار بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە ھەمكارلىشىش
مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا باشلىدى، بۇ خىل مۇناسىۋەت
1979 -يىلدىكى مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئە خىزمەت يىغىنىدا
رەسمىي ئېنىراپ قىلىندى. ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە-
شەھەرلەر ئۆز سىستېمىسى بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىغا ياردەم بەردى، مەسىلەن، بېيجىڭ ئىچكى موڭغۇلغا، تيەن-
جىن گەنسۇغا، شاڭخەي يۈننەن ۋە نىڭشياغا، جياڭسۇ گۇاڭشى
ۋە شىنجاڭغا، خېبېي گۈيجۇغا، پۈتۈن مەملىكەت شىزاڭغا يار-
دەم بەردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى

يەنە رايونلۇق ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ دائىرىلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆلەمىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بىر قىسىم ھەمكارلىق رايونلىرى، ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، غەربىي جەنۇبتىكى بەش ئۆلكە-رايون بويىچە يەتتە تەرەپنىڭ ماسلىشىش جەمئىيىتى، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە-رايوننىڭ ئىقتىسادىي-تېخنىكا ھەمكارلىق رايونى، گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ، يۈننەن، سىچۈەندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوشنىدارلىق ھەمكارلىق رايونى ۋە باشقىلار. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇھىم مەزمۇنلىرى ئىدى، رايون ۋە ساھەلەردىن ھالقىپ، كۆپ قاتلام ۋە كۆپ يوللار بويىچە يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي-تېخنىكا ئالاقە ۋە ھەمكارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قېزىلما بايلىقىنى ئېچىش، ماددىي ئەشيالارنى تەڭشەش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

1982-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، شۇ ئاساستا، 1982-يىل 10-ئايدا دۆلەت پىلان

كومىتېتى ۋە دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە نىڭشيانىڭ يىنچۈەن شەھىرىدە مەخسۇس يىغىن ئاچتى، يىغىن-نىڭ مۇھىم خاتىرىسىنى گوۋۇيۈەن 1983-يىلدىكى 70- نومۇر-لۇق ھۆججەت سۈپىتىدە تەستىقلاپ تارقىتىپ بۇ خىزمەتنى كۈچ-لۈك ئىلگىرى سۈردى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئېقىمغا ماسلىشىپ، ئىشىكنى سىرتقا پائال ئېچىۋېتىپ، مەبلەغ، تېخنىكا كىرگۈز-دى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلدى. 1984-يىلى، گۇاڭشىنىڭ بېيخەي شەھىرى مەملىكەت بويىچە دېڭىز بويىدىكى 14 ئوچۇق شەھەرنىڭ بىرى قىلىندى، بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر باشلىنىش بولدى.

**(2) ئۆز پۇلى بىلەن سىناق قىلدى ۋە قىسمەن رايونلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياستىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دۆلەتنىڭ چوڭ فاڭجېن، سىيا-سەت ۋە تەدبىرلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرۋا-قىتتا، ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تېپىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاسا-سەن، پائال ئىزدەندى. 1988-يىلى، گوۋۇيۈەننىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللىشى بىلەن، ئىچكى موڭغۇلنىڭ خۇلۇنبىر ئاي-مىقى بىلەن ۋۇخەي شەھىرى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ سىناق نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەندى. شۇ چاغدا، خۇلۇنبىر ئاي-

ـمقىنىڭ سىناق رايونى بولۇشى ئۈچۈن لايىھىلىگەن نىشان
مۇنداق ئىدى: بۇ ئايماقنى جۇڭگونىڭ شىمالىي ئىچكى قۇرۇق-
لۇق چېگرا رايونى خوسۇسىيىتىگە ئىگە ئىقتىسادىي رايون قى-
لىپ قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سىرتقا ئۇچۇق دورا-دەرمەك دەرۋازى-
سىغا ۋە ئىككى باش (سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا بىر
باش، دالىيەن پورتى بىر باش)نى تۇتاشتۇرۇپ، خەلقئارا ۋە
ئىچكى ئايلىنىشقا قاتنىششتىكى ئېكسپورت-ئىمپورت كارىدو-
رىغا ئايلاندۇرۇش. ۋۇخەي شەھىرىنىڭ سىناق نىشانى مۇنداق
ئىدى: ۋۇخەي شەھىرىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە، خى-
مىيە سانائىتى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى بازىسى
قىلىپ قۇرۇپ، غەربىي قىسىمدىكى «كىچىك ئىقتىسادىي را-
يون»لار تايىنىدىغان شەھەرگە ئايلاندۇرۇش. ۋۇخەينىڭ ئەمەلى-
يىتىنى ئاساس قىلىپ، كۆمۈر-خىمىيە سانائىتى، بىناكارلىق
ماتېرىياللىرى، مېتاللۇرگىيە سانائىتىنى ئاساسىي گەۋدە قى-
لىپ، يېنىك سانائەت، تېرىقچىلىق-باقمىچىلىقنى ئىككى قانات
قىلىپ، ئەتراپلىق ئېچىۋېتىش، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش، كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش،
قىممەتنى ئاشۇرۇش يولىغا مېڭىپ، قېزىلما بايلىق ئۈستۈنلۈ-
كىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش.

1988-يىل 11-ئايدا، گوۋۇيۈەندىكى ئالاقىدار رەھبىرىي
يولداشلار ئالاقىدار تارماقلارنى ئىككى قېتىم چاقىرىپ، شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىدى، گوۋۇ-
يۈەننىڭ ئالاھىدە رايون ئىشخانىسى ئۇنى ۋاقتىدا «شىنجاڭنىڭ
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىش خاتىرىسى»

قىلىپ رەتلەپ چىقتى. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مەزمۇنلار مۇنداق: شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ياساپ، شىخودىن ئالاتاۋ ئېغىزى-غىچە بولغان تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈ-زۈش؛ ئۈرۈمچى ئايرودرومىنىڭ ئايروپىلان كۈتۈش بىناسىنى كېڭەيتىپ سېلىش؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا ئېتىبار بېرىش، تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ ئۈ-رۈمچى، غۇلجا، شىخەنزە، قەشقەردىن ئىبارەت تۆت شەھەردىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ئېكس-پورت-ئىمپورت ماددىي ئەشيالىرىدىن تاموژنا بېجى ئالماسلىققا ئوخشاش ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى بەلگىلىگەنلىكى ئاساسى-دا، ئاقسۇ، كورلا، سانجى، تۇرپان، قۇمۇلدىن ئىبارەت بەش شەھەردىمۇ ئاشۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش؛ شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرى بازىرىنى قۇرۇشقا مەدەت بېرىش؛ شىنجاڭنىڭ پاختا ئېكسپورتىنى كېڭەيتىش، دۆلەت ئېكسپورت پىلانىدا بۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش؛ قورغاس، تورغات ئېغىزلىرىنى ئۈچىنچى ئەل (رايون) خادىملىرىغا ئېچىۋېتىش؛ تاشقى پىرېۋوتتا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش.

بۇ «خاتىرە» ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە قىسمەن ساھە ۋە قىسمەن رايونلاردا قوشۇلغان يېڭى مەزمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ يېڭى مەزمۇنلار شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى ئۈ-چۈن بىرقەدەر كەڭ-كۆشادە شارائىت ھازىرلاپ، ئىشىكنى تې-خىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سېلىپ بەردى.

**(3) خەلقئارا ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋەتتى تورلىرىنى بەرپا قىلدى**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دۇنياغا تېز يۈزلىنىش ئۈچۈن، 80-يىللاردىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بەس-بەس بىلەن ئۆز رايونىدا، بېيجىڭدا، شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىدا، ھەتتا ئاۋستىرالىيە، مالايشىيا، تايلاند، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق چەت ئەللەردە تۈرلۈك شەكىلدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى، ئۇچۇر ئېلان قىلىش يىغىنى، ئىقتىساد-سودا كېڭەشمىسى ئۆتكۈزدى، يەنە تۈرلۈك شەكىلدە مەدەنىيەت بايرىمى، سەنئەت بايرىمى، ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنە ئويۇنى، ئىقتىساد-سودا چاڭچىلە ئويۇنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ھازىر ھەرقايسى مىللىي ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلار ئۆز ئالدىغا دۇنيادىكى بىرقانچە ئون دۆلەت (رايون) بىلەن ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. يۈننەن، گۇاڭشى، شىنجاڭ قاتارلىق ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلار چەت ئەللەردە مەبلەغ سېلىپ كارخانا قۇرماقتا. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تاشقى ئىقتىساد-سودا پائالىيەتلىرى كۈنسايىن جانلىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشمەكتە. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، مىللىي ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلار پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغى 560 مىليون دوللار، تاشقى سودا ئېكسپورت-ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 11 مىليارد 600 مىليون دوللار بولۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، ھەرقايسى ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلارنىڭكى ئون نەچچە ھەسسە ھەتتا نەچچە ئون ھەسسە ئاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە

ئۆزگەردى. ئىسلاھاتتىن ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرى كۆپىنچە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھسۇلات تۈرى بىرقانچە خىلدىنلا ئىبارەت ئىدى، ھازىر ھەر-قايسى ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تۈرلىرى نەچچە ئون خىلغا، ھەتتا يۈز نەچچە خىلغا يېتىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلات تۈرى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئېكسپورت قۇرۇلمىسى زاۋۇت-كان مەھسۇلات تۈرلىرى كۆپ-رەك سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئېكسپورت قۇرۇلمىسىغا قاراپ بۇرۇلۇش ياسىدى. مەسىلەن، گۇاڭشىنىڭ بۇرۇنقى ئېكسپور-تىدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى %80تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيت-تى، ھازىرقى ئېكسپورتىدا زاۋۇت-كان مەھسۇلاتلىرى %80 تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيدىغان بولدى؛ گۈيجۇنىڭ بۇرۇنقى ئېكس-پورتىدا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى %85تىن كۆپرەكنى ئىگى-لەيتتى، 1990-يىلدىن باشلاپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت نىسبىتى تۆۋەنلەپ 30 نەچچە پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى.

7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئۈچ خىل شەكىلدىكى كارخانىلاردىن جەمئىي 876 سى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانىدىكىلىرى خېلى ئوبدان ئىق-تىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. مەسىلەن، شىنجاڭ تيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق شىركىتى 1981-يىلدىن 1991 -يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە جەمئىي 110 مىليون دوللار پېرېۋوت ياراتتى، يىللىق ياراتقان پېرېۋوت نىسبىتى

22% سۇرئەت بىلەن ئېشىپ باردى. ئون يىل ئىچىدە جەمئىي
يارانتقان پايدىسى 287 مىليون دوللار بولۇپ، دۆلەتكە تاپشۇرغان
بېجى 89 مىليون يۈەندىن ئارتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇدا ئۈچ يىل
مەملىكەت بويىچە ئون ئەلا ئۈچ خىل شەكىلدىكى كارخانىنىڭ
بىرى بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىچكى موڭغۇل ئىخ-
جومېڭ تىۋىت پوپايكا فابرىكىسى، گۇاڭشىنىڭ گۇيلىن شەھە-
رىدىكى ۋەنيا ئۈنچە-مەرۋايىت چەكلىك ھەسسىدارلىق شىركىتى
قاتارلىقلار مەملىكەت بويىچە ئۈچ خىل شەكىلدىكى كارخانىلار-
نىڭ ئارىسىدا خېلى ئوبدان شۆھرەتكە ئىگە.

8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلى باشلانغاندىن بۇيان، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋې-
تىش، تاشقى ئىقتىساد-سودا خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ
تېزلەشتى، ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى، چەت
ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشى، ئۈچ خىل شەكىلدىكى كارخانىلا-
رى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. مەسىلەن، 8-بەش يىللىق پىلا-
نىڭ ئالدىنقى ئىككى يىلىدا، مىللىي ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلار-
نىڭ ئەمەلىي پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغى 630 مىليون دوللار
بولۇپ، 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى.
8-بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ يىلىدا، مىللىي ئۆلكە-
ئاپتونوم رايونلارنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي
سوممىسى 13 مىليارد 880 مىليون دوللار بولۇپ، بۇمۇ 7-بەش
يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت
ئومۇمىي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

**(4) چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، چېگرا ياقا-**

سنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلدى

مەملىكىتىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسى 22 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ تەخمىنەن 19 مىڭ كىلومېتىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىگىلەيدۇ. مەملىكەت بويىچە 143 قۇرۇقلۇق چېگرا ناھىيىسىنىڭ 112سىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىگىلەيدۇ. بۇ ئۇزۇن چېگرا لىنىيىسىدە 30 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت دۆلەت سىرتىدىكى ئۆزى بىلەن ئوخشاش مىللەتكە قوشنا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەتلىرى، دىنىي-ئېتىقادى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئەنئەنىلىك كەڭ باغلىنىشقا ئىگە. بۇ باغلىنىش مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇشىدا مۇھىم ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ يۇنەن ئۆلكىسى قاتارلىق قۇرۇقلۇق چېگرا رايونلىرىدا، ئەنئەنىۋى ئاز مىقدارلىق چېگرا سودىسى ۋە چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودىسى پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى ھەمدە كۈنسايىن جانلىنىپ كەتتى، بۇ شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. 1984-يىلى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئاز مىقدارلىق چېگرا سودىسىنى ۋاقىتىنچە باشقۇرۇش چارىسى» دە، چېگرا سودىسىنىڭ «مال مەنبەسىنى ئۆزى تېپىش، بازارنى ئۆزى تېپىش، ئۆزى سۆھبەت

ئۆتكۈزۈش، ئۆزى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، پايدا-زىيانغا ئۆزى مەس-ئۇل بولۇش» فاكجىنى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭدىن ئىتىبا-رەن، چېگرا سودىسى جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىپ، چېگرا سودد-سى چېگرا بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان، ئاز مىقدارى ئاز پېتى تۇرىۋەرمەيدىغان ھالەت پەيدىنپەي شەكىللەندى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بى-لەن بولغان ئىقتىساد-سودا ئالاقىسىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش يالغۇز شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، موڭغۇلىيە ھەتتا شەرقىي ياۋروپا بازار-لىرىنى ئېچىشنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۇرۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ تىنچ-ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىناق قوشنىدارچىلىق-دوستلۇقىنى ئىل-گىرى سۈرۈشتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ:

—چېگرا سودىسىنىڭ شەكلى جانلىق ۋە خىلمۇخىل، ئۇ دۆلەت سودىسىنىڭ قوشۇمچىسى. مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى، رايونلارنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرى-دىن پەرقلىنىدۇ، ھەرقايسى جايلار قوشنا دۆلەتلەر بىلەن مەز-مۇنغا باي، خىلمۇخىل چېگرا سودا شەكىللىرىنى راۋاجلاندۇر-دى. نوقۇل مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسى تەرەققىي قىلىپ خىلمۇخىل ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىغا ئايلاندى، مۇلازىمەت كەسپى جەھەتتىكى ھەمكارلىق ئىشلەپچى-قىرىش ساھەسىدىكى ھەمكارلىققا ئايلاندى، بىر-بىرىگە تۇتىشى-دىغان چېگرا رايوندىن ئىچكىرىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىدى.

چېگرا سودىسىنىڭ ئۇسۇلى جانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتتە كېلىشىشكە بولمىغان بەزى ئىشلار ھەققىدە چېگرا سودىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەمگەك كۈچى چىقىرىشى چېگرا سودىسىدىن باشلاندى.

—چېگرا سودىسىنىڭ مال تۈرى كۆپ، ئۆزئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك، سودا مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، چېگرا سودىسىدىكى ئىمپورت-ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ تۈرى ئەڭ دەسلەپتىكى بىرنەچچە خىل، ئون نەچچە خىلدىن تەدرىجىي كۆپىيىپ يۈز نەچچە خىلغا، مىڭ نەچچە خىلغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق، ئۆزئارا تولۇقلاش خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولدى. ھازىرغا قەدەر، مەملىكىتىمىز ئېكسپورت قىلىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، يېنىك سانائەت بۇيۇملىرى، توقۇلما، كىيىم-كېچەك، تۈرلۈك ماللار، مېتال بۇيۇملاردىن ئىبارەت، ئىمپورت قىلىۋاتقان نەرسىلەر پولات ماتېرىياللار، ياغاچ ماتېرىياللار، خىمىيىۋى ئوغۇت، سېمونت، ئالتۇن، قاشتېشى، كاۋچۇك، دېزىل ماي قاتارلىق ماددىي ئەشيالاردىن ئىبارەت. قوشنا ئەللەر بىلەن ئۆزئارا تولۇقلاش قۇرۇلمىسى ھېلىمۇ ئۆزگەرگىنى يوق. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە چېگرا سودا ئومۇمىي سوممىسى 1989 -يىلدىكى 1 مىليارد 60 مىليون دوللاردىن كۆپىيىپ، 1993 -يىلى 5 مىليارد دوللارغا يەتكەن، بۇ جايلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

—چېگرا سودىسى جايلارنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، چېگرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خەلقنىڭ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە مۇستەھكەم ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئاساسى مەيدانى، چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى 112 چېگرا ناھىيىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دۆلەت ياكى ئۆلكە-رايونلار نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات ناھىيىلەر ئىدى. چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى شۇ جايلارنىڭ مالىيە مەنبەسىنى كېڭەيتىپ، كەسىپلەرنى بىر تۇتاش جانلاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىنى كۆپەيتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چېگرىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىش يولىنى تۇتۇپ، چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇش چېگرىدىكى نامرات ناھىيىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىشنىڭ مۇھىم يولى. ھازىر، بىرمۇنچە چېگرا رايونلارنىڭ مالىيە مەنبەسى ناھايىتى زور دەرىجىدە چېگرا سودىسىغا تايىنىۋاتىدۇ، بەزى ناھىيىلەرنىڭ چېگرا سودىسىدىن يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا ۋە بېجى شۇ جاينىڭ مالىيە كىرىمىنىڭ 80% تىن ئارتۇقراقىنى ئىگىلىگەن. چېگرا سودىسى ئارقىلىق، كۆپ ساندىكى چېگرا ناھىيىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماستىن، بەزىلىرى، مەسىلەن، يۈننەن ئۆلكىسىگە قاراشلىق دېخۇڭ ئوبلاستىنىڭ ۋەندىڭ شەھىرى، دۆلەتنىڭ ھاللىق ناھىيىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

—چېگرا سودىسى دۆلەتكە پىرىۋوت تېجەپ ۋە پىرىۋوت يارىتىپ، سودىدىكى پاسسىپ بالانسنى پەسەيتىپ، قوشنا دۆ-

لەت بازارلىرىنى ئاچتى. مەسىلەن، شىنجاڭ 1992-يىلى چېگرا سودىسى ئارقىلىق پولات ماتېرىيال، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئاپتو-موبىل قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىپ، دۆلەتكە 150 مىليون دوللار پۇل تېجەپ بەردى.

—چېگرا سودىسىنىڭ تەرەققىياتى چېگرا رايونلارنىڭ تىنچ-لىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. گۈل-لىنىش ۋە تەرەققىيات ئەزەلدىن چېگرا رايونلارنىڭ تىنچلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاشتا مۇھىم شەرت بولۇپ كەلدى. ئىس-لاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ۋە چېگرا سودىسىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگە-شىپ، چېگرا رايونلاردا ئىقتىسادىي تەرەققىيات تېزلەشتى، جەمئىيەت تىنچ بولدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ئىلگىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەتكە قاچقان ۋە چەتتە ئېقىپ يۈرگەن بەزى ئاھالىلەر كەينى-كەينىدىن قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى.

چېگرا سودىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانات يېيىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1991-يىلى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان [1991-يىل] 25-نومۇرلۇق ھۆججەتتە چېگرا سودىسىنىڭ فاڭ-جېنى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ئېنىق بەلگىلەنگەندى، بۇ سىياسەت يولغا قويۇلۇشى بىلەن چېگرا سودىسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، 1992-يىلى 13 قۇرۇقلۇق چېگرا شەھەر ئوچۇق شەھەرگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىش پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىشىكنى ئەتراپلىق ئېچىۋېتىش ستراتېگىيە-سىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

## 2

15 يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆزلىرى-
نىڭ ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرىدىغان، ئۆزىگە خاس خۇسۇ-
سىيەتكە ئىگە بولغان ئەتراپلىق ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنى شەكىل-
لەندۇردى.

— دېڭىز بويلىرى ئېچىۋېتىلدى. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتو-
نوم رايونىدا 1600 كىلومېتىرلىق دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسى
بار، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېڭىز قىرغىقى لىنىيە-
سىنىڭ 1/11 قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بېيخەي شەھىرى
(فاڭچېڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەرقتىكى دېڭىز ياقىسىغا
جايلاشقان 14 ئوچۇق شەھەرنىڭ بىرى، ھازىر بېيخەي پورتى،
فاڭچېڭ پورتى ۋە چىنجۇ پورتىدىن ئىبارەت ئۈچ تىرەن سۇلۇق
ئىسىل پورت قۇرۇلدى. كەڭ غەربىي جەنۇب مەملىكىتىمىزدە
ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ
بىرى، بېيخەي بىلەن فاڭچېڭ كەڭ غەربىي جەنۇبنىڭ مۇھىم
دېڭىزغا چىقىش يولى بولۇپ قالدى.

— چېگرا بويلىرى ئېچىۋېتىلدى. 1992-يىلى، گوۋۇيۈەن
جىلىننىڭ خۇنچۇن ناھىيىسىنى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېرېنخوت
بازىرى ۋە مانجۇر شەھىرىنى، گۇاڭشىنىڭ پىڭشياڭ شەھىرى
ۋە دۇڭشىڭ ناھىيىسىنى، يۈننەننىڭ ۋەندىڭ بازىرى ۋە رۇيلى،
خېلۇ ناھىيىلىرىنى، شىنجاڭنىڭ غۇلجا، چۆچەك، بورتالا شە-
ھەرلىرىنى چېگرا بويلىرىدىكى ئوچۇق شەھەرلەر قاتارىغا كىر-

گۇزۇشىنى تەستىقلىدى ھەمدە ئۇلارغا ئېتىبارغا ئىگە قىلىدىغان
بىرقاتار سىياسەتلەرنى بەردى.

— ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىناق نۇقتىلى-
رى بەرپا قىلىندى. 1994-يىلى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى-
تېتى بىلەن دۆلەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ بىرلىكتە
كۆرستىشى بىلەن ئىچكى موڭغۇلنىڭ خۇلۇنبېر ئايمىقى بىلەن
ۋۇخەي شەھىرى، شىنجاڭنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى،
چىڭخەينىڭ گولمۇد شەھىرى، گەنسۇنىڭ لىنشيا خۇيزۇ ئاپتو-
نوم ئوبلاستى، گۇيجۇنىڭ چيەندۇڭنەن مياۋزۇ-دۇڭزۇ ئاپتونوم
ئوبلاستى، جىلىننىڭ يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى
قاتارلىق يەتتە ۋىلايەت ۋە ئوبلاست ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
دا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىناق نۇقتى-
سى قىلىندى.

—يۇقىرى ۋە يېڭى تېخنىكا كەسىپلىرى تەرەققىيات رايونى
بەرپا قىلىندى. گۇاڭشىنىڭ گۇيلىن شەھىرى، شىنجاڭنىڭ
ئۈرۈمچى شەھىرى، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۇنمىڭ شەھىرى،
گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇيياڭ شەھىرى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

—چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى بەرپا قىلىندى.
جىلىننىڭ خۇنچۇن ناھىيىسى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ مانجۇر شە-
ھىرى بىلەن ئېرېنخوت بازىرى، شىنجاڭنىڭ غۇلجا، چۆچەك،
بورتالا شەھەرلىرى، گۇاڭشىنىڭ پىڭشياڭ شەھىرى بىلەن دۇڭ-
شىڭ ناھىيىسى، يۈننەننىڭ رۇيلى ناھىيىسى بىلەن ۋەندىڭ
بازىرى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

—يېزا-قىشلاق ئىسلاھاتى سىناق رايونى بەرپا قىلىندى. ئىچكى موڭغۇلنىڭ شياڭخۇاڭ (خۇبۇتشار) خوشۇنى، گۇاڭشىنىڭ يۇيلىن شەھىرى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ.

—رايوندىن ھالقىپ ئىشلەش ئېچىۋېتىلدى. بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى شەرقتىكى دېڭىز بويىغا جايلاشقان رايونلارنىڭ پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەمكارلىشىش، كۆزنەك ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتتى.

—قۇرۇقلۇق ياقىسىدىكى پورت، ئايرودروم، تۆمۈريول، تاشيول قاتارلىق بىرمۇنچە ئوچۇق يوللار بارلىققا كەلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا، قۇرۇقلۇق ياقىسىغا جايلاشقان دۆلەتلىك پورتتىن 42سى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇق ياقىسىغا جايلاشقان دۆلەتلىك پورتنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يەرلىك پورت 120دىن ئاشىدۇ. خەلقئارا ئايرودرومدىن ئىككىسى (كۇنمىڭ ۋە ئۈرۈمچى ئايرودرومى) بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي خەلقئارا ئايرودروم سانىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئالاھىدە ئايرودرومدىن ئىككىسى (گۇيلىن ۋە نەننىڭ ئايرودرومى) بولۇپ، مەملىكەت بويىچە شۇ خىلدىكى ئايرودرومنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، چېگرا سىرتىغا قاتنايدىغان تۆمۈريولدىن بەشى بار؛ بۇ يوللار ئارقىلىق روسىيىگە، موڭغۇلىيىگە، ۋېيتنامغا بارغىلى بولىدۇ. ياۋروپا-ئاسىيا 2-قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى دەپ ئاتالغان غول تۆمۈريول بىلەن ئالاتاۋ ئارقىلىق ياۋروپاغا بېرىشقا بولىدۇ؛ يەنە ھىندىستان، پاكىستان، نېپال، بىرما قاتارلىق دۆلەتلەرگە قاتنايدىغان

ئوندىن ئارتۇق تاشيول، نەچچە ئون كېچىك، يۈزلىگەن داغدام يول ھەممە جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈريول كۆۋرۈكى ۋە تاشيول كۆۋرۈكى بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە لەن-ساڭجياڭ دەرياسى قاتارلىق خەلقئارا دەريالار بار.

15 يىلدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈردى، ئىقتىسادىي قۇرۇل-مىنى تەڭشىدى، ئاساسىي مۇئەسسەسىلەرنى ياخشىلىدى، كە-شىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى، ئاز سانلىق مىللەتتىن زور بىر تۈركۈم ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرىنى ۋە ئىقتىساد-سودا خادىملىرىنى يېتىشتۈردى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى.

دەرۋەقە، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، دۈشمەن كۈچلەر بىزنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىزدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشكە ئۇرۇندى، ئا-لاقىدار رايونلار ۋە تارماقلار بۇنىڭغا قارىتا كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى؛ بەزى رايونلاردا ئەتكەسچىلىك بولۇپمۇ زەھەرلىك چې-كىملىك ئەتكەسچىلىكى ناھايىتى زور خەۋپ پەيدا قىلدى؛ بەزى ساختا-ناچار تاۋارلار خەلقئارا بازارغا كىرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان يەتكۈزدى. بۇلار بۇندىن كېيىن داۋاملىق يۈكسەك دەرىجىدە دىققەت قىلىشقا ۋە ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر.

15 يىلدىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۆتمۈ-

شىنى ئەسلەش ئارقىلىق، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن:

بىرىنچى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەرنى روناق تاپقۇزۇش ۋە ئالغا يۈكسەلدۈرۈشنىڭ تۈپ يولى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش قەيەردە بالدۇر ۋە تېز ئېلىپ بېرىلسا شۇ يەر بالدۇر ئۆزگىرىدۇ، تېز تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش قەدىمىنى قەتئىي تېزلىتىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت، تەدبىر ۋە چارىلەرنى قوللىنىش كېرەك. ھەر جاي ئۆزىنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلاش، ئۆزى يېتەكلىك يارىتىدىغان نۇقتىنى تېپىشى كېرەك. باشقا رايونلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش لازىم، لېكىن ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك كېرەك.

ئۈچىنچى، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بۇ رايونلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنى سىياسەت قاتارلىق جەھەتلەردە يۆلىشى ھەمدە بۇنى مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە، داۋاملىق ئىدىيىنى ئازاد

قىلىش، كۆز قاراشنى يېڭىلاش، ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم.

## 3

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋې-تىش سىياستى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن كەڭ-كۆشادە شارائىت ھازىرلاپ بەردى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىسلاھاتتا ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە قولغا كەلتۈر-گەن نەتىجىلەر تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تىنچ-ئىتتىپاقلىق يەنە بىر قەدەم ئىلگى-رىلەپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى كۈچ-لۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى، ئەتراپتىكى مۇھىت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. خۇددى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىسىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئېرىشكەن پۇرسەتكە سەل قاراشقا بولمىغاندەك، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋې-تىش داۋامىدا يولۇققان مەسىلىلەرگىمۇ ۋە دۇچ كەلگەن مۇسا-بىقىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئىچكى ئامىلمۇ، تاشقى ئامىلمۇ بار. بۇ ئامىللار ئاساسەن مۇنداق:

(1) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى كۆپىنچە چەت-ياقىغا ياكى ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇزاققىچە بېكىنمە ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى، مەيلى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى جەھەتتە بولسۇن ۋە مەيلى تاۋار كۆز قارىشى ۋە بازار ئىگىلىكى ئېڭى جەھەتتە بولسۇن، ئۇلارنى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقان شەرقتىكى دېڭىز بويى رايونلىرىغا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئالدىنقى بىرنەچچە يىللىق ئىسلاھات ۋە ئې-چىۋېتىش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونى بولغان يۇننەن، گۇاڭشىلاردىكى چېگرا رايونلار ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلىش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى ۋە تەرەققى-ياتى كېچىكىپ قالدى.

(2) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن ۋاقىت ۋە رايون نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن ۋاقتى كېيىن، رايونى ئاز، قاتلىمى تۆۋەن. ھازىر مەملىكەت بويىچە مايىللىق سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئوچۇق شەھەردىن (ناھىيىدىن) 339ى، ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايوندىن بەشى، دېڭىز بويى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىدىن 16سى، باجدىن خالىي رايوندىن توققۇزى بار، لېكىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا 1992-يىلىغا كەلگەن-دە ئاندىن قۇرۇلۇقتىكى چېگرا شەھەردىن 11ى ۋە چېگرا رايونلاردىكى ئۆلكە-ئاپتونوم رايون مەركەزلىرى سىرتقا ئېچىۋې-تىلدى.

(3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىمپورت-ئېكسپورت
سودىسى، تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش جەھەتتە پۈتۈن مەملى-
كەتتىكىدىن ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ. 7-بەش يىللىق پىلان
مەزگىلىدە مىللىي ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىمپورت-ئېكس-
پورت سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى مەملىكەت بويىچە ئاران
%2نى ئىگىلىدى، ئۇلار پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ 560 مىليون
دوللار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئاران 1.2%نى ئىگىلىدى،
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئۆلكە-ئاپتونوم رايون پايدىلانغان
تاشقى مەبلەغ مەملىكەت بويىچە پايدىلىنىلغان تاشقى مەبلەغ
سوممىسىنىڭ 0.15 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1992-يىلى ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرى ئەمەلىي پايدىلانغان تاشقى مەبلەغنىڭ
ئومۇمىي سوممىسى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى ئەمەلىي پايدىلانغان تاش-
قى مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 8.7 پىرسەنتىگە توغرا كەل-
دى، بۇنى شېنجېننىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ-ئىشىك ئې-
چىۋېتىلگەندىن بۇيان مايىللىق سىياسىتىدىن بەھرىمەن بو-
لۇپ قوبۇل قىلغان 30 مىليارد يۈەن ئىچكى-تاشقى مەبلىغى
(1991-يىلغىچە) بىلەن سېلىشتۇرۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئە-
مەس.

(4) چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئەمدىلا باشلاندى، سىرتقا
يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمى تېخى شەكىللەنمە-
دى، ئۈستۈنلۈككە ئىگە كەسىپلەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت
قىلىنىش نىسبىتى ناھايىتى ئاز، كارخانىلارنىڭ خەلقئارالىشىش
دەرىجىسى تۆۋەن، خەلقئارا بازار بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا ھەل قى-
لىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار، بولۇپمۇ مالىيە،

باج، پۇل مۇئامىلىسى، مەبلەغ تۇزۇلمىسى قاتارلىقلارنىڭ بۇ يىل ئارقىمۇ ئارقا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئىسلاھات تەدبىرلىرى-نىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن يەنە بىر كەسكىن سىناق ۋە مۇسابىقە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا سېلىش-تۇرغاندا، تەرەققىيات سەۋىيىسى، تۇپ سانى، باشلىنىش نۇقتى-سى ئوخشاش ئەمەس، ئىگە بولغان پۇرسىتى تەكشى ئەمەس، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ پاكىت. جۇغراپىيىلىك شا-رائىت، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئاساس، پەن-تېخنىكىنىڭ تە-رەققىيات سەۋىيىسى، ئىگىلىك ساپاسى، مۇلۇكچىلىك قۇرۇل-مىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئامىل-لىرىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى ۋە تەقسىملىنىشى، دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشى قاتارلىق بىرمۇنچە جەھەتلەردىمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇت.

(5) خەلقئارا ھەمكارلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىرەر دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، پەن-تېخنىكا تە-رەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى ۋە تەقسىملىنىشى بارغانسېرى كۆپرەك دۆلەت ھالقىغان بىرىكىش ۋە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئورۇندىلىۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ھەم-كارلىق كۆلىمى ۋە قاتلىمى بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇۋاتى-دۇ. بىر ئامال قىلىپ خەلقئارا بازار بىلەن تۇتاشتۇرۇش، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە قاتنىشىش ئۈچۈن بىرمۇنچە

خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ھەم ئايدىڭ ۋە ئىلمىي تونۇشقا ئىگە بولۇشى، ھەم قىيىنچىلىقتىن قورقىدىغان كەيپىياتلارنى يېڭىپ، ئىدىيەنى تېخىمۇ ئازاد قىلىشى، كۆز قاراشنى يېڭىلىشى، پائال ئىزدىنىپ، دادىل سىناق قىلىشى، شۇ يول بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بولۇپمۇ ۋىلايەت-ئوبلاست دەرىجىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ھەقىقىي ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولىنى تېپىپ چىقىشى لازىم.

بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ۋىلايەت-ئوبلاست دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىگە ئالاقىدار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقساق ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ باقساق بولىدۇ، مەسىلەن:

— قانداق قىلغاندا بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانا تۈزۈمىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، كارخانىنى ھەقىقىي رەۋىشتە بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ؟

—قانداق قىلغاندا مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىسى، پىلان، مەبلەغ تۈزۈلمىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، بازار مېخانىزمىنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسىي رولىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي ئىقتىسادىي مىقدارنىڭ ئاساسىي

تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇ-
رۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلايەت-ئوبلاستلارنىڭ
ئىقتىسادىنى داۋاملىق، تېز ۋە ساغلام تەرەققىيات يولىغا باشلاش-
قا بولىدۇ؟

— قانداق قىلغاندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلا-
يەت-ئوبلاستلارنىڭ ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، سىرتقا
يۈزلەنگەن ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ،
خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە ھەمكارلىققا ئاكتىپ قاتناشتۇر-
غىلى بولىدۇ؟ خەلقئارا ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر مىزانى بويىچە،
تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ساختا-ناچار
مەھسۇلاتلارنى تۈگىتىش، تاشقى ئىقتىساد-سودا مۇناسىۋىتىنى
توغرا ھەل قىلىش، خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز
ئۆستۈرۈش، ھازىرقى پوزىتسىيىنى مۇستەھكەملەپ، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش قاتلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىشىكنى ئېچىۋې-
تىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى
كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش كېرەك.

— قانداق قىلغاندا يۇمشاق-قاتتىق شارائىتلارنى، مەسە-
لەن، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە
قۇرۇلۇشىنى تېز ياخشىلىغىلى بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى،
ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ۋە خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش
ئۈچۈن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك؟

— قانداق قىلغاندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ۋىلا-

يەت-ئوبلاستلارنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تە-رەققىي تاپقان رايونلار بىلەن سىستېمىلار بويىچە بولىدىغان ياردىمى ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؟

—ۋىلايەت-ئوبلاستلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئې-شىكنى ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن ئەمەلدە ئۈنۈم بېرىدىغان قانداق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى بەلگىلەش كېرەك؟

— قانداق قىلغاندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئې-چىۋېتىشتە سىناق نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن يەتتە ۋىلايەت-ئوبلاستنى سىناق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، بارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟

بۇ يىل 4-ئايدا، مەن لى پېڭ زۇڭلى بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتنى ۋە موڭغۇلىيىنى زىيارەت قىلىش پۇر-سىتىگە ئىگە بولدۇم. بۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەت بولدى، زىيارەت بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، تىنچلىق-دوستلۇق چېگرىسىنى بەرپا قىلىش، خەلق ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈ-رۈش قاتارلىق بىرمۇنچە جەھەتتە مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىش-تى. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ قېتىمقى زىيارەت ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىر-نى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى مۇنداق:

بىرىنچى، مۇشۇ يېقىن ياكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، بۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق.

ئىككىنچى، ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتىدە تىلغا ئېلىنغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تۈرلىرى مەزمۇنىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بىۋاسىتە ئالاقىدار. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت دۆلەتكە بېرىدىغان تاۋار ۋە قەرز پۇل ئىچىدىكى تاۋارنى ئاساسەن شىنجاڭ تەمىنلەيدۇ.

ئۈچىنچى، لى پېڭ زۇڭلى قارشى تەرەپنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس توختالدى. قارشى تەرەپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆز دۆلىتىنىڭ دائىرىسىدە جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ بىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق.

زۇڭلىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىمۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم

چۈشەندۈرۈپ بەردى.

يولداشلار، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش يېڭى تارىخىي دەۋر بىزگە يۈكلىگەن مۇھىم ۋەزىپە. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى گۈزەل ئىستىقبالنى نامايان قىلدى، يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەر ئالدىدا، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرغىنىمىزدىلا، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىپ، دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىپ ماڭالايمىز-دە، پۈتۈن مەملىكەت بولۇپمۇ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى پەيدىنپەي ئازايتالايمىز.

بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولغانلىقى ۋە دۆلەت قوللاۋاتقانلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ بىزگە ئەينەك بولىدىغان تەجرىبىسى ۋە خالىسانە ياردىمى بولغانلىقى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزى تىرىشچانلىق ۋە پىداكار-

لىق كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ئىسلاھاتى ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش ئىشى چوقۇم يېڭى
پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

# جۇڭگودىكى مىللىي خىزمەتنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى*

(1994-يىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى)

جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر زەبەردەس قەدەم تاشلاپ،
ئىگىلىك تىكلەش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، زەپەر ناخشىسىنى
ياڭرىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىۋاتقاندا، جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگەن كۈنىنىڭ 45 يىللىق ئۇلۇغ مەرد-
كىسى يېتىپ كەلدى.

45 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
توغرا رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدە-
يىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگودىكى 56 مىللەت زىچ
ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئەگ-
رى-توقايلىقلار ئىچىدىن يول تېپىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگودىكى
مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش يولىنى تاپتى، مىللىي
خىزمەتتە شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى.

---

* بۇ— ماقالە «خەلق» گېزىتىنىڭ 1994-يىل 9-ئاينىڭ 2- كۈنى-
دىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

مىللىي باراۋەرلىك ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئاساسىي نۇقتە-ئىنەزىرى. ئېنگېلس «پولشا خىتابنامىسى» دە «باشقا مىللەتنى ئەزگەن مىللەت ئازادلىققا ئېرىشەلمەيدۇ» دېگەن مەشھۇر نۇقتە-ئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-يىسى مىللىي باراۋەرلىكنى ھامان مىللىي مەسىلىنى ھەل قى-لىشنىڭ توپ پرىنسىپى قىلىپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇ-شى بىلەنلا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭە-شى مەخسۇس ئەمر-پەرمان چىقىرىپ، تارىختىن قېپقالغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان ۋە ھاقارەتلەيدىغان بار-لىق ئاتالمىلارنى، يەر ناملىرىنى، ئابىدىلەرنى ۋە بېغىشلىما-لەۋھەلەرنى بىكار قىلدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى» دىن تارتىپ كېيىنكى بىرقانچە قېتىم-لىق ئاساسىي قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە مىللىي باراۋەرلىك توغرى-سىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەممە مىللەت باپباراۋەر. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلان-دۇرىدۇ. ھەرقانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشنى مەنئى قىلىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ۋە مىللىي بۆل-گۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى مەنئى قىلىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى (1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ 4-ماددىسى).

دۆلەت بۇ ئاساسىي روھنى پۈتۈن ئومۇمىي خىزمەتكە سىڭدۈر-
دى. سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ھەرقايسى
جەھەتلىرىگە ئالاقىدار مەخسۇس قانۇن، نىزاملاردىمۇ، ھەر دە-
رىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار فاكۇمېن، سىياسەتلى-
رىدىمۇ مىللىي باراۋەرلىك توغرىسىدا مۇناسىپ كونكرېت بەلگى-
لىمىلەر چىقىرىلدى.

سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ھوقۇقى— مىللەتلەرنىڭ با-
راۋەرلىك ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ۋە جايلار-
نىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ قاتنىشىشى-
نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىشى توغرىسىدا مەخسۇس بەلگىلى-
مىلەرنى چىقاردى ۋە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. سايلام قانۇنىدا:
«ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا، توپ-
لىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەربىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ شۇ جاي-
دىكى خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىلى بولۇشى كې-
رەك»؛ «نوپۇسى ئاز مىللەتنىڭمۇ بىردىن ۋەكىلى بولۇشى
كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇ بەلگىلىمە بويىچە، ئاز سانلىق
مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ئادەتتە ئۆز نوپۇسى-
نىڭ نىسبىتىدىن ئۈستۈن بولۇپ كەلدى. 8-نۆۋەتلىك مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىلى 439
نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەر سانىنىڭ 14.69 پىرسەنتىنى
ئىگىلىدى، دېمەك، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىگىلىگەن 8.04%

نوپۇس نىسبىتىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. يەرلىك ھەر دەرىجى-
لىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇۋاپىق
ساندىكى ۋەكىللىرى بار. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاساسىي
قانۇندىكى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى
بەلگىلىمىلەر بويىچە، ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاپتونوم را-
يونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقى ياكى مۇئاۋىن مۇ-
دىرلىقىنى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىنى، ئاپتو-
نوم ئوبلاستنىڭ ئوبلاست باشلىقلىقىنى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ
ھاكىملىقىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز
سانلىق مىللەتنىڭ كادىرلىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى،
شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلى-
رىنى ۋە يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش ھوقۇقى سىيا-
سىي جەھەتتىمۇ، تەشكىلىي جەھەتتىمۇ ئىشەنچلىك كاپالەتكە
ئىگە بولدى. مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىغا بىنائەن دۆلەتنىڭ
قانۇنىدا: ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز تىل-يېزىقىنى قوللىنىش،
ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە،
ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى خىزمەت ئىشلەشتە، كى-
تاب، گېزىت-ژۇرنال نەشىر قىلىشتا، رادىئو ئاڭلىتىشتا شۇ-
نىڭدەك ئەرز-شىكايەت قىلىشتا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى
ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە، مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى-
نىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئەر-
كىنلىكىگە ئىگە، مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دىنىي ئېتىقاد ئەر-
كىنلىكى ھوقۇقىغا ئىگە، مىللىي كەمسىتىش ۋە ھاقارەتكە

ئۇچرىغان ھەرقانداق مىللەت خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنى باراۋەرلىك سالاھىيىتى بىلەن سىياسىي سەھنىگە چىقىپ، دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىدى.

جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. مىللەتلەرنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىشى— سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. جۇمھۇرىيىتىمىز يېڭى قۇرۇلغاندا، ماۋ زېدۇڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشايلى» دېگەن ئۇلۇغ چاقىرىقنى چىقاردى، پارتىيە ۋە دۆلەت بىرقاتار فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. كونا زاماندىن قېپقالغان ئىنتايىن چوڭقۇر مىللىي ئارازلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر زور بىر تۈركۈم مىللىي زىيارەت ئۆمەكلىرىنى، ھال سوراش ئۆمەكلىرىنى، خىزمەت ئۆمەكلىرىنى، سودا ئەترەتلىرىنى، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئەترەتلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەنت-مەھەللىلىرىگىچە بېرىپ مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئەۋەتتى؛ شۇنىڭدەك زور بىر تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەپ بېيجىڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇر-

دى. مۇشۇ خىزمەتلەر ئارقىلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاراز-لىق ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى، مىللىي مۇناسىۋەت ياخشى-لاندى، مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى.

مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنىڭ تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالغا يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تارىختىن قېپقالغان كونا ئىقتىسادىي فورماتسىيە ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش كېرەك. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ ۋە رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىسلا-ھات ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان فېئودال پومېشچىكلار (چارۋا ئىگىلىرى) تۈزۈمىنى، فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىنى، قۇللۇق تۈزۈمىنى ۋە ئىپتىدائىي جەمئى-يەت تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئېكسپىلا-تاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى «ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ بىرلىكى» تۈزۈمى، «ئىشىك ئاغى-سى» تۈزۈمى، ۋاڭ-گۇڭ ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدى-غان ئايماق-خوشۇن تۈزۈمى، قەبىلە باشلىقى ۋە ئاقساقاللار تۈزۈمى، مىڭبېشى-يۈزبېشى تۈزۈمى، تاغ تۆرىسى تۈزۈمى قا-تارلىق كونا تۈزۈملەرنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتتى، ھەر مىل-لەت خەلقىنى سوتسىيالىزم يولىغا باشلىدى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىل-لەتلەر دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش

ئارقىلىق، ئالدىقاچان-كەينى-كەينىدىن سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىپ، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورناتتى.»

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر مىللەت ئاممىسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبدان ئۇسۇلى ۋە ئوبدان شەكلىنى ئىجاد قىلدى، ئۇ بولسىمۇ مىللىي سىياسەت ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق ھەققىدە ھەردائىم تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ پائالىيەت ئالدى بىلەن ناھىيە، يېزىلاردا، ئاندىن كېيىن ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. شۇ ئاساستا، گوۋۇيۈەن 1988-يىلى بېيجىڭدا تۇنجى قېتىم مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىپ، 565 ئىلغار كوللېكتىپنى، 601 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تېخىمۇ كۆپ شەكىل ۋە تېخىمۇ مول مەزمۇن بىلەن تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشقا باشلىدى، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت تېخىمۇ چىڭىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «مەملە-

كىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى تۈرلۈك كەس-
كىن سىناقلاردىن ئۆتتى، خەلقئارادا ھەرقانداق كەسكىن ئۆز-
گىرىش يۈز بېرىشىدىن، ياكى دۆلەت ئىچىدە ھەرقانداق ۋەقە
پەيدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر
ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈپ، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇپ، جاپا-مۇ-
شەققەتنى تەڭ تارتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇ-
شۇش كۈچىنى تولۇق ئىپادىلىدى. بىز ئىپتىخارلىق بىلەن
شۇنداق دېيەلەيمىزكى، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاق-
لىقى مۇستەھكەم، بۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي يۈكسە-
لىشنىڭ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ۋە سىياسىي مۇقىملىقنىڭ
مۇھىم كاپالىتى.»

مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش— سوتسىيالىستىك تۈ-
زۈمنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى. مىللەت-
لەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش شەرت، بۇنىڭدا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساس.
جۇمھۇرىيىتىمىز يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردا، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى ناھايىتى ئارقىدا، ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى، بىرمۇنچە رايون-
لار ئوت-چۆپلەرنى ئۆرتەپ، يەرنى كولاپ تېرىيتتى ۋە ئىپتىدا-
ئىي ھالەتتىكى كۆچمەن تېرىقچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللىناتتى. بەزى رايونلاردا قول سانائىتى يېزا ئىگى-
لىكىدىن تېخى بۆلۈنۈپ چىقمىغانىدى، زامانىۋى سانائەت ۋە ئۆز
مىللىتىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن يوق

ئىدى. 1949-يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى
3 مىليارد 660 مىليون يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي
مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاران 7.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تارى-
خىي باشلىنىش نۇقتىسى ئەنە شۇنداق ئىدى. جۇمھۇرىيىتىمىز
يېڭى قۇرۇلغان چاغدىن تارتىپ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىغا قەدەر ئۆتكەن 30 يىل ئىچى-
دە، كۆپلىگەن ئەگرى-توقايلىق كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا بەر-
بىر ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، 1978-يىلى
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇ-
مىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليارد 770 مىليون يۈەنگە يەتتى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىن، مىللىي خىزمەت يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا
قەدەم قويدى، يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپى-
سى بەلگىلەندى، ئۇ بولسىمۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىك-
نى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى ئېغىشماي يولغا قويۇپ، ئۆز كۈچى-
گە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم
بېرىشى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ قوللىشى بىلەن زىچ
بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات ئارقى-
لىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا خىلمۇخىل شەكىلدىكى

ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قو-
يۇلدى، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئاساسلىقى مەھسۇلاتقا بىرلەش-
تۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛
چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا مالنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلى-
لەرگە بېرىش، شەخسلەر ئىگىدارلىق قىلىپ ئۆز ئالدىغا بې-
قىش، ئۆزاققىچە ئۆزگەرتمەسلىك ۋە ئوتلاقنى ھۆددىگە بېرىش
سىياستى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. مەسئۇلىيەت تۈزۈمى
كەڭ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇ-
رۇش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن
بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا شەھەر ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمۇ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. پارتىيىنىڭ
14 -قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نى-
شانىنى مەركەز قىلىپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى
جانلاندۇرۇپ، بازار يېتىلدۈرۈش، شۇنىڭدەك پىلان، مالىيە،
پۇل مۇئامىلىسى تۈزۈلمىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتلىرىدىمۇ
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىق-
تىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى
ئۇرغۇتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىي
قىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قى-
لىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-

رىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بىرقاتار سىياسەت-
تەدبىرلەرنى تۈزدى. مەسىلەن، ھەر جايىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش
فاكچىنىنى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ بەلگىلەش، دۆلەتنىڭ ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانى-
لىرىدىن جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشنى
تەلەپ قىلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى زور كۈچ بىلەن
يۆلەش دېگەنگە ئوخشاشلار ئەنە شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. 15 يىلدىن
بۇيان، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مالىيىدىن
بەرگەن نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى تەخمىنەن 95 مىليارد
يۈەنگە يەتتى، دۆلەت يەنە «ئىقتىسادى تەرەققىي تاپمىغان رايون-
لارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش مەبلىغى» ، «چېگرا ئىشلى-
رى قۇرۇلۇشى ياردەم پۇلى» ، «نامرات ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ پۇتۇن كىيىنىش، قورسىقى توق بولۇش مەسىلى-
سىنى ھەل قىلىش فوندى» ، «شىزاڭنىڭ مەخسۇس ياردەم
پۇلى» ، « ‹ئۈچ غەرب› نىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنى قوللاش
مەبلىغى» ، «سىچۈەندىكى ‹ئۈچ ئوبلاست› نىڭ قۇرۇلۇشىغا
ياردەم بېرىش مەبلىغى» دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس مەبلەغلەرنى
تەسىس قىلدى ھەمدە مەبلەغ سېلىش، پۇل قەرز بېرىش، باج
شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، توشۇش، سېتىش قا-
تارلىق جەھەتلەردە يۆلىدى ۋە ئېتىبار بەردى؛ دۆلەت يەنە ئىقتى-
سادى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، شەھەرلەرنى ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرى بىلەن ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەملىشىش ۋە ئىق-
تىساد-تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلىششنى قانات يايدۇرۇشقا ئۇ-
يۇشتۇردى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىشىكنى ئۈزلۈكسىز كەڭ ئېچىۋېتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ 22 مىڭ كىلومېتىرلىق قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايونلار قوشنا ئەللەردىكى بىر مۇنچە مىللەتلەر بىلەن ئەنئەنىۋى ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن ئەۋزەللىككە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەز چېگرا رايوندىكى بىر تۈركۈم شەھەر ۋە سودا ئېغىزلىرىنى قۇرۇقلۇقتىكى چېگرا رايونلارنىڭ سىرتقا ئوچۇق شەھىرى ۋە دۆلەتلىك ئىچكى قۇرۇقلۇق سودا ئېغىزى قىلىشنى تەستىقلىدى ھەمدە چېگرا رايونلارغا دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭكىگە ئوخشاش سەككىز ماددىلىق ئېتىبارغا ئىگە بولۇش سىياسىتىنى بەردى ۋە باشقىلار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا چوڭ تۈرتكە بولدى. 1993-يىلى، مىللىي سەككىز ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودا ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد 700 مىليون دوللارغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 23.9% ئاشتى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا دۆلەتلىك قۇرۇقلۇق چېگرا سودا ئېغىزىدىن 40ى (مەملىكەت بويىچە جەمئىي 43) بار، يەرلىك سودا ئېغىزى 200گە يېقىنلاشتى؛ تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، 1993-يىلى، بەش مىللىي ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەل بىلەن ئىمزالىغان چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش كېلىشىمى (توختامى) دىكى سوممىسى 4 مىليارد 590 مىليون دوللارغا يەتتى،

ئەمەلىيەتتە پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ سوممىسى 1 مىليارد 50
مىليون دوللار بولدى.

دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ۋە توغرا فاڭ-
جېن، سىياسەتلەرنىڭ يېتەكلىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا،
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا شاد-
لىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1993-يىلى، مىللىي ئاپتو-
نومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇ-
لات قىممىتى 415 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېتىپ،
1949-يىلدىكىدىن 23.5 ھەسسە، 1978-يىلدىكىدىن 2.7
ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات
قىممىتى 140 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949-
يىلدىكىدىن 7.3 ھەسسە، 1978-يىلدىكىدىن 1.3 ھەسسە ئاش-
تى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 275 مىليارد 700
مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949-يىلدىكىدىن 160 ھەسسە،
1978-يىلدىكىدىن 4.2 ھەسسە ئاشتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، دېھقان--
چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1978-يىلدىكى 70 نەچچە
يۈەندىن كۆپىيىپ، 1993-يىلى 696 يۈەنگە يەتتى، ھەر مىللەت
خەلقى خۇشال-خۇرام ياشىماقتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى،
سانائەتنىڭ سانائەت-يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىم-
مىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1949-يىلدىكى 14.8%تىن ئۆر-
لەپ، 1993-يىلى 66.3%كە يەتتى. مانا بۇ ئىقتىسادنىڭ زاما-

نۇيلىنىشىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئالا-
مىتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى،
نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشتۇرۇلدى، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە
ئۆستى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە— جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە
توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە
تەتبىقلاپ، مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيىنى بىرلەشتۈرگەن ئىجادىيىتى، ئۇ مىللەتلەرنىڭ باراۋەر-
لىك ئاساستا بىرلىشىش پرىنسىپىنى ئەڭ ياخشى گەۋدىلەندۈر-
دى، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى
ئاساسىي سىياسىتى، دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي تۈزۈمى.
1984-يىلى، دۆلەت مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى «جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى
ئېلان قىلدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا
مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئول-
تۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار قۇرۇل-
دۇ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، ئاپتونومىيە
ھوقۇقى يۈرگۈزۈلىدۇ. مىللەتلەر ئارىلاش، تارقاق ئولتۇراق-
لاشقان رايونلاردا مىللىي يېزىلار قۇرۇلسا بولىدۇ. ئاساسىي
قانۇننىڭ پرىنسىپى ئاستىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك

دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىن تاشقىرى، يەنە كەڭ كۆلەملىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە قۇرۇلغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي جەمئىي 157 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بەش، ئاپتونوم ئوبلاست 30، ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) 122، بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يەنە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە، 1000دىن ئارتۇق مىللىي يېزا قۇرۇلدى. 44 مىللەت تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويدى، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

45 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى خوجا بولۇپ باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەت قىلىدۇ دېگەن روھنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، ئۇ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەيدىغان، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرىدىغان، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ

ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مۇھىم تۈزۈم. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «بىز بۇ تۈزۈمنى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرقەدەر ياخشى تۈزۈم دەپ قارايمىز» .

45 يىلنى ئەسلىسەك، ئىپتىخارلىق ۋە شانلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلىمىز. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىپ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ! كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىساق، ئىشەنچ ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىمىز. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، غالىبىيەت يولىنى بويلاپ، باتۇرلارچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، مىللىي خىزمەتتە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى.

# پارتىيە مەكتىپىنىڭ مىللىي سىنىپىنى ئوبدان باشقۇرۇپ، مىللىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرەيلى*

(1994-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى)

شىنجاڭدىن كەلگەن كادىر، مىللىي خىزمەتچى ۋە ئىلگىرى مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچى سۈپىتىم بىلەن بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ، يولداشلار بىلەن بىرلىكتە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. مەن شىنجاڭ سىنىپىنىڭ شۇ 40 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! شىنجاڭ سىنىپىنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەن يولداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

بايا يولداش خۇ جىنتاۋ مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ ئاز

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپى ئېچىلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئالاھىدە كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مىللىي سىنىپىنى بۇرۇنقىدىنمۇ ئوبدان باشقۇرۇش توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇھىم پىكىر بايان قىلدى. بىز بۇ نۇتۇقنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ھەمدە ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئوبدان ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك.

شىنجاڭ سىنىپىنىڭ بىرىنچى شۇنداقلا ھەممىدىن مۇھىم نەتىجىسى نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت. شۇ 40 يىل ئىچىدە، بۇ يەردە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 1200دىن ئارتۇق كىشى ئوقۇدى. بىر-مۇنچە كىشىلەر بۇ يەرگە نەزەرىيىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋىرى بار-چاغدا ياكى پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بىلىمى ئىنتايىن ئاز چاغدا كەلگەن بولسا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، شەيئىلەرنى تەھلىل قىلىش، بىلىش ئىقتىدارىمۇ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭىلاندى.

ئوقۇغۇچىلار مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە يالغۇز ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش، ئەدەبىيات-تارىخ

دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە جەھەتتىكى بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كېڭەيتتى، بىلىمىنى بېيىتتى، بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىدى.

ئوقۇغۇچىلار پارتىيە مەكتىپىدە بىلىم ئېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، پارتىيىۋىلىكىنى چىنىقتۇرۇپ، پارتىيىۋى كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى كادىر بولۇش، پارتىيىگە، خەلققە تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشى لازىملىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

ئوقۇغۇچىلار مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى توغرىسىدا، پارتىيىمىزنىڭ تارىخى، خاراكتېرى ۋە ۋەزىپىسى توغرىسىدا چۈشەنچىسىنى ئاشۇردى، شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىدا غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە ئۈزلۈكسىز باشلاپ مېڭىۋاتقان ئۇلۇغ، شەرەپلىك ھەم توغرا پارتىيىمىزنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان بولدى.

ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ئارقىلىق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئۆز ئۈستىگە ئالغان تارىخىي جاۋابكارلىقنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى شىنجاڭنى ئېچىش-گۈللەندۈرۈش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ۋە روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

دېمەك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى-

-ری ئۇچۇن نەزەرىيە ئۆگىنىش دەرسخانىسى، بىلىم ئاشۇرۇش ماكانى، لاياقەتلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تاۋلاش ئو-چىقى بولدى. نەچچە يىللاردىن بۇيان، مۇشۇ يەردە تەربىيىلەن-گەن كادىرلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، ھەرقايسى سەپ-لىرىگە، ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىغا كەڭ تارقىلىپ، شىنجاڭ-نىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشتى.

دەرۋەقە، شىنجاڭ سىنىپى ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز شۇنىڭدىلا ئەمەس. ئۇنىڭ ئېچىلىشىنىڭ ئۆزى پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەم ئالغا يۈكسىلىشىگە ئەھمى-يەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ قەلبىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپى-غا كىرىپ ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ۋە شەرەپ دەپ بىلى-دىغانلار نۇرغۇن. شۇڭا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىنى ئوبدان باشقۇرۇش كۆپ تەرەپلىمە ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇنى داۋاملىق ئېچىشماي باشقۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئوبدان باشقۇرۇش كېرەك.

ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئۆگەنگەن ۋاقتىمدىكى بىۋا-ستە تەسىراتىم ۋە بىلگەن ئەھۋاللىرىمغا قارىغاندا، مېنىڭچە،

شىنجاڭ سىنىپى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىنتايىن ئوبدان ئىشلىدى:

بىرىنچىسى، ئۇزاق مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش. بۇ سىنىپ 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئېچىلغانىدى، ئۇ-نىڭغا ھازىرغىچە توپتوغرا 40 يىل بولدى. گەرچە بۇ سىنىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تۇيۇقسىز، ئارىدا توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قى-لىنغاندىن كېيىن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېيىلگەن مالىمانچىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ سىنىپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن توختاپ قالغىنى يوق، شۇنداقلا بىرمۇنچە كادىرلارنىڭ بۇ يەردە تەلىم ئالغانلىقى سەۋەبى بىلەنمۇ توختىتىپ قويۇلغىنى يوق. ئەنە شۇنداق ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى كۆپ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ سەرپ قىلىشى زادى ئاسان ئىش ئەمەس.

ئىككىنچىسى، يۆنىلىشى توغرا. شىنجاڭ سىنىپى باش-تىن-ئاخىر خىزمەتتىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تەربى-يىلەش ئوبيېكتى قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى سە-ۋىيىسىنى، سىياسىي ساپاسى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ئۆس-تۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى، بۇ ئىنتايىن توغرا بولدى. ھەمدە پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈر-دى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىش-لىرىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، پارتىيە

رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئوبدان مىللىي كادىرلار قوشۇنى بولۇشى لازىم. ئوبدان مىللىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ناھايىتى ئوبدان ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ساپاغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە چېنىقىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ.

ئۈچىنچىسى، دەۋرگە يېقىندىن ئەگىشىپ مېڭىش. مەن ئىلگىرى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئۈچ قېتىم ئۆگىنىشكە كەلدىم، ئۈچ قېتىمقى ئۆگىنىشىمنىڭ مەزمۇنلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. 60-يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئاساسلىق پەلسەپە، سىياسىي-ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم، پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى، پارتىيە تارىخى، مىللەت نەزەرىيىسى، كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تارىخى، جۇڭگو تارىخى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەندىم؛ 70-يىللاردا ئاساسلىقى «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» (5-توم) نى ئۆگەندىم؛ 80-يىللاردا ئۆگەنگىنىم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش نەزەرىيىسى بولدى. مەن نەزەرىيىۋى بىلىمىم ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىمگە ئاساسەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئاساس سالدىم. ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان ئۆگىنىش مەزمۇنلىرىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇشى باشتىن-ئاخىر پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە جىپسىلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلغان، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بىۋاسىتە خىزمەت قىلدۇرۇلغان. دەرس-

لەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە دۆلەت
قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە يارىشا داۋاملىق تەڭشىلىپ، دەرس بى-
لەن ئەمەلىيەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن، ئوقۇ-ئوقۇتۇش باشتىن
ئاخىر جانلىق بولغان.

تۆتىنچىسى، ئەمەلىيەتكە باغلاش. پارتىيە مەكتىپى نەزەرد-
ىيىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇ-
لۇش ئەمەلىيىتىگە، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى-
نىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ باغلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيە توغ-
رىسىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى نەزەرىيە-
نى تېخىمۇ ئوبدان ئىگىلەش ۋە تەتبىقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە
قىلغان. پارتىيە مەكتىپى يەنە ئوقۇغۇچىلارنى پۈتۈن مەملىكەت-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ ھېسسىي بىلىشىنى كۆپەيتىپ، ئۆگىنىش مەزمۇنىنى
بېيىتقان.

مەن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپىنىڭ مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈزلۈك-
سىز يەكۈنلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىنى، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي
قىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بايا، يولداش خۇ جىنتاۋ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ
شىنجاڭ سىنىپىنى قانداق قىلىپ ئوبدان باشقۇرۇش ئۈستىدە
مۇھىم پىكىر بايان قىلدى. ئەمدى مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىيە
مەكتىپىدە ئوبدان ئوقۇپ، ئوبدان ئۆگىنىپ، ئىنتايىن تەستە
قولغا كېلىدىغان بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز سەۋىيە-
سىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆستۈرۈشى، بىلىمىنى تولۇقلىشى ئۈس-

تىدە بەزى پىكىرلىرىمنى ئېيتماقچى.

مەملىكىتىمىز مۇھىم تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرماقتا، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، ھاللىق بولۇش نىشانىغا قاراپ ئاتلانماقتا. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىرمۇنچە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئالدىمىزغا قويىدى. ئۇلۇغ ئەمەلىيەت توغرا نەزەرىيىدىن ئايرىلالمايدۇ، بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى نەزەرىيە ئارقىلىق تەھلىل قىلغان ۋە شەرھلىگەن چاغدىلا، ئاندىن ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرگىلى ۋە توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ. بىر تەرەپتىن يېڭى شەيئىلەر كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلمەي مەيدانغا كېلىپ تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن نەزەرىيىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۆتمۈشتىكى نەزەرىيىنى بۈگۈنكى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، تارىخ بىزگە تاپشۇرغان ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بىز نۆۋەتتىكى مەركىزىي ۋەزىپە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش دەپ قاراپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشكە سەل قارىساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە توغرا چۈشىنىش، توغرا ئىگىلەش ۋە توغرا تەتبىقلاش كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ 16 يىللىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئې-

چىۋېتىش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر يولداش دېڭ
شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ
توغرا يېتەكچىلىكى بولمىغان بولسا، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بې-
رىلمىغان بولاتتى، ھەرگىزمۇ بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەر قولغا
كەلمىگەن بولاتتى. دېمەك، كۆڭلىمىزنى خاتىرجەم قىلىپ،
نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، نەزەرىيىنى بېرىلىپ
تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

مۇشۇ يېڭى، ئۇلۇغ ئۆزگىرىش دەۋرىدە، ناھايىتى كۆپ
يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بايلىق-
نى قانداق قىلىپ ئوبدان ئېچىش، بازار ئىگىلىكىنى قانداق
يولغا قويۇش، كارخانىنى قانداق باشقۇرۇش، يېزا-بازار كارخا-
نىلىرىنى قانداق يولغا قويۇش، سىرتقا ئىشىكنى قانداق ئېچىۋې-
تىش، مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەتنى قانداق
قىلىپ ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، تەڭ يۈكسەلدۈرۈش — مۇشۇ
بىلىملەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى مۇھىم، ھەممىسىنى ئۆگىنىش-
كە توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ بىلىملەرنى ئۆگىنىش ماركسىزم-
نىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ،
شۇنداقلا ھازىرقى زامان ماركسىزمى بولغان يولداش دېڭ شياۋ-
پىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگى-
نىشنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
نەزەرىيىسىنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن
توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ، كەسپىي بى-
لىمنى ئىگىلەش شۇندىلا ئەھمىيەتلىك بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپ-

تىن، كەسپىي بىلىم ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچىللىقى ۋە ئىشلىتىشكە بابلىق خۇسۇسىيىتى كۈچ-لۈك، ئەلۋەتتە، لېكىن تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ئاساسىي نەزەرىيىنى ئۆگىنىش تۈرلۈك كەسپىي بىلىملەرنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىنى قارىمۇقارشى قىلىپ قو-يۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگى-نىش كېرەك.

دەرۋەقە، نەزەرىيىنى ئۆگىنىشتە چوقۇم ئەمەلىيەتكە باغلاش، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە باغلاش كېرەك. ئەمەلىيەتنى ماركسىزمنىڭ ئاسا-سىي قائىدىلىرى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن ئىلمىي چۈشەندۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاشۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قى-لىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتى-سادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىك-كىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىر تەرەپتىن دۇنيانى بىلىش كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيانى ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۆ-زۈمنىڭ خىزمەتتىكى تەسىراتىمغا ئاساسەن، يولداشلار نەزەرى-يىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ، ئىلمىي تونۇش ھاسىل قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق ئىككى مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلدىم:

بىرىنچىسى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش مەسىلىسى. مېنىڭچە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىن-
تايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق.
چۈنكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا
قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكى-
نى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچى-
ۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ، شەرقتىكى رايونلار بىلەن غەربتى-
كى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى
سۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە كۆزقارىشىنى ناھايىتى زور
دەرىجىدە ئۆزگەرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، دۆلەتمۇ ئۇنى-
ۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن تەڭ، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ۋە بېرىدىغان ياردەم-
نى كۆپەيتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ تەرەققىياتىنى ناھايىتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ. دەر-
ۋەقە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا
قىلىنىشى، شۈبھىسىزكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى مۇ-
سابىقىگە دۈچ كەلتۈرىدۇ، ھەرقانداق ياخشى سىياسەتنىڭ ھەممە
رايون، ھەممە ئادەمگە تەڭ نەپ يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس،
نەپكە ئېرىشىش ئىلگىرى-كېيىن بولىدۇ ھەمدە پەرقلىق بولى-
دۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ھەقى-
قەتەن قىيىنچىلىق مەۋجۇت. مەن شىنجاڭدىن يېڭىلا قايتىپ
كەلدىم، ئۇ يەردىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتا غايەت زور نەتىجە
قولغا كېلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ھازىر بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋ-

جۈت ئىكەن، ئاساسلىقى: چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار-
نىڭ ئۈنۈمى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن، يەرلىك مالىيىنىڭ
ئەھۋالى قىيىن ئىكەن، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى بەك تېز
ئىكەن ۋە باشقىلار. ئۇنداقتا، بۇ مەسىلىلەرگە قانداق قاراش
كېرەك؟ مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزىسى بۇرۇن
يىغىلىپ قالغان مەسىلە، بەزىسى تەرەققىيات جەريانىدا مۇقەررەر
يۈز بېرىدىغان مەسىلە، ئىسلاھات جەريانىدىكى مەسىلە، ئالغا
ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى قىيىنچىلىق. بۇ مەسىلىلەرنى ئىسلا-
ھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق پەيدىنپەي ھەل قىلغىلى بو-
لىدۇ. يولداشلارنىڭمۇ بۇنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن.

ئىككىنچىسى، شەرقتىكى رايونلار بىلەن غەربتىكى رايون-
لارنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى. بۇ كىشىلەر،
ھەتتا چەت ئەلمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە. شەرقتى-
كى رايونلار بىلەن غەربتىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ
چوڭىيىپ كەتكەنلىكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت. بۇنىڭغا سەل
قاراشقا بولمايدۇ. 9-ئاينىڭ 8-كۈنى ئېچىلغان «پايتەختتىكى
ھەر ساھەگە تەۋە ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرىنىڭ سۆھبەت يىغى-
نى» دا، يولداش لى رۇيخۇەن بۇ توغرىدا ئىنتايىن چوڭقۇر
سۆزلىدى. ئۇ: «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى
ھەقىقەتەن بىرقەدەر ئارقىدا قالغان. گەرچە ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇش كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشىپ، شەھەر-يېزىلار-
نىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇ-

مىي جەھەتتىن ئالغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتە قالاق ھالەتتىن تېخى
قۇتۇلالمىغان. بۇ رايونلار ئەسلىدىلا تەرەققىي تاپمىغانلىقى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىيات جەريانىدا سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقى
ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان رايونلار بى-
لەن بولغان پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ بارماقتا. ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇل-
مىسى ئەسلىدىلا ئانچە مۇۋاپىق بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
مالىيىسى، مەبلىغى ئىنتايىن قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن كەس-
كىن بازار رىقابىتى ئالدىدا، ماسلىشىشقا تېخىمۇ ئامالسىز قال-
غان» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
قىيىنچىلىقىنى كونكرېت سانلار بىلەن چۈشەندۈردى. شىنجاڭ-
دىكى نامرات رايونلارنىڭ ئېچىدىغان سۇنى ھەل قىلىشقا ئامال-
سىز قالغانلىقىنى مىسالغا ئېلىپ، شىنجاڭدا نامراتلارنى يۆلەش
ۋەزىپىسىنىڭ مۇشكۇللۇكىنى چۈشەندۈردى. ئەنە شۇنىڭدىن بۇ
مەسىلىنىڭ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە ئى-
كەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئالساق، ئۇ
تارىخىي، جۇغراپىيىۋى سەۋەب دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىل
سەۋەبلەرنى ئۆز ئېچىگە ئالىدۇ، ئۇنى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە
تۈگىتىش ناھايىتى تەس. بۇنىڭدا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بول-
مايدۇ، شەرقتىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىش يولى
بىلەن پاسسىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش كويىدا بولۇشقا بولمايدۇ،
ئەمما ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قاراشقىمۇ بولمايدۇ، ئەھۋالنىڭ ئۇزاق-
قىچە شۇ پېتى كېتىۋېرىشىگە يول قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.
ھازىر زۆرۈر بولۇۋاتقىنى شۇكى، روھلىنىپ، ئامال تېپىپ،

باش چۆكۇرۇپ جاپالىق ئىشلەپ، ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش لازىم. پەرقنى كىچىكلىتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش خىلمۇخىل كۈچلەرنىڭ تەڭ تەسىر كۆرسىتىشىنى، جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشىنى، تەرەققىي تاپقان رايونلار-نىڭ يۆلىشىنى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ياردەم بېرىشىنى، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرقنى كۆرۈش بىلەن بىللە ئۇستۇنلۇكنىمۇ، ئىستىقبالنىمۇ كۆرۈش كېرەك. دېمەك، بىز پەرق چوڭىيىپ كېتىۋاتقان جىددىي ئەھ-ۋالنى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-نىڭ تەخىرسىزلىكىنى كۆرۈش بىلانلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى بۇنداق پەرقنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، پەرق مەسىلىسى ھەق-قىدە ئىلمىي تونۇش ھاسىل قىلىشىمىز، پەرقنى كىچىكلىتىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرىدىغان ئۈنۈملۈك چارىلەرنى تېپىشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى، بىرلىكتە تەتقىق قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئائىت مول مەز-مۇنلار بار، ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن كەلگەن يولداشلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇ-ھىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بايانلىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە: ئاز سانلىق مىللەت

رايونلىرى مول بايلىق ئۇستۈنلۈكىگە، ناھايىتى ئوبدان تەرەققى-
يات ئىستىقبالىغا ئىگە، مىللىي سىياسىتىمىزنىڭ ئۈتۈقلۈق
بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ تەرەققىي قىلغان-قىلمىغانلىقىغا، تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ
ھەر مىللەت خەلقىگە پايدىلىق بولغان-بولمىغانلىقىغا قاراش كې-
رەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جەھەت-
تە: جۇڭگو فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى ئەمەس، تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيىنى يولغا قويدى، بۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا
ئۇيغۇن؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاپتونومىيىنى ھەقىقىي رە-
ۋىشتە يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، دەپ
كۆرسەتتى. ئۇ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى جەھەتتە: جۇڭگو ھە-
قىقىي مىللىي باراۋەرلىك مەيدانىدا تۇرىدۇ، مىللىي كەمسىتىش-
كە يول قويمايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرى بىلەن شەرقتىكى رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە:
بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئالدى بىلەن
بېيىشىغا يول قويۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئالدى
بىلەن بېيىغانلار كېيىنكىلەرنىڭ بېيىشىغا باشلامچى بولۇشى،
ئالدى بىلەن بېيىغانلار كېيىنكىلەرنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىشى
كېرەك، دەپ كۆرسەتتى ھەمدە تەرەققىي تاپقان رايونلار پايدا
ۋە باجنى كۆپ تاپشۇرۇش، تېخنىكىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىق
ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققى-
ياتىغا ياردەم بېرىشى كېرەك، دەپ كونكرېت ئوتتۇرىغا قويدى.
قىسقىسى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسىدە مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيە

ناھايىتى مول، مەزمۇنى چوڭقۇر. بۇ نەزەرىيە بىلىش سەۋىيە-
مىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىشتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاخىردا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى شىنجاڭ سىنىپى-
نىڭ بارغانسېرى ئوبدان باشقۇرۇلۇشىغا تىلەكداش ئىكەنلىكىم-
نى بىلدۈرىمەن.

# «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرايلى*

(1994-يىل 9-ئاي)

بۇ يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنىگە قەدەر، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ يولغا قويۇلغىنىغا ئون يىل بولدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق يولىغا سېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ قانۇن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتە، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-

* بۇ ماقالە «كۆزىتىش» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىلدىكى 39-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

نىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە غايەت زور رول ئوينىدى. لېكىن دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بۇ قانۇننىڭ بەزى مەزمۇنلىرى رېئال ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنى ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا يارىشا مۇكەممەللەشتۈرۈش، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى كۈچەيتىپ، ئۇنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

## ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش ھازىرقى باسقۇچتا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم يولى

ئىلگىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى كۆپرەك تەكىتلەيتتۇق. بۇ ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولىنى بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۇ تۈزۈمنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا سەل قارايدى-

غان بولساق، بۇ ئەتراپلىق بولمىغان بولىدۇ. ئىقتىسادىي مۇنا-سىۋەت بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى بولغىنىغا ئوخشاش مىللىي مۇناسىۋەتنىڭمۇ ئاساسى. ئىقتىساد يۈكسەلمە-سە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى ۋە بارا-ۋەرلىك هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولالماي-دۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ئى-شى تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى كۆزىتىشتە ئاساسلىقى شۇ رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلغان-قىلمى-غانلىقىغا قاراش كېرەك.

مىللەتلەرنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق گۈل-لەندۈرۈش پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى تۈپ مەيدانى. پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدە-نىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا چىن كۆڭۈل بىلەن ياردەم بېرىشنى ئالىبۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان، سوتسىيالىس-تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيە ۋە دۆلەت بۇنىڭغا تېخىمۇ بەك ئەهمىيەت بەرمەك-تە. باش شۇجى جياڭ زېمىن: «هازىرقى باسقۇچتا، مەملىكە-تىمىزدىكى مىللىي مەسىلە ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى-نى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىدا بىرقەدەر مەر-كەزلىك ئىپادىلەنمەكتە»، «ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-لىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش سوتسىيالىزم

دەۋرىدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. مىللەتلەر ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئورتاق يۈكسىلىش ۋە گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ بىزگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇردىكى، هازىرقى باسقۇچتا، مىللىي مەسىلىنى هەل قىلىشتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. بۇنىڭ ئۆزى يېڭى دەۋردە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇشى كېرەك.

## «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى ئون يىل مابەينىدە، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشىغا ۋە خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ پەيدىنپەي ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولدى.

لېكىن، بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇلغان بۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ماددىلىرىدا «دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر يېزىلغان. پار-

تىيىنىڭ 14-ﻗﯘﺭﯗلتىيىدا: «مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى— سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش» دەپ كۆرسىتىلدى. 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا بۇ نىشان يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئاساسىي قانۇن» غا يېزىلدى. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ باتۇرلۇق بىلەن مۇشۇ نىشانغا قاراپ مېڭىشى كېرەك. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدا يەنە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئۆزگىرىش بولغۇسى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپمىغان، بازارنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى تۆۋەن، بۇ رايونلارنىڭ بازار ئىگىلىكى يولىغا بۇرۇلۇشى كۆپ جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە، جۈملىدىن بايلىق مەنبەسىنى ئېچىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مەسىلىسى، تۈرلۈك بازارلارنى قۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنى ئىچكى ۋە خەلقئارا بازارلار بىلەن تۇتاشتۇرۇش مەسىلىسى، بازار مېخانىزمىدىن پايدىلىنىش ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى، بازار مېخانىزمى شارائىتىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، تەرەققىيات نىشانى دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە ھازىرقى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ جاۋاب بېرەلىشى تەس.

# «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئىشنى قەيەردىن باشلاش كېرەك؟

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؟ بۇنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، قانۇننىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇن ھەرقانداق تارماق قانۇندىن چوڭ تۇرىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش دېگەن نىشاننى «ئاساسىي قانۇن»غا كىرگۈزگەنىكەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غىمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتىن ئىلگىرى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار «ئاساسىي قانۇن»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامىنى، ئايرىم نىزاملارنى ئۆزگەرتسە، شۇنىڭدەك باشقا يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى تۈزسە بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دەسلەپتە تۈزۈلگەن چاغدا نۇرغۇن ماددىلار بىرقەدەر تومتاق، پرىنسىپال يېزىلىپ قالغان، كېڭەيتىسىمۇ، تارايتىسىمۇ بولىۋېرىدىغان ئېلاستىك خۇسۇسىيىتى

بەك كۈچلۈك، شۇڭا ئالاقىدار تارماقلار ۋە رايونلارنىڭ بەزى مەخسۇس قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى كونكرېتلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ ئاپتونومىيە قا-نۇنىنىڭ پرىنسىپىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ئاساسەن، مۇناسىپ يولغا قويۇش چارىلىرىنى تۈزۈشى زۆرۈر.

ئۈچىنچىدىن، مەجبۇرلاش خاراكتېرى قانۇننىڭ ھەممىدىن روشەن خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. ھازىرقى «مىللىي تېررىتو-رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرى يېتەر-لىك دەرىجىدە ئەمەس، ئاساسلىقى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئور-گانلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ئەمەل قىلىشى ۋە ئىجرا قىلى-شىغا باغلىق قىلىپ قويۇلغان، ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ نوپۇزىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تۇرغۇزۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتا شۇنىڭغا لايىق نازارەتچىلىك مېخانىزمى بولۇشى كې-رەك، لېكىن ھازىرقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، نازارەتچىلىك يېتىشىپ ماڭمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردا قا-نۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كۈچلۈك ئەمەس. شۇڭا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ نازا-رەتچىلىك مېخانىزمىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەل-لەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى بار.

باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا «مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بىرقەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىس-تىك مىللىي قانۇن-نىزام سىستېمىسىنى ۋە نازارەتچىلىك مېخا-

نىزمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك» دېگەن نىشاننى ئوتتۇرىغا قويىدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەنە شۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم قەدىمى.

## مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئەتراپلىق ئىلگىرى سۈرىدۇ

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى— ئادىل رىقابەتلىك ئىگىلىك. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، تۈزۈلمىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قاراتقان ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ بەزىلىرى مەۋجۇتلۇقىدىن قېپقالدى ياكى ئۇنى ئىجرا قىلىش تەس بولۇپ قالدى، بۇھال ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بىر ئاز تەسىر يەتكۈزدى. لېكىن يىراققا نەزەر تاشلىغاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بىرمۇنچە پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ: (1) پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئېچىۋېتىش قەدىمى تېزلەشتى. دېڭىز بويلىرىنى، دەريا بويلىرىنى ۋە چېگرا بويلىرىنى ئەتراپلىق ئېچىۋېتىش ستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق

مىللەت رايونلىرىدىكى چېگرا ناھىيە-شەھەرلەر سىرتقا ئېشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدى بولۇپ قالدى، ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سالمى-قى ۋە چوڭقۇرلۇقى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تە-رەققىياتىغا تۈرتكە بولدى؛ (2) 15 يىللىق ئىسلاھات ۋە ئىشىك-نى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتى ئاشتى ھەمدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەت-لىك تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تەرەققىي تاپقان رايونلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئې-چىۋېتىشتە ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەت-لىك تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلدى. كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋا-مىدا يېڭىلاندى. مانا بۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىشىكنى تېخى-مۇ كەڭ ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ماددىي شارائىت، ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئىدىيىۋى شارائىت ھازىرلاپ بەردى؛ (3) ئېلىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى تېخىمۇ ئاشتى، ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈ-رۈلدى، بۇ شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئىقتىسادى-نىڭ تەڭكەش راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. دۆلەت سوتسىيا-لىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىجرا قىلىش كې-

-رەكلىكىنى تەكىتلىدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ بەلگىلىمىسىدە، مەركەز مالىيە-
سى جايلارغا قايتۇرۇش ۋە يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمى قاتار-
لىق چارىلەرنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا
ئوخشاش تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا يار-يۆ-
لەك بولۇش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىق-
تىسادىي قۇدرىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دۆلەت ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىغا تېخىمۇ كۆپ كۈچ بىلەن ياردەم بې-
رىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي
قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ (4) ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئېلىمىزدىكى سوتسىيا-
لىستىك مىللىي مۇناسىۋەت تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، مەملىكە-
تىمىزدىكى مىللەتلەر باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ،
ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگى-
رىلەيدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىش ۋە ئالاقە
ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ جاي-
لىشىشى ۋە ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى شەرقىي رايونلار بىلەن
غەربىي رايونلارنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىپ، ئورتاق
تەرەققىي قىلىش لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىستىك تۈ-
زۈم، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئۆز نۆۋى-
تىدە شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئۆز ئارتۇقچى-
لىقىنى نامايان قىلىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن رېئال
ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 1979-يىلى باشلانغان سىستېمىلار
بويىچە ياردەم بېرىش ئىشى ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە

ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت يەنە يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ئالغا سۈرىدۇ؛ (5) مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بەردى؛ (6) مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرى مىللىي خىزمەتكە بۇرۇنقىدەكلا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پەيتنى پەملەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدىغانلا بولسا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە يۈكسىلىشىنى جەزمەن كۈچلۈك ئالغا سۈرەلەيدۇ.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇھىم كاپالەت ۋە شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ، لېكىن بۇ ئىقتىساد تەرەققىي قىلسىلا، مىللىي مەسىلە ھەل بولۇپ كېتىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مىللىي مەسىلە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردىمى، ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

رولىنى كۆچەيتىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-
نى، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىنىمۇ داۋاملىق
كۆچەيتىش لازىم.

# مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى*

(1994-يىل 9-ئاينىڭ 30-كۈنى)

گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەتلىك 2-قېتىملىق مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ئۇتۇقلۇق ۋە قانائەتلىنەرلىك ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا مۇھىم بىر نامايەندە سۈپىتىدە مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمەت تارىخى سەھىپىسىگە يېزىلغۇسى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىگە ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكۈسى.

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ گوۋۇيۈەن چاقىرغان مەملىكەتلىك 2-قېتىملىق مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن خۇلاسە سۆزى.

# 1

بۇ قېتىمقى تەقدىرلەش يىغىنى مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئېچىلدى، مەملىكىتىمىزدە، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سۈرمەكتە. ئىقتىساد جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا، ئىجتىمائىي ئىشلار ئۈزلۈكسىز يۈكسەلمەكتە، مىللەتلەر ئىتتىپاق ۋە ئىناق ئۆتمەكتە، جەمئىيەت تىنچ بولماقتا. خەلقئارادا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئورنى كۈندىن-كۈنگە ئۆسمەكتە، خەلقئارا شارائىت دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولماقتا. بۇ يىغىننىڭ مۇشۇنداق ئېچكى-تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا ئېچىلىشى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر مەقسەت-بىر نىيەتتە، ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولغۇسى.

بۇ يىغىن ئىلغارلارنى تەقدىرلەيدىغان، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرىدىغان يىغىن بولدى. بۇ يىغىندا جەمئىي 56 مىللەتتىن 1200دىن ئارتۇق ئىلغار تىپ گوۋۇيۈەننىڭ تەقدىرلىنىشىگە ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكاپات ئالغىلى بېيجىڭغا كەلگەنلەر 500دىن ئارتۇق، قالغانلارنى گوۋۇيۈەننىڭ ھاۋالىسى

بويىچە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شە-
ھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋەكالىتەن مۇكاپاتلايدۇ. يىغىنغا
پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى قاتناشتى ھەم ھەر مىللەت ۋەكىل-
لىرىگە مۇكاپات تارقاتتى، ئاخبارات ئورۇنلىرى ئىلغار تىپلار-
نىڭ ئىش-ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى ۋە خەۋەر قىلدى.
مانا بۇلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي خىزمەتكە يۈكسەك
دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مىل-
لىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى
ۋە مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ يىغىن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چى-
ڭىتىدىغان يىغىن بولدى. 45 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلا-
ھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەملىكى-
تىمىزدە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ئىل-
گىرىلىشىگە ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاق-
لىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا يېڭىدىن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قول-
غا كەلتۈرۈلدى. بۇنى ۋەكىللەر ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە
ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يەكۈنلىدى. بۇ پاكىتلار
جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلى-
كىدە، سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدە غايەت زور تەرەققىياتقا
ۋە يۈكسىلىشكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسەتتى، پارتىيىنىڭ مىل-
لىي سىياسىتىنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.
بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر مىللىي روھنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، بىزنى
مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ھەق-
قىدە تېخىمۇ تولۇق ئىشەنچكە ئىگە قىلدى.

بۇ يىغىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بولدى. مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرمۇ ھاسىل قىلىندى، بۇ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋەكىللەر چوڭ يىغىندا ئالماشتۇرۇش، كىچىك يىغىنلاردا مۇزاكىرە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، بۇ تەجرىبىلەر-نى سىستېمىلىق يەكۈنلىدى ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلى-دى، بۇ تۆنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش. بۇ تەجرىبىلەر مەملىكە-تىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئالا-ھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇردى، ئۇ قەدىر-لەشكە ئەرزىيدىغان مەنىۋى بايلىقتۇر. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى بېيىتتى، بۇ قې-تىمقى يىغىننىڭ مۇھىم بىر ئۆتۇقى ئەنە شۇ.

بۇ يىغىن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-رەققىيات ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئورۇنلاشتۇرىدىغان يىغىن بولدى. يىغىندا چوڭ ياخشى ۋەزى-يەت ئاستىدا مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-رەققىيات ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش مەسىلىسى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىندى ۋە بۇ ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يولداش جياڭ زېمىن، لى پېڭلارنىڭ سۆزلىرىدە بۇنىڭدىن كېيىن مىل-لىي خىزمەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-رەققىيات ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە ئىنتا-

يىن مۇھىم پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ پىكىرلەر مەملە-
كىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىل-
گىرى سۈرۈشتە مۇھىم يېتەكچى رول ئوينايدۇ.
بۇ يىغىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مىل-
لىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا خىزمەت كۆرسىتىشكە
چاقىرىدىغان سەپەرۋەرلىك يىغىنى بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا
باش شۇجى ۋە زۇڭلى ئۆز سۆزلىرىدە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك
ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك تەرەق-
قىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تە-
كىتلىدى. بۇ ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تەنتەنىلىك چاقىرىق،
دەۋر ھەر مىللەت خەلقىگە تاپشۇرغان مۇقەددەس مەجبۇرىيەت.
بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئۇتۇقلۇق ئېچىلىشى ھەر مىللەت خەلقىنى
يېڭى ۋەزىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، مىللىي ئىتتى-
پاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە چو-
قۇم ئىلھاملاندۇرىدۇ.
بۇ يىغىن تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مۇسابىقىنى كۆ-
تۈۋېلىش يىغىنى بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا يېڭى شارائىتتىكى
مىللىي خىزمەتنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە
ساقلىنىۋاتقان بەزى پايدىسىز ئامىللار ئەستايىدىل ۋە سەممىي
تەھلىل قىلىندى. ئۇزاقتىن بۇيان، بىرگە كاشىلا بولۇپ كېلى-
ۋاتقان بەزى مەسىلىلەر، ئىلگىرى نەزەرىيە جەھەتتە ئانچە ئاي-
دىڭلاشمىغان بەزى مەسىلىلەر ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىنىپ،
تونۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، روھ ئۇرغۇتۇلدى، بۇنىڭ بىلەن
مۇسابىقىنى كۆتۈۋېلىش ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشتى. بىز پۈر-

سەتنى قولدىن بەرمەي، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تى-
رىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

## 2

بۇ يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە لى پېڭ زۇڭلى
مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن،
مەزمۇنغا باي، مۇپەسسەل مۇلاھىزىلىك، ئىنتايىن مۇھىم سۆز
بولدى. بۇ سۆزلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي خىزمەتنى تېخى-
مۇ ئوبدان ئىشلەپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-
رەققىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمى-
يەتكە ئىگە. بىز بۇ سۆزلەرنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ،
چوڭقۇر ئۆزلەشتۇرۇپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ھەقىقىي
ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. ئەمدى مەن باش شۇجى ۋە زۇڭلىنىڭ
سۆزلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللىي خىزمەتكە دائىر، كى-
شىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئون جەھەتتىكى مەسىلە
ئۈستىدە بىرئاز پىكىر بايان قىلماقچىمەن:

**1. مىللىي خىزمەتنىڭ يۆنىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا.** نۆۋەت-
تە، مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى
ئىتتىپاقلىق، تەرەققىياتتىن ئىبارەت. بۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان-
دىن بۇيانقى، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى مىللىي خىزمەت نەزە-
رىيىسى بىلەن ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۇرۇشتىن ھاسىل قىلىنغان
ئىلمىي يەكۈن. بۇ يەكۈن مىللىي خىزمەتنىڭ قانۇنىيىتىنى،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇردى، بۇ

ئەينى زاماندا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ تەلىپى. شۇڭا
بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي خىزمەتتە، «ئىتتىپاقلىق، تەرەققى-
يات» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات دېگەن ئاساسىي تېمىنى قەتئىي
ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىگىلەش ئۈچۈن، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇنا-
سىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۇ ئىككىسى
ئورگانىك پۈتۈنلۈك بولۇپ، بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بە-
رىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىككىسىنىڭ قايسى بىرى كەم بولۇپ
قالسا بولمايدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا باش شۇجى بىلەن زۇڭلى-
نىڭ سۆزىنى ئۆگىنىش، 1200دىن ئارتۇق تېپىنىڭ ئەمەلىيىتى-
نى بىلىش ئارقىلىق، بۇ ئاساسىي تېمىنى ۋە ئىككىسىنىڭ
مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق دېيىشىمىز كې-
رەك. شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئىتتىپاقلىق ۋە
تەرەققىياتنى هامان مىللىي خىزمەتنىڭ ئەڭ تۈپ مەزمۇنى قىلى-
شىمىز لازىم. دەرۋەقە ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات هەققىدىكى
تەلەپ تۈرلۈك دەۋرلەردە ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. بۈگۈن-
كى كۈندە، ئىتتىپاقلىق دېگىنىمىز مىللەتلەر بىر-بىرىگە بارا-
ۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشى، ئۆزئارا هەمكارلىشىشى،
دوستانە ئۆتۈشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىر-
لىكىنى ئورتاق قوغدىشى لازىم دېگەنلىكتۇر؛ تەرەققىيات دېگى-
نىمىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلا-
هات-ئېچىۋېتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەق-
قىياتىنى تېزلىتىش، ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىل-

گىرى سۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈ-
رۈش دېگەنلىكتۇر.

**2. مىللىي سىياسەتنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا.** ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت ئارقىلىق پارتىيىمىز تۈز-
گەن مىللىي سىياسەت مۇكەممەل بىر سىستېما بولۇپ شەكىل-
لەندى، ئۇنىڭ مەزمۇنى سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتار-
لىق ھەممە ساھەگە چېتىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە مىللىي مەسى-
لىنىڭ مۇشۇنداق ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىشى، مىللىي خىز-
مەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈ-
شىدىكى تۈپ سەۋەبلەردىن بىرى پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز-
نىڭ توغرا مىللىي سىياسەتنى تۈزگەنلىكى ۋە يولغا قويغانلىقى-
دىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىندا پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا
قويۇلغاندەك، «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىز-
چىللاشتۇرۇش» قايتا تەكىتلەندى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسى-
تى— پارتىيىمىزنىڭ تۈپ سىياسەتلىرىدىن بىرى، ئۇنى قەتئىي
ئىجرا قىلىش كېرەك. ھازىر، نۇرغۇن كىشىلەر سوتسىيالىس-
تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا،
بولۇپمۇ بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان-
دىن كېيىن، قانداق سىياسەت، تەدبىرلەر قوللىنىلىدىغانلىقى،
دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققى-
ياتىغا يار-يۆلەك بولۇشى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغانلىقى
مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ.

ئۆتكەندە، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتى-

سادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن باجنى ئازاي-تىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، مەخسۇس فوند تەسىس قىلىش، مالىيە جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقاتار ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزدى. ھازىر، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەريانىدا ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر-نى ھەل قىلىشقا دۆلەت داۋاملىق يار-يۆلەك بولىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ، مە-سىلەن، باجنى ئايرىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانلىرىدىن بى-رى رايونلار ئارىسىدىكى مالىيە كۈچى تەقسىماتىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، مەركەزنىڭ جايلارغا يۆتكەپ چىقىم قىلىشى ئارقىلىق تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يۆلەش-تىن ئىبارەت. ئەمدى باھا ئىسلاھاتىنى ئالساق، بايلىق، خام ئەشيا-ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق. دەرۋەقە، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بولۇپمۇ مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدىغان چارىلەرنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**3. شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا.** شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە. كىشىلەر بۇ مەسىلە ھەققىدە نەزەرىيە جەھەتتىن ئوبدان چۈشەنچە بېرىلى-

شىگە، ئەمەلىي خىزمەتتە ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدىغان بەزى تەد-
بىرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىنتايىن تەقەززا بولماقتا. ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن شەرقتىكى دېڭىز بويى رايونلى-
رىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان
پەرقنى تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، ئىجتىمائىي ئامىل قاتارلىق
كۆپ تەرەپلىك ئامىللار پەيدا قىلغان، بۇ مەسىلىنى قىسقا مۇد-
دەت ئىچىدە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، شەرقىي رايونلار
بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىمەن دەپ،
شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىش تەدبىرىنى قول-
لىنىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز تىرىشىپ ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنى تېزرەك، ياخشىراق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق
شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنى تەڭكەش راۋاجلاندۇ-
رۇشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۆزىدىكى پەرق-
نى كۆرۈشى، تىرىشىش نىشانىنى كۆرۈشى، روھىنى ئۇرغۇتۇپ
تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، بىرىنچىدىن،
دۆلەتنىڭ يۆلىشىگە تايىنىش، ئىككىنچىدىن، تەرەققىي تاپقان
رايونلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىش لازىم. ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى
ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۈرەش قىلىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش
كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى تېخىمۇ جارى
قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا مېڭىشى
لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلە-
تىپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنى تەڭكەش راۋاج-

لاندۇرۇش، پۇتكۇل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى ئىزچىل، ساغلام، تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش — بىزنىڭ نىشانىمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ھەممە ساھەدىكىلەر يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلا بولسا، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرغىلى، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ.

**4. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا.** مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن تاشقىرى، جەمئىيەتنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتە «ئىككى قولدا تۇتۇش» ھەمدە «ھەر ئىككى قول»دا چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا مۇنۇ ئۈچ جەھەتنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ: بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىملىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پەن-تېخنىكىنى ئىقتىسادقا سىڭدۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ئۈ-

چىنچى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى
قىلدۇرۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى-
غا ماسلاشتۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى
سۈرۈش.

نۆۋەتتە، مۇشۇ ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەت ئوبدان تۇتۇلسا،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇ-
رۇشتىكى ئاساسىي زىددىيەت تۇتۇلغان بولىدۇ. دەرۋەقە، بۇ
خىزمەتلەر نۇرغۇن جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ، پۈتۈن جەمئىيەتتى-
كىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ.

**5. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەم-
لەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا.** مەملىكىتىمىزنىڭ مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ھازىرغا قەدەر 40
نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى، يېرىم ئەسىرگە يېقىن
ئەمەلىيەت بۇ تۈزۈمنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلىدى. دەرۋەقە، يېرىم ئەسىردىن بۇيان، جۇڭ-
گونىڭ ئەھۋالىدىمۇ، دۇنيانىڭ ئەھۋالىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆز-
گىرىش بولدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى-
نىڭ ئۆزىمۇ راۋاجلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇردى، ھازىر ئۇنى
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخى-
مۇ ئوبدان ماسلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ئوبدان
جارى قىلدۇرۇش زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق بىرنەچچە
نۇقتىنى تەكىتلەشكە تېگىشلىك: بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتكە ئىگە

قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغ-
داش ئۈچۈن، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بۇ جۇڭگوچە
تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي تېررد-
تورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى
ئىلگىرى سۈرۈش، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش
رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بىرەر سىياسەتنىڭ
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە، بىرەر تۈزۈم-
نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قاراشتا،
ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەق-
قىياتىغا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ياكى بولمى-
غانلىقىغا قاراش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
تۈزۈمىنى ئۆلچەشتىمۇ شۇنداق. ئۈچىنچى، دۆلىتىمىز ئىقتىسا-
دىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا،
سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرمەكتە،
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ
تەلىپى ۋە ئىسلاھات نىشانىغا ئاساسەن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەي-
تىپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى ئۈنۈمى يۇقىرى، بىرلىككە
كەلگەن، پاك ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، ئاپتونومىيە
ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئېغىر ۋەزىپىنى تېخىمۇ ئوبدان ئادا
قىلىشى، شۇ ئاپتونومىيىلىك جايدىكى خەلقنى باشلاپ يۇرتىنى
تېخىمۇ ئوبدان گۈللەندۈرۈشى لازىم. تۆتىنچى، مىللىي تېررد-
تورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىي-
لەشتۇرۇش كېرەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-

مىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ قانۇن ئاساسى «ئاسا-
سى قانۇن» ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»
دىن ئىبارەت، شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-
مىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەش-
تۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**6. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ھەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا.** ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنى ۋە ھەرخىل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈ-
رۈش — مىللىي خىزمەتنىڭ دائىملىق مۇھىم ۋەزىپىسى، مىل-
لىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ھەتتا مىللىي مەسىلە-
نى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى. يېڭى
ۋەزىيەت بىزدىن بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ
قىلىدۇ. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا
ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، سىياسىي سا-
پاسى، نەزەرىيىۋى بىلىمى، رەھبەرلىك قابىلىيىتى ۋە رەھبەر-
لىك سەنئىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان، ئەسىر ئاتلايدىغان بىر
تۈركۈم كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. ئومۇمىي جەھەتتىن
ئالغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىمىز سانى بىر-
قەدەر كۆپ، ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى قوشۇن، لېكىن ئۇ
بۈگۈنكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا تولۇق
ماسلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇ ھال بىزدىن خىزمەتنى كۈچەي-
تىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر مىللەت كادىرلى-
رىنى ئىدىيە ۋە قاراش، سىياسىي ساپا، كەسپىي ماھارەت

جەھەتتە ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ، بۈگۈنكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**7. سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا.** بىز مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ياكى چېكىنىشىگە، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشىغا، مىللەتلەرنىڭ شان-شەرەپ قازىنىشى ياكى خارلىققا قېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك دېگەن ستراتېگىيىلىك يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ تەكىتلىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسىدە، ئاساسەن، مۇنداق بىرنەچچە جەھەتنى تەكىتلەش لازىم: بىرىنچى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ تەربىيىنى كۆپ شەكىلدە، چوڭقۇر ۋە ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇش لازىم؛ ئىككىنچى، ھەر مىللەت خەلقىگە تولۇق ئىشىنىش ھەم تايىنىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچى، مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش لازىم؛ تۆتىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، دۆلەتنى پارچىلايدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتكە مەردانىلىك بىلەن

قارشى تۇرۇش لازىم؛ بەشىنچى، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۇ-
چەيتىپ، مىللىي مۇناسىۋەتنى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش
ۋە تەكشەش لازىم.

مانا بۇلار بىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلا-
ھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقىنى قوغداش ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلغان قىممەتلىك تە-
سىراتىمىز، شۇنداقلا ئىچكى ۋە تاشقى، تارىخىي ۋە رېئال تەج-
رىبە-ساۋاقلاردىن چىقارغان توغرا خۇلاسىمىز. بىز مۇشۇ بىر-
نەچچە جەھەتتە خىزمەتنى ئەستايىدىل كۈچەيتىدىغانلا بولساق،
مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى
ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيا-
لىستىك مىللىي مۇناسىۋەت چوقۇم ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ.

**8. مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئال-
غا سىلجىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا.** ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا
قويۇلغاندىن بۇيان، بىز مىللىي خىزمەتتە، مىللىي مەسىلىنى
بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە ئوبدان بىر شەكىلنى تېپىۋالدۇق،
ئۇ بولسىمۇ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات پائالىيىتىنى قا-
نات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت. پاكىتلار بۇ پائالىيەتنىڭ يۈز مىل-
يونلىغان خەلق ئاممىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان پائالىيەت
ئىكەنلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجادچانلىقىنى نامايان
قىلىدىغان، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە پائالىيەت ئىكەنلىكى-
نى ئىسپاتلىدى. بۇ پائالىيەت ئوبدان ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئې-
رىشكەنلىكى ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى ئېتىبار-
غا ئېرىشتى، گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەتلىك 2-قېتىملىق مىللىي

ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاچقانلىقىنىڭ ئۆزى بۇنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا باش شۇجى ۋە زۇڭلى ئۆز سۆزلىرىدە بۇ پائالىيەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. باش شۇجى ۋە زۇڭلىنىڭ سۆزلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام بولۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم تۈرتكىلىك ۋە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بۇ يىغىندىن كېيىن، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات پائالىيىتى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ پۇختا قانات يېيىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغۇسى.

**9. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىكى مىللىي مەسىلىگە دائىر بايانلارنى ئۆگىنىش توغرىسىدا.** پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7- ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى سىستېمىلىق يىغىنچاقلانغان چاغدا، مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. شۇ چاغدا بۇ نەزەرىيە 12 جەھەتكە يىغىنچاقلاندى، ئۇنىڭ بىرى مىللىي مەسىلە بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى قىسمى ئۇنىڭ پۈتكۈل نەزەرىيىسىگە ئوخشاشلا جانلىق مەزمۇنغا باي ۋە مۇپەسسەل. تارىخقا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا مۇھىم بايانلارنى ئوتتۇرىغا

قويغانلىقىنى كۆرىمىز، بۇنىڭ ئىچىدە 1950-يىلى غەربىي جە- نۇب رايونىغا بارغان مەركىزىي مىللەتلەر زىيارەت ئۆمىكىنى قارشى ئېلىش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى بىرقەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئالاقىدار بايانلىرى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ بار- دى، شۇڭا ئۇ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزە- رىيىسىنىڭ مىللەت توغرىسىدىكى قىسمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ جەۋھىرىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ خىزمىتى- مىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم.

**10. پۈتۈن پارتىيىنىڭ مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىملىقى مەسىلىسى توغرىسىدا.** مىللىي خىزمەت پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسى- مى، ئۇ نۇرغۇن جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ، پۈتۈن جەمئىيەت كۈچ چىقارغاندىلا، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تار- ماقلىرى رەھبەرلىكنى كۈچەيتكەندىلا، بۇ خىزمەتنى ئاندىن ياخ- شى ئىشلىگىلى بولىدۇ. مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى نۇقتى- سىدىن تولۇق تونۇش لازىم؛ مىللىي خىزمەتنى دائىم تەتقىق قىلىپ، ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك؛ ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، خەلق ئام- مىسىغا كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش لازىم؛ مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەتكار بولۇپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوبدان مەسلىھەتچىسى بو-

لۇش كېرەك. باش شۇجى ۋە زۇڭلىنىڭ سۆزلىرى پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇنداق دېيىشىمىز كېرەككى، ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلار مىللىي خىزمەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، لېكىن بەزىدە مەركىزىي خىزمەتلەر بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، مىللىي خىزمەتكە سەل قارايدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ يىل 1-ئايدا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو-سى دائىمىي كومىتېتىغا مىللىي خىزمەتنى دوكلات قىلغاندا، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار: مىللىي خىزمەتنى دائىم تە-كىتلەپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى بار. ھەر يىلى بەزى ئىشلارنى قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى، بۇ ناھايىتى ھەق سۆز بولدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، يېڭى شارائىت ئاستىدا، پۈتۈن پارتىيە مىللىي خىزمەتكە بۇرۇنقىدەكلا ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشقا، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىدۇ، مىللىي خىز-مەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈ-چۈن ئوبدان ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىسلاھات داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەيدۇ.

## 3

بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقى مۇ-ھىم، يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈ-

رۇش شۇنىڭغا ئوخشاشلا مۇھىم. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن-
كى ئىنتايىن مۇھىم ئىش يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىز-
چىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ھەقتە
تۆۋەندە بىرقانچە پىكىر ئېيتماقچىمەن.

**1. يولداش جياڭ زېمىن بىلەن يولداش لى پېڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش لازىم.** ھەرقايسى رايونلار ۋە تارماقلار مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ، مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزى بىلەن يولداش لى پېڭنىڭ دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش لازىم. ئۆگىنىشى ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق--تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىلىش، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى ئىگىلەش، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش، مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئەتراپلىق ئىگىلەش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش لازىم.

ئۆگىنىش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈ-

رۇش، ئۆز رايونى ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەش-
تۈرۈش ئارقىلىق، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە بىرلىككە
كەلتۈرۈپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئەمە-
لىيىتىگە تېخىمۇ ئوبدان يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

بەزى مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق شەكىللەر ئارقىلىق مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىشقا ۋە تەتقىقلاشقا بولىدۇ.

**2. يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل، پۇختا تەشۋىق قىلىش لازىم.** بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاش-تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ئوب-دان جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. تەشۋىقات كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن، جانلىق، مۇئەييەن دەرىجىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشى، ئەمەلىي ئۈنۈم كۆزدە تۇتۇلۇشى لازىم. باش شۇجى جياڭ زېمىن بىلەن زۇڭلى لى پېڭنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندىكى سۆزى بىلەن دوكلاتىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نۇقتىلىق تەشۋىق قىلىش، مىللىي ئىتتى-پاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە ئۈلگىلىك كوللېكتىپ ۋە ئۈلگىلىك شەخسلەرنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرىنى تەشۋىق قى-لىش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسىي تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلىش لازىم.

يىغىننىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىشنى ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەق-

قىدىكى تەشۋىقات-تەربىيە بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. تەشۋىقات ئارقىلىق كىشىلەر يىغىنىنىڭ روھىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئاڭلىق ئاتلىنىدىغان بولسۇن.

**3. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىپ، يىغىننىڭ روھىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم.** يىغىننىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بىر قېتىم مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى سورايمىز. يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ، ھەرخىل رايونلارنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىك نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيلىق بىلەن ئايرىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەزمۇنغا باي ۋە جۇشقۇن ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ۋە مېتافىزىكىلىق قىلمىشلاردىن ساقلىنىش لازىم.

بۇ قېتىمقى يىغىندا مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىش-

لىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە بىرقاتار ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە فاڭجېنلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، رايونلار ئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق-نى ۋە تەڭگەش تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. جايلار بۇلارنى ئىزچىللاش-تۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا، چوقۇم شۇ چاغ، شۇ جايدىكى كونكرېت شارائىتقا بىرلەشتۈرۈپ، تۇرلەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

ئەمەلگە قويۇش قەدەم-باسقۇچلىرى جەھەتتە ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ، ئىلمىي پىلان تۈزۈپ، يېقىنقى مەزگىللىك نىشاننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، يىراق كەلگۈسى نىشاننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، نېمىنى ئاۋۋال قىلىش، نېمىنى كېيىن قىلىش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يىغىننىڭ روھىنى دەل جايىدا پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

**4. يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ياخشى ۋە ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش لازىم.** مىللىي ئىتتىپاق-لىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشقا تى-رىشىش لازىم، بۇ بىر رايوندا مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. شۇڭا

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى ئۆلگە كۆرسىتىپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى نېمىنى ئويلىسا شۇنىڭ غېمىدە بولۇشى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا شۇ ئىشنى قىلىشى لازىمكى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى لازىم تاپقان ۋە تەلەپ قىلغان ئىشلارنى كۆرمەسلىككە سالىدىغان، قارار قىلىپ قويۇپ ئەمەلىيەتتە يولغا قويمايدىغان، تۇتىمىز دەپ قويۇپ، ئەمەلدە تۇتمايدىغان قىلىقلارنى ھەرگىز سادىر قىلماسلىق كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تەلەپ قىلىۋاتقان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. يېقىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىنى، خەلقنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، مىللىي خىزمەتنىمۇ مول مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ۋە رەھبىرىي كادىرلار تەخىرسىزلىك ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئىش ۋە ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، ھازىر قىلىشقا بولىدىغانلىكى ئىشلارنى تېزرەك قىلىشى، شارائىت تېخى تولۇق ھازىرلانمىغان، دەرھال قىلىش تەسكە چۈشىدىغان ئىشلارنى خىزمەتنى پائال ئىشلەپ، شارائىت يارىتىپ ئىشلىشى، خەلق ئاممىسىنى خۇشال قىلىش كېرەك.

ھازىر چوڭ-چوڭ فاجىئەلەر بەلگىلىنىپ بولدى، گەپ راستىن تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشتە قالدى. يېقىننىڭ روھىنى

ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە دەپ قويۇپ، مۇھاكىمە قىلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئەھۋالدىن جەزمەن ساقلىنىش لازىم، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق، يۈزەكى ئىش قىلماسلىق كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى مۇۋاپىق پەيتتە بىر قېتىم تەكشۈرۈشنى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك.

**5. ھەرقايسى تارماقلار ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئورتاق ئالغا سۈرۈش لازىم.** مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئومۇمىي دائىرىگە، ھەممە ساھەگە ئالاقىدار، ھەرقايسى تارماقلار ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پائال قاتناشقان چاغدىلا، بۇ ئىشنى ئاندىن راۋاجلاندۇرغىلى، ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىدىغان، كۈچ چىقىرىدىغان ئېغىر ۋەزىپىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتماسلىقى لازىم. ئىلگىرى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەربىر شانلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئەجرى ۋە تەرى سىڭگەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مىللىي خىزمەتنى بۇرۇنقىدەكلا قوللاپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى لازىم. كونكرېت خىزمەتتە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆڭۈلگە پۈكۈش، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇش، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە خىزمەت قىلىش لازىم. مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلانغاندا، سىياسەتلەرنى تۈزگەندە ۋە ئىجرا قىلغاندا مەملىكە-

تىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ئەھۋالىنى ھېسابقا ئېلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش لازىم.

بۇ قېتىمقى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرقاتار ۋەزىپىلەر-نىڭ بەزىلىرىنى ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ئەمەلىي-لەشتۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ، بەزىلىرىنى ئالاقىدار تارماقلار ئۆزئارا ماسلاشقاندىلا ئاندىن ئوبدان ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلىپ، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر-بىرىنى قوللاپ، ئۆزئارا كېڭىشىپ ۋە ماسلىشىپ، يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

**6. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم.** تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پارتىيىمىز ئىزچىل تۇردە تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن مۇھىم خىزمەت ئۇسۇلى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ئاممىلەن قويۇق ئالاقە باغلىشىدىكى مۇھىم يول. مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى قاتارلىقلار پەرق-لىنىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ، جەمئىيىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتىدۇ، مانا بۇلار بىزنىڭ تەكشۈرۈپ تەت-قىق قىلىشنى كۈچەيتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. تەكشۈرۈپ تەت-قىق قىلغاندىلا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگىلى، ھازىرنى تونۇپ، كەلگۈسىنى مۆلچەرلىگىلى، پۇختا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن پىكىر ۋە

تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. شۇڭا يىغىننىڭ روھى-
نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىش-
لىرىنى ئالغا سۈرۈش جەريانىدا باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي ئەمە-
لىيەتكە، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەستايىدىل تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلا-
ھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدىكى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئىگىلەش، ئاز سان-
لىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى ئەمە-
لىي ئېھتىياجىنى بىلىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈ-
زۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا مىللەتلەر-
نىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى مەسىلىلەرنى ۋە ئۇ-
نى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى بىلىش لازىم.
تەكشۈرۈش مۇھىم، تەتقىق قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم.
ئەھۋاللارنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش
ئارقىلىق بەزى چوڭ-چوڭ نەزەرىيە مەسىلىلىرىگە ۋە رېئال
مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىش، مۇناسىپ تەدبىرلەرنى ئوت-
تۇرىغا قويۇش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خىزمەتنى
ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**7. مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئۈلگىلەرنىڭ
تىپىك، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.** بۇ قېتىم
مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەنگەن
ئۈلگىلىك ئورۇنلار ۋە شەخسلەر مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىت-
تىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشتى.
بۇ ئىلغار تىپلارنىڭ باشلامچىلىق رولىنى ۋە نەمۇنىلىك رولىنى

داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تېخىمۇ كۆپ ئىپلارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، تەرەققىياتىغا ئىنتىلىش ھەرىكىتىنى ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش لازىم. بىز تەقدىرلەنگەن ئۈلگىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭمۇ شان-شەرىپىنى ساقلاپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي ئورۇندىشىنى، ئىشنى پۇختا قىلىپ، مەغرۇرلانماي، ئالدىراقسانلىق قىلماي، داۋاملىق ئالغا بېسىشىنى، جانلىق، جۇشقۇن مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى خىزمەت كۆرسىتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

يولداشلار، مۇشۇ يىغىننى بەلگە قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويىدى. بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز پارلاق؛ كەلگۈسىدىكى ۋەزىپىلىرىمىز ئېغىر، مەنزىلىمىز يىراق. قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ، ئىشنى پۇختا قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا توختىماي كۆرەش قىلايلى.

# پولاتتەك ئىرادە، قايناق ھېسسىيات*

— ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر— يولداش بۇرھان شەھىدىنى ئەسلەيمەن

(1994-يىل 10-ئاينىڭ 23-كۈنى)

1989-يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مەن ئىلى ۋىلايىتىدە ئىدىم. ئاسماندا قۇياش پارلاپ تۇرغان، قوي-كالىلار سەمرىپ يايراۋاتقان ئالتۇن كۈز پەسلى ئىلكىدىكى بۇ يەر ئىنتايىن گۈزەل تۈس ئالغانىدى. مەن غۇلجىغا بېرىپ ئەتىسى بېيجىڭدىن يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ كېسەلى خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا تېلېفون كەلدى. بۇ خەۋەر مېنى ئىنتايىن بىئارام قىلىپ قويدى. ئارىدىن يەنە 20 نەچچە سائەت ئۆتۈپ ئىككىنچى قېتىم بېيجىڭدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالغىنىمدا بۇرھان ئەپەندىم ۋاپات بولدى دېگەن شۇم خەۋەردىن خەۋەر تاپتىم . . . كۆزنىڭ غۇر-غۇر شامىلىدا كۆڭلۈم سوۋۇپ، چەكسىز قايغۇ ئىچىدە خىيالغا پاتتىم. شۇئان بۇرھان ئەپەندىمنىڭ ئىلگىرى شىمالىي شىنجاڭنى كېزىپ مۇبارەك ئىزىنى قالدۇرغانلىقى، ئۇ ئەكسى-

---

* بۇ ماقالە «خەلق گېزىتى» نىڭ 1994-يىل 10-ئاينىڭ 23- كۈندىكى سانىغا بېسىلغان.

يەتچى مىللەتچى مىلتارىست شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ قولغا ئېلىن-
غاندىن كېيىن، ئاۋۋال غۇلجىدا قامالغانلىقى؛ ئۇنىڭ ئىلگىرى
«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن شىنجاڭ
بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلگەنلى-
كى، ئۇنىڭ ئالتايدا ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ «شەرقىي تۈركىس-
تان» قۇرۇش سۇيىقەستىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى. . . ئېسىمگە
كەلدى. بۇ دەل مەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ 45 يىللىقىنى
خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقان كۈن ئىدى، بىز قەدىر-
لەيدىغان سۆيۈملۈك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىسىگە ۋە خاتىرە
مۇنارىغا نەزەر سالغىنىمدا كۆز ئالدىمدا يېڭى بىر خاتىرە مۇنارى
نامايان بولدى.

كۆز كۆنلىرى ئىدى، يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ۋاپاتىغا
ھايت-ھۇيت دېگۈچە بەش يىل توشقانىدى، بۇ يەنە بۇرھان
ئەپەندىم تۇغۇلغان كۈنگە 100 يىل توشقان ۋاقىت ئىدى. پى-
كىر-خىيالىم خۇددى كۈزنىڭ ئوت-چۆپلىرى يەلپۈنۈۋاتقاندەك
داۋالغۇپ، بۇرھان ئەپەندىمنىڭ يىللىق چىرايى ۋە مەرھۇمنىڭ
ۋەتەننى سۆيۈپ، ئۆزىنى ۋەتەنگە بېغىشلىغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن
تەسىرلىك ئىشلىرى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

بۇرھان ئەپەندىنىڭ ھاياتى— ئۇلۇغ ھايات، ئۇنىڭ بىلەن
ئالاقە قىلىش داۋامىدا، ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھېسسى-
ياتىنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم، ئوتتەك قىزغىن ئىكەنلىكى مەن-
دە ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. يولداش ماۋ
زېدۇڭنىڭ: «بىر ئادەمنىڭ ئاندا-ساندا ياخشى ئىش قىلىپ
قويۇشى قىيىن ئەمەس، قىيىنى ئۆمۈرۋايەت ياخشى ئىش قى-

لىش، يامان ئىش قىلماسلىق» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. مېنىڭچە ۋەتەننى سۆيۈش مەسىلىسىدىمۇ شۇنى دېيىش كېرەككى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋەتەنگە مۇھەببەت باغلىغان، بولۇپمۇ مۇشكۈل ۋە خەتەرلىك پەيتلەردە ۋەتەننى سۆيۈش ئىرادىسىدىن قايتمىغان ئادەملا، ھەقىقىي ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولداش بۇرھان شەھىدى ئەنە شۇنداق ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى كەچۈرمىشلىرى مۇرەككەپ، بۇ دۇنيادا كۆرگەنلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى گېرمانىيىدە ئوقۇغان، كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆزدىن كەچۈرگەن؛ شىنجاڭدا يەر ئاستى كۈرەشكە قاتناشقان، گومىنداڭ دەۋرىدە شىنجاڭدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتىگەن؛ ئۇ شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ۋە يەنە «ھۆكۈمەت ئەزاسى» بولۇپ، نەنجىڭدىمۇ تۇرغان؛ ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ بوران-چاپقۇنلىرىنى بىۋاستە بېشىدىن كەچۈرگەن، شۇنداقلا شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇشقا قاتناشقان. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە گۈزەل يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا قاتناشتى. يەنە ئۇزاق مۇددەت مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدە ۋەزىپە ئۆتىدى؛ ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇق ئەلچىسى سۈپىتىدە ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلدى، ئۇ دىنىي ۋە مىللىي خىزمەت بىلەنمۇ شۇغۇللاندى؛ ئۇ ئالاھىدە ئۇتۇق

قازانغان ئۆلىما بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، «ئون يىللىق مالىمانچىلىق» داۋامىدا ئۇۋال قىلىنىپ ئازارمۇ يېدى. . . مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن، قانداق مۇھىتتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى، ۋەتەنگە سادىق يۈرىكى خۇددى ئۆچمەس مەشئەلدەك كۈچلۈك يالقۇنجاپ تۇرىۋەردى. مەن بۇ يەردە كونكرېت ئىشتىن ئىككىنىلا تىلغا ئالماقچىمەن. 1933-يىلى، ئۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر جاھانگىرلىك كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشقا ئۇرۇنغان جىددىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ: شىنجاڭ «مۇستەقىللىق» دېگەن خاتا يولغا ماڭسا بولمايدۇ، ئاتالمىش مۇستەقىللىق ئەمەلىيەتتە جاھانگىرلارنىڭ سۈيىقەستى. جاھانگىرلىككە تايىنىپ «مۇستەقىل» بولىمىز دەيدىغان خام خىيالغا بېرىلىش شىنجاڭ خەلقىنى جاھانگىرلىكنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈرۈپ قويىمەن دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ جايىدا كۆرسەتكەن. بۇ سۆزلەر ۋەتەنپەرۋەرگە خاس كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى تولۇق ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر ئىش مۇنداق: ئۇ 60-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نائادىل مۇئامىلىگە ئۇچرىدى، 1965-يىلدىكى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، ئۇ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلىنغان مۇئامىلىنىڭ پەرقلىق بولغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. لېكىن ئۇ ھېچقانداق ئاغرىنىش كەيپىياتىدا بولماي، ئالاقىدار تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە ئوخشاشلا خۇشال-خۇراملىق بىلەن قاتناشتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا، ئۇ بىكاردىن-بىكار

«خەلقئارالىق جاسۇس»، «ۋەتەن خائىنى» دېگەن بەتنام بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىپ يەتكۈچە ئازاب چەكتى. ئۇ تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىنغاندا، كۆپىنچە گەپ-سۆز قىلماي جىملا تۇرۇۋالاتتى، لېكىن بەزىلەر ئۇنى «ئەسلىدە جۇڭگولۇق ئەمەس» دەپ ئېيتقاندا، ئۇ قەيسەرلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «مەن جۇڭگولۇق» دەپ مەردانە جاۋاب قايتۇراتتى.

ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، سىياسىي ئەقىدىسى ۋە ئىدىيە-ئېتىقادى تۈرلۈكچە بولۇش مۇمكىن. بۇرھان ئەپەندىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى ئۇنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇ 20-يىللارنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ماركسىزم بىلەن ئۇچراشقان، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، كوممۇنىزمغا پەيدىنپەي قەتئىي ئەقىدە باغلىغان. ئۇ شۇ ۋاقىتنىكى خاتىرىسىگە: «1932-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1933-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەندە ئىدىيە، تونۇش، دۇنيا قاراش جەھەتتە ناھايىتى زور ئىلگىرىلەش بولدى، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزالايدىغان ھەقىقىي تەلىمات ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلىدىم، مەن ۋەتىنىم جۇڭگونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئەركىن، بەختلىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن مۇشۇ ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيمەن» دەپ يازغان. ئۇ مۇشۇ ئېتىقادىنى ئۆزىگە يار قىلىپ، كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئىنتايىن ئۇزاق مۇساپىسىنى بې-

سىپ ئۆتتى، ھەددى-ھېسابسىز بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بەردى. 1989-يىل 2-ئايدا، ئۇ ئېھتىمال ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلغان بولسا كېرەك، «باللىرىمغا سۆز»نى يېزىپ قالدۇرغان، ئۇنىڭدا: «1912 -يىلى چەت ئەلدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن چېغىمدىن ھازىرغىچە 80 يىل بولاي دەپ قالدى. شۇ 80 يىل ۋاقىت ئىچىدە، مەن تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈردۇم، كىشىلىك ھاياتنىڭ سانسىز ئوڭغۇل-دوڭغۇل مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتۇم. ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى تېپىش ئۇچۇن، ئۇزاق ۋاقىتقىچە، زۇلمەت ئىچىدە ئىزدىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ماركسىزم ۋە كوممۇنىزمنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆمۈر بويى كۈرەش قىلىدىغان ھايات ئېتىقادىنى تىكلىدىم. دەل مۇشۇ ئېتىقاد مېنىڭ سانسىز جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىشىمگە مەدەت بەردى» دەپ يېزىلغان. مانا بۇ ئۇنىڭ ۋەتەن ھەققىدە، پارتىيە ئىشلىرى توغرىسىدا چىن قەلبىدىن ئېيتقان سۆزى، شۇنداقلا ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بېسىپ ئۆتكەن شانلىق يولنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى.

بىر ۋەتەنپەرۋەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش يالغۇز ئۇنىڭ قەلبىگە پۈكۈلگەن گۈزەل ۋە مۇستەھكەم تۇيغۇ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئىپادىلەنگەن كونكرېت ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. خۇسۇسەن ئۇ چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسى ۋە چوڭ بوران-چاپقۇنلار ئالدىدا كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشى، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇشى، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىشى، باشتىكى نىيىتىدىن ياد-

ماسلىقى، شەخسىي پايدا-زىيىنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇر-
ماسلىقى، دۆلەت مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك. دۆلە-
تىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر
ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ. يولداش بۇرھان شەھىدى بۇ جە-
ھەتتە بىز ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە يارىتىپ بەردى. ئۇ ۋاپات
بولۇشىنىڭ ئالدىدىلا، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ: «كىشى-
لەرنىڭ ئۆمرۈمدە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىمنى قانداق سۆندۈ-
رۈشى ياكى ماختىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۆمۈر بويى ۋەتەن-
نىڭ بىرلىكى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن
كۈرەش قىلدىم» دېگەنىدى. مانا بۇ جاراڭلىق سۆزدىن بىر
ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئالىيجاناب ئوبرازىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇرھان
ئەپەندى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ شىنجاڭنى بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇن-
غان ھەرىكەتلىرىگە قارشى يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇش
ۋە تىز يۈكمەي كۈرەش قىلىش روھىنى ئىپادىلىدى. 1948-
يىلى، شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇرھان شەھىدىنى
شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەندە، «شەرقىي
تۈركىستان» نىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن بىر قىسىم ئا-
دەملەر قۇترىشىپ كەتكەن. جاھانگىر ئۇنسۇرلار ۋە بۆلگۈنچىلەر
بۇرھان ئەپەندىگە تەھدىت سېلىپ ۋە ئۇنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇ-
نۇپ، «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ قارا بايرىقىنى قايتىدىن كۆتۈ-
رۈش قەستىدە بولغان. بۇرھان ئەپەندى بۇنىڭغا ھەققانىي سۆز-
لەر بىلەن قاتتىق جاۋاب قايتۇرغان، ئۇ خىزمەتكە چۈشۈش
مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان «پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە مۇرا-

جىئەتنامە» سىدە مەردانىلىك بىلەن: «بىز ئىتتىپاقلىقنى چىڭد-
تىپ، بىرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. چۈنكى ئىتتى-
پاقلىق بولغاندىلا، كۈچ بولىدۇ؛ بىرلىك بولغاندىلا تىنچلىق
بولىدۇ» دېگەن.

جاھانگىر ئۇنسۇرلار بىلەن بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۆزئارا
تىل بىرىكتۈرۈپ پەيدا قىلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان»
قەپەزدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئەلۋەتتە.
ئەمما ئۇ ئاز سانلىق كىشىلەر بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشتا لەپىل-
دىتىدىغان بايراق، شىنجاڭنىڭ تىنچ-ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزى-
دىغان ئاپەت بولۇپمۇ قالدى. بۇرھان ئەپەندى «شەرقىي تۈر-
كىستان» نى تەرغىپ قىلغۇچى كىشىلەر بىلەن تىغمۇتىغ كۈرەش
قىلدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مول تارىخ بىلىمىدىن پايدىلىنىپ،
«شەرقىي تۈركىستان» نىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى پولاتتەك
پاكىتلار بىلەن تەھلىل قىلىپ، شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ
ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ بەردى. ئۇنىڭ «شىنجاڭ مەسى-
لىسىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى
توغرىسىدا» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى
بار. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەسىرى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇئەييەن-
لەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. بۇرھان ئەپەندى ئۆز ئەسىرىدە: «ئاتال-
مىش ‹شەرقىي تۈركىستان› دېگەن نام 19- ئەسىردە كۈچلۈك
جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەملىكىچى-
لىك-تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا پەيدا بول-
غان. شۇ چاغدا غەرب مۇستەملىكىچىلىرى زەرەپشان دەرياسىنى

چېگرا قىلىپ، ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى، «غەربىي تۈركىس-
تان»، شەرقىدىكى رايونلارنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتى-
غان. بۇ نام تىل ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمنى ئاساس قىلغان
بولۇپ، روشەن تاجاۋۇزچىلىق غەرىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.
بەزىلەر ئۆز ۋاقتىدا غەرب مۇستەملىكىچىلىرى تاجاۋۇزچىلىق
مەقسىتىدە ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك نامنى ئۇيغۇرلار ۋەتىنى-
نىڭ نامى، دەۋالدى. روشەنكى، بۇ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىنغان
ھاقارەت» دەپ يازغان. ئۆتكۈر قەلەم بىلەن يېزىلغان قىسقا،
ئەمما مەزمۇنلۇق بۇ سۆزلەردە تاجاۋۇزچىلارنىڭ سۇيىقەستى رە-
ھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىنغان، يامان غەرەزلىك كىشىلەر
كۆچلۈك قامچىلانغان، نادانلارغا سەمىمىي ئەسكەرتىش بې-
رىلگەن.

ئۇ ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداشقا ئۆمۈر بويى ئىنتىلگەنلىكى ئۈچۈن، قەيەرگىلا بارسا،
ئىتتىپاقلىق بىلەن بىرلىكنى دەۋەت قىلغان. 1947-يىلى، يەنى
ئۇ ھۆكۈمەت ئەزاسى بولغان مەزگىلدە «شىنجاڭ مەدەنىيەت-
سەنئەت ئۇيمىكى»نى تەيۋەنگە ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ۋە ئويۇن
قويۇشقا باشلاپ بارغان. ئۇ تەيۋەندىن ئايرىلىش ئالدىدا نۇتۇق
سۆزلەپ: شىنجاڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان، تەيۋەن شەرقىي
جەنۇبتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككى چېگرا
ئۆلكىسى بىر-بىرىگە يىراقتىن قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى ئۆلكە
خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر جان-بىر تەن بولۇپ،
بىرلىكنى ھىمايە قىلىشى، ۋەتەننى قوغدىشى كېرەك، دېگەن.
مانا بۇ سۆزلەر بۇگۈندىمۇ كىشىگە ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ

تۇيۇلىدۇ.

شىنجاڭ— ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى، يەنە كېلىپ بۇرھان
ئەپەندى ئۇزاق مۇددەت ياشىغان ۋە كۈرەش قىلغان جاي،
شۇڭلاشقا ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئالاھىدە مۇھەببىتى بار، بۇ مۇھەب-
بەت ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش مۇھەببىتى بىلەن يىلتىز-
داش بولۇپ، بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى
ئۇ ھەرخىل خەتەرلىك ۋە مۇرەككەپ ئەھۋاللار ئاستىدا، شىن-
جاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە چې-
پىپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان؛ بۇمۇ ئۇنىڭ ۋەتىنىمىز-
نىڭ ئازادلىقى ۋە تەرەققىياتى يولىدا ئېلىپ بارغان باتۇرانە
كۈرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد
بولغاندىن كېيىن، ئۇ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇنجى رەئىسلىكىنى
ئۈستىگە ئېلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا
قەتئىي بويسۇندى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى
ئاستىدا، ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىنقىلاب
ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ،
ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ 1955-يىلى بېيجىڭغا
يۆتكىلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، يىراقتا تۇرغان ئانا يۇرتى شىن-
جاڭدىن مېھرىنى ئۈزمەي، ئۇنى ھامان يادىدا تۇتتى ۋە ئانا
يۇرتىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەل-
دى. خۇددى ئۇ ئۆزى «يۇرتۇمنىڭ ھەربىر گىياھسىمۇ مېھرىم-
نى تارتىپ تۇرىدۇ» دەپ ئېيتقاندەك، ھۆججەت، گېزىت،
رادىئولاردىن شىنجاڭ توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرگىنىدە ۋە
ئاڭلىغىنىدا ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئىنتايىن خۇ-

شال بولاتتى. ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا قامالغان مەزگىلدىمۇ، ئۆزىنىڭ تىنچ-ئامانلىقى بىلەن كارى بولماي، شىنجاڭدىن مېھرىنى ئۈزمىدى. ئۇ ئۆزى قامالغان ئۆيدە سۆيۈملۈك يۇرتى— شىنجاڭنىڭ ئۆزگىرىپ جەننەتتەك بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە يازغان. ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتى نېمىدېگەن سەمىمىي، نېمىدېگەن قىزغىن-ھە!

ئۇ 1983-يىلى، شىنجاڭدا چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، دۇ جۇڭيۈەن قاتارلىق قۇربانلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۆزى ئۇزاق مۇددەت ئايرىلغان شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى ھەمدە شىخەنزە، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى. ئۇ ئۆز يۇرتىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەردىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. 1985- يىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى يېتىپ كەلگەندە، 91 ياشتىن ھالقىغان بۇرھان ئەپەندى مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن شىنجاڭغا يەنە بىر قېتىم سەپەر قىلدى. ئۇ تۈرلۈك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى، يەنە زاۋۇت، دوختۇرخانا، مەكتەپلەرگە بېرىپ، ھەرقايسى ساھەدىكى زاتلاردىن ھال سورىدى. خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇ 1983-يىلى ۋە 1985- يىلى ئىككى قېتىم شىنجاڭغا بارغاندا، مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى كۈتۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭ ئۆز

يۇرتىنى قىزغىن سۆيۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۇشى مەندە چوڭقۇر تەسىرات ۋە ئۇنتۇلماس گۈزەل خاتىرە قالدۇردى. بۇرهان ئەپەندىم، شۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە مەردانە قەدەم تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، جانابىڭىزنىڭ ئۆز يۇرتىڭىزنى بۇ دۇنيادىكى جەننەتكە ئايلاندۇرۇش ئارزۇيىڭىز چوقۇم شانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ.

# جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت*

(1994-يىل 11-ئاينىڭ 25-كۈنى)

يىغىن تەشكىلاتچىسىنىڭ مېنى شىياڭگاڭغا كېلىپ مۇشۇ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ناھايىتى شەرەپلىك ھېس قىلماقتىمەن! مېنى مۇشۇ گۈزەل ئاخشامدا نۇتۇق سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىمەن!

مىللىي مەسىلە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىنتايىن ئومۇمىي تۈس ئالغان، ئەستايىدىللىق بىلەن ئوبدان ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بىر مەسىلە. مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىناق، ياخشى مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىبارەت، مىللىي مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكى شەكسىز. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەد شىياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «شەرقىي ئاسىيا رايونىدىكى ئىرقلارنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش» مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن نوتۇق. كېيىن بۇ نۇتۇق يىغىن ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلۈپ نەشىر قىلىنغان.

قىسقىچە بايان قىلماقچىمەن.

## 1. جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشى

جۇڭخۇا مىللەتلىرى 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ھەممە مىللەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە خاس ئورتاقلىقنى ئىگە، شۇنىڭ بىلەن تارىخ، مەدەنىيەت، تىل-يېزىق، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. جۇڭخۇا ئېلىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى 56 مىللەت ئورتاق ياراتقان. جۇڭگونىڭ 5000 يىللىق ئۇزۇن تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا ھامان ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، يول ئېچىپ كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈنلا جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز يېڭى شان-شەرەپ قازىنىپ كەلدى.

دەرۋەقە، جۇڭگو تارىخىنىڭ ئېقىنىدا لايمۇ ئاققان، مىللەتلەر ئارىسىدا تالاش-تارتىشمۇ بولغان، شۇ سەۋەبتىن پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئەھۋالمۇ يۈز بەرگەن: جەمئىيەتتە داۋالغۇش بولۇپ، خەلق ئازاب ئىچىدە قالغان. بۇنداق ئەھۋالنى ھازىرقى دۇنيادىمۇ ئۇچرىتىش تەس ئەمەس.

تارىخ جۇڭگو خەلقىگە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە مىللىي مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىشتا ئىنتايىن ياخشى يول كۆرسەتتى، ئۇ بولسىمۇ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەرنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىپ، قې-

رىنداشلارچە يېقىن مىللىي مۇناسىۋەتنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يې-ڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشقا تىرىشتى. جۇڭگو ھۆكۈ-مىتى ھەممە ئىشنى باشتىن باشلاش توغرا كېلىۋاتقان، ئۇرۇش جاراھەتلىرىنى ساقايتىشقا ئالدىراۋاتقان چاغدىمۇ كونىچە مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىغا يېڭىسىنى تۇرغۇزۇشنى ئۇنتۇماي، كونا تۇ-زۇمنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتتىكى پاسسىپ تەسىرىنى تىرىشىپ تۈگەتتى.

1951-يىلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىش ياكى ھاقارەتلەش خاراكتېرىنى ئالغان ئاتالمىلارنى، يەر ناملىرىنى، ئابىدىلەرنى، بېغىشلىما-لەۋھەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى يوليو-رۇق»نى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، مىللەت تونۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى، مەملىكىتىمىز-دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ نامى 50-يىللاردا ئىلمىي تونۇش ئاساسىدا بېكىتىلگەن. ئۇزاقتىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتى-مائىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان چاغدا خېلى بىر قىسىم كىشىلەر قۇللۇق تۈزۈمدە، فېئودال يانچىلىق تۈزۈمدە، فېئوداللىق تۈزۈمدە ھەتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە تۇراتتى. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ مەركەز ۋە جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، تۇرمۇشنى ياخشى-لىشىغا پائال ياردەم بەردى. سىياسىي جەھەتتە مىللەتلەرنىڭ

باراۋەرلىك ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باراۋەرلىك بىلەن قاتناشتى. بىرقاتار تىرىشچانلىق ئارقىلىق دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جۇڭگودا يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى.

يېڭى جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت كونا مىللىي زۇلۇم تۈزۈمى بىكار قىلىنغان ئالدىنقى شەرت ئاساسىدا شەكىللەندى، ئۇنى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەمەلىيەت داۋامىدا شەكىللەندۈردى، بۇ مۇناسىۋەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ چوڭقۇر يەكۈنىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

## 2. جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ مەزمۇنى

جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بۇ يەردە يېڭى جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ مەزمۇنىنى بىرئاز بايان قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر.

(1) مىللىي باراۋەرلىك توغرىسىدا. مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئاساسىي مەنىسى شۇكى، ھەممە مىللەت نوپۇسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە، تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە، ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا قارىماي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ؛ ھەرقانداق مىللەتنى ئېزىش ۋە كەمسىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ۋە جايلارنىڭ

ئىشلىرىنى باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ باشقۇرۇشى مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى. ھەممە مىللەتنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا قاتناشقان ئۆز ۋەكىللىرى بار. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا 56 مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەكىلى بار. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ سانى ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ 18.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 8.01 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت نوپۇسىنىڭ نىسبىتىدىن كۆپ يۇقىرى. يەنە 2 مىليوندىن كۆپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەرقايسى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئىقتىسادىي، سىياسىي ئىشلارنى، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشماقتا.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشقا باراۋەرلىك بىلەن قاتنىشىشىدىن باشقا، يەنە بىر ناھايىتى مۇھىم ھوقۇقى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرماقتا. ھازىر جۇڭگودا قۇرۇلغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي 157 بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون بەش، ئاپتونوم ئوبلاست 30، ئاپتونوم ناھىيە 122. مەملىكەت بويىچە 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە 44 مىللەتنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تارقاق ۋە

ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا 1000 دىن كۆپ مىللىي يېزا قۇرۇلدى.

دەرۋەقە، مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقى كەڭ مەزمۇنغا ئىگە ھوقۇق، ئۇ يەنە ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقى، بىلىم ئېلىش ھوقۇقى، پەن تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھوقۇقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دېگىنىمىز مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى، بىر-بىرى بىلەن دوستانە ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشقا ئوخشاشلا جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇنىغا يېزىلىپ، ھەربىر پۇقرانىڭ ئادا قىلىشى شەرت بولغان قانۇنىي مەجبۇرىيەت ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتكە ئايلاندى.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى توغرا مىللەت قارىشى ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان ۋە ھەمكارلاشقاندىلا جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا دائىم تەربىيە ئېلىپ باردى. مەركەز ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەرىكەتلىرىنى تەقدىرلەيدۇ ۋە دەۋەت قىلىدۇ. گوۋۇيۈەن 1988-يىل 4-ئايدا

ۋە 1994-يىل 9-ئايدا مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-
رەققىيات بويىچە ئىككى قېتىم تەقدىرلەش يىغىنى ئاچتى. ئادەت-
تىكى چاغلاردىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچلۈك جامائەت
پىكرىگە ۋە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەشۋىق-تەربىيە پائالىيەتلە-
رىنى ئېلىپ بېرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. جۇڭگودا:
«خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق
مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن گەپ ناھايىتى كەڭ
تارقالغان.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، مىللىي مۇنا-
سىۋەتتە كۆرۈلگەن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ۋە مۇۋا-
پىق بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. زېمىنى كەڭ ۋە مىللەت
كۆپ بىر دۆلەتتە مىللەتلەر ئارىسىدا بەزى سۈركىلىشلەرنىڭ يۈز
بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس، ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۇلار تۈپ
مەنپەئەت بىرلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان زىددىيەت ۋە توقۇ-
نۇش بولۇپ، بىز بۇنى «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت» دەپ ئاتاي-
مىز. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى قانۇندىكى تەرتىپلەر بويىچە
بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئەستايىدىل كېلىشتۈرۈشنى قوشۇمچە
قىلىشتىن ئىبارەت، بۇ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ۋەكىل ئەربابلى-
رىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشتۈرۈشكە ياردەملەشتۈرۈشنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. دەرۋەقە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلغانلار قانۇن
بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

(3) مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقى توغرىسىدا. مىللەتلەرنىڭ
ھەمكارلىقى دېگىنىمىز مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش، بىر--

بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈگە-
تىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش ئارقىلىق ئورتاق راۋاجلىنىشى ۋە
گۈللىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئار-
تۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بار، ھەممە مىللەت جۇڭخۇا مىللەت-
لىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىگە خاس تۆھپە قوشقان. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ياردەملىشىش مىللەتلەرنىڭ
تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا
چۈشىنىشى ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشىغىمۇ پايدىلىق.
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە تۇرۇۋاتقان
جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا پەرق مەۋجۇت. بۇنداق پەرقنى تەدرى-
جىي تۈگىتىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە
تايىنىپ ئىش كۆرۈشىنى، دۆلەتنىڭ مەبلەغ، ئىختىساسلىق
خادىم، سىياسەت جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىنى
تەلەپ قىلىدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشىنىمۇ تەلەپ
قىلىدۇ، بۇ خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، ئاز
سانلىق مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا يار-
دەملىشىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جۇڭگودىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلما بۇنداق ئۆزئارا ياردەملە-
شىشنى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرۇپلا قالماي، بەلكى مۇمكىنچە-
لىكىمۇ ئايلاندۇردى. جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمى ئاساسەن ئاز
سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن ئىبا-
رەت بولۇپ، زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، لېكىن، مەبلىغى،
ئىختىساسلىق خادىملىرى يېتىشمەيدۇ، تېخنىكا كۈچى ئاجىز.

شەرقىي رايونلارنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە. شۇڭا
شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ناھايىتى
زور دەرىجىدە بىر-بىرىنى تولۇقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇ-
لارنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشى، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇ-
رۇشى ھەرقايسى رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا پايدى-
لىق، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ پايدىلىق. شۇ سەۋەبتىن، دۆ-
لەت بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى مىللىي
خىزمەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلدى، شۇنىڭدەك يېڭىچە
مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇ-
ھىم شەرتى قىلدى. مۇشۇ بىرقانچە يىلدا بېيجىڭ، شاڭخەي،
تيەنجىن، جياڭسۇ، لياۋنىڭ، شەندۇڭ، جېجياڭ قاتارلىق ئۆل-
كە-شەھەرلەر ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، يۈننەن،
گۈيجۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم
بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇ «ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم
بېرىش» دەپ ئاتالدى. يەنە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىغا ئىقتىسادىي-تېخنىكا ھەمكارلىقى، ئىقتىسا-
دىي-تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى ۋە چېگرا رايونغا ئەقلىي جەھەت-
تىن ياردەم بېرىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىپ ئوبدان ئۈنۈم
ھاسىل قىلىندى.
جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇ-
نى مۇكەممەل بىر پۈتۈن گەۋدە ۋە بۇلار بىر-بىرىنى ئىلگىرى
سۈرىدۇ. پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، جۇڭگونىڭ مىللىي مە-
سىلىنى بىرتەرەپ قىلىش جەھەتتىكى سىياسىتى مۇۋەپپەقىيەت-

لىك بولدى، مىللىي مۇناسىۋەت ئوبدان بولۇپ كەلدى. جۇڭگو-
دىكى مىللەتلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 45 يىلدا،
بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن
بۇيانقى 16 يىلدا ھەر جەھەتتىن ئۇلۇغ تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.
ھەممە مىللەت جۇڭگودىن ئىبارەت مۇشۇ بۈيۈك ئائىلىدە باراۋەر-
لىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ ۋە ھەم-
كارلىشىپ، خاتىرجەم ۋە خۇشال-خۇرام ياشىماقتا.

### 3. جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدىلىكى

جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت جۇڭگونىڭ تارىخىي ئەنئە-
نىسى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ۋە
مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار:

بىرىنچى، مىللىي باراۋەرلىك— جۇڭگودىكى مىللىي مۇنا-
سىۋەتنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسى. بۇ باراۋەرلىك— ھەقىقىي با-
راۋەرلىك، كەڭ مەزمۇنغا ئىگە باراۋەرلىك. مىللىي باراۋەرلىك
يالغۇز سىياسىي جەھەتتە ۋە قانۇن جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماس-
تىن، ھۆكۈمەت تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇنى ئوبيېك-
تىپ رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

ئىككىنچى، مىللىي مۇناسىۋەت— ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت-
نىڭ بىر تۈرى، بۇنىڭدا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت— ئاساس.
زامانىمىزدىكى جۇڭگودا مىللىي مۇناسىۋەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم
بىر ئىش مىللەتلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە راۋاجلاندۇرۇپ،
ئورتاق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا دۆلەت ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زا-

مانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرمەكتە.

ئۈچىنچى، جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت قانۇن بىلەن قېلىپلاشتۇرۇلىدۇ ۋە تەڭشىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇنلىرىدا مىللىي مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي مۇناسىۋەت مىزانلىرىغا ھەرقانداق مىللەت پۇقرالىرى رىئايە قىلىشى شەرت. مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتىكى مەسىلىلەرمۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر ۋە تەرتىپلەر بويىچە ھەل قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئورتاق مەنپەئەتنى ئاساس قىلغان، شۇنداقلا ئورتاق غايىنى تۈۋرۈك قىلغان، بۇ غايە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت. جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت مۇستەھكەم ھەمدە تەرەققىي قىلغان.

## 4. جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ يۈزلىنىشى

مىللەت تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مىللىي مەسىلىمۇ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ھەمدە ئۇنى دەۋر تەرەققىياتىغا ئاساسەن، يېڭى مەزمۇنلار بىلەن ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ بېرىش لازىم. جۇڭگودا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى مىللىي مۇناسىۋەتكە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ جۇڭگودىكى مىللىي

مۇناسىۋەتنىڭ يۈزلىنىشى قانداق بولىدۇ؟ بۇ نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلە. شۇڭا بۇ مەسىلە ئۈستىدىمۇ بۇگۈن ئاددىي ۋە دەسلەپكى قەدەمدە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمەن.

بازار ئىگىلىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئامىللىرىنىڭ ئەڭ ساز بىرىكىشىنى ۋە ئىگىلىك ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى بايلىقنىڭ مۇۋاپىق ئېچىلىشىغا پايدا يەتكۈزىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى بىرقەدەر تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ بازار ئىگىلىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى چېگرا بويىغا جايلاشقان ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، سىرتقا ئىشىكنى تېخىمۇ ياخشى ئېچىۋېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ بازار ئىگىلىكى بىر پۈتۈن، ئوچۇق بازارنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چەمبەرچاس ئالاقىسىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتىكى ھەمكارلىقىغا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى ئالماشتۇرۇشىغا، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىپ، ئورتاق راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ؛ بازار ئىگىلىكى مىللەتلەر ئارا باردى-كەلدى ئالاقىسىنىمۇ كۆپەيتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدۇ؛ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قولغا كەلگەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە دۆلەت مالىيىسىنىڭ ئېشىشى مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ مالىيە كۈچى ئاجرىتىش ئىمكانىيە-

تىگە ئىگە قىلىدۇ، 1980-يىلدىن 1994-يىلغىچە «دۆلەتنىڭ تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا ياردەم بېرىش تەرەققىيات مەبلىغى» نىڭ ئۆزىلا 16 مىليارد يۈەندىن ئاشتى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق مەبلەغ يەنە داۋاملىق كۆپىيىدۇ. دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى ئاشسا، مەركەزنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، مەركەز ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولىدۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ستراتېگىيىسىنى غەربىي رايونلارغا يۆتكەش نىشانىنى تېخىمۇ ئوبدان ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

دېمەك، خۇلاسە شۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى-نىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى جۇڭگودىكى يېڭىچە مىل-لىي مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھازىرقى جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشى ئەنە شۇ. دەرۋەقە، بازار ئىگى-لىكىنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتكە كۆرسىتىش ئېھتىمالى بولغان پاسسىپ تەسىرىنىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

جۇڭگودىكى مىللەتلەر پارلاق ئۆتمۈشىنى ياراتقانىكەن، بۇ-نىڭدىن كېيىن چوقۇم گۈزەل كېلەچەكنىمۇ يارىتالايدۇ. جۇڭ-خۇا مىللەتلىرى 20-ئەسىرگە باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەم-كارلىق ئاساسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى ئېلىپ كىرگۈسى.

# ئېسىل مىللىي بايلىق، ئۆچمەس بۈيۈك تۆھپە*

(1994-يىل 12-ئاي)

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇرلارنىڭ جاھاندا ئاز تېپىلىدى-غان ئېسىل بايلىقى، شۇنداقلا ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدە-نىيەت خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان بىباھا گۆھەر. ئۇنىڭدا ئۇي-غۇر خەلقى بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي مۇساپە يىغىنچاقلىق مىلودىيە، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىيات، مول-كۆپ مەزمۇن ھەم گۈ-زەل شېئىر-داستانلار بىلەن ئوبرازلىق خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرى يارقىن چاقناپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنى بېرىلىپ ئوقۇغان، سۆيۈنۈپ ئاڭلىغان ۋە زوقلىنىپ ئېيتقان ۋاقتىمىزدا، ئاجايىپ ياخشى بەدىئىي زوق ئېلىشتىن تاشقىرى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ ئۆچمەس مۇزىكا داستانىنىڭ قانداقلارچە شۇ قەدەر ھەددى-ھېسابسىز بوران-چاپ-قۇنلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، شۇنچە جىق ئەگرى-توقايلىقلارنى بېسىپ، بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەندۇر ۋە تېخىمۇ بېيىپ

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى تەييارلىغان «ئون ئىككى مۇقامنىڭ يېڭى ئىشلەنگەن نۇسخىسى»غا يازغان كىرىش سۆزى.

يېڭىلىق ھۆسنىگە تولغاندۇر دېگەن سوئال ئۈستىدە ئويلانماي تۇرالمايمىز. بىز تارىخ ئېقىمىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئىنسانىيەت ياراتقان مۇھىم قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ھەمدە پىكىر-ئىدىيىلەردىن بەزىلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىلىنە-بىلىنمەي يوقىلىپ، غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. بىراق «ئون ئىككى مۇقام» ئەسىر-ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇدا ئىز بېسىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ شەرىپى تارىخقا ۋە تارىخنى ياراتقۇچىلارغا مەنسۇپ، ئەلۋەتتە. شۇنداقتىمۇ تارىختا ئۆتكەن «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتچىلىرى ۋە غەزەلخانلىرىنىڭ ئۆز ئەقىل-پاراسىتى ۋە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، بۇ مەشھۇر بەدىئىي ئەسەرنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئاتايى، سەككاكى، ئەلىشىر ناۋايى، ئابدۇرىشىتخان، رەشىدى، يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى، ئامانىساخان نەپىسى، بابا رەھىم مەشرەپ دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە شانلىق ناملارنى تىلغا ئېلىشىمىز مۇمكىن. زامانىمىزغا كەلگەندە، يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز.

مىللىي ئىرسىيەت رول ئوينىغانمۇ ياكى ئۆز يۇرتىدىكى مەدەنىيەت شارائىتى سەۋەب بولغانمۇ ئەيتاۋۇر، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى «ئون ئىككى مۇقام» بىلەن تونۇشقان ھامان ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنىڭ ۋاپادار مەشۇقىغە كۆيگەندەك ئاشىق بىقارار بولغان. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، يولداش

سەيپىدىن ئەزىزى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى، شىنجاڭنىڭ ئازادلىقى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى يولىدا ھايات-ماماتىغا قارىماي، جان پىدالىق بىلەن ئالدىراش ئىشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزى ئاشىق بولۇپ قالغان «ئون ئىككى مۇقام» دىن زادى مېھرىنى ئۈزەلمىدى. ئۇ ئوقۇشلۇق شارائىتتىمۇ، ئوقۇشسىز شارائىتتىمۇ، شىنجاڭدا بولغان كۈنلىرىدىمۇ، بېيجىڭدا تۇرغان چاغلىرىدىمۇ «ئون ئىككى مۇقام» غا بولغان كۈچلۈك ئىشتىياقىنى سوۋۇتماي كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلدى. ئۇنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» غا قوشقان تۆھپىسى كەم دېگەندە، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئۇ «ئون ئىككى مۇقام» نى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش ۋە رەتلەش ئىشىغا دەل ۋاقتىدا تەشكىللاتچىلىق قىلدى. 50-يىللارنىڭ بېشىدا، شىنجاڭ ئازاد بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ئالدىراش ئىشلەۋاتقان كۈنلىرىدە، «ئون ئىككى مۇقام» نى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈستىدە ئويلاندى. ئۇ ئالاقىدار ساھەدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، كەسكىن قارارغا كېلىپ، مۇقامچى يەنە كېلىپ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە «ئون ئىككى مۇقام» نى بىردىنبىر تولۇق ئېيتالايدىغان تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا شارائىت ھازىرلاپ ۋە ياردەمچى تەيىنلەپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن تۇردى ئاخۇن ئاكا «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇقى بىلەن ئېيتىپ بەردى، خەنزۇ مۇزىكىشۇناس ۋەن تۇڭشۇ نوتىغا ئېلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، تارىختىن بۇيان ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن بۇ ئۆچمەس كاتتا مۇزىكا ئەسىرى تۇنجى قېتىم يېزىق بىلەن خاتىرىگە ئېلىنىپ، ئۇزۇلۇپ

قىلىش ھەتتا يوقىلىپ كېتىش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا «ئون ئىككى مۇقام»نى ئېيتىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ كەتتى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئېلىپ بارغان قۇتقۇزۇش ئىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ۋە ۋاقتىدا بولغانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇ «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىغا پائال ھەيدەكچى بولدى. ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى ئارقىسىدا، مەركەزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلاردىن تارتىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغىچە «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى ۋە ۋەن تۇڭشۇنىڭ نوتىغا ئېلىشى «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاتىغا ئوبدان ئاساس سېلىپ بەرگەنىدى. كەڭ كۆلەمدە ئاختۇرۇپ تېپىش، سىستېمىلىق رەتلەش ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «ئون ئىككى مۇقام» زامانىۋى نوتا بىلەن رەسمىي نەشىر قىلىنىپ، ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شەرت ھازىرلاندى. شىنجاڭدا يەنە «ئون ئىككى مۇقام»نى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ئورگانمۇ قۇرۇلدى، خىلمۇ-خىل تەتقىقات خادىملىرى مىسلىسىز كۆپەيدى. بۇ ھال بۇ قەدىمىي مۇزىكا داستانىغا يېڭىچە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى.

ئۈچىنچى، ئۇ «ئون ئىككى مۇقام»نى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈش يولىدا يۈرەك قېنىنى ئايىماي سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ۋە باشقا كۆپلىگەن زوقمەنلەرنىڭ

تەشەببۇسى ۋە ئەمەلىي تۈرتكىسى ئارقىسىدا، «ئون ئىككى مۇقام» كۆپ خىل يېزىقتا تەرجىمە قىلىنىپلا قالماي، تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلدى، سەھنىلەردە ئوينالدى. زامانىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تەسىرىنى شۇ قەدەر كېڭەيتتىكى، ئۇنىڭ بەھرىدىن ھوزۇر ئالىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. ھازىر «ئون ئىككى مۇقام» پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە مەشھۇر بولۇپلا قالماي، دۇنياغا سەپەر قىلدى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشقا ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئىشتىراك قىلدى. ئۇنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بەزى باب-پارچىلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ چىققان كىنو ئەسىرى كىنوغا ئېلىنىپ پۈتۈن مەملىكەتتە قويۇلدى. بىرمۇنچە پىداكارلارنىڭ ھارماي-تالماي تىرىشىشى ئارقىسىدا، «ئون ئىككى مۇقام» ئۆزىنىڭ قەدىمىي ھۆسن-جامالى ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي جەزىبىسى بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ، زامانىۋى سەنئەت سارايلىرىدىن ئورۇن ئالدى.

«ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مەزمۇنى شۇنچە مول، ئىجتىمائىي ھاياتقا چېتىلىدىغان دائىرىسى شۇنچە كەڭ، شۇڭا، بىز گېپىمىزنى سەل يىراقتا كۆچۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام»غا شۇقەدەر ئاشىق بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشالىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىك:

بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە مۇشۇ ئۇلۇغ دەۋرىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشى «ئون

ئىككى مۇقام»نىڭ يېڭى ھاياتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلىدى، ھەممە تەتقىقاتچىلارنى رېئال شەرت-شارا-ئىتقا ئىگە قىلدى.

ئىككىنچىدىن، يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۇزاققىچە مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدە بولۇشى ئۇنى مۇشۇ ئىشقا تۈرتكە بولۇش شارائىتىغا ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى.

ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بولغان كۈچ-لۈك زوقى سەۋەب بولدى. مەن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ئالاقە قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭ قەيسەر كوممۇنىزم جەڭچىسى ھەم ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرىغا ۋە پارلاق مەدەنىيىتىگە قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان. ئۇ شۇ مۇھەببەتىنىڭ كۈچى بىلەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل مېۋىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام»غا قاتتىق ئاشىق بولۇپ، غايەت زور ئىشتىياقىنى بېغىش-لىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشتىياقى زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇسلاش-مىدى، بەلكى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى.

تۆتىنچىدىن، ئۇنىڭ شائىرلىق خۇسۇسىيىتى ۋە تالانتى بۇ ئۆچمەس داستاننى ھەقىقىي چۈشىنىپ تېگىگە يېتىشىگە، بۇ ئۆلمەس ئەسەرنىڭ غايەت زور ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى ئېنىق كۆرۈشىگە ئىمكان بەردى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا، توغرا قارار چىقىرىپ، دۇرۇس پىكىر يۈرگۈزۈپ، «ئون ئىك-كى مۇقام» تەتقىقاتى ھەم تەرەققىياتىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلا-

لىدى.

يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن گۈزەل كىشىلىك ھاياتقا بولغان تەشنالىقىنى سۇسلاشتۇرمای، «ئون ئىككى مۇقام» ئۈستىدە تا ھازىرغىچە ھارماي ئىزدىنىپ كەلمەكتە، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ يېڭى ئىشلەنگەن نۇسخىسى» ئۇنىڭ كۆپ يىللىق تەتقىقاتتا ھاسىل قىلغان تەسىراتىنىڭ نەتىجىسى، ئۇ سەرپ قىلغان ھەددى-ھېسابسىز يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرى. بۇ يېڭى نۇسخىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئەسلى قىياپىتى، قۇرۇلمىسى ۋە خۇسۇسىيىتى ساقلاپ قېلىنغان، ئەمما تىلى پىششىقلانغان، ئاممىا ئاسان چۈشىنەلمەيدىغان دىنىي تۈسى كۈچلۈك ئىبارىلەر ۋە كونىرىغان سۆزلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ، بۇگۈنكى كىشىلەر ئاسانراق چۈشىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈلگەن. دەرۋەقە، بۇنىڭغا بەزى تەتقىقاتچىلار باشقىچە پىكىردە بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئىلمىي مەسىلىگە تەئەللۇق ئىش، ھەركىم ئۆز قارىشىنى بايان قىلسا بولىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» قەدىمىي ئەمما ھاياتىي كۈچكە تولغان ئەسەر، ئۇ يەنىلا ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بېرىشى لازىم. بۇ مەڭگۈ ئاياغلاشمايدىغان جەريان. مەن ئۇيغۇر خەلقىغە شۇنداقلا پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە مەنسۇپ بولغان بۇ سەنئەت گۆھىرىنى مەڭگۈ نۇر چاقنىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنى ئىگىلەپ، داۋاملىق ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرەيلى*

(1995-يىل 3-ئاينىڭ 22-كۈنى)

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى— يېڭى ۋەزىيەتتە ماسلىشىپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆتكەن يىلىنىڭ بېشىدا مىللىي خىزمەت توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، 1994-يىلدا مەملىكەت بويىچە مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ۋە ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، 2- قې-

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتى.

تىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىي-لەشتۇرۇش، مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ 1995-يىللىق خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

**1**

1994-يىلى دۆلىتىمىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويى-لاپ غەلىبە بىلەن ئالغا باسقان بىر يىل بولدى، شۇنداقلا، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، گوۋۇيۈەن چاقىرغان 2-قېتىملىق مەملى-كەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يى-غىنىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە ھاياتىي كۈچ تولۇپ تاشقان، ئەتراپلىق ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىنغان ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر يىل بولدى. بۇلتۇرقى خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەتىجە زور بولدى، مەركەز ئەھمىيەت بەردى، جەمئىيەت قوللىدى، مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىدى دېگەن تۆت جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**(1) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-رىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە**

**ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ئىشلىرى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى**

ئۆتكەن يىل مىللىي خىزمەت يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئارقىسىدا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋامىدا چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى:

— ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بەش ئاپتونوم رايون ۋە يۈننەن، گۇيجۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ 1994-يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 390 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك بولۇپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا بۇلتۇرقىدىن 10.4% ئاشتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن خېلى ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ مول ھوسۇل ئېلىندى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق ئاشتى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى ئورۇنلىرىدا ئورۇنلاشقان سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات يىغىندا قىممىتى 300 مىليارد يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 12% ئاشتى. تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. بىر يىلدا

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلكىگە 150 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 24% ئاشتى.

— ئىسلاھات-ئېشىكنى ئېچىۋېتىش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئۆتكەن يىلى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتى مىسلىسىز يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بىر يىل بولدى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھەر خىل ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش ۋە پىلان، پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە، تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئىجابىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

— ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، رادىئو-تېلېۋىزىيە، ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرى پۈختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مول نەتىجىگە ئېرىشتى.

— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دېھقان-چارۋىچىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى داۋاملىق ئىلگىرىلىدى، نامرات ئاھالە ئازايدى.

— مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلار «مىللىي تېررىتو-

رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىل-لىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي سى-ياسەت ۋە قائىدە-نىزاملارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئەمەلىي-لەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. باش شۇجى جىياڭ زېمىن مەركەز مىللىي خىزمەت يىغى-نىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بىرقەدەر مۇكەممەل مىللىي قانۇن-نىزام سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش لازىم دەپ ئوت-تۇرىغا قويغان نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشى ئىجابىي تەرەق-قىياتقا ئېرىشتى.

——خەلقئارا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، دۇنيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا مىللىي-دىنىي توقۇنۇش كەسكىنلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا جەمئىيەت مۇقىم، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى، مىل-لەتلەر ئىتتىپاق ئۆتتى، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇنا-سىۋەت يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

—— ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ كىشى سانى كۆپەيدى، سۈپىتى ئۆستى، قۇرۇلمىسى ياخشىلاندى. دەۋر هال-قىيدىغان بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياش ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. هازىر، مەملىكەت بويى-چە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە هەرخىل كەسپىي خادىملى-رى 2 مىليون 300 مىڭدىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە پەن-تېخنى-كا، مائارىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى تەخمىنەن 50% نى ئىگىلەيدۇ.

**(2) پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن مىللىي خىز-**

**مەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى**

ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى يوللىغان «ھازىرقى مىللىي خىزمەتتىكى بىرقانچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا دوكلات قىلىش تېزىسى»نى مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا پرىنسىپ جەھەتتە قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي خىزمەت توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. يەنە مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: 9-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىش ھەمدە ئۇنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئالاقىدار چوڭ-چوڭ سىياسەت-تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈش ۋاقتىدا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش؛ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىراجەت جەھەتتىكى ئەمەلىي تەلىپىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ بېرىش.

ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈستىدە بىرقاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قول-

لاندى، جۇملىدىن 3-قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، شىزاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەركەزدىكى رەھبەرلەر تۇرلۇك يىغىنلاردا ۋە سالغان تەستىقلىرىدا مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ھەققىدىكى چوڭ پىلان ئۈستىدە ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن بىرمۇنچە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى. مەسىلەن، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ئۈچ ۋىلايەت-ئوبلاستتىكى ئاممىنىڭ ئىچىدىغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى، ئۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي كومىتېتتىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ شەخسىي ئىئانە قىلغان پۇللىرىمۇ بار.

يولداش لى رۇيخۇەن ۋە گوۋ ۋېيۈەندىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ ھارپىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «پايتەختتىكى ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى سۆھبەت يىغىنى» غا قاتناشتى. يولداش لى رۇيخۇەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئالتە جەھەتتىن سىستېمىلىق شەرھلىدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات

ۋە تەرەققىياتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە مۇھىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

بۇلتۇر 9-ئاينىڭ 29-كۈنى، گوۋۇيۈەن بېيجىڭدا 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى، مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، دۆلەت كومىسسارلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە تەقدىرلەنگەن ۋەكىللەرگە مۇكاپات تارقاتتى. يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن بىلەن لى پېڭ زۇڭلى مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا ھاسىل قىلىنغان ئاساسىي تەجرىبىلەر ئەستايىدىل يەكۈنلەندى؛ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى؛ مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى ۋە تونۇش ئۆستۈرۈلدى؛ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدە تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى

ۋە شۇ قېتىمكى ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئىلغارلار تەقدىرلەن-
دى، ئۈلگىلەر تىكلەندى، توغرا كەيپىيات جارى قىلدۇرۇلدى؛
پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئىتتى-
پاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشەنچىگە
ئىلھام بېرىلدى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەق-
قىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يىغىن داغدۇغىلىق، قىزغىن،
مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

**(3) مىللىي خىزمەتكە پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەر ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە پائال قاتناشتى**

ھەرقايسى رايونلار ۋە تارماقلارنىڭ مىللىي خىزمەتكە ئو-
مۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بۈلتۈرقى مىللىي خىزمەت-
نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولدى.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن
قارىغاندا، مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىغا قاراشلىق ھەرقايسى
مىنىستىرلىكلەر، كومىتېتلار، ئىشخانا ۋە ئىدارىلەر ئۆزلىرى-
نىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ كۈچلۈك تەدبىر
قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە
تۆھپە قوشتى.

دۆلەت پىلان كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتىش،
شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتى-
كى پەرقىنى تەدرىجىي ئازايتىشنى پىلان خىزمىتىنىڭ مۇھىم
يېتەكچى ئىدىيىسى قىلدى، شۇ روھقا ئاساسەن ئارا مەزگىل-

لىك، ئۇزۇن مەزگىللىك پىلاننى ۋە يىللىق پىلاننى ئورۇنلاش-
تۇردى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسى مۇئەسسەسە
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى؛ سىستېمىلار بويىچە
ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈردى؛ مىللىي ئە-
گىلىككە قارىتىلغان ئومۇمىي باشقۇرۇش ۋە يېتەكچىلىكنى كۈ-
چەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئىشكنى
ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈردى؛ ئىش تېپىپ
بېرىش يولى بىلەن ياردەم بېرىش قاتارلىق شەكىللەرنى داۋاملىق
قوللىنىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ نامرات-
لىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى.
مالىيە مىنىستىرلىكى مالىيە جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت-
لەر رايونلىرىغا داۋاملىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللان-
دى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە «ئىقتىسادىي تەرەققىي
تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش فوندى» نى 300
مىليون يۈەن كۆپەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سەرپ
قىلدى؛ ئۇدا تۆت يىلغىچە جەمئىي 100 مىليون يۈەن ئاجرى-
تىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى نامراتلارنى يۆلەش فوندى
قىلىپ ئىشلەتتى؛ «خېشى، دىڭشى، شىخەيگۇ» رايونلىرىنىڭ
قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە مەخسۇس ئاجرىتىلغان مەبلەغنىڭ مۆھلە-
تىنى 2002-يىلغىچە ئۇزارتتى؛ يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەك-
لىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېزا-بازار كارخانىلىرى
ئۈچۈن جەمئىي 20 نەچچە مىليون يۈەن ئۆسۈمسىز مەبلەغ ئو-
رۇنلاشتۇردى.

— يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، سۇ ئىشلىرى مىنىس-تىرلىكى ۋە دۆلەت پەن-تېخنىكا كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نۇقتىلىق يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش سې-لىنمىسىنى ۋە پەن-تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئىرىشىپ كۆپەيتتى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئې-لىپ باردى؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ يېزا-بازار كار-خانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللىدى، ۋۇلىڭشەن تاغلىق رايونى قاتارلىق رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى دا-ۋاملىق ياخشى ئىشلىدى؛ يايلاقلارنى ئېچىش ۋە قۇرۇش خىزمە-تىگە ئەھمىيەت بېرىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

— دۆلەت ئىقتىساد-سودا كومىتېتى، تاشقى ئىقتىساد-سودا مىنىستىرلىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كارخانى-لارنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ تەرەپلىمە تەدبىرلەرنى قوللاندى؛ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى پىلانغا كىرگۈزۈش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ۋە ئېكس-پورت تىجارىتى جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ ئوخشاش تۈردى-كى ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتىنى ئىم-كانقەدەر ئۆستۈردى؛ چېگرا سودىسى جەھەتتە، چېگرا سودىسى-نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، چېگرىنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق سىياسەتلەرنى تۈزدى ۋە يولغا قويدى؛ مەبلەغ سېلىش ۋە قەرز

بېرىش جەھەتلىرىدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مايىل بولدى ۋە ئېتىبار بەردى؛ تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈش ۋە سىرت بىلەن بولغان ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئېتىبار بەردى.

— جۇڭگو خەلق بانكىسى، ئىچكى سودا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېنىك سانائەت باش ئۇيۇشمىسى، دۆلەت باش باج ئىدارىسى تۈزۈلمە ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ مىللىي سودىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياجلىق لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كۆپلەپ خىزمەت ئىشلىدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان خەلق بانكىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پۈتۈن كىيىنىش-قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش فوندى ئۈچۈن ئاجراتقان مەبلەغنىڭ جۇغلانما مىقدارى 90 نەچچە مىليون يۈەنگە يەتتى.

— گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا، بولۇپمۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئالاھىدە سىياسەت قوللاندى. تەڭشەش ئارقىلىق، ھازىر مەملىكەت بويىچە 592 نامرات ناھىيە ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت نامرات ناھىيىلىرى 43.4% نى ئىگىلىدى، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش جەھەتتىكى تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

—تۆمۈريول مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكى، پوچتا-تېلېگراف مىنىستىرلىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىنىڭ قاتناش ۋە ئالاقە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، سېلىنمىنى تىرىشىپ كۆپەيتىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلدى.

—خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇنىڭدىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تۈزگەندە، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىم؛ مەخسۇس خەلق ئىشلىرى خىراجىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقتىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئېتىبار بېرىش لازىم؛ مەمۇرىي رايونلارنى ئايرىش ۋە چېگرا تالاش-تارتىشلىرىنى ياراشتۇرۇش خىزمىتىدە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدا يەتكۈزۈش لازىم، ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىگە ياردەملىشىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش، غەمخورلۇق قىلىش ۋە نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

—دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى،

رادئو-كىنو-تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلى-
كى، ئاخبارات-نەشرىيات مەھكىمىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى، مەدەنى-
يەت ئىشلىرى، رادئو-تېلېۋىزىيە-كىنو ئىشلىرى، سەھىيە
ئىشلىرى، ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلان-
دۇرۇش جەھەتتە بىرمۇنچە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ،
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. دۆلەت كادىرلار
مىنىستىرلىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىختىساسلىق
خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي
ئۈنۈم بېرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللاندى.

ئالاقىدار رايونلار ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەركەزنىڭ 3-
قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا خىزمەت ئىشلىدى، بېكىتىلگەن
قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى
ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىدى. تەرەققىي تاپقان ئۆلكە-شەھەرلەر
بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز
سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش خىزمىتى يېڭى ئەھۋالغا يارى-
شا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە خەلق قوراللىق ساقچى قى-
سىملىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئارمىيە-خەلق
بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى
قىلىپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، خەلقنى سۆيۈپ، ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى خىزمەت كۆرسەتتى.

ھەممە تارماقلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپە قوشتى، سەھىپە چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىلنىڭ بېشىدا بەرگەن يوليورۇقىنى ۋە مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن بىرقاتار ئىجابىي، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۇ تەدبىرلەر ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ ھەممىسى مەخسۇس يىغىنلارنى چاقىرىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەمدە ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، يۈننەن، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، رايونلارنىڭ پارتكوملىرى مەخسۇس ئۆگىنىش ئۇيۇشتۇردى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق (ئۆلكىلىك) مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى، يېڭى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، مىللىي خىزمەتكە يەنىمۇ

ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە شۇنىڭغا لايىق چارە قوللاندى. ھەرقايسى جايلار ئومۇمىيۈزلۈك داغدۇغىلىق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشالمىغانلارنى گوۋۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن مۇكاپاتلىدى. جياڭسۇ، خېبېي قاتارلىق ئۆلكىلەر مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭىچە سىياسەت تەدبىرلەر بەرپا قىلىندى. خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلارنى باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلدى، شياڭشى ئوبلاستىنى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىپ، ۋىلايەت، شەھەرلەرگە ناھىيىلەرنى ئۆز سىستېمىسى بويىچە يۆلەش ئۈچۈن ھۆددىگە بەردى؛ شياڭشى ئوبلاستى مالىيە، كرېدىت، مىللىي سودا، تاشقى سودا، مەبلەغ شۇنىڭدەك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش سىياسىتى ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى داۋاملىق يولغا قويىدى. لياۋنىڭ ئۆلكىسى مۇنۇلارنى بېكىتتى: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنى مەركەز قىلىپ، مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلە، پىلان تۈزۈلمىلىرى ئىس-

لاھ قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا مىللىي سىياسەتنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە يولۇققان كونكرېت قىيىنچىلىق ۋە مەسىلە-
لەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ جۇغراپىيىۋى-ئىجتىمائىي ئارتۇقچىلىقىنى تېخىمۇ جارى
قىلدۇرۇپ، چاۋشيەن، كورىيە، ياپونىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق
دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرى بىلەن بولغان ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ، تېخنىكا كىر-
گۈزۈپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەپ سىرتقا چىقىرىپ،
چېگرا سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى
تېزلىتىش.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سېلىنىدىغان
مەبلەغ كۆپەيتىلدى. خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقلىرى
خىزمەت يىغىنى «تارقاق ۋە ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق
مىللەتلەر تەرەققىيات فوندى» ۋە ئۆلكىلىك مىللىي خىزمەت
كەسپىي راسخوتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، 12 مىليون
يۈەن «تەرەققىيات مەبلىغى» نى يېڭىدىن كۆپەيتتى؛ ئېنشى ئوب-
لاستى بىلەن چاڭياڭ، ۋۇفېڭ ئاپتونوم ناھىيىلىرىنىڭ قات-
ناش، مائارىپ، پۈتۈن كېيىنىش-قورساق تويغۇزۇش قاتارلىق
مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش خىزمەت لايىھىسىنى بېكىتتى. پۈ-
تۈن مەملىكەت شىزاڭغا قانداق ياردەم بەرگەن بولسا، پۈتۈن
ئۆلكە ئېنشى ئوبلاستىغىمۇ شۇنداق ياردەم بېرىشى لازىم دەپ
ئوتتۇرىغا قويدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى يېڭىدىن 16
مىليون يۈەن «تەرەققىيات مەبلىغى» نى كۆپەيتتى. گۇاڭشى

جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مەخسۇس تۈر بويىچە بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىنى ئەسلىدىكى 9 مىليون يۈەن ئاساسىدا 8 مىليون يۈەن كۆپەيتىشنى، بۇ پۇلنى 1994-يىلىدىن باشلاپ، تۆت يىلغىچە پۈتۈنلەي ئۆز جايىغا يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

تۆتىنچى، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىلدى. بېيجىڭ شەھەرلىك پارت- كوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىيا- سىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللىي خىزمەت ھەققىدى- كى مۇھىم يوليورۇقىنى يەتكۈزگەن ۋە ئۆگەنگەندىن كېيىن، مۇنداق تەدبىرلەرنى قوللاندى: پۈتۈن شەھەردىكى ھەر دەرىجى- لىك رەھبەرلەرنىڭ مىللىي خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمى- يەت بېرىشىنى، مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەي- تىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شتاتىنى قىسقارتمايلا قالماستىن، بەلكى شتات كۆپەيتىپ بەردى؛ مىللىي خىزمەت راسخوتىنى كۆپەيتتى، شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئىلكىدىكى ھەر يىللىق زاپاس مەبلەغنى ئەسلىدىكى 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن- دىن، 3 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە كۆپەيتتى؛ شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئۈچۈن 2000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان خىز- مەت بىناسى سالدۇرۇپ بەردى؛ بېيجىڭ شەھىرىدە 11 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان «بېيجىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدە- نىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى»، 60 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان مىللىي سودا بازىرى سالدۇردى. يەنە بىرمۇنچە ئۆل-

كىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەر شۇنىڭغا ئوخشاش تەد-بىرلەرنى قوللانغانلىقتىن مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خىزمەت شارائىتى ياخشىلاندى.

**(4) پۈتۈن مەملىكەتتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىز-مەت تارماقلىرى، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، خىزمەتنى ئىجابىي ئىشلەپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى خېلى ياخشى ئادا قىلدى**

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىمىز-دىكى ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىتتىپاقلىد-شىپ ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، 1994-يىلى يىل بېشىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى خېلى ياخشى ئورۇندىدى.

1. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كو-مىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى مىللىي خىزمەت توغرىسىدا كۆرسەتكەن مۇھىم يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، گوۋۇيۈەنىڭ 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بو-يىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئورۇنلى-دۇق.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭ-لاپ، مۇھىم يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يوليو-

رۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئورۇنلاش-
تۇردى، 1994-يىلى ئوبدان ئىشلەشكە تېگىشلىك 12 تۈرلۈك
خىزمەتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ بىر يىلدا، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مۇھىم بىر
ۋەزىپىسى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرگە 2-قېتىملىق مەملى-
كەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يى-
غىنىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بول-
دى. ئەستايىدىل باھالاپ سېلىشتۇرۇش ۋە تاللاش ئارقىلىق
مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە
1255 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخس باھالاندى، بۇلار 56
مىللەتتىن تەركىب تاپتى، يەنە شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرى
ۋە تەيۋەن ئۆلكىسىدىن بىر قىسىم زاتلار يىغىنغا تەكلىپ قىلىن-
دى. ۋەكىللەرنى باھالاپ سايلاش جەريانى ئەمەلىيەتتە تەجرىبى-
لەرنى يەكۈنلەش، توغرا كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش، مىللىي
ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەريانى
بولدى. ھەممە ساھە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەچكە، تەييار-
لىق خىزمىتى ئەتراپلىق، ئىنچىكە ئىشلىنىپ، يىغىنىنىڭ تو-
لۇق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت
يارىتىلدى. يىغىندىن كېيىنلا، ھەرقايسى جايلار يىغىنىنىڭ رو-
ھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئې-
لىپ باردى، پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پايدىلىق شارائىتنى قول-
دىن بەرمەي، خىزمەتنى ئىلگىرى سۈردى. خېنەن ئۆلكىلىك
مىللىي ئىشلار كومىتېتى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەم-
لىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش

يېغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە دەرھال ئالتە تۈرلۈك تەدبىر قوللاندى.

2. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردۇق.

ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتتى، ئىقتىسادىي ھەرىكەت ئۈستىدىكى ئومۇمىي كۆزىتىشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ ماڭدى، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە، تاشقى سودا تۈزۈلمىلىرى قاتارلىق يېڭى تۈزۈلمىلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى دۆلەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خۇلۇنبۇير ئايمىقى بىلەن ۋۇخەي شەھىرىنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنى، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ يەنبىيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنى، گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ چيەندۇڭنەن مياۋزۇ-دۇڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنى، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گولمۇد شەھىرىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋې-

تىشنىڭ بىرىنچى تۇركۇمدىكى سىناق نۇقتىسى قىلىشنى تەس-
تىقلىدى ھەمدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىدىكى قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاستلار (ئايماق،
شەھەرلەر) نىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. بۇ يەتتە سىناق نۇقتىسىدا خىزمەت
باشلاندى، تەرەققىيات ئەھۋالى ياخشى بولماقتا.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا چەت ئەل مەبلىغىنى كىر-
گۈزۈش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتە پايدىلىق سىناقلار
ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىنىڭ
تېخنىكا ياردەم تۈرىنىڭ ئىككىنچىسى قوبۇل قىلىندى ۋە ئىجرا
قىلىندى. ئالاقىدار مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ۋە تەقلىد قىلىش
تەجرىبىسى ئىجابىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ئېھتىياج-
لىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە بۇ بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەش
خىزمىتى كۈچەيتىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىر-
لىك-كومىتېتلىرى بىلەن بىللە مىللىي سودا سىياسىتى ئۈستى-
دە مەخسۇس تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، بۇ يىللىق
مىللىي سودا تورلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مىللىي بۇيۇم ئىشلەپ-
چىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن
مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تەڭشىلىپ تۆۋەنگە
چۈشۈرۈپ بېرىلدى. مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان-
لار ئاشپەزلىك تېخنىكىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىز-
مىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەردەرىجىلىك مىللىي ئىش-

لار كومىتېتلىرى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يۆتكەش داۋامىدا نام-
رات رايونلاردا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى
ئىگىلەشكە ۋە ھەل قىلىشقا، ئېتىبار بېرىش-يۆلەش سىياسەتلى-
رىنى جېپسىلاشتۇرۇش ۋە يۇرۇشلەشتۇرۇش ئىشىنى تەكشەش
ۋە ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى؛ دۆلەتنىڭ يەتتە يىلدا
80مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە قىيىن
ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە
بۇ پىلاننى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش
پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ «پۈتۈن كىيىنىش، قورساق تويغۇ-
زۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش فوندى»نىڭ بانكىدىن قەرز
ئالغان قىسمىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتىنى ئورۇندىدى،
دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات ئاز سانلىق مىللەت ناھىيە-
لىرىنىڭ بۇ يىللىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى؛
دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىغا بېرىپ ئەقلىي ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە ماسلاشتى.
گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە
پائال ئىلگىرىلەش بولدى.

3. مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ،
مىللىي خىزمەتنى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇشقا، مىللىي
مۇناسىۋەتنى قانۇن بىلەن تەڭشەشكە ئەھمىيەت بەردۇق.

مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇستەھ-
كەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي ئىشلار
كومىتېتى ۋە يەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئالاقىدار

تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئىبلان قىلىنغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش پائا-لىيىتى ئۆتكۈزدى. يۈننەن ئۆلكىسى ئۆز ئۆلكىسىدە « ‹ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇ-نى › نى يولغا قويۇشقا دائىر بىرقانچە بەلگىلىمە» گە تۈزىتىش كىرگۈزدى، خەينەن ئۆلكىسى شۇنداق بەلگىلىمىنى ئىبلان قىل-دى. ھەرقايسى جايلار «شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمەت نىزامى» ۋە «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى» نى ئەستايى-دىل ئىزچىللاشتۇردى ۋە ئەمەلىيلەشتۇردى، گەنسۇ، جىلىن قاتارلىق ئۆلكىلەر شۇ ئىككى نىزامنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىلىرىنى تۈزۈشكە كىرىشتى؛ نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايو-نى، شەنشى قاتارلىق ئۆلكە، رايونلار مۇسۇلمانلار يېمەكلىكلى-رى ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە باشقۇرۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدا يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى تۈزدى. شاڭخەي شەھىرى شەھەر بو-يىچە «شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمەت نىزامى» نى تەشۋىق قى-لىش كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، ئوبدان ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئالاقىدار تارماق-لار بىلەن بىرلىكتە «2-بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بىلەن بىرلىكتە « 1994-يىلدىن 1996-يىلغىچە مىللىي قانۇن-نىزام تەربىيىسى خىزمىتىنى ئې-لىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. سەنشى قاتارلىق

ئۆلكىلەردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە مىللىي قانۇن-نىزام تەربىيىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. مىللىي قانۇن-نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى جايلاردا قانات يايدۇرۇلماقتا.

4. مىللىي مەدەنىيەت-تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان جامائەت پىكرى مۇھىتى يارىتىشقا تىرىشتۇق.

مىللىي خىزمەت ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى كۈچەيتىلدى، تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدىكى ئىلغار تىپلار تەشۋىق قىلىندى، مىللىي خىزمەتنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى.

مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرقاتار ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى مەزگىلىدە، چوڭ تىپتىكى مىللىي كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى؛ ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلەشىپ چىڭدۇدا 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە سەنئىتى «تۇلپار مۇكاپاتى» نى ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى كىنو «ئۈچقۇر ئەجدىھا مۇكاپاتى» نى باھالاش-تارقىتىش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى؛ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا مەملىكەت بويىچە

مىللەتلەرگە دائىر بىلىملەر ھەققىدە تېلېۋىزىيە تەكلىپ مۇسابى-قىسىنى ئۆتكۈزدى؛ شاڭخەي شەھىرىدە «95 جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇسلۇبى» دا ناخشا-ئۇسسۇل كۆرىكى پائالىيىتى ئۆت-كۈزدى. ھەرقايسى رايونلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۆتكۈزۈپ، 5- نۆ-ۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈۋالدى. مىللىي تىل-يېزىق ۋە قەدىمكى كىتابلار خىزمىتى، مىللىي سەھىيە خىزمىتى قاتار-لىق خىزمەتلەردىمۇ ئىجابىي يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى.

5. ئىسلاھات جەريانىدا مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولدۇق.

مەملىكەتلىك مىللىي مائارىپ خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن مەملى-كىتىمىزدىكى مىللىي مائارىپنى ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇش-نى كۈچەيتىپ، مىللىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى ۋە مىللىي مائا-رىپنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈردۇق. مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ئىزدەندۇق، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى پوستدوكتور سەييارە پونكىتى قىلىپ تەستىقلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالىي مائارىپ خىزمىتى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى؛ غەربىي شىمال 2-مىللەتلەر ئىنستىتۇتى رەسمىي ۋۇۋىسكا ئاستى. ھەر-قايسى رايونلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، مىللىي مائارىپقا بول-غان سېلىنمىنى كۆپەيتىش، مۇئەسسەسەلەرنى ياخشىلاش، سۈ-

پەتنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆپ خىزمەت ئىشلىدى.

6. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۇق.

«مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش-تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى ۋە مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش-ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى. جايلار يۇقىرىدا ئىزھار قىلىنغان سۆھبەت يىغىنى ۋە «پىكىر» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆز ئۆلكىسى، ئۆز رايونى ۋە ئۆز شەھىرىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش-تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى» نى چاقىرىپ، ئۆز رايونىنىڭ خىزمەت پىلانىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە تۈزۈپ چىقتى. سىچۈەن ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى بۇ خىزمەتنى ئۆزى سۈرۈشتۈرۈپ، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەلىپى بويىچە پىلان تۈزدى. ئۆلكىلىك پارتكوم، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 1994-يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 600 مىڭ يۈەن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش فوندى قىلىشنى قارار قىلدى. گۈيجۇ ئۆلكىلىك پارتكوم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى، خېيلۇڭجياڭ، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ كونكرېت پىلانلىرىنى تۈزدى. ئازادلىق ئارمىيىنىڭ

باش سىياسىي بۆلۈمىمۇ «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش-تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزدى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشىنى ئورتاق ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى ئۆلكە، رايونلارنىڭ تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەركەزدىكى ئۈچ مىنىستىرلىك-كومىتېتنىڭ ئۇسۇلىغا ئاساسەن، بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى ئورناتتى.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرى يەنە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ چېنىقتۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتناشتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

7. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر ئېلىپ باردۇق.

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مىللىي خىزمەت سىستېمىسىدىكى كەڭ كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن تىرىشىپ قوراللاندۇرۇپ، نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى بەش

خىل ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا تەرجىمە ۋە نەشىر قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي تىراژى 190 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسەن قاندۇردى.

جايلار ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان ۋەزىيەت ئالدىدا، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتتى، ئەھۋال ئىگىلىدى، قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلدى، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلار «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى»، «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئالاقىدار مىللىي سىياسەتلەرنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى»، «دۇنيانىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا يۈز بەرگەن قىسمەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشىدىكى مىللىي ئامىل» دېگەنگە ئوخشاش تېمىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئۇيۇشتۇردى، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرگە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مىللەت نەزەرىيىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

يېڭى ۋەزىيەتتە، ھەرقايسى جايلار مىللىي سىياسەت ۋە مىللەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى كۈچەيتتى. تيەنجىن شەھەرلىك، جېجياڭ ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتكە دائىر مەخسۇس كۇرس ئاچتى.

8. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈ-

چەيتتۇق.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ گوۋۇيۇەن بەلگىلە-
گەن ۋەزىپە، ئاپپارات، شتاتنى بېكىتىش لايىھەسىگە ئاسا-
سەن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مۇناسىپ خىزمەتلەرنى
ئىشلەپ، فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقى-
رى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى يەنە
«دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمەت قائىدىسى» قا-
تارلىق قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تارقاتتى. جايلاردىكى مىللىي
ئىشلار كومىتېتلىرى ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا كۈچەيتىلدى،
فۇجيەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرد-
نىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمەت سىستېمىسى قاتارىغا
كىرگۈزۈلدى؛ ئەنخۇي، جياڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى مىل-
لىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ شتاتى كۆپەيتىلدى. بۇ ھال مىل-
لىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە پايدا يەتكۈزگۈسى.
ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مىللىي ئىش-
لار كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن
ئەھمىيەت بەردى. گوۋۇيۇەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت مىل-
لىي ئىشلار كومىتېتىغا قوشۇمچە ئەزا ئورۇن ئەسلىدىكى ئون-
دىن 16 گە كۆپەيتىلدى، قوشۇمچە (مەخسۇس) ئەزالار سانى
ئەسلىدىكى ئون نەپەردىن 18 نەپەرگە كۆپەيتىلدى. ھەرقايسى
جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىمۇ ئەزالىق تۈزۈمى مې-
خانىزمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىدى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي
ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا
قىلىپ، مىللىي خىزمەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۆتكەن يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، نەتىجىلەرنى تو-لۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقتىمىزدا، خىزمىتىمىزدە ساقلانغان يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ كۆرۈشىمىز شەرت. جايلاردا خىزمەتنىڭ ئىلگىرىلىشى تەكشى ئەمەس، بەزى جايلارنىڭ خىزمىتى ئانچە جانلانغىنى يوق. مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ پارتىيە-هۆ-كۈمەت رەھبەرلىكىگە ئوبدان مەسلىھەتچى بولۇش، ماسلاشتۇ-رۇش ئىشىنى كۈچەيتىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە قىلغان ئىشلىرى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا يەنە بەزى ئاجىز ھالقىلار ساقلانماقتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتە يەنە بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، جۇملىدىن بۇ يىلنىڭ بېشى-دا، مىللىي مۇناسىۋەت جەھەتتە بەزى مەسىلىلەر يۈز بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. بەزى ئادەملەرنىڭ قانۇنچىلىق كۆزقارىشى ئاجىز بولغاچقا، مەسىلە يۈز بەرگەندىن كېيىن، توغرا تەرتىپ بويىچە ھەل قىلماي، خاتا ئۇسۇل قوللان-دى، ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلەتتى. مۇشۇ جەھەتتە خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم.

## 2

1995-يىلى— دۆلىتىمىزنىڭ 8-بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئاخىرقى يىلى، شۇنداقلا 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىگە قەدەم

قويۇش ئۇچۇن تېگىشلىك تەييارلىق ئىشى ئوبدان ئىشلىنىدىغان بىر يىل، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۇمىدكە تولغان بىر يىل، شۇڭا، روھىمىزنى ئۇر-غۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بۇ يىلقى خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز شەرت.

بۇ يىل مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى خىزمىتىنىڭ يېتەك-چى ئىدىيىسى ۋە ئومۇمىي تەلىپى مۇنداق: يولداش دېڭ شياۋ-پىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە-نىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 14- قۇرۇلتى-يىنىڭ ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-، 4- ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتى-يە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋې-تىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» تىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلەش، ئىسلاھات، تەرەققى-يات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئوبدان بىرتەرەپ قىلىش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق ئىگىلەش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىش، خىزمەتنى پۇخ-تا ئىشلەش. مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-رەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئەمە-لىيلەشتۈرۈش، مىللىي سىياسەتنى ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈ-رۈش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى تېخىمۇ

كەڭ ئېچىۋېتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تېخىمۇ ئوبدان بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىشقا تۈرتكە بولۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، رادىئو-تېلېۋىزىيە، پەن-تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇ يىلقى خىزمىتى توغرىسىدا، ئون تۈرلۈك ئىش بەلگىلەندى ھەمدە ئۇ جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىغا بېسىپ تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن، جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى شۇ جايدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، مىللىي خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمەت پىلانىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يىلقى خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇ يىللىق خىزمىتىنىڭ تەلىپىنى چوڭ ئىشلارنى ياخشى تۇتۇش، كۆپرەك ئەمەلىي

ئىش قىلىش دېگەن ئىككى جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.
بۇ يىل قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىش تۆت تۈرلۈك:

بىرىنچى، «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە مىللىي خىزمەت ھەققىدىكى مۇھا-
كىمە يىغىنى» نى ئوبدان ئېچىش. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق،
بەزى مۇھىم نەزەرىيە مەسىلىلىرىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋې-
لىش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ-
رۇش نەزەرىيىسىنىڭ مىللىي خىزمەتكە نىسبەتەن ئەمەلىي ئەھ-
مىيىتىنى ۋە نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشە-
نىش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى
نەزەرىيىسى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قى-
لىش، شۇنىڭ بىلەن، نەزەرىيىۋى سەۋىيە ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيە-
نى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مىللىي خىزمەتتە جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە
تېخىمۇ ئوبدان ئەمەل قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە يۇننەن ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە «5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى» نى ئوبدان
ئۆتكۈزۈش. بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغى-
نىنى ھەر مىللەت تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرىنىڭ كۆلىمى چوڭ،
مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل، ھۆسنى كۆركەم، مۇۋەپپە-
قىيەتلىك كاتتا يىغىنغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇ قېتىمقى
تەنھەرىكەت يىغىنى ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنى-
ۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى قېزىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز

سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى چوڭ ئىش— شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش. ۋاقتى كەلگەندە، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىككى ئاپتونوم رايونغا بېرىپ تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ، ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەركىزىي بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇل بولىدۇ. كۆڭۈل قويۇپ ئويۇشتۇرۇش، كەڭ كۆلەمدە ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ئوبدان ئۆتكۈزۈش لازىم. داغدۇغىلىق، قىزغىن، تېجەشلىك ۋە ئەمەلىي تەبرىكلەش پائالىيىتى ئارقىلىق، ئىككى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان قولغا كەلگەن پارلاق نەتىجىلەرنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيىلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ۋە يېڭى تۇرمۇش يارىتىش ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ قوزغاپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش

ئىشلىرى ئۈچۈن، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، چېگ-
را رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئۆزلۈك-
سىز يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بۇ تۆت چوڭ ئىشنى قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلماقچى.

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يىللىق پىلانىنى ۋە «9-بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈشكە پائال قاتنىشىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىش تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، تەدبىر قوللىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە قىيىن ئۆت-كەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، يېڭى بىر يىلدا بىر قىسىم نامرات ئاز سانلىق مىللەت ناھىيىلە-رىنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇ-رۇشقا تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە، 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتى-پاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىغا ئاسا-سەن، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئې-

لىپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرد.
نىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىسلاھات-ئىشكىنى ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

تۆتىنچى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە يېڭى نە-
تىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈ-
چەيتىدۇ؛ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەربىيىنى
ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئېلىپ بارىدۇ؛ خەلق ئاممىسىنى ئىشلەپ-
چىقىرىش-قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا
پايدىسىز ناچار ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا، ساغلام مەدەنىي يېڭى
تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ؛ خىزمەتنى كۈچەيتىپ،
«جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى»نى،
مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى بىلەن مەملىكەتلىك مىل-
لىي مائارىپ خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئەمەلىيلەش-
تۈرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش
شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرىدۇ.

بەشىنچى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي بىر-
لىك سەپ بۆلۈمى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىرلىكتە
تارقاتقان «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە
ئىشقا قويۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا
پىكىر»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى

بولۇپمۇ ئەسىر ھالقىيدىغان مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىر-لىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش جەھەتتە تەدبىر قول-لىنىدۇ، خىزمەتنى كۈچەيتىدۇ.

بۇ يىلقى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەركىزىي كومى-تېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدا بۇ يىلقى خىزمەتتە چىڭ تۇرۇش لازىم دەپ تەكىتلەنگەن «ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئومۇمىي ۋەزى-يەتنى ئەتراپلىق ئىگىلەش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىش، پۇختا ئىشلەش» تىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى قانداق ئىزچىللاشتۇ-رۇشى توغرىسىدا بىرئاز پىكىر بايان قىلماقچىمەن.

**(1) ئىدىيىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش**

ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش— تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىدىيىنى بىرلىككە كەل-تۈرگەندىلا ئىرادىنى ۋە قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولى-دۇ. مىللىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۈنىڭدىكى مۇھىم بىر تەجرىبە ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زې-دۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي خىزمەتكە بولغان يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي خىزمەتتە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىزدىن ئۆز ئىدىيىمىزنى، تونۇ-شىمىزنى، كۆز قارىشىمىزنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگو-چە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈ-

رۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇن يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى— دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيە، مىللىي خىزمەتكىمۇ يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيە، ماركسىزمنىڭ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى داۋامى ۋە راۋاجى. مۇشۇ نەزەرىيىدە چىڭ تۇرغاندىلا، مىللىي خىزمەتتە توغرا يۆنىلىشنى ئىزچىللاشتۇرغىلى، ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئېرىشكىلى، توختىماي ئالغا باسقىلى بولىدۇ. بۇ نەزەرىيىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ياخشى ئىگىلەش ھەمدە پائال تەتبىقلاش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ئۆگىنىشى كېرەك. بۇ يىل «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە مىللىي خىزمەت ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى» چاقىرىلىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەتمۇ شۇ.

ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىزدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بولغان بىرلىكنى ئاڭلىق ۋە قەتئىي ساقلاشنى، مىللىي خىزمەتتە پارتىيىنىڭ چوڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ۋە تەدبىرلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇشنى، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ۋە 4-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇ-

رۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مىللىي خىزمەت جەھەتتە بىرقاتار توغرا سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللاندى. يېقىنقى ئۈچ يىللىق ئەھۋالنىلا ئالساق، مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنى چاقىردى؛ مەركىزىي كومىتېت سىيا- سىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى- تېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە دۆلەت مىل- لىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «ھازىرقى مىللىي خىزمەتتىكى بىرنەچچە مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا دوكلات قىلىش تېزىسى»غا پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلدى؛ گوۋۇيۈەن 2- قې- تىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى؛ مەركىزىي كومىتېت يەنە 3-قېتىملىق شى- زاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. بۇلاردىن باشقا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەندىكى ئاساسىي رەھبەر- لەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كۆپ قېتىم چوڭقۇر چۆ- كۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق مەسىلىلىرىنى تەكشۈ- رۈپ تەتقىق قىلدى؛ بىرمۇنچە مۇھىم يىغىنلاردا، جۈملىدىن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىدا، مىللىي خىزمەت ھەققىدە بىرمۇنچە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. پارتى- يە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ قارارلىرى، يول- يورۇقلىرى ۋە ھۆججەتلىرى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە، ئۇلارنى خىزمەت داۋامىدا تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. مىللىي خىزمەتنىڭ چوڭ فاڭجېنى

بېكىتىلدى، يېڭى روھ دائىم بولىۋەرمەيدۇ، ھازىر مۇھىم گەپ بېكىتىلگەن فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش، ئوبدان ئىجرا قىلىش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتا قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بۇ يىل بەلگىلىگەن مۇھىم بىر خىزمەت— مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبىرى ياكى مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى باشچى بولۇپ، جايلاردا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى كۆرسەتكەن يوليورۇق روھىنىڭ ۋە مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە مۇكاپاتلاش يىغىنى روھىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت.

مىللىي خىزمەتتە ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىزدىن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ھەققىدە ئىنتايىن ئېنىق ۋە ئوچۇق تونۇشقا ئىگە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يىل مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدا مىللىي خىزمەت تىلغا ئېلىنغاندا، «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق توغرا ئىجرا قىلىش» تەلەپ قىلىندى. يېقىندا ئاياغلاشقان 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنىدا، لى پېڭ زۇڭلى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتتىمۇ «دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم» دەپ

ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىللىي سىياسەتنى ئوبدان ئىجرا
قىلىش بىزنىڭ مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئاسا-
سىي كاپالىتى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەت تارماقلىرى خىزمىتى-
نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى،
دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇي-
غۇن، مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان سىيا-
سەتتۇر. بۇرۇن مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشتە سىياسەتكە
تايانغاندۇق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىش-
لەشتە سىياسەتكە تايىنىمىز. ھازىر ھەل قىلىش لازىم بولۇۋات-
قان مۇھىم بىر تونۇش مەسىلىسى شۇكى، ئىسلاھات ۋە ئىشىك-
نى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئەھۋال ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىل-
گىرىكى مىللىي سىياسەتلەر (ئاساسلىقى ئىقتىسادىي جەھەتتى-
كى) نىڭ بەزىلىرى مەۋجۇتلۇقىدىن قالدى، بەزىلىرىنىڭ ئىسمى
بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى، شۇڭا بەزى يولداشلاردا مىللىي
سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈستىدە گۇمان ۋە ئەندىشە بار.
مېنىڭچە بۇ مەسىلىنى مۇنداق تونۇساق بولامدۇ-يوق: بىرىنچى-
دىن، مىللىي سىياسەت دۆلىتىمىزنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر
سىياسىتى، ئۇ كۈچلۈك نوپۇزغا، سىجىللىققا ۋە مۇھىملىققا
ئىگە، ئۇنى ھەرقانداق چاغدا ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش شەرت،
بۇ چوڭ پرىنسىپ. بۇ نۇقتىنى مەركىزىي كومىتېت كۆپ قېتىم
تەكىتلىدى. ئىككىنچىدىن، ۋەزىيەت تەرەققىي قىلدى، ئەھۋال
ئۆزگەردى، مىللىي سىياسەتنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىمۇ شۇنىڭغا
يارىشا ئۆزگىرىشى كېرەك. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
داۋامىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى جەريانىدا

مىللىي سىياسەتنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش
شارائىتىدىن مەھرۇم بولدى، ئۇنى تەڭشەشكە توغرا كېلىۋاتى-
دۇ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ھازىر مۇھىم بولۇۋاتقىنى تە-
رەققىي قىلغان ۋە ئۆزگەرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تۈرگە
ئايرىپ، مۇناسىپ خىزمەتلەرنى ئىشلەش: داۋاملىق كۈچكە ئىگە
بولغانلىرىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىجرا قىلىش؛ تولۇقلاش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىرىنى تولۇقلاپ مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش؛ ئىجرا قىلىشقا بولمايدىغانلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى
سىياسەتنى دەسسىتىش. بۇمۇ بىزنىڭ ئۆتكەن يىلى مەركەزگە
يوللىغان «دوكلات قىلىش تېزىسى» دا ئىزھار قىلىنغان نۇقتى-
ئىنەزەرىمىز. ئۈچىنچىدىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىك-
نى ئېچىۋېتىش بىلەن مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشنىڭ
چىقىش نۇقتىسىمۇ، نەتىجىسىمۇ بىر-بىرىگە باغلانغان. بىز
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا مىللىي
سىياسەتنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي سىياسەتنى ئوبدان
ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلا-
ھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز
لازىم.

ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىزدىن پۈتكۈل مىللىي
خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە بىردەك تونۇشقا ئىگە بولۇشىمۇ
تەلەپ قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمدەك، نۆۋەتتە مىللىي
خىزمەت ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتتە تۇرماقتا، بۇ خىزمەتكە پۈ-
تۈن پارتىيە ئەھمىيەت بەرمەكتە، پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل

بۆلمەكتە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات- ئىشىك-
نى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىمەكتە، ئىقتى-
سادىي- ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەت-
لەرگە ئېرىشمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بىز مىللىي
خىزمەتتە ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگىمۇ ھەر-
گىز سەل قارىماسلىقىمىز، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئى-
گىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا يۈز بېرىش ئېھتى-
مالى بولغان يېڭى مەسىلىلەرگە، شۇنىڭدەك داۋالغۇپ تۇرۇۋات-
قان خەلقئارا مۇھىتنىڭ دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە
يەتكۈزىدىغان تەسىرىگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ھەممە
يەردە ئېھتىيات قىلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى تىرىشىپ تۈگە-
تىپ، سەۋەنلىكنى ئازايتىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىش-
لەش لازىم. دەرۋەقە، ھازىر پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەر-
مەي، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يارىتىپ بەرگەن پايدى-
لىق شارائىتتىن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دا-
ئىمىي كومىتېتى يولىيورۇقىنىڭ روھى ۋە تەرەققىيات ئىشلىرى
بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى يارىتىپ بەرگەن پايدىلىق شارائىتتىن
پايدىلىنىپ، مىللىي خىزمەتنى تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈش،
ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي خىزمەتنى
يۇقىرى سەۋىيىگە، يۇقىرى پەللىگە يۈكسەلدۈرۈش ھەممىدىن
مۇھىم.

**(2) ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، مىللىي خىزمەت-
نىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش**

مىللىي خىزمەتتە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق ئىگىلەش-

تە، ئالدى بىلەن ئۆز خىزمىتىمىزنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتكە بويسۇندۇرۇشىمىز ۋە ئۇ-نىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. مىللىي مەسىلە پۈتكۈل ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى. بىز مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-لۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-لۇشىنىڭ ھەربىر مۇۋەپپەقىيىتى مىللىي خىزمەتكە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. بىز خىزمىتىمىزنى مۇھاكىمە قىلغان ۋە ئورۇن-لاشتۇرغان چاغدا، بۇ نۇقتىنى ھامان ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىي-يەت ئىچىگە قويۇپ تەكشۈرۈشىمىز، پىلانلىشىمىز، مىللىي خىزمەت بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىشىمىز ۋە ئوبدان ئىگىلىشىمىز لازىم. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنى بىز مىللىي خىزمەت تارماقلىرى تىرىشىپ ئىشلىشىمىز، ئىش-لىگەندىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-لۇشى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ ئومۇمىيەتكە بويسۇنۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادى-سىگە ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە بويسۇنغانلىق بولىدۇ.

ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق ئىگىلەش مىللىي خىزمەتتە

توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ يۆنىلىشنى
بىز بىرقانچە يىلدىن بۇيان تەكىتلەپ كەلدۇق، ئۇ بولسىمۇ
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ
چىقىرىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە
تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ يۆنىلىش
مىللىي خىزمەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن-
لىكى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئېقىمىغا باب كەلگەنلىكى
ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئو-
مۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە قوللىشىغا ئىگە بولدى، بۇ
يۆنىلىشتە باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت.
دەرۋەقە، بۇ يۆنىلىشنى ئاددىي پرىنسىپ ۋە شوئار قاتارىدا
كۆرمەسلىكىمىز، «كونا گەپ» قاتارىدىمۇ كۆرمەسلىكىمىز
لازىم. زامان جەھەتتىن قارىغاندا، شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز تەرەق-
قىي قىلىدۇ، ئەھۋال ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتە، ھەر يىلى يېڭى تەلەپلەر قويۇلۇپ تۇرىدۇ، بۇ ھال
بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە ئۈزلۈكسىز يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى ئۇ-
سۇل، يېڭى تەرەققىيات بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماكان جەھەت-
تىن ئېيتقاندا، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ
ئەھۋالى بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات
جەھەتتە كونكرېت خىزمەتلەرنىڭ مەزمۇنى تۈرلۈكچە بولىدۇ،
بۇ ھال ئومۇمىيەتنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈش بىلەن بىرۋاقىتتا،
ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، ھەممىدە
ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىزنى، شۇنىڭ بىلەن مۇقىملىق ۋە

تەرەققىيات جەھەتتە قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىز كېرەكلى-
كىنى ھەم ئۇنى قانداق قىلىپ ئوبدان ئىشلەش لازىملىقىنى
بەلگىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق ئىگىلەش يەنە مىللىي خىز-
مەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل ئوب-
دان ئىگىلەشنى، ئاساسىي خىزمەتلەر بىلەن 2-ئورۇندا تۇرىدى-
غان خىزمەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشنى
تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي خىزمەت كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ،
خىزمەت داۋامىدا، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇپ، چوڭ ئىشلارنى
ئوبدان ئىشلەش ناھايىتى زۆرۈر، لېكىن خىزمەتنىڭ بىرىنى
دەپ يەنە بىرىنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، بىر تۇتاش پىلانلاپ،
ئەتراپلىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مىللىي خىزمەت ئوبيېك-
تىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
رايونلارغا، تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا، شەھەرلەرگە،
يېزىلارغا، ئىچكى ئۆلكىلەرگە، چېگرا رايونلارغا، نۇرغۇن مىل-
لىي تەركىبلەرگە چېتىلىدۇ. ئاشۇ ھەممە تەرەپتىكى ئىشلارنى
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇكەممەل ئىشلەش كېرەك. خىزمەت
مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي، سىياسىي ساھەگە، ئى-
لىم-پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىغا چېتىلى-
دۇ، ئەنە شۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە
ئېتىبار بېرىپ، شۇ ساھەلەردىكى خىزمەتلەرنى ئۆزئارا باغلانغان
ۋە ماسلاشقان تەڭكەش سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئورتاق تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش، بىر-بىرىگە تۈرتكە قىلىش لازىم.

بۇ يەردە، مىللىي خىزمەت بىلەن دىنىي خىزمەتنىڭ مۇنا-

سىۋىتى ئۈستىدىمۇ توختالماقچىمەن، بۇ ئىككىسى ھەم ئالاھىدە-لىككە، ھەم ئورتاقلىققا ئىگە، ھەر ئىككىسىنى بىر-بىرىگە تۈرتكە قىلىشقا تىرىشىش لازىم. ئاپپارات ئىسلاھاتىدىن كې-يىن، بەزى جايلاردا مىللىي خىزمەت بىلەن دىنىي خىزمەت بىر ئورۇنغا بىرلەشتۈرۈلگەن ياكى ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىپ، بىر بەنزە ئىشلەيدىغان بولغان، مۇشۇ يەردە ئۇلتۇرغان بىرمۇنچە يولداشلار ھەم مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى، ھەم دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى، ئىلمىي ئاساستا پىلان-لاش ئارقىلىق، بۇ ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. نۆۋەتتە دىنىي خىزمەتتە گوۋۇيۈەن دىن توغ-رىسىدا ئېلان قىلغان ئىككى قانۇن-نىزامغا ئوبدان ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، دىنىي زاتلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن ئىتتىپاق-لىشىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك قىلىش ۋە سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش لازىم. دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.

**(3) ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆپلەپ كۈچ توپلاپ، مىل-لىي خىزمەتنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش**

مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلى-

ـرى بۇ جەھەتتە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەرخىل كۈچلەر-
نى ئۇيۇشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى مىللىي خىزمەتكە
كۆڭۈل بۆلىدىغان، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا
قاتنىشىدىغان قىلىشى لازىم.

ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ماسلاش-
تۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەيدىغان ئاڭغا ئىگە بولۇش،
ماسلاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى
ياخشى ئىشلەشكە ئىشەنچ باغلاش، قىيىنچىلىقتىن قورقىدىغان
روھىي ھالەتنى يېڭىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن باش تارت-
ماي، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك
مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىش،
مەسلىھەتلىشىش ۋە ماسلىشىش لازىم. مۇشۇ خىزمەتلەرنى ئىش-
لەش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ھوقۇقىمىز. ئەمەلىيەت بىز-
گە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھەرقايسى تارماقلار مىللىي خىزمەتكە
ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە ئۇنى قوللايدۇ، مىللىي خىزمەت
تارماقلىرى ئالاقە باغلاپ، ئىشنىڭ سەۋەبىنى ۋە داۋلىسىنى
ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئەقىلغە مۇۋاپىق تەلەپ قويىدىغانلا بولسا،
ئادەتتە ناھايىتى ئوبدان جاۋابقا ئىگە بولىدۇ. بەزى ئىشلاردا
مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىئەپ بولسا،
ماسلاشتۇرۇشقا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي
يولداشلار ياكى ئۇنىۋېرسال تارماقلار تەكلىپ قىلىنسا بولىدۇ.

ماسلاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش بىلەنلا قالماي، ماسلاشتۇ-
رۇشقا ماھىر بولۇشمۇ لازىم، بۇ مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ
كەسپىي سەۋىيىسى، خىزمەت سۈپىتى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىغا

باغلىق مەسىلە. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى شۇنىڭغا تىرىشى- شى لازىمكى، ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرى ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك بولسۇن، ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرى ئەقىلغە سى- غارلىق، قانۇنغا مۇۋاپىق ۋە ئەمەلىيەتتە ئاقىدىغان بولسۇن. شۇنداق بولغاندىلا، بەرگەن پىكىر-تەكلىپلىرىمىز ئېتىبارغا ئې- لىنىپ، قوبۇل قىلىنىدۇ، ماسلاشتۇرۇش ئىشىمىز ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇڭا، ھەر قېتىم ماسلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى تولۇق تەييارلىق كۆرۈش، ماسلاشتۇرۇشقا دائىر ئەھۋالىنى، تەھلىلىنى، لايىھىسىنى بولسۇن دېگەن تەلەپنى ئورۇنداش لازىم.

ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا، ھالقىلىق پەيتتە چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە ماسلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ھەقتىكى ماسلاشتۇ- رۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆز پەيتىدە ئوبدان ئىشلەش لازىمكى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن، سەۋەنلىك ئۆت- كۈزۈشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن، 1996-يىلى دۆلىتىمىزنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى تۈزۈلىدۇ، 9-بەش يىللىق پىلان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، بۇ يىل بۇ جەھەتتە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى، بۇنىڭ مىللىي خىزمەتكە مۇناسىۋىتى زور. بىز تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەلىللەش ئاساسىدا، توغرا ۋە ئېنىق پىكىر-تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئالاقىدار ئو-

رۇنلارغا سۇنۇشىمىز ھەمدە ئۇنى 9-بەش يىللىق پىلانغا كىرگۈ-
زۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇش جەھەتتىكى
ناھايىتى مۇھىم بىر خىزمىتى مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن
مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوب-
دان ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. مەملىكەت بويىچە ھەر دەرىجى-
لىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەزالىق
تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك
تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان
ئەزالىقنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي ئىشلار كو-
مىتېتلىرى خىزمەت جەريانىدا، مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان
ئەزالار بىلەن قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەزالارنىڭ رولىنى
جارى قىلدۇرۇشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلى-
يىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى
لازىم. ئەزالار ئىشلەۋاتقان ئورۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، ئەزالارنى مىللىي خىزمەتكە تېخىمۇ بىۋا-
سىتە، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قاتنىشىپ، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن كۆپرەك
ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم.

ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش — چوڭ بىلىم، بۇ يالغۇز
خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسىلا ئەمەس. جايلاردىكى مىللىي خىز-
مەت تارماقلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ،
كۆپرەك ئەقىل ئىشلىتىپ، ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھەرقاي-
سى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى

توپلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. نۆۋەتتە، يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمە ئالمىشىدىغان مۇھىم مەزگىلدە تۇرماقتىمىز، بىرمۇنچە مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، يولداشلارنىڭ خىزمەت داۋامىدا بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشىنى سورايمىز.

**(4) باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ۋە پۇختا ئىشلەپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىش**

هازىر، مىللىي خىزمەتنىڭ چوڭ فاڭجېنى بېكىتىلدى، قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكى ناھايىتى ئايدىڭلاشتى دې-يىشكە بولىدۇ، ئەمدى گەپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ۋە تەدبىرلىرىنى پۇختى-لىق بىلەن جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قالدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كې-رەك، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى بىپايان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا، نۇرغۇن مىللەتلەرگە يۈزلىنىش بىلەن بىللە خىل-مۇخىل مۇرەككەپ، ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋاللارغىمۇ دۇچ كەلمەكتە، بۇ ھال بىزدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا. ئەمەلى-يەتكە ھەقىقىي تۇردە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مىللىي خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىكى ئىشلار-نى، بولۇپمۇ چوڭ ئىشلارنى كۆڭۈلگە ئېنىق پۈكۈپ قويۇش كېرەك. تەكشۈرۈش مۇھىم، تەتقىق قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ مۇ-ھىم. تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئېرىشكەن ماتېرىياللارنى ئەستا-يىدىل رەتلەپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، تەھلىل قىلىپ، نەزەرىيە پەللىسىگە، نۇقتىئىنەزەر پەللىسىگە كۆتۈرۈش، سىياسەت ۋە

تەدبىرگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. تەكشۇرۇشنى چوڭقۇر، تەتقىقاتنى ئىنچىكە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەھدىسىدىن ھەقىقىي تۇردە چىقىش لازىم. تەكشۇرۇپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىك بولسا، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا، خىزمەتنى ئىلگىرى سۇرۇشكە ياردىمى بولىدۇ.

پۇختىلىق بىلەن ئىشلەش بىزدىن جان-دىل بىلەن خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىش مەقسىتىگە باشتىن-ئاخىر ئەمەل قىلىپ، ئاممىنىڭ دەرت-ئەلىمىگە كۆڭۇل بۆلۇشنى، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر مىللەت ئاممىسىنى قەلبىمىزگە پۇكۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشىمىز، ئاما بىلەن چىندىن «ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش» بولۇشىمىز لازىم. مەسىلىلەر ئۇستىدە ئويلانغاندا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك.

پۇختىلىق بىلەن ئىشلەش بىزدىن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بىز يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، شۇنى تەكىتلەپ كەلدۇق ۋە شۇنداق قىلىپ كەلدۇق، بىز داۋاملىق شۇنداق قىلىمىز، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ ياخشى قىلىمىز. ئاما تەلەپ قىلغان ئىشلارنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىمىز. قانچىلىك ئەمەلىي ئىش قىلالىغانلىقىمىز، بىزنىڭ خىزمەت سەۋىيىمىزنى، خىزمەت سۇپىتىمىزنى، خىزمەت نەتىجىمىزنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم.

بۈگۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى تەكىتلىگەنلىكىمىز مىللىي خىز-
مەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسىنى شۇ يەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە چەمبەر-
چاس بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدىكى ھەقىقىي
ھەرىكەتكە، ھەقىقىي نەتىجىگە ئايلاندۇرۇش لازىم دېگەنلىكتۇر.
ئەمەلىي ئىش قىلىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش، خەلق
تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنى سوتسىيالىزمنى ۋە ۋەتەننى تېخىمۇ
قىزغىن سۆيىدىغان قىلىش لازىم. ئەمەلىي ئىش قىلىش دېگەن-
نى ھەرگىز تەكشۈرۈشتىن ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈنلا
ياكى يېڭى يىل، ھېيت-بايراملاردا بەلگە قىلىپ كۆرسىتىش
ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق
كېرەك. ئەمەلىي ئىش قىلىش خىزمەتتىكى مۇھىم بىر پرىن-
سىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلىي ئىشلارنى خىزمەت پىلانىغا
كىرگۈزۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت، خەلق ئاممىسى تەلەپ قىلغان
ئىشلارنى ئۆزىمىزنىڭ كونكرېت خىزمىتى ئارقىلىق بىر-بىر-
لەپ ئىشلىشىمىز ۋە بۇنى ئۇزاققىچە داۋالاشتۇرۇشىمىز لازىم.

ئەمەلىي ئىش قىلىش كىچىك ئىشلارنى تۇتۇپ، چوڭ ئىش-
لارغا سەل قاراشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمەلىي ئىش قىلىش
چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا ماس كېلىدۇ، يەنى خىزمەتنى ھەقىقىي
ۋە پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق چوڭ ۋەزىيەتكە ئالاقىدار ئىشلارنى
مۇكەممەل ئىشلەش لازىم دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىي ئىشلارنى
ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپلا قالماي، يەنە
ئىجادىي ئىشلەشكىمۇ توغرا كېلىدۇ، پارتىيىنىڭ چوڭ فاڭجېن-

لىرىنى تولۇق چۈشىنىش ئاساسىدا، ھەر جاينىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، ھەر جاينىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇ-رۇپ، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئويلاشقا ۋە ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەمەلىي ئىشنى جايىدا ئىشلەشكە بولىدۇ.

يولداشلار، ئەتىيازدىن دېرەك بېرىپ 3-ئاي كۈنلىرى يې-تىپ كەلدى، يېڭى باھار كۈنلىرىگە ئاز قالدى. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بى-لەن ئالغا ئىنتىلىپ، يېڭى بىر يىلدا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-لىقى ۋە تەرەققىياتىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلى-رىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مىللىي خىزمەت-نى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە تىرىشايلى.

# يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى*

(1995-يىل 3-ئاينىڭ 23-كۈنى)

ئالدى بىلەن مەن مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى ۋە مىنىستىرلىك، كومىتېتلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلارنىڭ شاڭخەيگە كېلىپ بۇ يىلقى مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقانلىقىنى ئىنتايىن قارشى ئالىمەن ۋە بۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىمەن، شۇنىڭدەك ھەرقايسىڭلارنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى مىللىي خىزمەتنى ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى قوللىغىنىڭلار ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگۈنۈڭلار ئۈچۈن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

بايا كۆپچىلىك مىللىي خىزمەت توغرۇلۇق بىرمۇنچە ياخشى

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىكى مىللىي خىزمەتكە مەسئۇل رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ۋە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بىر قىسىم ئەزالىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

پىكىرلەرنى بايان قىلدى، بۇ بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ناھايىتى پايدىلىق.

لى پېڭ زۇڭلىنىڭ بۇ يىلقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا مىللىي خىزمەت ئۈستىدە توختالغاندا: «مىللىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش لازىم» دېدى. بۇ قىسقىغىنا سۆزنىڭ ۋەزنى ناھايىتى ئېغىر. ئۇ بىزگە مىللىي خىزمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئەمدى گەپ مۇشۇ ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈش، ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتە قالغانلىقىنى ئوچۇق ئۇقتۇردى.

تەرەققىيات ۋەزىيىتى بىزدىن خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلماقتا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ بىزدىن خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلماقتا، مىللىي خىزمەت سېپىمىزدىكى يولداشلارمۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. مەن بۈگۈن ئاساسلىقى مىللىي خىزمەتنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش كېرەك دېگەن تېما ئۈستىدە پىكىر بايان قىلماقچىمەن. بۇ يىلقى مىللىي خىزمەتنىڭ تەلىپى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى توغرىسىدا تۈنۈگۈنكى سۆزۈمدە توختالدىم، بۇ يەردە قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. بۇ-

گۇن ئاساسىن ئۇچ مەسىلە ئۇستىدە توختىلىمەن.

**1. زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇچۇن مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي خىزمەتكە هامان ئەهمىيەت بېرىش كېرەك.** بۇ نۇقتا يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدە ناهايىتى ئايدىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بۇ نۇقتىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن رەهبەرلىرىمۇ قايتا-قايتا تەكىتلەپ كەلمەكتە. جۇڭلىدىن يولداش لى رۇيخۇەن بۇلتۇر 9-ئايدا پايتەختتىكى ئاز سانلىق مىللەت زاتلىرى سۆهبەت يىغىنىدا مىللىي خىزمەتنىڭ مۇهىملىقىنى ئالتە جەهەتتىن سۆزلىدى. ئەمدى مەن، بۇ خىزمەتكە هەقىقىي ئەهمىيەت بېرىش هەمدە دائىم ئەهمىيەت بېرىش كېرەك، دېمەكچىمەن. خۇددى بۇلتۇر يىل بېشىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەكىتلىگەندەك: مىللىي خىزمەتنى دائىم تەكىتلەپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى بار. دائىم تەكىتلەپ تۇرۇش دېگەنلىك مىللىي خىزمەتنى مۇهىم ۋە دائىملىق خىزمەت دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەهمىيەت بېرىش، ئۇنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ۋەزىيەت ياخشى بولغاندا، هېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىگەندە، بۇ خىزمەتنى بىر ياققا تاشلاپ قويۇپ، ياستۇقنى قىرلاپ بەخىرامان ئۇخلىساق بولىدۇ دەپ قارايدىغان، ئازراق شەپە بولسىلا پايپېتەك بولۇپ كېتىدىغان ئەهۋاللارغا هەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك، ئۇنداق ئەهۋاللارغا يول قويىدىغان بولساق بەدەل تۆلەپ، چىقىم تارتىشىمىز مۇمكىن. مىللىي

خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى نۇتۇق ۋە ھۆججەتلەردىلا تەكىتلەپ، ئەمەلىي خىزمەتتە ئۇنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويمايدىغان ئەھۋال-دىنمۇ ساقلىنىشىمىز كېرەك.

ۋەزىيەت ئىنتايىن ياخشى بولغانسېرى، مىللىي خىزمەتكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەركەزنىڭ ئەھمىيەت بېرد-شى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجى-سىدە، نۆۋەتتە مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى ھەقىقەتەن ياخشى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتىد-دۇ، ئۆتكەن يىلقى تۇرلۇك ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئوڭۇشلۇق ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى؛ ئاز سان-لىق مىللەت رايونلىرىدا جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتى-پاق، خەلق خۇشال-خۇرام ياشىماقتا؛ بىز غەربتىكى دۇشمەن كۈچلەرنىڭ ۋە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇردۇق، جىددىي داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتكە ۋە دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە مالىمانچىلىق، بۆلۈنۈش يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋالغا قا-راپ، غەربتىكى دۇشمەن كۈچلەر يۈز بېرىشنى ئۈمىد قىلغان ئىش، بىزدىكى بەزى يولداشلار يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئىش يۈز بەرگىنى يوق. يۈز بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ باردى. مەسى-لەن، ئۆتكەن يىلى، تىنچ-ئىتتىپاقلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھېچقانداق چوڭ ئىش يۈز بەرمىدى، بۇنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدە. شۇنىڭ ئۈ-چۈن، نۆۋەتتىكى ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا، مىللىي

خىزمەتتە چوقۇم كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشتە، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە خىزمەتنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، مىللىي خىزمەتنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بىزنىڭ مىللىي خىزمەتنى مۇھىم دېگىنىمىز ھەرقانداقلىكى خىزمەتنى مۇشۇ خىزمەتكە بېقىندۇرۇش كېرەك دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ. مىللىي خىزمەت پارتىيىنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، مىللىي خىزمەت پەقەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدىلا ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارالايدۇ. بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىش دېگىنىمىز پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىدە مىللىي خىزمەتنى ھېسابقا ئېلىشى، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ بىر بۆلىكىنى مىللىي خىزمەت ئىگىلىشى كېرەك، مىللىي خىزمەت تەتقىق قىلىنىشى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، تەكشۈرۈلۈشى لازىم دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچى، ھەر يىلى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىش كېرەك. مىللىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مېنىڭچە بۇنىڭدىكى ئاساسىي بىر تەرەپ كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىش، يەنى ھەر يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەلەپ قىلغان، مىللىي سىياسەت تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شەپقىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇ-

رۇش، ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ يىللىق مېھرىنى ھېس
قىلدۇرۇش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى،
غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېــس قىلــدۇرۇش كېرەك. بۇ
نۆۋەتلىك دۆلــەت مىللىي ئىشــلار كومىتــېتى ئەزالىــرىنىڭ
1ـ يىغىنىدىمۇ ئەزالارنىڭ، ئەزا ئورۇنلارنىڭ ھەر يىلى ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىشىنى
تەكىتلىدىم.

ئۈچىنچى، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى-
نى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمە-
تىگە زۆرۈر شەرتلەرنى هازىرلاپ بېرىش كېرەك. مىللىي خىز-
مەتكە دائىر زور تەدبىر، فاڭجېنلارنى تۈزۈشتە، چوڭ-چوڭ
ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەلۋەتتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە،
ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەمما نۇرغۇن
كونكرېت ئىشلارنى مىللىي خىزمەت تارماقلىرىغا تايىنىپ ئىش-
لەيدىغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىش-
لەش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۆز
ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئوب-
دان مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولۇشى؛ يەنە بىر تەرەپتىن
پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇشى كېرەك. بۇلتۇر يىل بېشىدا مەركىزىي كومىتېت
سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەت مىللىي ئىشلار
كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىك-
نى ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئالاقىدار

چوڭ-چوڭ سىياسەت، مۇھىم تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىشتا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش لازىملىقىنى ئېيتتى. مېنىڭچە، بۇ تۈۋقتىنى ھازىر بەزى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرمۇ ئېتىراپ قىلدى، يەنى مىللىي خىزمەتتىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا ئۆز قارىمىقىدىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئالىدىغان بولدى. بۇ ھال مىللىي خىزمەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، خادىملار شتاتى، ماشىنا ئىشلىتىش، تۇرالغۇ ئۆي، راسخوت قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەردە مىللىي خىزمەت تارماقلىرىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش، ئۇلارغا ياخشىراق ياكى ئەقەللىي خىزمەت شارائىتىنى ھازىرلاپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى فۇنكسىيىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بۇ يىل مۇشۇ جەھەتلەردە بەزى ئىشلارنى قىلماقچى، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەدبىر قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**2. يېڭى ئەھۋاللارنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلەلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىش، مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.** ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، بۇ ئىش ئالغا تاشلىغان ھەربىر قەدەمدە مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە چېتىلىدۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ بىر تۈرى بولغان

مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئې-
چىۋېتىش داۋامىدا ئۆزگىرىشى شۈبھىسىز. مىللىي خىزمەتنىڭ
رەھبىرىي تارماقلىرى ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلىرى بۇ خىل
ئۆزگىرىشلەرگە پائال ماسلىشىپ، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەق-
قىياتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەتقىق قى-
لىشى لازىم.

رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئىلگىرىكى مەسىلى-
لەرنىڭ بىر قىسمى بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇتلۇقىدىن قېلىشى
ياكى باشقا بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئېلىشى مۇمكىن؛
ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان مەسىلىلەر بۈگۈنكى كۈندە سادىر
بولۇشى ياكى سادىر بولۇپ بولغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئىلگىرى-
دىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىلگى-
رىكى كونا ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس. نۆۋەتتە بىر
ئاز گەۋدىلىكرەك بولغان مەسىلىلەردىن مۇنداق بىرقانچىسى
بار: بىرىنچىسى، ئىقتىسادىي ھوقۇق-مەنپەئەت تۈپەيلىدىن پەي-
دا بولغان سۈركىلىش، زىددىيەتلەر كۆپىيىپ قالدى. يېزىلار-
دىكى ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ چوڭقۇرلىششى، ئىقتىسادىي تۈ-
زۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش،
مەنپەئەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە
يېڭى ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئىككىنچىسى، ئېقىپ
يۈرىدىغان ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بىرمۇنچە يېڭى مە-
سىلىلەر سادىر بولدى. ئۈچىنچىسى، ئالاقە، قاتناش قۇراللىرى-
نىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۇچۇر تارقىتىشنىڭ تېزلىششىمۇ
مىللىي مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن: مەسىلەن،

بۇرۇن مەلۇم بىر جايدا يۇز بەرگەن ماجىرا باشقا جايلارغا تارقال-
غىچە ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى ياكى باشقا جايلارغا تارقىلىپ بول-
غىچە ماجىرا ھەل بولۇپ بولاتتى. ھازىر ئۇنداق ئەمەس، بەزى
ئىشلار ئەمدىلا يۇز بېرىشىگە باشقا جايلارغا ئاڭلىنىدىغان بول-
دى، بىر قىسىم كىشىلەر تېزلا ئالاقە باغلاپ، ئۆزئارا دوست
تارتىشىپ مەدەت بېرەلەيدىغان بولدى. بۇنى «مېڭىنىڭ تېز
بۇرۇلۇشى» دېگەن كىتاب سەۋەبىدىن يۇز بەرگەن ۋەقەدىن ئې-
نىق كۆرۇشكە بولىدۇ. يېڭى ئەھۋاللار ئالدىدا، كاللىمىزنى
ئۆزگەرتىپ بېرىشىمىز، تەدبىرىمىزنىمۇ ئۆزگەرتىشىمىز،
«ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم» دېگەندەك ئۆزگىرىشكە
ئۆزگىرىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىمىز لازىم، مۇشۇنداق قىل-
غاندىلا، ئاندىن خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئالالايمىز.
نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە، ئەھۋالدىكى ئۆزگىرىشنىڭ
مىللىي سىياسەتكە، مۇھىمى شۇ سىياسەتنىڭ ئىقتىسادىي جە-
ھەتكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مىللىي
سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش خىزمىتى-
نى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى
تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە نېمىگە تايىنىش لازىم؟ مېنىڭچە ئىن-
تايىن مۇھىم شەرت— سىياسەتكە تايىنىشتۇر. جۇمھۇرىيىتى-
مىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۇرۇش، مىللەتلەرنى ئورتاق
تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق گۇللەندۇرۇش ئۇچۇن بىرقاتار
توغرا سىياسەتلەرنى تۇزدى، بۇ سىياسەتلەر غايەت زور ئۇتۇقۇقا

ئىگە بولدى، بۇنى دۇنيا جامائەتچىلىكىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيا-تىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىدا يەنىلا سىياسەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

لى پېڭ زۇڭلى يېقىندا ئاياغلاشقان مەملىكەتلىك 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنىدا: «ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېز-لىتىش» ، «دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قاراتقان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئە-مەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم» دەپ تولىمۇ ياخشى ۋە ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويدى. ئەگەر تەرەققىياتنى تېزلە-تىشنى نىشان ۋە تەلەپ دېسەك، ئۇ ھالدا سىياسەتنى مۇكەممەل-لەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى كاپالەت ۋە تەدبىر دېمەكتۇر. لى پېڭ زۇڭلى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم-لىقىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ قالماستىن، بەلكى سىياسەتنى مۇ-كەممەللەشتۈرۈش لازىملىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمەلىيلەش-تۈرۈش دېگىنىمىز ھازىرقى سىياسەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىملىقىنى، ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەرقايسى رايون-لارنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تۈزگەن مىللىي سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. سىياسەت-نى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ناھايىتى كۆپ. «مۇكەممەللەشتۈرۈش»نىڭ ئۆزى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش داۋامىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ جىددىي ئېھتىيا-

جىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىسلاھات-ئې-چىۋېتىش داۋامىدا، ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇر-غانلىقى ئۈچۈن، بەزى سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش تەس بولۇپ قالدى، بەزى سىياسەتلەر نامىدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى، شۇڭا سىياسەتنى ھەقىقەتەن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلى-دۇ. مۇكەممەللەشتۈرۈش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ مېنىڭ چۈ-شىنىشىمچە: ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش شارائىتىدا داۋاملىق ئىجرا قىلىشقا بولىدىغانلىكى سىياسەتلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كې-رەك؛ بۈگۈنكى ئەھۋاللارغا ئۇيغۇن كەلمەي قالغان بەزى سىيا-سەتلەرنى تۈزىتىپ، تولۇقلاپ، بۈگۈنكى ئەھۋاللارغا ئۇيغۇنلاش-تۇرۇش كېرەك؛ كۆچىدىن قالغانلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى سىيا-سەتلەرنى تۈزۈش كېرەك. بۇ خىزمەتنى پۇرسەتنى قولدىن بەر-مەي ئەستايىدىل ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە تۈنۈگۈن توختالدىم. بۈگۈن يەنە تەكىتلىشىمدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم، ئىككىنچىدىن، بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە قولىدىن ئىش كېلىدۇ. چۈن-كى مىللىي سىياسەتنى تۈزۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جايلارغا چېتىشىدۇ، لېكىن ھەممىدىن كۆپرەك گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك-كومىتېتلىرىغا، بولۇپمۇ مىللىي ئىشلار كومى-تېتىنىڭ ئەزالىرى تۇرۇشلۇق 10 نەچچە مىنىستىرلىك-كو-مىتېتقا چېتىشىدۇ. بىز بۇ مىنىستىرلىك-كومىتېتلارنىڭ مىل-لىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جە-ھەتتە بۇ يىل بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋې-

تىش بىلەن مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشنى بىر-بىرىگە تۈرتكە قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى سىياسەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**3. 9-بەش يىللىق پىلاننى تۈزۈشكە دائىر خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.** لى پېڭ زۇڭلى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا: «ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئورتاق بېيىشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا بۇ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ تېز، ئىزچىل، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

تەرەققىياتنى تېزلىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، مۇنداق مۇھىم بىر ئاچقۇچنى ئىگىلەش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ، دۆلىتىمىز تۈزۈۋاتقان 9-بەش يىللىق پىلاندۇر. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شارائىتىدا، بۇ بەش يىللىق پىلان دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بىرەر جاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. 9-بەش يىللىق پىلان تەرەققىيات كۆلىمى، تەرەققىيات سۈرئىتى، كونكرېت تۈرلەر، ئىسلاھات تەدبىرى قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. بۇ ئىش مۇنداق ئىشلەنسە بولارمىكىن دەيمەن: بىرىنچىدىن، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ئۆزلىرىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزگەندە مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ۋە پارتىيىنىڭ ئىزچىل سىياسەتلىرىگە ئاساسەن،

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى-
نى تولۇق نەزەرگە ئالسا. ئىككىنچىدىن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار
مىنىستىرلىك-كومىتېتلىرى، بولۇپمۇ گوۋۇيۈەننىڭ پىلان،
ئىقتىساد باشقۇرغۇچى تارماقلىرى دۆلەتنىڭ 9-بەش يىللىق پى-
لانىنى تۈزگەندە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ «تەرەققىيا-
تىنى تېزلىتىش» تەلىپىنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرسە. دۆلەت
پىلان كومىتېتى ئۆز خىزمىتىدە مۇنداق بىر پرىنسىپنى: يەنى
شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلارنىڭ پەرقىنى ئازايتىشقا
پايدىلىق بولغان تۈرلەرنى ئالدى بىلەن غەربىي رايونلارغا ئورۇن-
لاشتۇرۇش پرىنسىپىنى ئورناتتى. باشقا خىزمەتلەردىمۇ، جۇمە-
لىدىن يىللىق پىلاننى ياكى مەلۇم تۈرنىڭ كونكرېت پىلانىنى
تۈزگەندىمۇ بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

دۆلەت تۈزگەن 9-بەش يىللىق پىلاندىن باشقا، ھەرقايسى
تارماقلارنىڭ تۈرلۈك قاتلامدىكى پىلانلىرى، تۈرلىرى بار. ھەر-
قايسى تارماقلارنىڭ شۇ خىزمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا چېتىلىدىغانلا بولسا، ئىمكانقەدەر
مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىپ، غەمخورلۇق قىلىشنى، ھەممەيلەن
ئورتاق تىرىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىيا-
تىنى تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇنىڭدىن باشقا، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت سا-
ھەلىرىدىكى خىزمەتلەر، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يې-
تىشتۈرۈش خىزمىتى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش خىز-
مىتى توغرىسىدا دوكلاتتا سۆزلەندى، ھەممىسى ناھايىتى مۇ-
ھىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەر بىر-بە-

ـرىگە باغلىنىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئالاقىدار تە-
رەپلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىغا ئاساسەن خىزمەتنى كۈچەيتىپ،
ئوبدان ماسلىشىپ، ئورتاق تىرىشىپ، لى پېڭ زۇڭلىنىڭ مىل-
لىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك، دېگەن تەلىپىنى
ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

# كۇڭ فەنسېندىن ئۆگىنىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلايلى*

(1995-يىل 4-ئاينىڭ 19-كۈنى)

شىزاڭغا ياردەم قىلىشقا بارغان كادىر، شىزاڭ ئالى ۋىلا-
يەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش كۇڭ فەنسېننىڭ نەمۇنى-
لىك ئىش-پائالىيەتلىرى خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن، مەملىكە-
تىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.
خەلق ئاممىسى ئۇنى قىزغىن سۆيمەكتە، ياد ئەتمەكتە، ئۇنىڭ-
دىن ئۆگەنمەكتە. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىي
ھەرىكىتىدە كۆرسەتمەكتە، بېيجىڭدىن شىزاڭغا 24 نەپەر كادىر
يۆتكەلمەكچى بولغاندا، 700دىن ئارتۇق ئادەم ئۆزىنى تىزىمغا
ئالدۇرغان؛ شاڭخەي شەھىرى شىزاڭغا 30 نەپەر كادىر يۆتكە-
مەكچى بولغاندا، 1 مىڭ 200دىن ئارتۇق ئادەم ئۆزىنى تىزىمغا
ئالدۇرغان.

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومى-
تېتىنىڭ يولداش كۇڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا سۆز-
لىگەن سۆزى، كېيىن «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» نىڭ 1995-يىل 9-سانىدا
ئېلان قىلىنغان.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار تەشكىل قىلغان «يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇش دوكلات ئۆمىكى» بېيجىڭدا ئىككى قېتىم مەخسۇس تېمىدا دوكلات بەرگەندىن كېيىن، يەنە باشقا جايلارنى ئايلىنىپ دوكلات بېرىۋاتىدۇ. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى يولداش كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىمىزدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملارمۇ يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەنمەكتە. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى يولداش كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش توغرىسىدا «قارار» چىقىرىپ، يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرىنى قانداق ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، يولداش كۆڭ فەنسېندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى مىللىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسىدا چوڭقۇر قانات يايماقتا.

بۈگۈن بىزنىڭ بۇ يىغىننى چاقىرىشىمىزدىكى مەقسەت يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرىنى قايتا ئۆگىنىش ھەمدە پۇختا تەدبىر قوللىنىپ، نەمۇنىچىدىن ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ھەرىكىتىمىزدە كۆرسىتىش، خىزمىتىمىزنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، زىممىمىزدىكى مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىغا ۋەكالىتەن، يولداش كۆڭ فەنسېن-

دىن ئۆگىنىشكە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە بىرئاز پىكىر بايان قىلماقچىمەن.

يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى ۋە روھى «خەلق گېزىتى» نىڭ 4-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى باش ماقالىسىدە: ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، خالىس تۆھپە قوشىدىغان مۇستەھكەم پارتىيىۋىلىك، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قايناق قىزغىنلىق، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، پاك ۋە دىيانەتلىك يول تۇتقان ئالىيجاناب پەزىلەت، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، چىن ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان ئېسىل ئىستىل دېگەن بىرقانچە جەھەتكە يىغىنچاقلانغان. يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر ناھايىتى كۆپ. بۈگۈن مەن مىللىي خىزمەت خادىملىرى يولداش كۆڭ فەنسېندىن قانداق پۇختا ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك دېگەن ئاساسىي تېمىدا توختالماقچىمەن.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بولغان يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى ھەممە كادىرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ؛ خەلقنىڭ ياخشى چاكىرى بولغان يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇقىرى مەدھىيىسىگە ئېرىشتى؛ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش نەمۇنىسى بولغان يولداش كۆڭ فەنسېن مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەربىرىمىزنىڭ رېئال ئۈلگىسى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىز ئۆگە-

ـنشكه تېگىشلىك نۇرغۇن جەھەتتىكى قىممەتلىك نەرسىلەر، جۈملىدىن ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى، ئالىيجاناب غايىسى، سىياسىي پەزىلىتى، خىزمەت ئىستىلى، خىزمەت ئۇسۇلى قاتار-لىقلار بار. بۇلارنى مىللىي خىزمەت ۋەزىپىلىرىگە ۋە مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىگە بىرلەشتۇرۇپ، يولداش كۇڭ فەنسېندىن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئۆگىنىشكە ئالاھى-ـدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

**1. يولداش كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، پارتىيىنىڭ چوڭ-چوڭ سىياسەت ۋە فاڭجېنلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى يولىدا ئېغىر ۋەزىپىلەرنى دادىل ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز، خالىس تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم**

بىز يولداش كۇڭ فەنسېننىڭ ۋۇجۇدىدىن كومپارتىيە ئەزا-لىرىنىڭ ئالىيجاناب ئىستىكى ۋە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى كۆ-رەلەيمىز. ئۇ پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى دەپ خىزمەت شارائىتىمۇ، تۇرمۇش شارائىتىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغان شەندۇڭدىن، ئۆزد-ـنىڭ يۇرتىدىن، ياشىنىپ قالغان ئانىسىدىن قىلچە ئىككىلەنمەي ئايرىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرا رايونىغا ئاتلى-ـنىپ، شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق جايدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ تۆھپە ياراتتى.

ئۇ دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدە خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، بەل-ـكى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دۇنيانىڭ ئۆگزىسىگە، دۇنيانىڭ ئۆگزى-ـسىدە ياشاۋاتقان خەلققە بېغىشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادكارلىق روھى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى بىلەن شىزاڭ ئېگىزلىكىنى گۈل-

لەندۇرۇش، مىللەتلەرنى تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش يولىدا هارماي-تالماي ئىزدەندى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلدى. ئۇ ئۆزىنىمۇ، كۆڭلىنىمۇ ئىگىزلىككە ئاتىدى.

پارتىيىنىڭ مەنپەئىتى ئۇنىڭ خىزمىتى ۋە هاياتىدا ئالىي مەنپەئەت بولدى. ئۇ دائىم: «بىز بولساق پارتىيىنىڭ ئادىمى»، هەرقاچان، هەرجايدا پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشىمىز، پارتىيىنىڭ ئېهتىياجىغا بويسۇنۇشىمىز، پارتىيىنىڭ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم، دەيتتى. شۇڭا ئۇ شەخسىي غەرەزدىن خالىي بولدى، هېچنېمىدىن قورقمىدى، تۆهپە قوشۇشقا خۇشتار بولدى.

مانا بۇلار بىز مىللىي خىزمەت خادىملىرى ئۈچۈن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

مىللىي خىزمەت— پارتىيىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسمى، بۇ خىزمەتنىڭ ئوبدان ئىشلىنىش-ئىشلەنمەسلىكى پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرىغا، هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز يولداش كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشىمىز، مىللىي خىزمەتنى سۆيۈشىمىز، كۆڭلىمىزنى مىللىي خىزمەتكە ئاتىشىمىز، مىللىي خىزمەتتە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم. مىللىي خىزمەت كەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا، يەنە كېلىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسپىي ئاستا، تەبىئىي شارائىتى نىسپىي ناچار، تۇرمۇش شارائىتى نىسپىي جاپالىق جايلارغا قارىتىلغان. شۇڭا بىز يولداش كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش جاپا-مۇشەققەتتىن، قى-

يىنچىلىقتىن قورقماي، جاپا چېكىشكە رازى بولۇپ، قىيىنچى-
لىقلارنى يېڭىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات--
ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن باش
چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلىشىمىز، ئاز سانلىق مىللەت را-
يونلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۈچۈن تىرىشىپ كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز لازىم.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا، بىز پارتىيىمىزنىڭ قۇ-
رۇلۇشىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى كۆ-
رۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، بەزى مەسىلىلەرنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەن-
لىكىنى، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ كىشىلەر
ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلانغانلىقىنى كۆر-
مىسەك بولمايدۇ. يولداش كۇڭ فەنسېننىڭ ۋۇجۇدىدا نامايان
بولغان توغرا كەيپىيات، پاك ۋە خالىسلىق خىسلىتى بۈگۈنكى
كۈندە پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ ئوبرازى-
نى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز يولداش
كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى ۋە
قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ھەممە جايدا پارتىيە پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنى پاك تۇتۇشىمىز، ھەرخىل ناتوغرا
ئىستىللارغا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، چىن مەنىدە
لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى
بولۇشىمىز لازىم.

**2. يولداش كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-رىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇر-**

## مۇش شارائىتنى ياخشىلىشقا، تۇرمۇش سەۋىيىسنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم

يولداش كۆك فەنسىن شىنجاڭدا ئىشلىگەن ئون يىل جەريانىدا، هامان شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ، بېرىلىپ ئىشلىدى، هەر مىللەت خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش يولىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. تەشكىل ئۇنى شەندۇڭدىن شىنجاڭغا ئەۋەتىشتە ئۇنىڭ رەهبەرلىك قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەملەشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. ئۇ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى يەردە قويمىدى، ئۇ شىنجاڭ ئېگىزلىكىدە پۇتكۈل ۋۇجۇدىنى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا بېغىشلىدى، هەممە يەرنى ئارىلاپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پىلان تۇزدى، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، هەددى-هېسابسىز ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى، ئالى رايونىدىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنى ئۆز رايونىنىڭ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئىقتىسادنى يۇكسەلدۈرۈشكە يېتەكلىدى. ئۇنىڭ تۆھپىسى شىنجاڭنىڭ تاغ-دەريالىرىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ چوڭقۇر قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئالى رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ناهايىتى زور نەتىجىگە ئېرىشىپ، قىياپىتى كۆپ ئۆزگەردى. بىز كومپارتىيە ئەزاسى، رەهبەرىي كادىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ رەهبەرلىك سەۋىيەسى، ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە خىزمەت قابىلىيىتىنى ئۆلچەيدى.

غان ئاساسىي ئۆلچەملىرىدىن بىرى ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىسى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قوشقان تۆھپىسىدىن ئىبارەت. يولداش كۆك فەنسېن ئۆزىنىڭ ياخشى كادىر، ياخشى پارتىيە ئەزاسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ شانلىق ئىش-پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تولۇق ئىسپاتلىدى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىش بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. يولداش كۆك فەنسېن خىزمەت جەريانىدا ئۇلۇغۋار ئىستەكنى قەلبىگە پۈكۈپ، يول ئېچىشقا، ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلدى، قىيىنچىلىققا بوي بەرمەي ئالغا ئىلگىرىلىدى، شۇڭا ئۇ شارائىتى جاپالىق جايدا شانلىق نەتىجە ياراتتى.

ھازىرقى باسقۇچتا مىللىي خىزمەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەرەققىياتىنى، يۈكسىلىشىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئىنتايىن جاپالىق ۋەزىپە، لېكىن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا بولىدىغان زېمىنمۇ ناھايىتى كەڭ، بۇ زېمىندا نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. لى پېڭ زۇڭلى بۇ يىل ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. بۇ— ئۇلۇغ ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە. مىللىي خىزمەت ئىشلىگۈچى ھەربىر خادىم يولداش كۆك فەنسېنگە ئوخشاش خىزمەت جەريانىدا يولداش دېڭ شياۋ-

پىگىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئاگلىق هالدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا هامان چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، هەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. خىزمەت جەريانىدا نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، دادىل ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە هەل قىلىشقا ئەهمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

**3. يولداش كۆلۈڭ فەنسېنگە ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردىمى ۋە هەمكارلىقنى قەتئىي قوغدىشىمىز ۋە ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم**

كۆلۈڭ فەنسېنگە ئوخشاش نۇرغۇن يولداشلار شەرقتىكى تەرەققىي تاپقان رايونلاردىن شىنجاڭغا بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردىمى ۋە هەمكارلىقىنى نامايان قىلدى، بۇنىڭ ئۆزى خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەمىمىي ئىتتىپاقلىقىنىڭ گۈزەل سىمۋولى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. يولداش كۆلۈڭ فەنسېن شىنجاڭغا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان گۈزەل ئارزۇ بىلەن بارغان، ئۇ بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلىي خىزمىتىمۇ ئىشقا ئاشۇردى.

ئۇنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىن ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ مىللىي سىيا-
ستىنى ئىجرا قىلىشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا
ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ
خىزمەت جەريانىدا، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇس-
تەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن تەدبىر قوللى-
نىپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئۈلگە كۆرسى-
تىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا ۋە ئاممىسىغا كومپارتىيە
ئەزاسىغا خاس كەڭ قورساقلىق ۋە قېرىنداشلارچە چوڭقۇر مۇ-
ھەببەت بىلەن سەمىمىي مۇئامىلە قىلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ ئارزۇسى ۋە ھېسسىياتىنى ھۆرمەت قىلدى، ئۇلار بىلەن
قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولدى، ئۆزئارا ئۆگەندى،
بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئاممىسىنىڭ دەرد-ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە دائىر نۇرغۇن
تەسىرلىك ئىش-پائالىيەتلىرى خەۋەر قىلىندى. مەسىلەن، ئۇ
ئاشۇنداق جاپالىق شارائىتتا زاڭزۇ بالىلارنى بېقىش ئۈچۈن
ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى ساتقان. بۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىدى-
غان ئادەتتىكىچە ياخشىلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى قېرىنداش
مىللەتلەرگە بولغان چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدۇ.
شۇنداقلا مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان
مېھرىبان ۋە پەزىلەتلىك كىشىنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنى ناما-
يان قىلىدۇ. يولداش كۇڭ فەنسېننىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-
رەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا قوشقان گەۋدىلىك
تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن 1994-يىلى ئۇنىڭغا
مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە نەمۇنىچى

شەخس دەپ شەرەپلىك نام بەردى.

مىللىي ئىتتىپاقلىق — مىللىي خىزمەتتىكى مەڭگۈلۈك باش تېما. مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىجتىمائىي ئامانلىقنى قوغداش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئىتى. بىز مىللىي خىزمەت خادىملىرى يولداش كۆك فەنسېندىن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەر ۋاقىت، ھەرجايدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتى، چىن مۇھەببىتى ئارقىلىق مىللىي ئىتتىپاقلىق قورغىنىنى داۋاملىق مۇستەھكەملىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ بەزى مۇھىم پەيتلەردە، چوڭ-چوڭ پرىنسىپال مەسىلىلەردە، پارتىيىنىڭ ئىشلىرى ۋە خەلق تەلەپ قىلغان چاغلاردا، دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئىتىگە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە بويسۇنۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز، مىللىي ئىتتىپاقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى مەردانىلىك بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز، مىللىي ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى قىلچە ئىككىلەنمەي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

**4. يولداش كۆك فەنسېنگە ئوخشاش خەلقنى قەلبىمىزگە پۈكۈپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىپ، خەلقنىڭ ياخشى چاكىرى بولۇشىمىز لازىم**

بىز يولداش كۆك فەنسېننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىدىن ئۆ-

نىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە چىن ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى كۆچلۈك ھېس قىلىمىز. بۇ ساختا مۇھەببەت بولماستىن ھەقىقىي مۇھەببەت؛ بۇ ئۇلۇغ ھەم ئالىيجاناب مۇ- ھەببەت، بۇ مۇھەببەت ئۇنىڭ نۇرغۇن كونكرېت ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەن. كۆڭ فەنسېن: «كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ مۇھەب- بىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللە خەلقنى سۆيۈشتىن ئىبارەت» دېگە- نىدى. ئۇ شۇنداق دېدى، بولۇپمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ شى- زاڭغا ئىككى قېتىم بېرىپ ئىشلىگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ شىزاڭ زېمىنىنى چوڭقۇر سۆيىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا زاڭزۇ خەلقىنى چوڭقۇر سۆيىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ دەل شىزاڭ زېمىنىنى، شىزاڭ خەلقىنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا، خىزمىتىدە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھامان بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت-سائادى- تى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈچ چىقاردى، جاپاغا چىداپ ئىشلىدى. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بىلەن ئارىلاشقان ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئۇلارغا ھامان ئۆزىنىڭ قېرىن- داشلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچ- مەك، كىيىم-كېچەكلىرىگە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، كۆڭ فەنسېن ھامان تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئۇلار- نىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىپ بەردى، ھەتتا ئۆزى سوغۇقتا قالسىمۇ، يۇڭ پوپايكىسىنى زاڭزۇ مومايغا سېلىپ بەردى؛ ئۆزىنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئاممىغا دورا ئاپىرىپ بەردى.

كومپارتىيە ئەزالىرى ساپ ۋىجدانلىق، ھەممىدىن كۆيۈم-

چان كېلىدۇ، هامان پرولېتارىياتچە مەردلىكى، خەلققە بولغان
چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ، كۈرەش قىلىدۇ.
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەقسىتى— تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا
خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، لېكىن خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش ھەرگىزمۇ ئېغىزدىكى قۇرۇق گەپ ئەمەس، بەلكى ھە-
رىكەتتە كۆرسىتىش، ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ كونكرېت
ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش لازىم بولغان ئىش، ئۇ خەلق
ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق ئىس-
پاتلىنىدۇ. يولداش كۇڭ فەنسېن كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ
خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان، خەلققە خۇددى ئاتا-ئانىسىغا
مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان يۈكسەك پەزىلىتىنى
ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، جان-دىل
بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۇلۇغ مەقسەتنى ئەمەلگە
ئاشۇردى. بىز مىللىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار
يولداش كۇڭ فەنسېنگە ئوخشاش ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن
جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم، بىزنىڭ بىۋاستە
خىزمەت قىلىدىغان ئوبيېكتىمىز 90 مىليوندىن ئارتۇق ئاز سان-
لىق مىللەت خەلق ئاممىسى، ئۇلار جۇڭگونىڭ تارىخى، مەدەنى-
يىتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان ئاما، يەنە كېلىپ ھازىر
تەرەققىياتنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان ئاما، مەم-
لىكىتىمىزدىكى نامراتلىقتىن تېخى قۇتۇلمىغان 80 مىليون ئا-
ھالە ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئاھالىسى يېرىمىنى
ئىگىلەيدۇ. بىز خىزمىتىمىزدە شۇنداق بىر بۇرچىمىز بارلىقى-
نى، يەنى بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىزنىڭ ھەممىسى ھەر مىل-

لەت خەلقىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە شاد-خۇراملىقى ئۈچۈن بولۇشى كېرەكلىكىنى چوقۇم ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھال-ئەھۋالىغا ھەرۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

## 5. يولداش كۆڭ فەنسېنگە ئوخشاش تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، چىن ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم

يولداش كۆڭ فەنسېن پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا سادىق ئىدى، ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيەتتى، دادىل يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە ئىدى. لېكىن بۇ ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئەمەلىي خىزمەتتە ئىپادىلەشتە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە ئىستىكىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى، خىزمىتىدىكى ئەمەلىي نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، كەم بولسا بولمايدىغان شەرت—ئوبدان خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت. ئەمەلىي ئەھۋالنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش، خەلقىنىڭ رايىنى بىۋاسىتە بىلگەندە، ھەرخىل تەدبىرلەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا، خىزمەتتىكى چارە-تەدبىرلەرنى نىشانغا ئىگە قىلىشقا، تۈزۈلگەن پىلاننى كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئىگە قىلىشقا بولىدۇ. خىزمەت ئىستىلى مەسىلىسى ماھىيەتتە پارتىيىنىڭ ئىستىلى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىز يولداش كۆڭ

فەنسىنىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەر-
گەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، ئۇ ئالى رايونىدا ئېگىز تاغ-داۋانلاردىن
ھالقىپ، ئوتلاق ۋە دەريالارنى كېزىپ، نەق مەيدانغا، ئاساسىي
قاتلاملارغا بېرىپ، كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان.
ئۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدە، ئالى رايونىدىكى 106
يېزىنىڭ 98نى كېزىپ چىققان. ئۇنىڭ ۋاپاتىمۇ دەل تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىشقا كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە بولدى. ئۇ تەكشۈرۈپ
تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي قۇ-
رۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى،
خەلقنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمىگە ئېھتىياجلىق ئە-
كەنلىكىنى بىلگەچكە، گۈزەل ئارزۇسىنى شانلىق رېئاللىققا
ئايلاندۇرۇپ، خىزمەتتە ئالاھىدە ئۇنۇمگە ئېرىشىپ، ئالى رايو-
نىنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرگەن.

مىللىي خىزمەت خادىملىرى ئۈچۈن تەكشۈرۈپ تەتقىق قى-
لىشقا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. دۆلىتىمىزدىكى ئاز
سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ زېمىنى كەڭ، ئەھۋالى بىر-بى-
رىدىن تولىمۇ پەرقلىق. رايونلار بىلەن رايونلارنىڭ ئەھۋالى
ئوخشاشمايدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاپ كەتمەيدۇ.
ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ ئەھۋا-
لىمۇ، ئوخشاش بىر رايوندىكى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ
ئەھۋالىمۇ ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ. توغرا تەدبىرگە، پىلانغا
ۋە چارىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەقىقىي ئەھۋالنى پۇختا ۋە
ئەينەن بىلىش، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلەش لازىم.
شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئەھ-

ۋال ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇڭا تەكشۈرۈش تەتقىق
قىلىش بىر قېتىملىق ئەجىر بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان، مىللىي خىزمەتتە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىشقا
بىرقەدەر ئەھمىيەت بەرگەن بولساقمۇ، لېكىن مىللىي خىزمەت-
نى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. قول ئۇچىدا
ئەمەس، ئەستايىدىل، بىر تەرەپلىمىلىك ئەمەس ئەتراپلىق تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، مىللىي خىزمەتنىڭ تەرەققى-
يات يۈزلىنىشىنى توغرا ئىگىلەپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى
ئىلمىي ئاساستا تونۇپ، ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇ-
شىمىز، شۇ ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تىرىشىپ تېخىمۇ
ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ دەۋرىمىز قەھرىمان شەخسلەرگە مۇھتاج دەۋر،
شۇنداقلا قەھرىمان شەخسلەرنى يېتىشتۈرىدىغان دەۋر. ئىلغار
شەخسلەردىن ئۆگىنىشتە، مۇھىمى ئاڭلىقلىق بولۇشى، ھەرى-
كەت بولۇش كېرەك. بىز يولداش كۇڭ فەنسېننى ئۈلگە قى-
لىپ، قېتىرقىنىپ، باش چۆكۈرۈپ، جاپاغا چىداپ ئىشلەپ،
ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز
ھالدا تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيلى ھەمدە ئۇلۇغ ئەمەلىيەت جەريانىدا
مۇنەۋۋەر مىللىي خىزمەت خادىملىرى بولۇش ئۈچۈن تىرىشاي-
لى.

# ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇا
# ئېلىنى گۈللەندۈرەيلى*

(1995-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى)

جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى باستۇرۇپ تارقاتقان «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»دا: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە دائىر تەربىيىنى كۈچەيتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا بوشاشماي كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. «پروگرامما»دىكى بۇ مەزمۇنلار ئىنتايىن مۇھىم، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بەك ئۇيغۇن، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

---

* بۇ ماقالە «خەلق گېزىتى»نىڭ 1995-يىل 6-ئاينىڭ 21- كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

## مىللەتلەر ئىنتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش—
## جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسى

تارىخىي ۋە دۇنياۋى نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، شۇنى
بايقاشقا بولىدۇكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان
نى-نى قەدىمىي مەدەنىيەتلەر بولغان، لېكىن بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ
بەزىلىرى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا يوقاپ كەتكەن، بەزىلىرى
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خارابلاشقان؛ تارىختا يەر كۆلىمى ئىنت-
تايىن چوڭ دۆلەتلەرمۇ بارلىققا كەلگەن، بىراق بۇ دۆلەتلەر
ھېچقانچە ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغان. لېكىن 5000
يىللىق تارىخقا ئىگە جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بولسا توختىماي داۋام-
لىشىپ، ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ كەلمەكتە، 2000
يىلدىن ئۇزاقراق تارىخقا ئىگە بىر پۈتۈن جۇڭگو تا بۈگۈنگىچە
دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىكى ئاساسىي
بىر سەۋەب شۇكى، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر بىر ياقى-
دىن باش چىقىرىپ، ئىتتىپاقلىشىپ-ھەمكارلىشىپ، ئۈزلۈك-
سىز كەشپىيات ياراتتى، توختىماي كۈرەش قىلىپ كەلدى.
شۇنى تورغۇن مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇكى، جۇڭ-
گو مەدەنىيىتىنىڭ بەزىلىرىنى مەلۇم بىر مىللەت ياراتقان،
لېكىن باشقا بىر مىللەت قوبۇل قىلىپ راۋاجلاندۇرغان؛ بەزى
مەدەنىيەتلەر كۆپ مىللەتنىڭ ئورتاق قاتنىشىشى بىلەن بارلىققا
كەلگەن. ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئەھۋال شۇنداقكى، ھەرقايسى
مىللەتلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بىر-بىرى-
دىن قوبۇل قىلىپ، ئۈزلۈكسىز بېيىتقان. مەشھۇر «يىپەك

يولى» بىزگە نۇرغۇن ئىشلاردىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ تۆھ-پىسىنى تارىخشۇناسلار ئاللىقاچان باھالاپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن، لېكىن «يىپەك يولى» دەپ شائىرانە نام بىلەن ئاتالغان بۇ يول ئەسلىدە ئىنتايىن قاقاس ۋە خەۋپ-خەتەرگە تولغان جاي بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياڭگۇەن قورولىنىڭ غەرب تەرىپىنى كىشىلەر قورقۇنچلۇق يول دەپ ھېسابلىغان. «يىپەك يولى» نۇرغۇن مىللەت خەلقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالاقە قىلىشى ۋە ئۇزاق-قىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئاندىن «يول» غا ئاي-لانغان. مەملىكىتىمىز ئىچىدە بۇ يولنىڭ شەرقىي بېشىدا خەن-زۇلار، غەربىي بېشىدا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تۇرۇپ كەلگەن، ئوتتۇرىسىدا يەنە بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر بولۇپ، ھەر-قايسى مىللەتلەرنىڭ كۈچ ئۇلاش مۇسابىقىسى قىلغاندەك تىرى-شىشى ئارقىسىدىلا، بۇ يول ئۇزاق يىللار مابەينىدە يوقالماي كەلگەن ھەمدە جۇڭگونىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش ۋاستىسىگە ئايلانغان. بۇ يول جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر-نىڭ جۇڭخۇا ئېلى تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقانلىقى-نىڭ گۈزەل سىمۋولىدۇر.

جۇڭگو چىن، خەن سۇلالىلىرى زامانىدا بىر پۈتۈن دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىللە ئىناق ئۆتۈ-شى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى باشتىن-ئاخىر تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەلدى. ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە روناق تېپىشى ئۈچۈن بوشاشماي ئورتاق تىرىشچانلىق كۆر-سەتتى. شۇنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇكى، جۇڭگو تارىخىدا نۇرغۇن داۋالغۇش ۋە مالىمانچىلىق، جېدەل-ماجىرا ۋە بۆلۈنمە

هالەتلەر يۈز بېرىپ، جەمئىيەت ۋە تارىخ تەرەققىياتىغا توسقۇن-
لۇق قىلغان. ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن
ھەمدە ئىچكى مالىمانچىلىقنى تىنچىتىپ، بىرلىكنى قوغداش
كۈرىشىگە پائال قاتناشقان. جۇڭگودىكى «ئۈچ چوڭ گۇللىنىش
دەۋرى» نىڭ بىرى دەپ ئاتالغان تاڭ سۇلالىسى زامانىدا، زىيىنى
ئېغىر «ئوڭلۇك-سۈيگۈن توپىلىڭى» يۈز بەرگەن، بۇ مىسلى-
سىز بالايىئاپەتنى توختىتىش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى مەركىزىي
ھۆكۈمەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، جۇڭ-
لىدىن شۇ چاغدىكى غەربىي دىياردىن ئاز سانلىق مىللەت قورال-
لىق كۈچلىرىنى يۆتكەپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ ئەلنى ئامان قىل-
غان. يېقىنقى زاماندا، جاھانگىرلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن
كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ۋە كېڭەيمىچىلىك
قارا نىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىمىزدە بار كۈچى بىلەن مىللىي
بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلدى، جاھانگىرلار پىلانلىغان ۋە پەيدا
قىلغان «شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىش» ھەرىكىتى، شىنجاڭدى-
كى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش ھەرىكىتى، ئىچ-
كى موڭغۇلدىكى «موڭغۇللارنى مۇستەقىل قىلىش» ھەرىكىتى،
شەرقىي شىمالدىكى «قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى» ھەرىكىتى ئەنە
شۇنىڭ جۇملىسىگە كىرىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي
مۇناپىقلار دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە، مىللىي ھەققانىيەتكە پىسەنت
قىلماي جاھانگىرلىكنىڭ قولچىسى ئارقىسىدا ئېلىپ بارغان بۇ
جىنايى ھەرىكەتلەر، شۇلارنىڭ ئۆز مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قار-
شى تۇرۇشى ئارقىسىدا، بىر بولسا خام خىيالغا ئايلاندى، يا

بولمىسا ئۆمرى كۆته كۆلكىلىك ئويۇنغا ئايلاندى، خالاس. بۇ قان بىلەن ئوت ئارىلاش سىناق داۋامىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتى، جۇڭگونىڭ بىرلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى.

سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا زەربە بېرىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش كۈرىشىدە هەر مىللەت خەلقى ئالىيجاناب مىللىي غۇرۇرى ۋە ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روهىنى تېخىمۇ ئىپادىلىدى. ئۇلار بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ جېنى ۋە تېنى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىستىهكامىنى قۇرۇپ، ئىگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلىپ، چېگرا رايوننى ساقلاپ، ۋەتەننى قوغدىدى. بۇ هەقتە پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىر قاتار مىساللارنى كەلتۈرەلەيمىز: 18-ئەسىردە شەرقىي شىمالدىكى هەر مىللەت خەلقى خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ۋادىلىرىدا چار روسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا زەربە بېرىش كۈرىشى ئېلىپ باردى؛ 19-ئەسىردە شىزاڭ خەلقى ئەنگلىيە جاهانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلدى؛ يەنە 50 يىلنىڭ ئالدىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشنى ئالساق، مىللەتنىڭ هايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك شۇ كۈرەشتە هەر مىللەت خەلقى دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇ-رۇپ، ۋەتەننىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يوقىتىشقا بىرلىكتە ئاتلاندى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى شەرقىي شىمال بىرلەشمە ئارمىيىسى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇيزۇ خەلق قوشۇنى، خەينەندىكى چيۇڭيا قوشۇنى. . . قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تارىخىغا شانلىق سەهىپە بولۇپ پۈتۈلدى. ئالدىنقى سەپتە هەر مىللەت قوماندان-جەڭچىلىرى

دۈشمەن بىلەن قان كېچىپ ئېلىشتى؛ ئارقا سەپتە ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەردى. خەلق قىلىچ-مىلتىق بىلەنمۇ، قەلەمنى قورال قىلىپمۇ دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندى. مەن بىلىدىغان ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1942-يىلى ئۆزىنىڭ «ماي— كۈرەشچان ئاي» دېگەن شېئىرىدا: «بۇندىن كېيىن بىز جۇڭگولۇقلار، شۇ دەسسەلگەن نومۇسنى، قارا داغلارنى ئاقلايمىز. جاندىن ئەزىز بۇ ۋەتەننى قەھرىمانلارچە كۆرشىپ، ئازاد قىلىمىز، ساقلايمىز» دەپ يازغان. ئازادلىق ئۇرۇش داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە «ئۈچ چوڭ تاغ» نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي ئازادلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە قەتئىي ئىرادە باغلاپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. خۇددى «ئاساسىي قانۇن» دا پۈتۈلگەندەك، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق بەرپا قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى جۇمھۇرىيىتىمىزنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى.

تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلاشمىغان بولسا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخ ئىزىنى بويلاپ چوڭ قەدەملەر بىلەن بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى، جۇڭخۇا زېمىنى بۈگۈنكىدەك كەڭ ۋە ئاۋات بولمىغان بولاتتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، جۇڭخۇا ئېلىمىزنى سۆيۈش روھى — مىللىتىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، بۇ روھ ھەممە جۇڭخۇا

ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە ئەرزىيدۇ، بۇ قىممەتلىك باي-لىق جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرىنى بوشاشماي كۈرەش قىلىپ ۋە ئىزدىنىپ، تېخىمۇ گۈزەل ئىستىقبال يارىتىش ئۈچۈن مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## ئىتتىپاقلىق، بىرلىك— دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك

بۈگۈن، مەملىكىتىمىز مۇھىم بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرماقتا، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىش-ھەمكارلىشىش شانلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق ئاساسىي كۈيىنى ياڭرى-تىشى، ياڭراتقاندىمۇ بارغانسېرى جاراڭلىق ياڭرىتىشى لازىم. چۈنكى ئىتتىپاقلىق مەملىكىتىمىز ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەڭگۈ-لۈك تېما؛ ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىي مەجبۇرىيەت، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت.

دۇنيادا مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان. مەملىكىتىمىزنىڭ بۈگۈنكىدەك مىللەت قۇرۇل-مىسىنى تارىخ بارلىققا كەلتۈرگەن، بىزنىڭ شەرقتىكى مۇشۇ كۆپ مىللەتلىك، بىر پۈتۈن دۆلىتىمىزنى تارىخ ۋۇجۇدقا كەل-تۈرگەن. بۇ بىرەر كىشىنىڭ ئارزۇسى بىلەن بولغان ئەمەس ياكى تاسادىپىيلا شۇنداق بولۇپ قالغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ئىچكى سەۋەبى بار. ئۇ دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە

ئۇيغۇن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ تەلىپىگە ئۇيغۇن. تارىخ، رايون، مەدەنىيەت جۇڭگودىكى مىللەتلەرنى قان بىلەن گۆشتەك بىر-بىرىدىن ئايرىلغۇسىز دەرىجىدە زىچ بىرلەشتۈرۈۋەتتى. مەيلى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن تەكشۈرەيلى، ۋە مەيلى تارىخ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسى نۇقتىسىدىن ئۆلچەيلى، «جۇڭگودىكى مىللەتلەر بىرلەشسە، ھەممە تەرەپكە پايدىلىق بولىدۇ، پارچىلانسا، ھەممە تەرەپ زىيان تارتىدۇ»؛ «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ». بۇ تارىخنىڭ يەكۈنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى، شۇنداقلا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم.

ھەركىم ئۆز مىللىتىنى سۆيىدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ۋە گۈللەپ ياشنىشىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ شانۇ-شەۋكەتلىك ۋە ئىززەت-ئابرويلۇق بولۇشىنى، دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا زۆرۈر ۋە ئالاھىدە بىر شەرت بار، ئۇ بولسىمۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا بېقىنىشى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق مىللەت بىرەر كونكرېت دۆلەتتىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، دۆلەت ھەر مىللەت خەلقىنى بېقىپ تەربىيىلىگۈچى ئانا. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتنى سۆيۈشتە، ئاۋۋال دۆلەتنى سۆيۈش كېرەك، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئاۋۋال دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. بىرەر دۆلەت ئوبدان تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن بىر پۈتۈن، تىنچ دۆلەت بولۇشى كېرەك. بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقتىن كۈچ

هاسىل بولىدۇ. چۆچەكلەردىن بىرىدە ئېيتىلىشىچە، بىر پادى-
شاھ ئون ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ھەربىرىگە بىر تالدىن
چوكىنى بېرىپ، سۇندۇرۇشنى ئېيتىپتىكەن، ئوغۇللار چوكى-
نى بىر قايرىپلا سۇندۇرىۋېتىپتۇ. ئون تال چوكىنى بىر قىلىپ
باغلاپ سۇندۇرۇشنى ئېيتقاندا ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇندۇرالماپ-
تۇ. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ.
مىللەتلەر بىر جانۇ-بىر تەن بولۇپ، پولاتتەك چىڭ ئىتتىپاقلى-
شىدىغان بولسا، دۇنيادا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. تارىختىن
قارىغاندا، مىللەتلىرى ئىتتىپاقلاشقان، خەلقى تىز پۈكمەس
باتۇر كەلگەن دۆلەت يېڭىلمەستۇر؛ قۇمدەك چېچىلغان، ئادەم-
لىرى ئالا كۆڭۈللۈك قىلغان ئەل ئاسانلا بىر-بىرلەپ تارمار
قىلىنىدۇ-دە، ئاخىرى باشقىلارغا مەھكۇم بولىدۇ. جۇڭخۇا
مىللەتلىرى ئۆز بېشىدىن سان-ساناقسىز ئىسسىق-سوغۇقلارنى
ئۆتكۈزدى، يېقىنقى زاماندا جاھانگىرلىكنىڭ مەملىكىتىمىزگە
تاجاۋۇز قىلىشتىكى روشەن بىر ئالاھىدىلىكى مەملىكىتىمىزدى-
كى مىللەتلەرنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ، مىللىي بۆل-
گۈنچىلىك پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۈگۈن بىز داۋال-
غۇپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىتتا تۇرۇۋاتىمىز، دۆلەتنى قۇد-
رەت تاپقۇزىمىز ۋە راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشىمىز كې-
رەك.

يېقىنقى زاماندا، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى دۆلەت-
نىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا جاھانگىر كۈچلەر قوللىغان
مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى قىلچە مۇرەسسە

قىلماي كۆرەش قىلدى. ھازىرمۇ بۇنداق كۆرەش تېخى ئاخىر-
لاشقىنى يوق، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار يەنىلا مەۋجۇت،
ئۇلار ھېلىھەم تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن مەملىكىتىمىزنى، مىل-
لىتىمىزنى پارچىلايدىغان جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتى-
دۇ. گەرچە بۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ تەتۈر قىلمى-
شى بولسىمۇ، لېكىن بىز قىلچە بىخەستەلىك قىلماسلىقىمىز،
بۆلگۈنچىلەرگە پايدىلىنىش پۇرسىتى بەرمەسلىكىمىز لازىم.
ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىدىغانلا
بولسا، ھەققانىيەت جەزمەن رەزىللىكنى بېسىپ چۈشىدۇ، سوت-
سىيالىستىك جۇڭگو ئۇيۇل تاشتەك مەزمۇت تۇرىۋېرىدۇ.

دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشى،
جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ئىقتى-
سادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر شەرت جەمئىيەتنىڭ مۇقىملى-
قى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت. داۋالغۇلۇق شارا-
ئىتتا نورمال ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش مۇمكىن
بولمايلا قالماستىن، بەلكى قولغا كەلگەن قۇرۇلۇش نەتىجىسىمۇ
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

تىنچ-خاتىرجەملىككە ھەممە ئادەم تەلپۈنىدۇ. مىللەتلەر-
نىڭ ئىتتىپاقلىقى— مىللەتلەرنىڭ خۇشال-خۇرام ياشىشى بى-
لەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مىللەتلەر ئىناق، جەمئىيەت مۇقىم
بولغاندىلا ئاندىن ھەر مىللەت خەلقى بەختىيار، خاتىرجەم تۇر-
مۇش كەچۈرەلەيدۇ. مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە توقۇ-
نۇش ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىق ۋە سانسىز بالايىئاپەتلەرنى پەيدا

قىلىدۇ. تارىختا، خەلقىمىز تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، مىللىي توقۇنۇش، ئىجتىمائىي داۋالغۇش پەيدا قىلغان ئازاب-ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتقان، بىز تارىختىكى تراگېدىيىنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشىمىز لازىم ھەمدە ساقلىنىشقا قۇربىمىز يېتىدۇ، مۇھىمى ھەر مىللەت خەلقى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك.

باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا: «دۆلەت بىرلىككە كەلسە، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولسا، سىياسەت يۈرۈشۈپ، خەلق ھەمدەم بولۇپ، ھەممە ئىش روناق تاپىدۇ؛ دۆلەت پارچىلانسا، مىللەتلەر جېدەل-ماجىرا قىلسا، دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ ھاقارەتكە قالىدۇ، خەلق بالا-قازاغا ئۇچرايدۇ، جۇڭگودا شۇنداق بولىدۇ، چەت ئەلدىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېگەن سۆزنى قىلدى. بۇ سۆزنى ھەر بىر جۇڭخۇا پەرزەنتى ئەستايىدىل ئېسىدە ساقلىشى ۋە ئويلاپ كۆرۈشى ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوغدىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق خەۋپ-خەتەردىن قورقماسلىقى، ھېچنېمىسىنى ئايىماسلىقى لازىم.

## باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملىشىش — سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ مىزانى

بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىز مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بەردى، تۆت ئاسا-

سي پرىنسىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىياسىي ئاساسى، سوتسىيالىستىك مۇلۇكچىلىك ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋات-قان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئىق-تىسادىي ئاساسى. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈ-رۈش ئۈچۈن دۆلىتىمىز ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا، تارى-خىي تەجرىبىلەرگە ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مىللەتلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانىنى بەلگىلىدى، ئۇ بولسىمۇ: بارا-ۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت. بۇ مىزان ئا-ساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈپ، مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش، مىللىي مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ قىبلىنەمىسىگە ئايلاندى، شۇنداقلا ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئادا قىلىشقا تېگىش-لىك مەجبۇرىيەت بولۇپ قالدى.

مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئاساسىي مەنىسى شۇنىڭدىن ئىبا-رەتكى، مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشىدىن، تەرەققى-يات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن، ئۆرپ-ئادىتى-نىڭ ھەرخىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجتىمائىي تۇرمۇش-نىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ؛ ھەرقانداق مىل-لەتنى ئېزىش ۋە كەمسىتىش مەنئى قىلىنىدۇ. ھەرقايسى مىل-لەتلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، دۆلەتنىڭ ۋە جايلارنىڭ ئىشلىرىنى باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ باشقۇرىدۇ، جۈملىدىن ئىق-تىسادىي، سىياسىي ئىشلارنى، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخ-نىكا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىشىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر دۆلەتنى باشقۇرۇشقا باراۋەرلىك بىلەن قاتناشقاندىن

تاشقىرى، يەنە بىر ناھايىتى مۇھىم ھوقۇقتا— ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە. ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

دەرۋەقە، مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقى كەڭ دائىرىلىك ھوقۇق، ئۇ يەنە ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقى، بىلىم ئېلىش ھوقۇقى، پەننىي تەتقىقات ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مىللىي باراۋەرلىك بىر پرىنسىپ سۈپىتىدە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، كۈندىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىر-بىرىگە ھامان باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشىنى، كۆكس-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىنى، قېرىنداشلارچە مېھرى-مۇھەببەت بىلەن دوستانە ئالاقىدە بولۇپ، بىر-بىرىگە سەممىي مۇئامىلە قىلىشىنى، بىرلىكتە ئۆگىنىشىنى، خىزمەت قىلىشىنى، ئەمگەك قىلىشىنى، تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، ھەرقانداق مەنسىتمەس-

لىك، كەمسىتىش قىلىقلىرىنى ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى
قەتئىي چۆرۈپ تاشلىشىنى، مىللىي ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىنى
ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىپادىلەشتىن ساقلىنىشىنى، باشقا
مىللەتلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان ھەر-
قانداق ئىشنى قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە
ئىناق ئۆتۈشىنى، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشىنى، بىر-بىرىنى قول-
لىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا بىر-بىرى-
نىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا
تۇرىدۇ. مىللىي ئۆرپ-ئادەت بىر مىللەتنىڭ ھېسسىياتىغا باغ-
لىنىشلىق، بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى بۇرمىلاش، ئۇنىڭغا
دەخلى-تەرۇز قىلىش كۆپ ھاللاردا چاتاق تېرىپ، توقۇنۇش
پەيدا قىلىدۇ. ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە بىر-بىرىنى ھۆرمەت قى-
لىش مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا پايدىلىق.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، مىللىي مۇنا-
سىۋەتتە يۈز بەرگەن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، مۇۋا-
پىق بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر. زېمىنى كەڭ، مىللەتلىرى كۆپ
بىر دۆلەتتە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بەزى سۈركىلىشلەرنىڭ يۈز
بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇلار-
نىڭ ھەممىسى تۈپ مەنپەئەت بىرلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش
ئاساسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشقا يەنى خەلق ئىچىدىكى زىددى-
يەتكە ياتىدۇ. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئىشنىڭ خاراكتې-
رىگە قاراپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بىر
تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت، بەزىلەرنى تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى

تەنقىد ئارقىلىق ھەل قىلىش، بەزىلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش خىزمىتى ئارقىلىق ھەل قىلىش، بەزىلىرىنى قانۇن تەرتىپى ئارقىلىق ھەل قىلىش لازىم. دەرۋەقە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغانلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقى مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئۆگىنىش، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكىنى تولۇقلاش، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى ۋە گۈللىنىشنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە مىللەتنىڭ ئۆزگە خاس ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بار، ھەممە مىللەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىگە خاس تۆھپە قوشقان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە تۇرۇۋاتقان جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىمۇ پەرق مەۋجۇت. ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ تېز ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشىگە ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا پايدىلىق. مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشى خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن رېئال تۇرمۇشتا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ياردىمى، تەرەققىياتى تېزرەك بولغان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى نىسبەتەن ئاستىراق بولغان مىللەتلەرنى قوللىشىدا كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ.

جۇڭگودىكى مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇ-

نى مۇكەممەل بىر گەۋدە، ئۇچى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي مۇناسىۋەت مىزانىدا باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ.

## جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش— ھەممە مىللەتنىڭ ئورتاق غايىسى ۋە تارىخىي بۇرچى

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنى تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە تۈرلۈكچە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتە ھەممىدىن مۇھىمى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش، جۇڭخۇا ئېلىمىزنى سۆيۈش، جۇڭخۇا ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈشتۇر. 16 يىللىق ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىمۇ كۈچەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى يولىدا كۈچ چىقىرىش دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپلا قالماي، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم شەرت بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى شۇ تاپتا تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە دۇچ كەلمەكتىمىز، ھەر مىللەت خەلقى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى

ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ۋە پۈتكۈل مەملىكىتىمىزنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى — مىللەتلەرنىڭ ئۆز ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، كارامىتىنى راسا كۆرسىتىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان كەڭ سەھنە. زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۆھپە يارىتىشى كېرەك ھەم شۇنداق قىلالايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە، بىز ئىلگىرى شانلىق تارىخ ياراتقان يەردە تېخىمۇ گۈزەل ئىستىقبالمۇ يارىتالايمىز.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى ئومۇمەن شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىم دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. شەرقىي قىسىم بىرقەدەر ياخشى تەرەققىيات شارائىتىغا، جۈملىدىن كۆپرەك مەبلەغكە، بىرقەدەر ئىلغار تېخنىكىغا ۋە كۆپرەك ئادەم كۈچىگە، ماددىي كۈچكە ئىگە. غەربىي قىسىمدا بايلىق مول، ئەمما مەبلەغنىڭ قىسلىقى، ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كەمچىل بولۇشى غەربىي قىسىمنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى چەكلەپ قويىدى. پۈتكۈل جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەرقايسى رايونلارنىڭ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تەلەپ قىلى-

دۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمى ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، غەربىي قىسمىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىپ، تەڭكەش تەرەققىي قىلىشى كېرەك، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈنلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى يولغا قويۇش، مىللەتلەرنىڭ دوستانە ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر رايون، بىر مىللەت تەرەققىي قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ جاسارەت بىلەن ئىرىشىپ ئىشلىشىگە، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىشى زۆرۈر. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز رايونىنى تېخىمۇ تېز تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشى كېرەك.

دەرۋەقە، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ تەڭكەش تەرەققىي قىلىشى شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ ئورتاق ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى، دۆلەتنىڭ مۇۋاپىق دەرىجىدە يۆلىشىنى ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەڭكەش تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت ئاز

سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش جەھەتتە بۇرۇنقىدەكلا كۆپ تەرەپلەپ تەدبىر قوللىنىدۇ، سوتسىيالىس-تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئەمە-لىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىن-لەشنى كۈچەيتىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى— جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ئەنئەنە ۋە ئۈستۈنلۈك، دۆلەتمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگى-رى سۈرىدۇ، بۇ سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىشىنى قانات يايدۇردى، شۇ ئار-قىلىق پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىمۇ مۇناسىپ تەرەققىياتقا ۋە يۈكسىلىشكە ئېرىشتى. بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، جياڭسۇ، لياۋنىڭ، شەندۇڭ، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكە، شە-ھەرلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ياردەم بەردى، يەنە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئىقتىساد-تېخنىكا جەھەتتىن ھەم-كارلىشىش، ئىقتىساد-تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش ۋە چېگرا رايونلارغا ئەقلىي ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇ-رۇپ، ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. يېڭى ئەھۋال ئاستىدا، ھەقىقىي تۈردە كۈچلۈك تەدبىر

قوللىنىپ، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك.

شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، سوتسىيالىزمنى ئورتاق قۇرۇش-تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرى ئۈزلۈكسىز گۈللىنىپ بارىدۇ، مىللەتلەرنىڭ قېرىنداش-لارچە ئىتتىپاقلىقىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ.

# تارىخنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، بۇرچىمىزنى ئۇنتۇماي، جۇڭخۇا ئېلىنى ئورتاق گۈللەندۈرەيلى*

(1995-يىل 8-ئاينىڭ 18-كۈنى)

بۇ يىل دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى. تارىخ ئەينەك دېمەكتۇر، بىزنىڭ شۇ بىر مەزگىللىك تارىخنى ئەسلىشىمىز ۋە تەتقىق قىلىشىمىز، شۈبھىسىزكى، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ھالاكەتلىك بالا-قازا گىردابىغا دۇچار قىلغانىدى؛ ھەر مىللەت خەلقى يۈكسەك مىللىي غۇرۇرى ۋە ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلەپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، دەھشەتلىك سىناقلارغا

---

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ پايتەختتىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزى.

بەرداشلىق بېرىپ، ئىسسىق قېنى ۋە ئەزىز جېنى بىلەن بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان سەككىز يىل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدا ئەڭ جاپالىق، ئەڭ زۇلمەتلىك سەككىز يىل بولدى؛ ئۇ جۇڭخۇا ئېلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە غالىبىيەت مارشىنى ياڭراتقان سەككىز يىل بولدى.

جەڭ مەيدانىدا ھەر مىللەت قوراللىق كۈچلىرى باتۇرلارچە جان تىكىپ كۈرەش قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇ-رۇش سېپىدە جانلىق ھەرىكەت قىلغان نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت قوشۇنى بار ئىدى، ئۇلاردىن بىرمۇنچە داڭلىق سەركەر-دىلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنى ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن قەھرىمانلارچە بېغىشلىدى. چاڭبەيشەن تېغىدىن خېيە-لۇڭجياڭ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ رايوندا چاۋشيەنزۇ، مانجۇ، خەنزۇ، ئېلۇنچۇن قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان شەر-قىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسى چەكسىز ئورمان-قارلىق داللاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قى-لىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە كۈچلۈك زەربە بەردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ سەككىز نەپەر چاۋشيەنزۇ، خەنزۇ ئايال جەڭچىسى دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشتا ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوقىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسىر-گە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن بىرلىكتە مۇدەنجياڭ دەرياسىغا سەكرەپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇپ، چاقناپ تۇرغان ياشلىق

نۇرى بىلەن «دەرياغا سەكرىگەن سەككىز ئايال» دېگەن قەھرى-
مانلىق داستاننى ياراتتى؛ داچىڭشەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە موڭ-
غۇل، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-
شى قۇرۇلغان قوشۇنى جانلىق ھەرىكەت ئېلىپ باردى؛ ئوتتۇرا
تۇزلەڭلىك رايونىدا مابېنجەي يېتەكچىلىكىدىكى خۇيزۇ خەلق
قوشۇنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا زەربە بېرىش كۆرىشىدە ئالاھىدە
خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مابېنجەي ئانىسى بىلەن بىللە
باش قوماندان جۇ دې تەرىپىدىن «ئانا-بالا قەھرىمان» دەپ
ئاتالدى؛ خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەن، گۇيجۇ چېگرا رايونىدا
تۇجيازۇ، مياۋزۇ ئوغۇل-قىزلىرىدىن تەركىب تاپقان قوراللىق
قوشۇن قان كېچىپ ئۇرۇش قىلدى؛ خەينەندە چيۇڭيا قوشۇنى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تۇغىنى ئېگىز لەپىلدەتتى.
ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ساداقىتى، ئىسسىق قېنى ۋە جېنى
بىلەن كۈچلۈك دۈشمەننى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.
ئارقا سەپتە، ھەر مىللەت خەلقى ئالدىنقى سەپكە ھەر خىل
يوللار بىلەن ياردەم بەردى، پۇل بەردى، كۈچ چىقاردى، مەس-
لىھەت كۆرسەتتى ھەمدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەر خىل
شەكىلدە كۈرەش ئېلىپ باردى. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ
جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسى» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قار-
شى ئۇرۇشتا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 100 نەچچە ئايروپىلان
ئىئانە قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى، بۇ ئايروپىلانلارنىڭ بەزىلىرى
«شىنجاڭ نامىلىق» دەپ ئاتالدى. گەنسۇ ئەتراپلىرىدا ئىلگى-
رى-كېيىن بولۇپ «ياپون باسقۇنچىلىرىغا ۋە جياڭ جيېشىغا
قارشى مىللىي بىرلەشمە ئارمىيە» ۋە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى غەربىي شىمال ھەر مىللەت پىدائىيلار قوشۇنى» قۇرۇ-
لۇپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭگە كۈچلۈك ياردەم بەردى. مەيلى
ئالدىنقى سەپتىكىلەر بولسۇن ۋە مەيلى ئارقا سەپتىكىلەر بولسۇن
ھەممىسى ھايات ياشاش مەقسىتىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
كۈرەش قىلىپ، ئەشەددىي دۈشمەننى يېڭىش يولىدا مىسلىسىز
مۇشەققەتلىك كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپتە، مىل-
لىي، دىنىي ساھەدىكى بىرمۇنچە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن پائال
تۆھپە قوشتى. IX ئەۋلاد بەنچەننىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئېلىپ بارغان پائالىيىتى ئەنە شۇ مىللەتلەرل ئىتتىپاقلىشىپ،
تاشقى دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى-
نىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. 1931- يىلدىكى «18-سېنتەبىر»
ۋەقەسىدىن كېيىن، IX ئەۋلاد بەنچەننىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق
ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋەكىللىكىدىكى زاڭزۇ
ۋەتەنپەرۋەر زاتلار دەرھال «بېيجىڭدىكى يۇرتداشلارنىڭ ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى»
نى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، بېيجىڭدىكى زاڭزۇ زاتلار ۋە
ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، «ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش» توغرىسىدا ئالتە تۈرلۈك
قارار ماقۇللىدى، «ئېلىمىزدىكى قېرىنداشلار بىلەن بىر سەپتە
تۇرۇپ، ھېچنېمىدىن قورقماسلىق، ھەرقانداق جاپادىن باش
تارتماسلىق» توغرىسىدا «پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا
مۇراجىئەتنامە» چىقاردى. 10-ئايدا، IX ئەۋلاد بەنچەن ياپون

باسقۇنچىلىرىنىڭ ئىچكى موڭغۇل رايونىمىزغا قارا نىيىتى قوز-
غالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال خەيلاردىن شىلىنغول ئايمى-
قىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئىچكى
موڭغۇلدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
كۈرەشكە ئاتلىنىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئال-
دىنقى سەپتىكى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، IX ئەۋلاد
بەنچەن باشلامچىلىق بىلەن پۇل ۋە نەرسە ئىئانە قىلدى، بىرقاد-
چە قېتىم ئۇرۇش ئېتى ئىئانە قىلدى. ھەزرىتى بەنچەنىڭ
تەسىرى ۋە دەۋەت قىلىشى بىلەن زاڭزۇلار رايونىدىكى راھىبلار
ۋە ئامما ئارقا-ئارقىدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالدىنقى سەپكە پۇل
ئىئانە قىلىش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى.

مەدەنىيەت سېپىدە، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەربابلىرى
قەلەمنى قورال قىلىپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەشكە
ئاتلاندى. شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى
قۇتقۇزۇش يولىدا داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشتە ۋەتەن-
پەرۋەر ئۇيغۇر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ «ماي—
كۈرەشچان ئاي» دېگەن شېئىرىدا: «بۇندىن كېيىن بىز جۇڭ-
خۇا، شۇ دەسسەلگەن نومۇسنى، قارا داغلارنى ئاقلايمىز. جان-
دىن ئەزىز بۇ ۋەتەننى قەھرىمانلارچە كۈرىشىپ، ئازاد قىلىمىز،
ساقلايمىز» دەپ يېزىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشقا ئىلھاملاندۇرغان. مەدەنىيەت
سېپىمۇ خەلقنى ئىلھاملاندۇرىدىغان، خەلققە چاقىرىق قىلىدى-
غان، دۈشمەننى پاش قىلىدىغان، دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغان يەنە
بىر جەڭ مەيدانىغا ئايلانغانىدى.

ھەر مىللەت خەلقى ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، ياپون تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىش بىلەن بىللە، مۇرەسسە قىلىپ يول قويۇپ قاچقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە ۋەتەنگە خائىنلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلدى. جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك سىياسىتىگە، ۋاڭ جىڭۋېينىڭ ۋەتەن خائىنلىق ھەرىكىتىگە، بىر ئوچۇم مىللىي مۇناپىقلار ئېلىپ بارغان «قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى» قۇرۇش ۋە شۇلار پىلانلىغان ئىچكى موڭغۇلنى مۇستەقىل قىلىش ھەرىكىتىگە قەتئىي قارشى تۇردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇزاق مۇددەت جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى ئاخىرى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو شۇنىڭدىن تارتىپ تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزى ئالدىدا مەغلۇپ بولۇۋېرىدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىپ، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنىڭ تولۇق غەلىبىسىنى تۇنجى قېتىم قولغا كەلتۈردى ھەمدە فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى.

ئازاب-ئوقۇبەت ئۆتمۈش بولۇپ قالدى، ئۇرۇش تۇمانلىرى ئاللىقاچان تارقاپ تۈگىدى، لېكىن تارىخنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. تارىختىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۈگۈن بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، تارىخنى قايتا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ھازىرقى كۈننى چۈشىنىشىمىز مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1. ۋەتەنپەرۋەرلىك— جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەن-
ئەنىسى.** جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى— مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
جاپالىق كۈرەش قىلىش، ۋەتەننى ئورتاق قۇرۇپ، ئورتاق گۈل-
لەندۈرۈش تارىخى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى
ئورتاق قوغداش، مىللىي غۇرۇرنى ساقلاش تارىخى. بۇ تارىخقا
سىڭگەن ئاساسىي روھ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن ۋەتەن-
پەرۋەرلىك روھىدۇر. ۋەتەنپەرۋەرلىك— جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى ۋە بارلىق مۇشكۈلاتنى يېڭىشتىكى قۇد-
رەتلىك كۈچى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇشۇ بۈيۈك ئائىلىسىدە
ياشاۋاتقان ھەربىر مىللەت ئۆز ۋەتىنىنى ئىنتايىن قىزغىن سۆ-
يىدۇ. چۈنكى، ھەربىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋەتەننىڭ تەقدىرى
بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان؛ ھەربىر مىللەتنىڭ شان-شەرىپى
ۋە ئار-نومۇسى، گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى ۋەتەننىڭ شان-
شەرىپى ۋە ئار-نومۇسى، گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى بىلەن
بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. دۆلەت بىرلىككە كەلگەن ۋە قۇدرەت
تاپقاندىلا، مىللەتلەر ئاندىن ئالغا باسىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ.
شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ياپون قاراقچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ
كىرگەندە ھەممە مىللەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى مىس-
لىسىز يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. جۇڭخۇا ئېلىمىزنى سۆ-
يۈش، جۇڭخۇا ئېلىمىزنى قوغداش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىت-
تىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتىكى بايرىقى. ئۇ ھەر مىللەت خەل-
قىنى ئۆزىنىڭ گۈش ۋە قېنى بىلەن ئۇلۇغ ئىستىھكاملارنى
قۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى
مۇجەسسەم قىلىپ، ۋەتەننىڭ ھاياتىنى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى

قوغداشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ مىللىي روھ-
نىڭ سىمۋولى، مىللەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى.
دەل مۇشۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر مىل-
لەت خەلقى ئالدىنقىلىرى يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ،
ئۆز مەنپەئىتى بىلەن ھېسابلاشماي، ھېچنېمىدىن قورقماي،
دۈشمەننى يوقىتىپ، ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا قىلدى. بىز بۇ-
گۈنكى كۈندىمۇ شۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز
كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ
كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

**2. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى بىر-بىرىگە زىچ باغلان-**
**غان.** ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئېلىمىزدىكى مىل-
لەتلەر ھايات-ماماتتا بىللە بولۇپ باشقا كەلگەننى تەڭ تارتىپ
كەلدى، تارىخنى يارىتىش شەرىپىگە تەڭ ئىگە بولۇپ، ئازاب--
ئوقۇبەتنى تەڭ باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ بەختى ھەممە مىللەتنىڭ بەختى دېمەكتۇر، جۇڭخۇا مىللەت-
لىرىنىڭ دەرد-ئەلىمى ھەممە مىللەتنىڭ دەرد-ئەلىمى دېمەك-
تۇر. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا مىللەتلەرنىڭ ھەم-
مىسى تاجاۋۇزچىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا، قىرغىن قىلىشىغا،
بۇلاپ-تالىشىغا ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشىگە ئۇچرىدى. دۆلەت
ھالاك بولسا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇستەملىكىچى-
لەرنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، ۋەتىنى مۇنقەرز بولۇش — نەسلى
قۇرۇش خورلۇقىنى تارتقان بولاتتى؛ دۈشمەننى يېڭىپ، زېمى-
نىمىز قايتۇرۇۋېلىنسا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئا-
زادلىققا ئېرىشەلەيتتى، ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقى مىللەت ئۈچۈن، جۇڭخۇا ئېلى ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىپ يەر-جاھاننى لەرزىگە كەلتۈردى.

**3. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبە قازىنىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى.** بىر ناخشىدا: «ئىتتىپاقلىق— كۈچ دېمەكتۇر، بۇ كۈچ خۇددى پولاتتەك» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك— جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئالغا بېسىشتىكى كۈچ مەنبەسى، شۇنداقلا بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ھەرقانداق دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشتىكى كۈچ مەنبە-سى، بۇ تارىخنىڭ يەكۈنى. ياپون قاراقچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ۋەتەننىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەنلىكى ھەممە مىل-لەتكە ئىتتىپاقلىشىپ بىر جان-بىر تەن بولغاندىلا، ئاندىن يۇرت-ۋەتەننى ۋە مىللەتنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالغىلى بولىدى-غانلىقىنى ئېنىق تونۇتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بايرىقى ئاستى-دا مىسلىسىز ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى بىردەك كۈ-رەش قىلدى. پۈتكۈل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، مەيلى جەڭ مەيدانىنىڭ ئىچى-سىرتىدا بولسۇن، مەي-لى ئالدىنقى سەپتە ياكى ئارقا سەپتە بولسۇن، ھەممىلا يەردە ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلغان ھەيۋەت-لىك كۆرۈنۈش شەكىللەندى. مىللەتلەر مۇستەھكەم ئىتتىپاق-لاشمىغان بولسا، غالىبىيەت مېۋىسى قولغا كەلمىگەن بولاتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى جۇڭخۇا مىل-

لەتلىرىنىڭ غەلىبىسى دېمەكتۇر، جۇڭخۇا ئېلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە دېمەكتۇر.

**4. تاشقى دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم.** ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو خەلقى ئۇدۇل ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەنلا قالماي، ئىچكى قىسىمدىكى تەسلىمچىلىك، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگىمۇ قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىنكى تارىخ شۇنى كۆرسەتتىكى: جاھانگىرلىك جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا، ھامان جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى يۆلەيدۇ، قوللايدۇ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ، جۇڭگودىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەتتا شۆھرەت ئۈچۈن ۋەتەننى سېتىپ، دۆلەتنى پارچىلاش جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدىكى «قورچاق ماندجۇرىيە دۆلىتى» ھەرىكىتى شۇنداق، ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق يۈز بەرگەن «شىنزاڭنى مۇستەقىل قىلىش» ۋە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش ھەرىكىتىمۇ شۇنداق. بۇ ھال بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى: مۇھىم تارىخىي پەيتلەردە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن چوقۇم ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش كېرەك. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا خەلقىمىز ھەم ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، ھەم

خىلمۇخىل بۆلگۈنچىلىك سۇيىقەستلىرىنى تارمار كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، بىز يەنە بىر مۇھىم تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. دۇنيا تىنچ ئەمەس، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر مەملىكىتىمىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» تاكتىكىسىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، ئۇلار قوللايدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر تۈرلۈك يوللار بىلەن مەملىكىتىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى پارچىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ۋەتەننى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى بۇزىدىغان ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىش ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىز، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا مەردانە قىياپەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايمىز.

**5. جۇڭگو كومپارتىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىغا ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلغۇچى مۇستەھكەم تۈۋرۈك.** ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئارقا-ئارقىدىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىشى ۋە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، كونا جۇڭگو سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ

كەتكەن بولۇپ، بىرەر كۈچلۈك يادروسى، ئۇيۇشۇش كۈچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىرادە ۋە قەدەم بىرلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمىگەن، زەربىدار كۈچ ھاسىل قىلالمىغانىدى، شۇ سەۋەبتىن دۈشمەنگە كۈچلۈك زەربە بېرەلمىگەنىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مىللىي ھەققانىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئەڭ كەڭ مىللىي بىرلىك سەپ قۇرۇپ، بارلىق ئىجابىي ئامىللارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش-كە ئاتلىنىشقا تەشكىللەپ ۋە سەپەرۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى قۇدرەتلىك كۈچ ھاسىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ياپون جاھانگىرلىكىنى مەغلۇپ قىلىپ، مىللىي ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۆزىنىڭ جۇڭگونى قۇتقۇزۇش، خەلقنى كۆزدە تۇتۇش مەقسىتى، توغرا سىياسىتى ۋە تاكتىكىسى بىلەن خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دوستلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولى بولمىغان بول-سا، سەككىز يىللىق مىسلىسىز جاپالىق كۈرەشتىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەل-تۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**6. خەقتىن تاياق يېيىش ئارقىدا قېلىشتىن، ئەلنىڭ گۈللىنىشى قۇدرەت تېپىشتىن.** كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئاساس ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى بولماي تۇرۇپ قۇدرەتلىك دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ

بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا باشقىلارغا بوزەك بولىدىغان، باشقىلاردىن تاياق يەيدىغان گەپ، بۇ ئىسسىق قان ۋە جان بەدىلىگە كەلگەن ئاچچىق ساۋاق. ئاشۇ يىللاردا، زېمىنى جۇڭ-گونىڭكىدىن كۆپ كىچىك، ئاھالىسى جۇڭگونىڭكىدىن كۆپ ئاز بولغان ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشى قوزغاشقا پېتىنالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭ دۆلەت كۈچى جۇڭگونىڭ-كىدىن كۈچلۈك، تېخنىكىسى ئىلغار ئىدى، جۇڭگونىڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر جۇڭگو ياپونىيىدىن كۆپ كۈچلۈك بولغان بولسا، ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا تاجاۋۇز-چىلىق ئۇرۇشى قوزغاشقا پېتىنالامتى؟ تەۋەككۈللاسىغا ئۇرۇش قوزغىغان تەقدىردىمۇ تېزلا مەغلۇپ بولغان بولاتتى. ئىقتىساد ۋە تېخنىكىنىڭ ئارقىدا قېلىشى تۈپەيلىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىنتايىن ئېغىر چىقىم تارتتى.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى رىقا-بەت ئىنتايىن كەسكىن. بىز تارىخنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارماي، دۇنياغا نەزەر سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن-تېخنىكىنى تى-رىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز، گۈللەندۈرۈشىمىز، ھەر مىللەت خەلقىمىزنى مۇشۇ شەرق زېمى-نىدا خۇشال-خۇرام، بەختلىك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلى-شىمىز كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىشى جۇڭخۇا مىل-لەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان پۇر-سەت يارىتىپ بەردى، مىللەتلەرنى ئۆز كارامىتىنى راسا كۆرسە-

تىدىغان، ئۆز ماھارىتىنى تازا ئىشقا سالىدىغان سەھنە بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيا-لىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يولداش جياڭ زېمىننى يادرو قىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاسارەت بىلەن ئىزدىنىپ ئىشلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلى-رىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرىلىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۇلۇغ ئىجادىي قۇدرەتكە ئىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوقۇم تارىخقا ۋە دەۋرگە مۇناسىپ گۈزەل كېلەچەكنى يارىتالايدۇ.

# ئۇلۇغ غەلبىگە تەنتەنە قىلىپ، گۈزەل كېلەچەك يارىتايلى*

(1995-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى)

شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل بولدى. 30 يىل ئىنسانلار تارىخىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا قىسقىغىنا بىر ۋاقىت، ئەمما شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئالاھىدە 30 يىل، بۇ 30 يىلدا شىنجاڭ خەلقى سوتسىيالىزم يولىدا مەردانە قەدەم تاشلاپ، ھەرقايسى جەھەتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىش ياساپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەن مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، دېموك-

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

راتنىڭ ئىسلاھات ئارقىلىق، ۋەھشىيانە، قالاق فېئوداللىق ياد-
چىلىق تۈزۈمىنى ئۈزۈل-كېسىل بىكار قىلىپ، سوتسىيالىس-
تىك جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى
ئىشقا ئاشۇردى. زاڭزۇ مىللىتى باشقا مىللەت خەلقى بىلەن
بىللە سوتسىيالىستىك داغدام يولدا مېڭىپ، قانۇن بويىچە كەلگ
دائىرىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن، جۈملىدىن سىياسىي ھو-
قۇق، ئىقتىسادىي ھوقۇق، مەدەنىيەت ھوقۇقى، بىلىم ئېلىش
ھوقۇقى، ئەمگەك قىلىش-ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇقى، ئىجتى-
مائىي كاپالەتكە ئىگە بولۇش ھوقۇقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلى-
كى، ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىسلاھ قى-
لىش ئەركىنلىكى قاتارلىقلاردىن بەھرىمەن بولدى. ئەگەر كى-
شىلىك ھوقۇقى تەكىتلىنىدىغان بولسا، چىن مەنىدىكى كىشى-
لىك ھوقۇقى ئەنە شۇ. بۇنى ھېچقانداق خاندانلىقتا، ھېچقانداق
تۈزۈمگە تەڭلەشتۈرۈش زادى مۇمكىن ئەمەس.

دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، شىزاڭدا 1965-يىلى
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، زاڭزۇ
خەلقى ئۆز مىللىتىنىڭ، ئۆز رايونىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنىدى. بۇ تۈزۈم ۋەتىنىمىزنىڭ
باشقا رايونلىرىدىكىگە ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ چىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

شىزاڭدا 37 مىڭدىن كۆپرەك كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى بارلىققا كەلدى. بۇ كادىرلار
ھەرقايسى ئورۇنلاردا تىرىشىپ ئىشلەپ، ھەرقايسى سەپلەردە
مۇھىم رول ئوينىماقتا.

شىنزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا كۆپ
تەرەپلىمە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەنئەنىۋى كەسپلەر-
نىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تاشتى؛ زامانىۋى سانائەت دەسلەپكى
كۆلەمگە ئىگە بولدى، ئۆتمۈشتە بىر تال يىڭنىمۇ ئىشلەپچىقى-
رالمايدىغان شىنزاڭ ئۆزىنىڭ زامانىۋى سانائەت ئاساسىنى پەي-
دىنپەي بەرپا قىلىپ، تەخمىنەن 300چە كارخانىغا ئىگە بولۇپ
قالدى؛ قاتناش ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، تاشيول قاتناش
تورى ۋە ھاۋا قاتناش لىنىيىسى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى بىلەن
تۇتىشىپ كەتتى، دۇنيانىڭ ئۆگزىسى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى
جايلىرى بىلەن يېقىن باغلىنىش ھاسىل قىلدى.
شىنزاڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مىللىي مائارىپ سىستې-
مىسىنى شەكىللەندۈردى، ئۆتمۈشتە گويا يوق دېيەرلىك ھالەتتە
تۇرغان زامانىۋى پەن-تېخنىكا شىنزاڭدىن ئورۇن ئالدى ھەمدە
راۋاجلاندى؛ شىنزاڭنىڭ رەڭگارەڭ ھۆسنىگە ئىگە ئەنئەنىۋى
مەدەنىيىتى داۋاملاشتۇرۇلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، قىمە-
مەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قوغداپ قېلىندى. رادىئو،
تېلېۋىزىيە، كىنو ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى؛ زاڭزۇ
تىل-يېزىقى ھۆرمەتكە ئىگە بولدى ۋە كەڭ تۈردە قوللىنىلدى،
ھازىر شىنزاڭدا زاڭزۇ، خەنزۇ تىل-يېزىقىنى تەڭ قوللىنىش،
زاڭزۇ تىل-يېزىقىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى يۈرگۈزۈ-
لۈۋاتىدۇ.
ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا شىنزاڭ خەلقى-
نىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ياخ-
شىلاندى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ كى-

يىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمـ
ـدە ھەل بولدى، بىر قىسىم كىشىلەر ھاللىق تۇرمۇش ئۆتكۈـ
زۈشكە باشلىدى. خەلقنىڭ سالامەتلىك سەۋىيىسى ئۆسۈپ، ئوتـ
ـتۇرىچە ئۆمرى كۆپ ئۇزاردى، نوپۇسى تېز كۆپەيدى، شىنجاڭـ
ـنىڭ زاڭزۇ ئاھالىسى 1951-يىلدىكى تەخمىنەن 1 مىليوندىن
كۆپىيىپ 1990-يىلى مەملىكەت بويىچە 4-قېتىملىق نوپۇس
تەكشۈرۈش ۋاقتىدىكى 2 مىليون 96 مىڭ كىشىگە يېتىپ،
شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 94.4 پىرسەنتىنى ئىگىـ
ـلىدى.

ھەر مىللەت خەلقى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، بىر-بىـ
ـرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بىر-بىرىگە ئىشىـ
ـنىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بىرلىكتە گۈزەل يېڭى تۇرمۇش
بەرپا قىلدى. ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيۈپ،
ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، غەربتىكى دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ، بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىـ
ـقەستىنى غەلىبىلىك ھالدا تارمار قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىـ
ـپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى.

بۇ 30 يىلدا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا ئەگرى-توقايلىق
كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى چوڭ بولدى، قىياپىتى
غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەردى ھەمدە تەرەققىياتنى تېخىمۇ تېزـ
ـلىتىدىغان گۈزەل ئىستىقبالى نامايان بولدى. نۆۋەتتە شىنجاڭدا
ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىـ
ـپاق بولۇپ، خەلق خۇشال-خۇرام ياشاۋاتىدۇ، شىنجاڭ ھاياتىي
كۈچكە تولۇپ تاشماقتا. مەن پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان، بىر

تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولغان ھەرقانداق كىشىنىڭ يۇقىرىدى-
كىگە ئوخشاش يەكۈن چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. شىزاڭ-
نىڭ نەتىجىسى شىزاڭ خەلقىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا پۈتۈن
مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ غەلىبىسى دېمەكتۇر.
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھەربىر ئەزاسى شىزاڭدىكى تارىخىي خا-
راكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىشتىن شادلىنىدۇ.

شىزاڭدىكى ئۇلۇغ ئۆزگىرىش كىشىنى خۇشال قىلىپلا
قالماي، بەلكى بىزگە كۆپ تەرەپتىن ئىلھام بەردى، شىزاڭنىڭ
تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى بىزگە شۇنى ئوچۇق ئۇقتۇردىكى:

**بىرىنچى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى پەقەت بىر پۈتۈن ۋەتىنىمىز
چوڭ ئائىلىسىدىلا ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىلا ئۆزلىرى-
نىڭ ئىززەت-ئابرويىغا ۋە باراۋەرلىك ئورنىغا ئىگە بولالايدۇ.**
شىزاڭدىكى زاڭزۇلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئورنىنىڭ ئۆز-
گىرىشى شىزاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى ۋە شىزاڭدا
دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن زىچ مۇناسى-
ۋەتلىك. ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇ-
رۇش ھوقۇقىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قۇدرەتلىك ۋەتەن مىللەت-
لەرنىڭ تاشقى دۈشمەننىڭ زۇلمىدىن ۋە ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش-
نىڭ ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، مىللەتنىڭ
ئىززەت-ئابرويىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قوغداشنىڭ تۈپ كاپالى-
تى؛ سوتسىيالىزم يولى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىككە ئىگە بو-
لۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىشىدىكى تۈپ يول.

**ئىككىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى مەملە-**

**كىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈزۈم، خەلق ئومۇمىيۈزلۈك ھىمايە قىلغان تۈزۈم.** بۇ تۈزۈم ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، ھەم دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدۇ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدا يەتكۈزىدۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ تۈزۈم مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، دەرۋەقە، بۇ تۈزۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**ئۈچىنچى، زاڭزۇ مىللىتى پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش تەرەققىي قىلىپ ۋە ئالغا بېسىپ، ئورتاق گۈللىنىش نىشانىغا يېتەلەيدۇ.** مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش—جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى تۈپ مەيدانى، خەلق قاتتىق ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن ئورتاق گۈللىنىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىرمۇنچە كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللاندى. 30 يىلدىن بېرى دۆلەت شىزاڭغا قارىتا بىرقاتار ئالاھىدە سىياسەتلەرنى قوللاندى. دۆلەت شىزاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ قىلىپ سالغان؛ شىزاڭغا مالىيە جەھەتتىن قوشۇمچە ياردەم سۈپىتىدە بەرگەن ۋە باشقا مەخسۇس تۈرلەر ئۈچۈن بەرگەن پۇللار 20مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ، شىزاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ئەنە شۇ.

**تۆتىنچى، بىر پۈتۈن ۋەتەننىڭ چوڭ ئائىلىسىدە، سوتسىيالىس-**

**تنك تۈزۈم شارائىتىدا زاڭزۇلار بىلەن خەنزۇلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىدا، تۈپ مەنپەئەت ۋە ئورتاق ئىرادە بىرلىكى شەرتى ئاستىدا يېڭىچە مىللىي مۇناسى- ۋەتنى ئورناتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئالغا باس- تى.** شىزاڭنىڭ تۆرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكەتتى- كى ھەرقايسى رايونلارنىڭ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خالىسانە ياردىمىگە ئېرىشتى، بۇ ياردەم ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى، تېخنىكا قاتارلىق كۆپ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1984-يىلىدىن 1986-يىلىغىچە ئورۇندالغان 43 تۈرلۈك چوڭ قۇرۇلۇش، ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 62 تۈر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىزاڭغا بەرگەن ياردىمىنىڭ جانلىق دەلىلى. شىزاڭ خەلقىمۇ نۇرغۇن جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىغا ياردەم بەردى، ئەلۋەتتە. ئەنە شۇنداق ئۆزئارا ياردەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەق- قىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى بىر-بىرىگە باغلىدى. مۇشۇ ئاساسقا ئورنىتىلغان مىللىي مۇنا- سىۋەت بۇزۇلمايدۇ، قاتتىق بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەر- داشلىق بېرەلەيدۇ.

**بەشىنچى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي- لارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكە، مىللەتلەرنىڭ تەرەق- قىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشىدا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇقەررەر يول.** 30 يىل ۋاقىت، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ،

ئىشنىڭ ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 17 يىل ۋاقىت شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان ۋاقىت بولدى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇردى، ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى كۈچەيتتى، كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىقى جۇش ئۇرۇپ قانات يايدى، شىنجاڭ بىلەن دۇنيانىڭ ئالاقىسىمۇ كېڭەيدى، مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملار كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**ئالتىنچى، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق — ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي يۈكسىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى — دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان كۈچ مەنبەسى.** شۇ 30 يىل داۋامىدا، بىز غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەر خىل بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى قەتئىي ۋە كۈچلۈك كۈرەش قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدۇق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلدۇق، ئىتتىپاقلىق بولمىسا، مۇقىملىق بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئىتتىپاقلىقنى ۋە مۇقىملىقنى قوغداشتا ئەڭ كۆپ سانلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە

تايىنىش كېرەك. شۇلارغا تايانغاندا كۆرەشتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئالغىلى، بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرغىلى ۋە ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي، كۈچلۈك زەربە بەرگىلى بولىدۇ.

**يەتتىنچى، ئەۋزەل سوتسىيالىستىك تۈزۈم شىنجاڭدىكى مىللەت-لەرنىڭ ئىجادىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەردى.** زاڭزۇ مىللىتى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىشچان، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك مىللەت، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئۇلارنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشى ئۈچۈن كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەچكە، ئۇلا-رنىڭ ئىجادىي تالانتى جارى قىلدۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقى قەلبىگە گۈزەل غايىنى پۈكۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، مىسلى كۆ-رۈلمىگەن ئاكتىپلىق ۋە ئىجادكارلىق بىلەن شىنجاڭ تارىخىغا يېڭى سەھىپە قوشتى. شىنجاڭنىڭ ھەربىر نەتىجىسىگە ھەر مىل-لەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە جاپالىق تەرى سىڭگەن. ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە غەربىي جەنۇب چېگرا رايونىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈنمۇ مۇھىم تۆھپە قوشتى.

مەرھۇم مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى بەنچەن 1982-يىلى شىنجاڭدا: «تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، شىنجاڭ پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىس-تىك چوڭ ئائىلىدىلا پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدۇ، مىللەت-

لەر گۈللىنىپ روناق تاپالايدۇ» دېگەنىدى. بۇ—شىنجاڭدىكى
هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك ساداسى، شۇنداقلا تارىخ-
نىڭ مۇقەررەر يەكۈنى.

شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ۋە
ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن ئىلهامى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ
تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا بېسىشى ئۈچۈن، بىزنىڭ مىللىي
سىياسەتنى، دىنىي سىياسەتنى، بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئىل-
گىرىكىدەكلا ياخشى ئىجرا قىلىپ، مىللىي مەسىلىنى ئوبدان
بىر تەرەپ قىلىشىمىز ئۈچۈن ئومۇمىي ئەهمىيەتكە ئىگە.

مەملىكىتىمىزدىكى هەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كومپارتى-
يىسىنىڭ رەهبەرلىكىدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سترا-
تېگىيىسىنىڭ 2-باسقۇچتىكى نىشانىغا قاراپ تەۋەنمەي يۈرۈش
قىلماقتا. بۇ ئۇلۇغ يۈرۈشتە، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى ۋەتىنى-
مىزنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ئەگىشىپ يېڭى تەرەققىياتلارغا
ئېرىشكۈسى. بۇ ئېگىزلىكتە يېڭى، تېخىمۇ زور كۆلەملىك
تەرەققىيات قۇرۇلۇشى قانات يايماقتا. چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى
قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن يارجويۇم ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇ-
شى، گوڭگار ئايرودرومىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى،
چىڭخەي-شىنجاڭ تاشيولىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى،
«بىر چوڭ ئېقىن، ئىككى دەريا» ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال ئۆز-
لەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ سې-
لىنىشى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى جەزمەن يېڭى بىر
باسقۇچقا ئېلىپ بارىدۇ. شىنجاڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەهەت-
تىمۇ يېڭى قەدەم تاشلايدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-

يە تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

دۆلەت شىنجاڭغا داۋاملىق تۈردە ئالاھىدە سىياسەت قوللىنىپ، كۆپ تەرەپتىن ياردەم بېرىدۇ ھەمدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى شىنجاڭغا خىلمۇخىل شەكىللەر ئارقىلىق داۋاملىق ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ.

شىنجاڭ خەلقى ئىلگىرى شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ.

بىز غەلىبىگە تەنتەنە قىلىپ، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتساق، بەزىلەر بۇنى ياقتۇرمايۋاتىدۇ، ھەتتا شىنجاڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرگە ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ، مەملىكىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن بۇيان ھەرخىل كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. شىنجاڭنىڭ يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى بەزى كىشىلەر ئىسلاھاتقا تۈپتىن قارشى تۇرۇپ، «17 ماددىلىق كېلىشىم»گە قارشى تۇرۇپ، «شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش» قەستىدە پىلانلىغان قوراللىق توپىلاڭ بولۇپ ئۆتتى، بىر ئۇچۇم بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار دۆلەتنى، مىللەتنى پارچىلاش مەقسىتىدە قوزغىلاڭ تۇغدۇردى، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق، پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۆزسىز مەغلۇپ بولدى، چۈنكى، تارىخنىڭ ئېقىمىغا، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر يېقىنقى يىللاردىن بېرى

شىزاڭ مەسىلىسىدە بىرمۇنچە ئۇيات ئىشلارنى قىلدى، نۇرغۇن
پىتنە-پاساتلارنى توقۇپ چىقتى. ھەتتا بۆلگۈنچى كۇچلەرنى قول-
لاپ، شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىشقا، شىزاڭنى جۇڭگودىن ئاي-
رىۋېتىشكە ئۇرۇندى. بۇ پۈتۈنلەي بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك.
چۈنكى، شىزاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دېگەن بۇ
پولاتتەك پاكىتنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، شىزاڭ خەلقى-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىسى-
نى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. كونا ماركىلىق جاھانگىرلار
كونا جۇڭگودا ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشنى چەت ئەلدىكى دۈش-
مەن كۈچلەرنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگودا ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ مەقسىتىمىز باشتىن--
ئاخىر بىردەك، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو
كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدۇ،
ھەرقانداق كۈچ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا
بېسىش ئېقىمىنى توسىيالمايدۇ.

مۇشۇ پەيتتە، يەنە شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بەزىلەر
ھېلىمۇ چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، شىزاڭنى
مۇستەقىل قىلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش قەستىدە بولۇۋا-
تىدۇ، بۇ زاڭزۇ خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە تامامەن خىلاپ. ئۆز ۋەتىنىنى ۋە
ئۆز مىللىتىنى چىندىن قىزغىن سۆيىدىغان ھەرقانداق ئادەم
دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتىنى ۋە مىللىي ھەققانىيەتنى ئەلا
بىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، قۇدرەت تېپىشىغا پايدىلىق ئىش-
لارنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا

پايدىلىق ئىشلارنى، تارىخنىڭ ئېقىمىغا ئۇيغۇن ئىشلارنى قىلىشى كېرەككى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە ئىشلارنى ئىشلىغانلار تارىخ ئالدىدا تۈگىمەس جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ دالاي لاماغا قاراتقان ئىزچىل سىياسىتى شۇكى، ئۇ «شىزاڭنى مۇستەقىل قىلىش» مەيدانىنى ئۆزگەرتىدىغان، ۋەتەننى پارچىلاش ھەرىكىتىنى توختىتىدىغان بولسىلا، ئۇنىڭ قاچقۇنلۇق تۇرمۇشىنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىنى، دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىنى، شىزاڭنىڭ ۋە شىزاڭ خەلقىنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللەپ ياشىنىشىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىنى قارشى ئالىمىز. بىز دالاي لامانىڭ رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىپ، خام خىيالنى تاشلاپ، توغرا پوزىتسىيە تۇتۇپ، توغرا يول تاللىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

30 يىللىق نەتىجە، 30 يىللىق تەجرىبە شىزاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يولداش جياڭ زېمىننى يادرو قىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىزاڭ تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز گۈللەپ ياشنايدۇ، سوتسىيالىستىك يېڭى شىزاڭنىڭ ئىستىقبالى پارلاق!

# جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىدىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىك*

(1995-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى)

جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى ناھايىتى چوڭ بىر سىستېما، ئۇنى تۈرلۈك نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە پەقەت جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شەكىللىنىشى، مەزمۇنى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىلا مۇھاكىمە قىلىۋاتىمىز.

دۇنيادىكى ھەرقانداق كۆپ مىللەتلىك دۆلەت مۇشۇنداق تولىمۇ مۇرەككەپ ھەتتا نازۇك ۋە مۇشكۈل مەسىلە بولغان مىللىي مەسىلىگە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۇسۇلى مۇۋاپىق مىللىي سىياسەت تۈزۈشتىن ئىبارەت. مىللىي سىياسەتنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش

---

* بۇ ماقالە يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ روسىيىنى زىيارەت قىلغاندا روسىيە مىللەتلەر ۋە يەرلىك سىياسەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىگە ئاساسەن رەتلەندى.

جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ ئاساسەن ئۇزاق
ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە جۇڭگو جەمئىيە-
تىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرقاتار مىللىي سىيا-
سەت تۈزۈلگەنلىكىدىن بولدى دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇ
مىللىي سىياسەتلەر جاپاغا چىداپ تىرىشىش ۋە ئۇزاق مۇددەت
ئىزدىنىش ئارقىسىدا تۈزۈلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇشۇ ئەسىرنىڭ
20 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا دۇنياغا كەلدى. ئۇ دۇنياغا كەلگەن
ۋاقىتتىن باشلاپلا جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئېسىل
مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە شەرق مەملىكىتى بولۇپلا قالماي،
بەلكى كۆپ ۋە ھەممە مىللەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە
بىر مەملىكەت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سىياسىي نىشانىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنى ئۆز ئەتراپىغا
ئۇيۇشتۇرۇشى، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل
قىلىشى لازىملىقىنى ئىنتايىن زېرەكلىك بىلەن تونۇپ يەتكەن.
شۇڭا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1922-يىلدىكى 2-
قۇرۇلتىيىدىن باشلاپلا، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل
قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن بۇ تەشەببۇس
بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش، ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلا-
بىي ئۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق
ئۇرۇش جەريانلىرىدا پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەل
مىللىي سىياسەت سىستېمىسىغا ئايلاندى.

20 نەچچە يىلغا سوزۇلغان شۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە،
جۇڭگو كوممۇنىستلىرى نەزەرىيە جەھەتتە ئىزدەندى، شۇنىڭدەك

سىياسەت ۋە نەزەرىيىنى ئۆزىنىڭ چامىسى يەتكەن دائىرە ئىچىدە
ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدى. 30-يىللارنىڭ باشلىرىدا پارتىيىمىز
جياڭشىدىكى ئىنقىلابىي بازىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنئەندە مىل-
لىي سىياسەتنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئەمەلىيىتىنى باشتىن
كەچۈردى. ئازادلىق ئۇرۇش داۋامىدا، 1947-يىلى ئىچكى موڭ-
غۇل رايونىدا جۇڭگونىڭ تۇنجى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونوم
رايونى— ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنى ئىجادىي يوسۇندا
قۇردى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىنى بىرتەرەپ قى-
لىش جەھەتتىكى ئاساسىي سىياسىتىنىڭ قارار تاپقانلىقىنى،
جۈملىدىن بۇ سىياسەتنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدىكى سىناقتا مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە، مەملىكەت ئى-
چىدە ھەممە ئىشنى يېڭىباشتىن يولغا قويۇشقا، تۈرلۈك مېخا-
نىزملارنى رەتكە سېلىشقا توغرا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن
جۇڭگو كوممۇنىستلىرى مىللىي مەسىلىنى ئىنتايىن مۇھىم
ئورۇنغا قويۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى
مۇھاكىمە قىلغۇچى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە
كۆپ مىللەت ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇردى، ۋاقىتلىق ئاساسىي
قانۇن رولىنى ئوينىغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى» دا مەخسۇس بىر باب
«مىللىي سىياسەت» كە ئاجرىتىلغان، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى
ھەممە مىللەت باپباراۋەر؛ مىللىي ئىتتىپاقلىق قوغدىلىدۇ؛ ئاز
سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي

تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولىغا قويۇلىدۇ؛ ئاز سانلىق مىل-لەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى راۋاج-لاندۇرۇلىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادى ھۆرمەت قىلىنىدۇ. دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىيا-سەتنى يېزىق ۋە قانۇن قېلىپىغا چۈشۈرۈشى بولۇپ، دەۋر بۆل-گۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئەمەلىيەتنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا كەلگۈسىدە مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پروگراممىسى ئىدى. «ئومۇمىي پروگرامما» دا بېكىتىلگەن بۇ پرىنسىپلارغا ئاساسەن، جۇڭگو سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا، ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى مەركىزىي خىز-مەتكە ۋە تۈرلۈك مىللەت، تۈرلۈك رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ، تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ تەپسىلىي سىياسەتلەرنى تۈز-دى. بۇ سىياسەتلەر مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگى-رىلىشىگە تۈرتكە بولدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنى مىسالغا ئال-ساق، بۇ سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىرمۇنچە مىللەتلەر قۇللۇق تۈزۈمدىن ھەتتا ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋ-رىدىن، بىرقانچە ئىجتىمائىي فورماتسىيىنى ئاتلاپ سوتسىيالىس-تىك جەمئىيەتكە قەدەم قويدى.

1978-يىلى، جۇڭگو ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىۋەتتى، مىللىي سىياسەتمۇ يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ئۆزگە-رىشكە يارىشا تولۇقلاندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭ گەۋدە-لىك ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋې-

تىش ئىشلىرى تىرىشىپ ئالغا سۈرۈلدى، مىللىي سىياسەت ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى-
نى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشى ۋە گۈللىنىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ ۋە مۇھىم نۇقتا قىلىدۇ، دەپ
تەكىتلىدى. شۇ مەقسەتتە بىرمۇنچە كۈچلۈك تەدبىرلەر قوللى-
نىلدى، جۈملىدىن ھۆكۈمەت مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ، يار-
دەم بەردى؛ تەرەققىي تاپقان رايونلار ياردەم بەردى، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىغا ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش،
سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ئوخشاش جەھەتلەردە ئېتىبار بې-
رىش سىياستى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا مىل-
لىي ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، دۆلەتنىڭ بىرلى-
كىنى قوغداش تەكىتلەندى. بۇ سىياسەتلەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك
ئۈنۈمگە ئىگە بولدى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچى-
ۋېتىلگەندىن بۇيانقى مەزگىل جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئەڭ تېز
تەرەققىي قىلغان دەۋر بولدى.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،
جۇڭگونىڭ مىللىي سىياستى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك
قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى؛ ئۇ ئۇزاق مۇددەت، داۋاملىق ئىزدى-
نىش جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلدى، ئۇ جۇڭگو زېمىنىدا بارلىققا
كەلگەچكە، جۇڭگوچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە، جۇڭگونىڭ دۆلەت
ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، ئۇ ئۇزاقچە داۋاملىشىدىغان جۇشقۇن ھايا-
تىي كۈچكە ئىگە.

جۇڭگونىڭ مىللىي سىياستى روشەن جۇڭگوچە خۇسۇسى-

يەتكە ئىگە، بۇ خۇسۇسىيەت جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى
ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىجتىمائىي شارائىت، جەريان ۋە مۇشۇ مىل-
لىي سىياسەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ خۇسۇسىيەت-
نى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

## 1. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن

جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكچى-
لىكىدە، ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت قارىشى ۋە ماۋ زې-
دۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋۇجۇدقا كەلدى، بۇ مىللىي
سىياسەت ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريا-
نىدا بولسا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ
تەرەققىي قىلدى. ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى
ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىدە
توغرا ئىپادە تاپتى. مەسىلەن، ماركسىزم، مىللەت ۋە مىللىي
مەسىلە تارىخنىڭ مەھسۇلى، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ-
لىك دېگەن ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ قارايدۇ. شۇڭا
جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى ئۆز ئورنى جەھەتتىن ئالغاندا،
ۋاقىتلىق تەدبىر بولماستىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ بارلىق سىياسەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھەمدە
ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت. يەنە مەسىلەن، ماركسىزم تا-
رىخنى خەلق ياراتقان، مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز دۆلىتىنىڭ
تارىخىي تەرەققىياتى، مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆز
تۆھپىسىنى قوشقان، شۇڭا مىللەتلەر ئىجتىمائىي ھاياتتا باراۋەر
ئورۇنغا ئىگە بولۇشى لازىم، دەپ قارايدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ

مىللىي سىياسىتىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ مىللەتلەر چوڭ-كىچىكلىكىگە قارىماي، باپباراۋەر دېگەندىن ئىبارەت.

نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە نىسبەتەن ناھايىتى زور يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتىن ھاسىل بولۇشى ۋە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. دېمەك، جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئەمەلىيەتچىلىققا ئىگە. ئۇ نوقۇل نەزەرىيە ئەمەس، نەزەرىيىدىن نەزەرىيىگە ئۆتىدىغان ئابستراكت مەھسۇلاتمۇ ئەمەس، بەلكى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىيىتىنى تەلتۆكۈس تەھلىل قىلىش ئارقىسىدا ھاسىل قىلىنغان مۇۋەپپەقىيەت. مەسىلەن، مىللەت توقۇنۇشىنى ئالساق، ئۇ روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. جۇڭگودا، مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ قانچىلىك، تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىل، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىلا، بىر مىللەتنى ھاسىل قىلىدۇ.

جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى يەنە شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، ئۇ ئەمەلىيەتتىن ھاسىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش رولىغا ئىگە. سىياسەتنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي ھاياتتا كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلىنىدۇ-دە، جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسەت جەھەتتە كۆزلىگەن نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

### 2. پارتىيۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلـ
تۈرۈلگەن

جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىـ
يىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، روشەن پارتىيۋىـ
لىككە ئىگە، ئۇنىڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىـ
ياسىي تەشەببۇسى ۋە سىياسىي پرىنسىپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلـ
گەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەرقايسى تارىخىي
دەۋرلەردە مىللىي مەسىلىنى ئومۇمىي ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ
بىر قىسمى، مىللىي خىزمەتنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىـ
سىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئومۇمىي نىشانىنىڭ ئەمەلـ
گە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا،
مىللىي مەسىلىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىشىنى جۇڭگو كوممۇنىسـ
تىك پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ئارقىلىق ئىلگىرى
سۈردى. مىللىي سىياسەتنىڭ بىرمۇنچە كونكرېت مەزمۇنلىرىـ
دا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پارتىيۋىلىك پرىنسىـ
پى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپـ
تونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرـ
لىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارـ
دا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش دېمەكتۇر. بۇـ
نىڭدا ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش
ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا بولىدۇ، ھەم دۆلەتنىڭ بىرـ
لىكىنى قوغداشقا بولىدۇ، شۇنىڭدەك جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن دۆلەتتىكى رەھبەرلىك ئورنىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللىي زۇلۇمغا، مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇ-رۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سىنىڭ كوممۇنىزم نىشانىنى ۋە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى بىلەن بىر.

جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، جەمئىيەتنى، خەلقنى بەخت-سائادەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ كەڭ خەلقچىللىققا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. نېگىزىدىن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتى تامامەن بىر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىل-لىي سىياسەتنى تۈزۈش ۋاقتىدا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلق ئاممىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىنى ئى-پادىلىدى. مەسىلەن، ھەربىر مىللەتنىڭ ئايرىمىسىنى ۋە نامى-نى بېكىتىشتە ناھايىتى مۇھىم بىر پرىنسىپ ئىگىسىنىڭكىنى ئاساس قىلىشتىن، يەنى نامىنى ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ دېگەندىن ئىبارەت. جۇڭگودىكى بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامىنى 50-يىللاردا مىللەتلەرنى تو-نۇش ۋاقتىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى بەلگىلىدى، يەنە بەزىلىرىنىڭكى 80-يىللاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئار-زۇسى بويىچە ئۆزگەرتىلدى.

**3. پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىق بىر-بىرىگە سىڭدۈرۈلگەن**

جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى يۇقىرى پرىنسىپاللىققا ئى-

گە. ئۇ بولسىمۇ چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر باركى، ئۇ ھەممە مىللەتكە ئوخشاش تەتبىق قىلى-نىدىغان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئام-مىۋى تەشكىلاتلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەل قىلىشى ۋە ئىجرا قىلىشى شەرت بولغان پرىنسىپلاردۇر. بۇ پرىنسىپلاللارنى خا-لىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، مىللەتلەرنىڭ باپباراۋەرلىك پرىنسىپى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى پرىنسىپى ئەنە شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. بۇ پرىنسىپلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەتنىڭ مەھسۇلى ھەمدە ئۇ ئەمەلىيەت ئارقى-لىق توغرىلىقى ئىسپاتلانغان، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم بولغان پرىنسىپلاردۇر. دېمەك، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي، ئىج-تىمائىي تەرەققىياتىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ پرىنسىپلارغا باشتىن-ئاخىر ئەمەل قىلىنىپ كەلدى. ئەمما مىللىي سىياسەتنىڭ بىرمۇنچە كونكرېت مەزمۇنلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۆزى پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن زىت ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي سىياسەتتە جانلىقلىقمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چۈنكى جۇڭگودا مىللەت كۆپ، 56 مىللەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جايلاشقان، ئولتۇراق-لاشقان زېمىنى كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز. شۇڭا سىياسەتنى تۈزۈش ۋاقتى-دا، ئەنە شۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىش، پرىنسىپاللىقتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، جانلىقلىقمۇ ئېتىبار بېرىش لازىم.

بۇ جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتى جەھەتتە گەۋدىلىك ئىپادى-
لىنىدۇ. 50-يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى مىسالغا ئال-
ساق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بې-
رىش، فېئوداللىق زۇلۇمنى ۋە قۇللۇق تۈزۈمنى بىكار قىلىش
زۆرۈر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلاھاتنىڭ ئۇسۇلى، باسقۇچى
ۋە ۋاقىت تەلىپى جانلىق بولدى. شۇ چاغدا، چارۋىچىلىق رايون-
لىرىنىڭ ئىسلاھاتىدا، چارۋا ئىگىلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسا-
دىرە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلماي، كۈرەش قىلماسلىق، تەق-
سىم قىلماسلىق، چارۋا ئىگىسى بىلەن چارۋىچىغا تەڭ مەنپەئەت
يەتكۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، مانا بۇلار خەنزۇ رايونلىرىدى-
كىدىن پەرقلىنىدۇ. جۇڭگو 70-يىللارنىڭ ئاخىرىسىدا ئېلىپ
بارغان ئىسلاھاتتىمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئېلىپ
بېرىلىدىغان ئىسلاھاتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەھ-
ۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇسۇل ۋە باسقۇچنى قوللىنىش،
جۈملىدىن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ۋە جانلىق تەدبىرلەرنى
قوللىنىش لازىملىقى تەكىتلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى
ئىجتىمائىي ئۈنۈم بەردى.

**4. داۋاملاشتۇرۇش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان**

مىللىي مەسىلە ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان
مەسىلە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللىي سىياسەتنى
ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسەت قىلىپ، بۇ سىياسەتنى تۈزۈشتە ۋە
ئىجرا قىلىشتا، ئۇنىڭ ئىزچىللىق ۋە داۋاملىشىش خۇسۇسىي-
تىنى گەۋدىلەندۈردى. توغرا بولغانلىكى سىياسەتلەرنى خالىغان-

چە ئۆزگەرتمەي، ئۇزاق مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇردى. يېڭى
سىياسەت تۈزۈشكە توغرا كەلگەندىمۇ، ئىلگىرىكى سىياسەتنىڭ
مەزمۇنىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئىككىسىنى بىر-بىرىگە باغ-
لاپ، توقۇنۇشنى ۋە داۋالغۇشنى ئازايتتى. مىللىي سىياسەت
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بارلىق سىياسەتلىرىگە ئوخ-
شاشلا ئىنتايىن زور نوپۇزغا ئىگە. ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى ۋەزى-
يەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، مەلۇم كىشى-
لەرنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەنمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەي-
دۇ، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە، ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشتا تەتبىق قىلىنىدۇ، داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق قىلىش
مىللىي سىياسەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى قوغداشقا،
جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق.

دەرۋەقە، سىياسەت ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. نە-
زەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىياسەت ئۇنۇمى كېمىيىپ بارىدى-
غان قانۇنىيەتكە ئىگە، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا،
بىرەر سىياسەتنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ئۇزارغانسېرى، ئۇنىڭ جەم-
ئىيەتكە نىسبەتەن قېلىپلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رو-
لى پەيدىنپەي ئاجىزلىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەھۋال
هامان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ
ھال مىللىي سىياسەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئىزچىل دا-
ۋاملاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە
ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىشنى، يېڭى ۋەزىيەتكە
ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق تەرەققىيات ئىلگىرىكى سى-
ياسەتلەرنى تولۇقلاشنى، شۇنىڭدەك يېڭى ئەھۋالغا ماس كەلمەي-

دىغان بەزى قىسىملىرىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جۇملىدىن كۆچىدىن قالغان سىياسەتنىڭ ئورنىغا يېڭى سىياسەتنى دەسسىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنى سىياسەتنىڭ يېڭىلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ نۇقتا جۇڭگودا ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات ۋە ئېشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنمەكتە ھەمدە ئىنتايىن زۆرۈر بولماقتا. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، مىللىي سىياسەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش دېگەن بىرقىسىم مەزمۇنىنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان كۆچىدىن قالدى، ئىشلىتىلىش ئاساسىدىن ئايرىلدى. شۇڭا جۇڭگو مىللىي سىياسەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ، تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان زامانغا مەڭگۈ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، يېڭى سىياسەت تۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىدىكى سىياسەتنى مۇكەممەللەشتۈردى ياكى ئۇنى كۆچىدىن قالغان سىياسەتنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى.

## 5. ئېتىبار بېرىش بىلەن ئادىل بولۇش بىر-بىرىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان

ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش ۋە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تارىخىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر-

نىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۇزاقتىن بۇيان نىس-
پىي ھالدا ئارقىدا قالغان، مىللەتلەرنى ئورتاق روناق تاپقۇزۇش
ئۈچۈن، بەزى ئالاھىدە چارىلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرگە سىياسىي جەھەتتە قولايلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تە-
رەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىش كېرەك. يەنى خۇددى
لېنىن ئېيتقاندەك: چوڭ مىللەت ئۆزىگە قارىتىلغان تەڭسىزلىك
بىلەن رېئال تۇرمۇشتا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نىسبەتەن شەكىل-
لەنگەن ئەمەلدىكى تەڭسىزلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشى لازىم.
شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ مىللىي سىياستى نۇرغۇن جەھەتتە
ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بېرىلىدىغان ئېتىبارنى گەۋدىلەندۇر-
گەن. مەسىلەن، دۆلەت مەخسۇس فوند تەسىس قىلىپ، چېگرى-
غا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدە-
نىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەردى؛ مالىيە
جەھەتتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بې-
رىلدى؛ مائارىپ ئىشلىرى جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ تە-
رەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى، تۈرلۈك ئىمتىھانلاردا،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىمتىھان بەرگۈچى ئوقۇغۇچىلىرىغا
نومۇرنى ۋە قوبۇل قىلىش شەرتىنى تۆۋەنلىتىش يولى بىلەن
ئېتىبار بېرىلدى. پاكىتلار بۇنداق ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرى-
نىڭ زۆرۈر ۋە ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ ياردەمگە ئېرىشكەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققى-
ياتىنى تېزلىتىشكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، مىللىي مۇناسىۋەت-
نىڭ ئىناق بولۇشىغىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

دەرۋەقە، نېگىزىدىن ئالغاندا، بىرەر مىللەت، بىرەر رايون-
نىڭ تەرەققىياتى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى-
غا باغلىق، ئېتىبار بېرىش بىرمۇنچە مەسىلىنى ھەل قىلسىمۇ،
لېكىن تۈپ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، ئېتىبار بېرىش ئۆزى-
نىڭ كۈرەش قىلىشىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
مىللىي سىياسەتتە ئادىل رىقابەتلىشىشكە، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ توختىماي ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈشىگە، ئۆز كۈچىگە تايى-
نىپ ئىش كۆرۈش روھى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى
قىلدۇرۇشىغا، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكى
بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىلگەن. مەسىلەن، قېزىلما
بايلىقلارنى ئېچىش جەھەتتە، ئىقتىسادىي ئۇنۇم بىلەن ئىجتىما-
ئىي ئۇنۇمنىڭ بىرلىكى تەشەببۇس قىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇم
ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇلدى؛ دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى-
نى يولغا قويۇش جەھەتتىمۇ، ئادىل رىقابەتلىشىشكە ئىلھام
بېرىلگەن، پەقەت بەزى ئورگانلاردا، مىللىي خىزمەت تارماقلى-
رىدا ۋە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئاز
سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەپ، كەسكىن
رىقابەت ئىچىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ ئوبدان بايقاپ،
ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا پايدىلىق.

# مىللىي تىبابەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بەختكە ئىگە قىلايلى*

(1995-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى)

ئۇيغۇرلار تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادىي قۇدرىتى بىلەن ئۇزاق تارىختا ئىگە، ھەرخىل ھۆسنى گۈزەل مەدەنىيەت ياراتقان. بۇ مەدەنىيەتنىڭ بەزىلىرى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇش، شەكلى ئاممىغا يېقىملىق؛ بەزىلىرى ھەققىدە كىشىلەر ھېسسىي بىلىشكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆپ سانلىق كىشىلەر ھەقىقىي چۈشەنمەيدۇ. ناخشا-ئۇسسۇل ئالدىنقىسىغا، تىبابەت كېيىنكىسىگە مەنسۇپ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدە بىر قىسمى، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك بىر قىسمى. تىبابەتچىلىك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارقىلىشى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن ئايرىلمايدۇ؛ ئەل

---

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى» دېگەن كىتابقا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزى.

ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تىبابەت بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئىزدەپ تېپىپ رەتلەپ نىسبىي مۇكەممەللىككە ئىگە سىستېمىغا ئايلاندۇرۇش ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ۋە جاپالىق ئەمگىكىگە تېخىمۇ مۇھتاج. بۇ مۇشكۇل خىزمەت، بولۇپمۇ خاسىيىتى چەكسىز ئىش.

ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق تېۋىپى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ھاجىمۇھەممەت باقىئالىم ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى يەكۈنلەپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تىبابەت بىلىمىگە سىڭدۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نەچچە ئون يىللىق تېۋىپلىق ئەمەلىيىتى ھەم جاپالىق ئىزدىنىشى ئارقىلىق ھاسىل قىلغانلىرىنى قوشۇپ، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقتى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم ئۇتۇقى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ ئىجادىي خاراكتېرلىك خىزمەت كەڭ كۆلەمدە ئوبدان باھاغا ئېرىشتى. بۇ كىتاب 1977-يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، 1978-يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ دەرسلىكى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى قامۇسى» نىڭ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالىغا ئايلاندى. بۇ كىتاب 1982-يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت تىبابەتچىلىكىگە دائىر پەن-تېخنىكا كىتابلىرىنى باھالاشتا دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك كىتاب بولۇپ باھالىنىپ، 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

دەرۋەقە، شەيئىلەر ھامان تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن تولۇقلاش ئاساسىدا قايتا

نەشىر قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. بىز شۇنىڭدىن خۇشال
بولدۇقكى، بۇ كىتاب تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇمنىڭ ھاجىمۇ-
ھەممەت باقىئالىمغا مىراسى سۈپىتىدە، يەنە نەچچە ئون يىل
قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش، زامانىۋى تىبابەت بىلىملىرىنى ئەي-
نەك قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا، تۇردى مۇھەممەت
ئاخۇنۇمنىڭ يەنە يۈزدىن ئارتۇق مەخپىي رېتسېپى قوشۇلۇپ،
تۈزىتىش كىرگۈزۈپ قايتا نەشىر قىلىندى. بۇ ئۇ كىشىنىڭ
ھەددى-ھېسابسىز تەر تۆكۈپ، سەرپ قىلغان يۈرەك قېنىنىڭ
جەۋھىرى. بۇ كىتاب سىستېمىسى مۇكەممەل، مەزمۇنغا باي،
ئەمەلىي ئېھتىياجغا بەك باب ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر
تىبابەتچىلىكى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى چوڭ بىر قەدەم ئالغا سىل-
جىتتى. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشى
ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئەنئەنىۋى تىبابەتچى-
لىكنى راۋاجلاندۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشتا، خەلق ئاممىسىنىڭ
كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە داۋالىنىشىغا ياردەم بېرىپ،
ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

تەسەۋۋۇرىمىزنى كەڭرى يۈرگۈزۈپ، گېپىمىزنى يىراققى-
راق يۆتكەيلى. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن ۋە مۇ-
شۇ كىتابنىڭ نەشىر قىلىنىشىدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كەل-
سەك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ:

بىرىنچى، جۇڭگودىكى مىللەتلەر ناھايىتى مول ۋە تېگى
چوڭقۇر مەدەنىيەتكە ئىگە، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر
تېخى ناھايىتى كۆپ، بۇ خۇددى قېزىلما بايلىقى مول زېمىننى
ئەجىر قىلىپ ئاچىدىغانلا بولساق، جەزمەن ئۇنۇم ھاسىل قىلى-

شىمىزغا ئوخشايدۇ.

ئىككىنچى، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى جەۋھەرلەرنى ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا خەلق ئاممىسى ياراتقان ۋە ئۇ تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇنى بۈگۈنكى تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش مۇمكىن. بىز زامانىۋى پەننىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە تەتبىق قىلىشىمىز لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم، بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى بىر-بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەييار نەرسىنى قولغا ئالغاندەك، ئاددىي هالدا كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنى تەھلىل قىلىپ، سىپلىشتۇرۇپ، پىششىقلاپ، تاللاپ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش، ناچىرىنى چىقىرىۋېتىش لازىم. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى توپلاش ۋە تېپىش جەريانى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش جەريانىدۇر.

تۆتىنچى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تېپىش ۋە رەتلەش—جاپالىق ئەمگەك، بۇ جىددىي ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيە، چىداملىق روھ، پىداكارلىق خىسلەت بولۇشنى، چىن كۆڭۈل بىلەن هارماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا ماڭغۇدەك تۈز يول يوق، ئەجىر قىلغان كىشىنىڭ ئەمگىكى زايە كەتمەيدۇ، تۆككەن تەرگە لايىق نەتىجىگە ئىگە بولىدۇ.

هاجىمۇھەممەت باقىئالىم مەن تونۇشقىلى ئۇزۇن يىللار بولغان ئۇيغۇر تېۋىپ، ئۇنىڭ ئەمگىكى ۋە تۆھپىسى كىشىنى

ناھايىتى تەسىرلەندۇردۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ مەن ئۇنىڭ مۇشۇ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلالمىدىم. كىتابخانلارنىڭ مۇشۇ كىتابنى سۆيۈپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنىڭدەك ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان تېخىمۇ ئوبدان كىتابلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرايلى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى*

——شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

(1995-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 40 نەچچە يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا شانلىق ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئىجادىيىتى، دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىي تۈزۈملىرىدىن بىرى

* بۇ ماقالە 1995-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان.

بولغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە غايەت زور ئەۋزەللىككە ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ جەھەتتىن تىرىشىش لازىم، بىز بۇ يەردە ئۇنى بىرنەچچە جەھەتتىنلا بايان قىلىمىز.

**1. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تۈپ ۋەزىپە**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ 40 يىلدىن بۇيان، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. بۈگۈنكى كۈندە شىن-

جاڭ مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك پاختا، شېكەر ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم بازا بولۇپلا قالماي، بەلكى نېفىت، خىمىيە سانائىتى، يېمەكلىك، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، ئېنېرگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق كەسىپلەر شىنجاڭنىڭ يېتەكچى كەسپى ۋە تۈۋرۈك كەسپى بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ شىنجاڭدا 21-ئەسىردىكى نېفىت-خىمىيە سانائىتى بازىسىنىڭ دەسلەپكى شەكلى ۋۇجۇدقا كەلدى. لېكىن سەل قاراشقا بولمايدىغىنى شۇكى، تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ھېلىمۇ بىرقەدەر تۆۋەن، خېلى كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پۈتۈن كىيىنىش، توق يېيىش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى. شىنجاڭ ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ھەرقايسى رايونلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەكشى ئەمەس. شىنجاڭنىڭ شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ رېئال ئەھۋالى شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ھازىرقى باسقۇچتا ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلە، ئاساسەن، «ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى» دا ئىپادىلەنمەكتە. بىز رېئاللىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېغىشماي مەركەز قىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئارقىلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى يېڭى ۋەزىيەتتە تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشىمىز لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىساد يۈكسەلدۈرۈلمىسە، ئۇ قۇرۇق ئاپتونومىيە بولۇپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش جياڭ زېمىن مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتكە دائىر نەزەرىيە ۋە سىياسەتلەرنى خۇلاسىلىگەندە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مىللىي خىزمەتتىكى تۈپ ۋەزىپە قىلىش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى. بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھەر خىل ئامىللار بىلەن تىرىشىپ ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئۇ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە ئالاھىدە سىياسەتلەرنى بېرىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ۋە ئۆز يېرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاكتىپ-

لىقىنى قوزغاپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي
تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلەتتى. لېكىن شۇنى ئېيتىش كېرەك-
كى، ھەر خىل ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىل-
گىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ۋەزىپە
يەنىلا خېلى ئېغىر، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى يەنىلا بىرقەدەر ئارقىدا.
ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسى-
رى كۈچلۈك بولىدۇ. ھەرقانداق تۈزۈم مۇئەييەن تارىخىي باس-
قۇچتىكى ئالاھىدە ئىقتىسادىي بازىستا مەيدانغا كېلىدۇ ۋە مۇئەي-
يەن ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇنلىشىدۇ ھەم ماسلىشىدۇ. بۈگۈن-
كى كۈندە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا
قىلىش داۋامىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى-
نى دەل ۋاقتىدا پائال مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي ئاپتونومى-
يىلىك جايلار ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل، مۇقىم ھالدىكى تەرەققى-
ياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ.
شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە
ئىقتىسادنى گۈللەندۈرگەندىلا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك
يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. قىسقىسى،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تولۇقلاش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى نۇقتىسىنەزى-
رىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى ئەڭ

توپ ۋەزىپە— ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش. خۇددى شۇنىڭدەك، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى توپ ۋەزىپىمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەۋزەللىكى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىشىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى ۋە ئۆسۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نامراتلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، دادىل ئىزدىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇنۇ ئۈچ جەھەتتىن تىرىشىش كېرەك:

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئۆز يېرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت بەرگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە تولۇق يۈرگۈزۈشى لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئوبدان يۈرگۈزۈش— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەم-

مەللەشتۈرۈپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈشتىكى مۇھىم شەرت. لېكىن بۇگۈنكى كۈندە، يۇتكۇل ئېلىمىزدە جۇملىدىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىن يېڭى ئىجتىمائىي شارائىتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، «ئاساسىي قانۇن»نىڭ ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىغا ئاساسەن، كۆز قاراشنى يېڭىلاش، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېڭىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا خاس ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مېخانىزم جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم.

ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن شەرقىي قىسىمدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولسىمۇ، لېكىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆزى تەرەققىي قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرى ناھايىتى زور. بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلى-

كى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشى مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن مىسلى
كۆرۈلمىگەن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى ۋە تېخىمۇ كەڭ ئىستىق-
بال كۆرسىتىپ بەردى. ئوبوروت تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلى-
نىشىغا ۋە باھانىڭ پەيدىنپەي قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ،
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مول بايلىق جەھەتتىكى ئۈس-
تۈنلۈكى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلانماقتا. ئىشىكنى ھەممە
تەرەپكە ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى چېگرىغا
جايلاشقان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋ-
ۋېتىشتىكى ئالدىنقى سەپكە ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا
سودا قىلىشتىكى مۇھىم ئېغىزغا ئايلانماقتا؛ شەرقىي قىسمىد-
كى تەرەققىي تاپقان رايونلار ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەت
بىلەن ئېشىشى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مول ئەمگەك
كۈچى بايلىقى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكتە؛ تەرەققىي
تاپقان رايونلارنىڭ تەجرىبىلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار
ئۈچۈن پايدىلىق ئۆرنەك بولماقتا. شۇڭا، مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلار پايدىلىق پۇرسەتنى تولۇق ئىگىلەپ، مۇسابىقىنى
قارشى ئېلىشى لازىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئۆزلىرى-
نىڭ ئالاھىدىلىكىگە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇنى-
يىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز مىللىتى ۋە ئۆز يېرىنىڭ
ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە سىيا-
سەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش داۋامىدا تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ
ئورتاق روناق تېپىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى

كېرەك.

ئۈچىنچى، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا داۋاملىق ياردەم بېرىشى لازىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار نامراتلىقتىن ئۇزۇل-كېسىل قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتىن تاشقىرى دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە مەددىتىگىمۇ مۇھتاج. بۇنداق ياردەم ۋە مەدەت، ئەسلىدە ئۇنۇملۈك يولغا قويۇلغان تەدبىرلەرنى چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپىگە يارىشا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بايلىقنى ئەڭ ئوبدان تەقسىملەش قاتارلىق نۇقتىلاردىن، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كونترولى ئاستىدا ھەرخىل شەكىلدە بېرىلىشى كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۇل ئىنشائاتلىرىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى داۋاملىق كۆپەيتىش لازىم؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، نامرات جايلارنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا بېرىلىدىغان ياردەم مەبلەغ، ئىختىساسلىق خادىم، تېخنىكا ۋە ماددىي ئەشيا قاتارلىق جەھەتلەردىن ئاشۇرۇلۇشى كېرەك؛ باھا، كرېدىت جەھەتتە، بولۇپمۇ يېڭى باج تۈزۈمىنى يولغا قويۇش داۋامىدا، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرقلەرنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، ئالاھىدە سىياسەت بېرىش كېرەك؛ ئۈستۈنلۈك جەھەتتىن بىر-بىرىنى تولۇقلاش، ئۆزئارا ئېتىبار بېرىش، پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدا، شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كېڭەيتىش لازىم. دۆلەتنىڭ مىللىي ئاپتو-

نومىيلىك جايلارغا بېرىدىغان ياردەم ۋە مەدەتنى داۋاملىق كۈ-
چەيتىش مىللىي ئاپتونومىيلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى زور
دەرىجىدە ئالغا سۈرۈپلا قالماستىن، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىسلاھات،
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن
پايدىلىق.

**2. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى**

ئېلىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
تۈزۈمى— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزمنىڭ
مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى يۈكسەك پرىنسىپاللىقى بى-
لەن ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان جانلىقلىقىنى، مىللىي ئاپ-
تونومىيە بىلەن تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئۆزئارا بىرلەش-
تۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومى-
يە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشى ئەنە شۇ نۇقتىنى
مەركەزلىك گەۋدىلەندۇردى. دۆلىتىمىزدە ھازىر قۇرۇلغان مىل-
لىي ئاپتونومىيلىك جايلارنىڭ تۇرىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ
نوپۇسى كۆپرەك بىر ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاش-
قان رايوننى ئاساس قىلىپ، نوپۇسى ئازراق باشقا ئاز سانلىق
مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئې-
لىپ قۇرۇلغان تىپىك ئاپتونومىيلىك جايغا كىرىدۇ. بۇنى
پۈتۈنلەي شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بەلگىلىگەن، شىنجاڭ
يېرى كەڭ جاي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ مىللەت ئولتۇ-

راقلاشقان جاي. بىراق مىللەتلەرنىڭ جايلىشىشى چوڭ دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، كىچىك دائىرىدە ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش بىلەن كىچىك دائىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا نوپۇسى ئەڭ كۆپ ئاز سانلىق مىللەت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، شىبە، تاجىك قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى نىسپىي ھالدا ئازراق بولسىمۇ، لېكىن نىسپىي ھالدا يىغىنچاق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېرى بار. شۇ سەۋەبتىن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلۇشىدا مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىك ئىپادىلەندى: بىرىنچىسى، شىنجاڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئاساسىي قاتلامدىن باشلاندى. 1954-يىلى بەش ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئالتە ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇشى ئاساسىدا، 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي تۈزۈلۈشى كۆپ قاتلاملىق بولدى. ئاپتونوم رايوندىن تارتىپ ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىگىچە بولغان مۇنداق كۆپ شەكىللىك، كۆپ قاتلاملىق مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي تۈزۈلۈشىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن تۈزۈم جەھەتتە ئاساسىي كاپالەت يارىتىپ بەردى.

ئۆتكەن 40 يىلدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، چېگرا مۇداپىئەسى-

ىنىڭ مۇستەھكەم بولۇپ كەلگەنلىكىدىكى مۇھىم بىر ئامىل شۇكى، شىنجاڭدىكى مۇشۇنداق ئاپتونومىيىلىك جاي تۈزۈلۈشىدە، ئۆزۈنغا ۋە توغرىسىغا جايلاشقان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنغان. ھازىرقى يېڭى تارىخىي شارائىتتا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى ۋەزىيەتكە يارىشا ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى، يەنى ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتنى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ياشاۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشىلەش ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار تولۇق كاپالەتلىك قىلىشى، باشقا مىللەتلەرمۇ ھۆرمەت قىلىشى لازىم؛ ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، باشقا مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىشى ۋە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرغىلى

بولىدۇ.

بىرىنچى، ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن مەركەزنىڭ مۇنا-
سىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەملىكەت بويىچە
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 156
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-
رىيىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلار ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە قەتئىي
بويسۇنۇشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۆز يېرىدە ئىجرا
قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئى-
تىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، ھەر مىللەت خەلقىنى كۈچىنى
مەركەزلەشتۈرۈپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا
يېتەكلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي ئاپتونومىيە-
لىك جايلار ئاساسىي قانۇندىكى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە تايىنىپ، دۆلەتنىڭ قا-
نۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن
ئىجرا قىلسا بولىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى قانۇندا
بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە، جانلىق ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرا
قىلىشنى توختاتسا بولىدۇ. دەرۋەقە، بۇنداق جانلىق ئىجرا قى-
لىشتا ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشتا، شۇ جايدىكى مىللەت-
لەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا، شۇ جاينىڭ ئىجتىمائىي
مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىغا
پايدىلىق بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. مەركەزنىڭ
ھەرقايسى تارماقلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تارماقلار تۈرلۈك

سىياسەت ۋە پىلانلارنى تۈزۈشتە ھەم يولغا قويۇشتا ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى، يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىشى ھەمدە ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئارقىلىق مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىشى لازىم. لى پېڭ يولداش مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىق ئاچقاندا، كارخانا قۇرغاندا، ھەر خىل تۆمۈر يول ۋە بازىلارنى بىنا قىلغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدىغان يېتەكچى ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش كېرەكلىكىنى قاتتىق خاراكتېرلىك مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆز ساھەسى بويىچە ياردەم بېرىش مەسىلىسى ھەققىدە «تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك» دېگەننى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ياشاۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەم مىللەت ئامىلى بىلەن تېررىتورىيە ئامىلىنىڭ، ھەم سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ بىرلىشىشى دېمەكتۇر.

شۇڭا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئالاقىدار فاڭجېن، سىيا-
سەتلەرنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشتا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ،
ھەرقايسى رايونلارنىڭ مەنپەئىتىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ،
بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇشى،
يەنى، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
(جۈملىدىن ئوخشاش دەرىجىدىكى ۋە ئوخشاش بولمىغان
دەرىجىدىكى ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر ئوتتۇرى-
سىدىكى)، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەر بىلەن ئاپتو-
نومىيىنى يولغا قويمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئاز ساز-
لىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تو-
لۇق ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا
بۇرۇندىلا 13 مىللەت ياشاپ كەلگەن، گەرچە بۇ مىللەتلەرنىڭ
نوپۇس سانى، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش دەرىجىسى، ياشاۋاتقان
رايونى ناھايىتى كۆپ پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭ ئۆ-
زىگە خاس شانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئۇزاق تارىخى بار، بۇ مىللەت-
لەرنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى،
ۋەتىنىنىڭ بىرلىكى ۋە چېگرا رايونىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن، شىن-
جاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئە-
قىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى تەقدىم قىلغان. شۇڭا ئىسلا-
ھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش
داۋامىدا ھەرقايسى مىللەتلەرگە چىڭ تايىنىش، ھەرقايسى مىل-
لەتلەرنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە
ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت
قاتارلىق جەھەتلەردىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك

قىلىش، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى
بەرپا قىلىش داۋامىدا ئورتاق روناق تاپقۇزۇش ۋە گۈللەندۈرۈش
لازىم.

ئۈچىنچى، دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان مىللىي ئاپتونو-
مىيىلىك جايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ
قىلىش كېرەك. دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك مەمۇرىي بىرلىكى
بولغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاساسىي قانۇندا ۋە مىل-
لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق-
لاردىن بەھرىمەن بولىدۇ. تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا
قويغان مىللەت ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، ئاپتونومىيە
ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. بۇ ھوقۇق تولۇق ھۆرمەت قىلىنىشى
لازىم. بىراق، مەمۇرىي ئورنى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا مەمۇرىي جەھەتتىن يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىگە ئاي-
رىلغان قاراشلىق مۇناسىۋەتمۇ مەۋجۇت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونى بىلەن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايىسى ئاپ-
تونوم ئوبلاستلار، ئاپتونوم ئوبلاستلار ئاستىدىكى ئاپتونوم نا-
ھىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىلىك
مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر-
نى ئالساق، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونغا قارايدۇ.
ئۇلار ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىكىگە، باشقۇرۇشىغا ۋە بىر
پۈتۈن مەنپەئىتىگە بويسۇنۇشى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش
رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش
ئەمر-پەرمان، قائىدە-نىزاملىرىغا رىئايە قىلىشى لازىم؛ ئاپتو-
نوم رايونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىگە قاراشلىق بىر دەرىجە

تۆۋەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئائىت يېڭى سىياسەت ۋە قارارلارنى ئىشلەپ چىقىش ۋە يولغا قويۇشتا، تارىخ بىلەن رېئاللىقنى، سىياسەت بىلەن ئىقتىسادنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىدىغان يۇقىرى پەللىدە تۇرۇپ، ھەرقايسى رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكى ۋە ئېھتىياجىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇشى ۋە ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشى ھەمدە ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىساد ۋە تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا پۇتۇن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى كېرەك.

**3. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ساھەسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئېغىر ھەم جاپالىق ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالماقتا. شۇڭا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە، پارتىيە-

نىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ
سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيد-
تىگە ئاساسەن ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئىشچانلىقى ۋە
مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئاممىنى ئالغا بېسىشقا، تەرەققى-
ياتقا ۋە ئىتتىپاقلىققا يېتەكلەيدىغان، يىراققا نەزەر تاشلاپ،
ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئوبدان
ماسلاشتۇرالايدىغان، خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىن ئالاقە باغلاپ،
ئىشتا تىرىشچان ۋە دىيانەتلىك بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى
ئۈچۈن جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئاپتونومىيە ئورگى-
نى بولۇشى لازىم.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ھەر مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ
بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە پائال ئىشقا قويۇش كېرەك. شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىل مابەينىدە،
پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت كۆپ خىل شەكىل، كۆپ خىل يوللار
ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى
يېتىشتۈردى. شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئازادلىقنىڭ دەس-
لەپكى بىردىن كۆپىيىپ ھازىر 21گە يەتتى. شىنجاڭدا ھەر 10
مىڭ كىشى ئىچىدە ئالىي مەكتەپتە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بول-
غانلار 184 كىشىگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە
سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 2 مىليون 640 نەچچە مىڭغا
يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي كادىرلار سانىنىڭ 46
پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ھەرقايسى ئاپتو-

نوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىقىنى
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەت پۇقرالىرى
ئۈستىگە ئالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەزدىكى ئالاقى-
دار تارماقلارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ بىر
قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ مەركەزدىكى
ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلارغا ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى
ئۆلكىلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتتى. كادىرلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇ-
رۇپ تۇرۇش، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئورنىنى نۆۋەت بىلەن ئال-
ماشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەپەككۇرد-
نى جانلاندۇرۇش، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، تەجرى-
بىسىنى بېيىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، بۇنىڭ بىلەنلا
قالماي، رايونلار ئارا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ھەمدە
ھەمكارلىقىنى كۈچەيتتى.

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ
دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تولۇقلاش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ
ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە باغلىق. بۇنىڭدا بولۇپمۇ ئاساسىي كۈچ،
ھەل قىلغۇچ ئامىل— كادىرلاردۇر. مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ
ياخشى ئىشلەش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-
شىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلار قوشۇنىنىڭ سانىنى پىلانلىق كۆپەيتىش بىلەنلا قالماس-
تىن، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى قەتئىي ئىرادە بىلەن، مىللىي كا-

دىرلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. سوتسىيالىس-
تىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە،
كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ
قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىختىساسلىق كەسپىي-تېخنىكا خادىملىرىنى
يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ سىياسىي ساپاسى ۋە نەزە-
رىيىۋى بىلىمى، رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتى
بىرقەدەر يۇقىرى بولغان، ئەسىر ھالقىيدىغان زور بىر تۈركۈم
مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئىختىساسلىق
قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم. كادىرلارنى ئىنقى-
لابىيلاشتۇرۇش، ياشارتىش، بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە
ئايلاندۇرۇش فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك
بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن
ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلارنى كۆڭۈل
قويۇپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋا-
قىتتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوت-
سىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئېھتى-
ياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تۈرلۈك پەن-تېخنىكا كادىرلىرىنى
ۋە باشقۇرۇش كادىرلىرىنى كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ،
زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سىياسىي، كەسپىي ۋە
مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە
مەكتىپىدە ئوقۇتۇش، كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇش، ۋەزىپە بىلەن
ئەۋەتىپ چېنىقتۇرۇش، ئىككى يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇش قا-
تارلىق كۆپ تەرەپلىمە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىل-

ـلەت كادىرلىرىنى ئوبدان تەربىيىلەش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز زىممىسىدىكى
ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى تولۇق تونۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ،
ئۆزىنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈ-
رۈشى، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن
يۈكسەك دەرىجىدە بىرلىكنى ساقلىشى، ھەر مىللەت ئاممىسىنى
يېتەكلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-
نى ئىلگىرى سۈرۈش نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، پارتىيىمىز-
نىڭ مەقسىتىنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن
جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇر-
غۇزۇشى، ئىشتا تىرىشچان ۋە دىيانەتلىك بولۇپ، قانۇن-ئىنتى-
زامغا رىئايە قىلىشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ-
ۋار ئىش داۋامىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسى-
يالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، زامانىۋى
ئىلىم-پەنگە دائىر بىلىملەرنى ۋە تاۋار، بازار ھەم زامانىۋى
مەمۇرىي باشقۇرۇشقا دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشى لازىم. ئىدى-
يىسىنى ئازاد قىلىپ كۆز قارىشىنى يېڭىلاپ، پائال ئىزدىنىپ،
دادىل يول ئېچىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىيا-
سىتىنى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئىجادىي يول
بىلەن ئوبدان تەتبىق قىلىش لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى
دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن مىللەت مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئى-

تىي ۋە ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئىتىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى قوغدى-غاندىلا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتى ئاندىن كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ؛ خۇددى شۇنىڭدەك، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتى-بار بەرگەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك مىللەتلەر چوڭ ئائىلى-سىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرگىلى، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشقاقلىقىنى ئاشۇرغىلى، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئىتىنى ۋە ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

**4. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇ-رۇلۇشىنى كۈچەيتىش— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى-دە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ كاپالىتى**

40 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدە مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئې-لىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچى-لىق قۇرۇلۇشىمۇ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ھازىر، ئېلىمىز-نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇن-نىزاملىرى ئۆ-زىگە خاس تەگشەش ئوبيېكتى، قانۇن چىقىرىش پرىنسىپى ۋە قانۇن چىقىرىش تەرتىپى بىلەن، دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگىچە بىر سىستېما بولۇپ شەكىللەنمەكتە. «ئاساسىي قانۇن» نى ئاساس، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى غول قىلغان، جۇملىدىن گوۋۇيۈەننىڭ ئاپتونومىيە قانۇنىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسىنى ۋە گوۋۇيۈەنگە قاراشلىق ئالاقىدار تار-ماقلارنىڭ قائىدە-نىزاملىرىنى، شۇنىڭدەك مىللىي ئاپتونومى-

يىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى، ئايرىم نىزاملىرىنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تەۋە ئۆلكىلەر ئېلان قىلىپ يولغا قويغان يەرلىك قانۇن ۋە نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ سىستېما مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاساسىي قانۇندا ۋە ئاپتونومىيە قانۇنىدا بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن، نۇرغۇن يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى، قانۇن كۈچىگە ئىگە قارار، بەلگىلىمىلەرنى ۋە يەرلىك مەمۇرىي قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ماقۇللىدى. بۇ قانۇن-نىزام، قارار ۋە بەلگىلىمىلەر ئاپتونوم رايوننىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، ئىگىلىك باشقۇ-رۇش، بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، دىن قا-تارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ روشەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بۇ قانۇن-نىزام، قارار ۋە بەلگىلىمىلەر ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قوغداشنى مۇھىم قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى ھەمدە شىنجاڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە-گە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئوبدان ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ قانۇن-نىزاملارنى ئەستايىدىل-لىق بىلەن ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي

بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇنا-
سىۋەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرمەكتە ۋە تەڭشەلمەكتە، ئەس-
لىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە زور ئۆزگى-
رىش يۈز بەردى. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بارلىق ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسى دېمەكتۇر، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر-
نىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان مىللىي مۇناسىۋەتمۇ تەسىرگە
ئۇچرىماي قالمايدۇ. بىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە
دائىر قانۇن، قائىدە-نىزاملارنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۇ-
رۇپ، تەڭشەپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپ-
تونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە تولۇق-
لىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى كۈچلۈك قانۇن كاپالىتىگە ئىگە
قىلىشىمىز لازىم. بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزى قانۇنچىلىق ئاسا-
سىدىكى ئىگىلىك دېمەكتۇر، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
تۈزۈلمىسىنىڭ نورمال، تەرتىپلىك يۈرۈشۈشىگە پەقەت مۇكەم-
مەل قانۇنچىلىق ئاستىدىلا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇبھى-
سىزكى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،
يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاپتونومىيە ھوقۇقى-
دىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلا-
رغا تەۋە ھەرقايسى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا پە-
قەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر ساغلام، مۇ-
كەممەل قانۇنچىلىق ئاستىدىلا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بو-
لىدۇ. شۇڭلاشقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر

قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئالا-
ھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى
جەھەتتە مۇنۇ ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت
بېرىش كېرەك. بىرىنچىسى، قانۇن چىقىرىش. يېڭى ۋەزىيەت-
نىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا، مۇناسىپ قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈش
ھەمدە بۇرۇن تۈزۈلگەن قانۇن-نىزاملارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا
ئۇيغۇن كەلمەي قالغانلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى تو-
لۇقلاش كېرەك؛ ئىككىنچىسى، نازارەتچىلىك قىلىشقا ئوخشاش
كۆپ خىل مېخانىزىم ئارقىلىق، مىللىي قانۇن-نىزاملارنى تېخى-
مۇ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

40 يىل— ئۇزۇن تارىخي جەريانىدىكى قىسقىغىنا پەيت.
سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ مەزمۇت قەدەم بىلەن ئالغا چام-
دىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جاسارەت
بىلەن ئالغا بېسىپ كونا قىياپىتىنى يېڭىلىدى. شۇڭغا قەتئىي
ئىشىنىمىزكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى 16
مىليوندىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-
مىيە تۈزۈمى يولىدا تېخىمۇ پارلاق ئەتىگە يۈرۈش قىلغۇسى!

# ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكىنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا خىزمەت كۆرسىتەيلى*

(1995-يىل 9-ئاينىڭ 29-كۈنى)

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان-لىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان بايرام كۈنلىرى-دە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات نەمۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىنى تەنتەنىلىك ئاچتى، مەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋەكالىتەن يىغىنىنى قىزغىن تەبرىك-لەيمەن، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىگە، مىللىي ئىتتىپاقلىق، تەرەق-قىيات نەمۇنىچىلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو-نىنىڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى، مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات نە-مۇنىچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

خەلقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلىرىنى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈردى، ھەرقايسى سەپ ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە زور بىر تۈركۈم ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى بارلىققا كەلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاڭلىق ئادا قىلىدىغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىگە ۋە ئەخلاقىي بۇرچىغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات نەمۇنىچىلىرى مەيدانغا كەلدى. نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەنگەن خوجايىنلارغا خاس مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھى، پىداكارلىق بىلەن ئەمگەك قىلىش قىزغىنلىقى ۋە خالىسانە تۆھپە قوشۇش روھى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان كۈچلۈك ئاڭ ۋە يېڭىلىق يارىتىش-ئىزدىنىش روھى، ياخشى كەسپىي ئەخلاق ۋە كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش روھى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان يۇقىرى ئاڭلىقلىق ۋە ئىتتىپاقلىشىش-ئۆزئارا ياردەملىشىش روھى زامانىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ نەمۇنىسىگە، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم— سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىرلىكىدىن ھاسىل بولغان پۈتۈنلۈك.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش-تا، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھ-كەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىتتىپاقلاشقاندىلا تەرەققىياتقا ئېرىشكىلى ۋە ئالغا يۈكسەلگىلى بولىدۇ، ئىتتىپاقلىق بارلىق ئىشلىرىمىزدا غەلىبە قازىنىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللىي ئىتتىپاقلىق خىزمىتىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى-نىڭ رەھبەرلىكىدە، رايون بويىچە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-رەققىيات پائالىيىتى مول مەزمۇندا جانلىق ۋە تەسىرلىك قانات يايدۇرۇلۇپ، بىرمۇنچە ئۈبدان تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى. 1982-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللىي ئىتتىپاق-لىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىنى تۇنجى قېتىم يولغا قويۇپ، مەملىكەت بويىچە كەڭ تەسىر قوزغىدى، ھەرقاي-سى جايلار شىنجاڭنىڭ تەجرىبىسىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1988-يىلى، گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق مىللىي ئىتتىپاق-لىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچتى. بۇلتۇر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇ-رۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى خۇشال تەبرىكلەۋاتقان بايرام كۈن-لىرىدە، گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق مىل-لىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى تەن-تەنىلىك ئاچتى، باش شۇجى جياڭ زېمىن، زۇڭلى لى پېڭ

قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. باش شۇجى بىلەن زۇڭلى مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، بۇ پائالىيەتنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش پائالىيىتىد-نى يېڭى بىر باسقۇچقا سىلجىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئالغا سۈردى.

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، مىللەت-لەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى-نى قوغداش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە مۇقەددەس بۇرچى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللەتمۇ، دىنمۇ، ئاپتونومىيىلىك جايمۇ كۆپ بىر رايون، ئاپتونومىيىلىك مىللەتنىڭ خەنزۇلار شۇنىڭدەك باشقا ئاز سان-لىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش، ئاپتونومىيىلىك جايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بې-رىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ ئاساسىي قوشۇنى، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ ئاساسىي قوشۇنى. ئەڭ كۆپ سانلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ئىشىنىش ۋە تايىنىش بىزنى مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ مەنبەسىگە ئىگە قىلىدۇ. مۇشۇ تۈپ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى تونۇشىمىزدىن ھەرقانداق ۋاقىتتا

تايماسلىقمىز كېرەك. كادىرلار ۋە ئاممىا ئارىسىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ھەق-قىدىكى تەربىيىنى ئۇزلۇكسىز كۈچەيتىشىمىز، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ۋەتەنپەرۋەر-لىك ھەققىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز، بولۇپمۇ ھەر دەرى-جىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا ۋە ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تەربىيىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. تەربىيە ئارقىلىق ھەممەيلەن مىللىي سىياسەت كۆز قارىشىنى، مىللىي ئىتتىپاقلىق كۆز قارىشىنى ۋە ۋەتەننى سۆيۈش ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن، مىللەت-لەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنىمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي مەنپەئەت، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق جەھەتلەردە يۈز بەرگەن زىددىيەتلەر ئۈستىدە، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە كۆپرەك چوڭقۇر-ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش كېرەك. مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات نەمۇنىچىلىرىنىڭ باشلامچىلىق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يەنە تېخىمۇ كۆپ يېڭى تىپلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىتتىپاقلىققا، ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىشنى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ-لىق ھەرىكىتىگە ۋە ئوبدان ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش لازىم.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ۋە-

تەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرگە قارشى
مەردانىلىق بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز، ئىچكى-تاشقى
دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللەت ۋە دىننى قالقان قىلىپ ئېلىپ
بارغان سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، بۆلگۈنچىلىك
سېلىش ھەرىكەتلىرىدىن يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشىمىز
ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. شۇنى ئېنىق كۆرۈشىمىز
لازىمكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدە
ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر مىللەت ۋە دىننى نىقاب قىلىپ،
ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىد-
پاقلىقىغا ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش
ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.
خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرمۇ شىنجاڭنى قالايمىقاند-
لاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭنى ئايرىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان ھەرد-
كەتلەرنى تەشكىللىك، مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ باردى. بىز
بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز، پارتىيە مەركىزىي كومد-
تېتىنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى توغرىسىدىكى بىرقاتار يوليورۇق-
لىرىنىڭ روھىنى تېخىمۇ قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىي-
لەشتۈرۈپ، تىغمۇتىغ تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچلۈك قا-
نات يايدۇرۇپ، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچد-
لەرنىڭ جىنايى سۇيىقەستىنى قەتئىي بىتچىت قىلىشىمىز
لازىم. .دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تاقىلد-
دىغان چوڭ ھەق-ناھەق مەسىلىلەردە، ھەر مىللەت كادىرلىرى
ۋە ئاممىسى چوقۇم روشەن پوزىتسىيە تۇتۇپ، مەيداننى مۇس-
تەھكەم قىلىپ، چوڭ پرىنسىپنى تونۇپ، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆز-

دە تۈتۈشى، پرىنسىپال مەسىلىلەردە قىلچە بىپەرۋالىق قىلماس-
لىقى، قىلچە ئارىسالدى بولماسلىقى، قىلچە ئاجىزلىق قىلماس-
لىقى لازىم.

يولداشلار، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئې-
چىۋېتىش ئىشلىرى ھەممە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىنتا-
يىن ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى دەسلەپكى قەدەم-
دە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلاھات نىشانىنى ۋە كېلەركى
ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىدىكى تەرەققىيات نىشانىنى ئوڭۇش-
لۇق ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋەزىپىمىز مۇشكۇل، مەسئۇلىيىتىمىز
ئېغىر، بۇ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تارى-
خىي ۋەزىپىسى. شۇنداقلا ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو ئىشچىلار
سىنىپى ۋە ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭمۇ تارىخىي ۋەزىپە-
سى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇنى پەيدىنپەي پۈ-
تۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇش— ئالدىمىزغا قو-
يۇلغان جىددىي ۋەزىپە. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىدا، مەملىكىتىمىزدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-
نىڭ خېلى سالماقنى ئىگىلەۋاتقانلىقى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ كۆپ
مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي
دۆلەت ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
تېزلىتىش چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆ-

لەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە
ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي
تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، قەتئىي ئېغىشماي ئىسلاھاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشى ئۆزى-
دىكى ئۈستۈنلۈك ۋە يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇشى لازىم. رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ھەمكار-
لىقنى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەي-
تىش تەرەققىيات پەرقىنى پەيدىنپەي ئازايتىپ، پۈتۈن مەملىكەت-
نىڭ ئىقتىسادىنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە. دۆلەت 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ۋە كېيىنكى
كى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىياسەت جەھەتتىن توغرا يېتەكلەش
ۋە ئومۇمىي جەھەتتە تەڭشەش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا داۋاملىق مەدەت بېرىدۇ، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرى ئۆلۈغۋار ئىرادە تىكلەپ، ئۆز كۈچىگە تايى-
نىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتتا، ئىشىكنى ئېچى-
ۋېتىشتە ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجە
قازىنىشى كېرەك. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېرى كەڭ،
بايلىقى مول جاي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە قولاي
شارائىتقا ئىگە. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ-
نىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە پارتىيە
14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى روھى-
نىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گو-

ۋۇيۇەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاسا-
رەت بىلەن ئىرىشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونى 21- ئەسىرنى جەزمەن يېڭى قىياپەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسى-
يالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۈتۈن مەملى-
كەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي خاراكتېرلىك
ئىشى. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-
رەققىيات نەمۇنىچىلىرى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان ئېغىر تارى-
خىي ۋەزىپىنى تولۇق تونۇپ، تېخىمۇ ئاكتىپلىق ۋە تېخىمۇ
قەتئىيلىك بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى-
نى تېزلىتىش ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش يولىدا،
يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشى لازىم. پۈتۈن جەمئىيەت نەمۇنىچى،
ئىلغار شەخسلەرنى ھۆرمەتلىشى، ئاسرىشى، ئۇلارنىڭ ئالىي
پەزىلىتى ۋە ئىلغار ئىش-ئىزلىرىنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىپ،
ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەسىرىنى ئىرىشىپ كېڭەيتىشى، شۇ يول
بىلەن كەڭ كادىرلارنى ۋە ئاممىنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋە-
تەنپەرۋەرلىك روھىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار
شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىرىشىپ ئىشلەپ،
يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
ئاۋاتلىقى، گۈللىنىشى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيا-
لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ
زور تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى لازىم!

# ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى*

(1995-يىل 10-ئاي)

مۇھتەرەم مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، يولداشلار:

2-قېتىملىق مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمەت يىغىنى بۈگۈن بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ يىغىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، 1985-يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن خىزمەت يىغىنىدىن، 1986-يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن پىلانلاش يىغىنىدىن، 1993-يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدىن

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

كېيىن، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى ئەڭ كۆپ قاتناشقان، كۆلىمى ئەڭ زور كاتتا يىغىن بولدى. بۇ قېتىمقى يىغىن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى سۈپە-تىدە مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ تارىخىي سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغۇسى، ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قە-دىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىگە ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئە-نىۋى مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆر-سەتكۈسى. ئۆتكەنكى ئون يىلدا، سىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، خالىس تۆھپە قوشۇپ، ناھايىتى زور نەتىجە قازاندىڭ-لار. بۇلتۇر 9-ئايدا ئېچىلغان 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىل-لىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا سى-لەرنىڭ قوشۇنىڭلار ئىچىدىكى نەمۇنىچى كوللېكتىپ، نەمۇنىچى شەخسلەر مۇكاپاتلاندى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ھەممىڭلارنىڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈر-گەنلىكى، شۇنداقلا ھەممىمىزگە ئىلھام بەرگەنلىكى ۋە ھەيدەك-چىلىك قىلغانلىقى. مەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارت-گۇرۇپپىسىغا ۋەكالىتەن، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلاردىن سە-مىمىي ھال سورايمەن شۇنىڭدەك يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەي-مەن.

# 1

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى سىياسەت خاراكتېرى ۋە كەسپىي خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت، يول ئېچىش خاراكتېرىدىكى خىزمەت، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش، داۋاملاشتۇرۇش ھەم جارى قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش؛ مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە، ئىتتىپاقلىقىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە، ئالدىنقىلارنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشقا ئالاقىدار مۇھىم ئەھمىيەتلىك خىزمەت، ئۇ پارتىيىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇشنى بەلگىلىدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ [1984] 37-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: «قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم ئىش» دەپ كۆرسىتىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى

ئەسەرلىرى جۇڭگونىڭ قىممەتلىك مىراسى، بۇلارنىمۇ رەتلەش
لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى رەت-
لەش، نەشىر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئورۇن-
داش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى [1984] 30-نومۇرلۇق
ھۆججەتنى چىقىرىپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش،
رەتلەش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش» دوكلاتىنى تەستىقلاپ
تارقىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇت-
قۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەشنىڭ مۇھىملىقى ھەم تەخىرسىزلىكىنى
تەكىتلىدى. ھەمدە بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1992-يىل
5-ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان 3-قېتىملىق مەملىكەتلىك قەدىمكى
ئەسەرلەرنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىشنى پىلانلاش يىغىنىدا،
پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن جياڭ زېمىن، لى پېڭ، سۇڭ
پىڭ، لى رۈيخۈەن قاتارلىق يولداشلار ئۆز قولى بىلەن يىغىنغا
بېغىشلىما يېزىپ بەردى ياكى تەبرىك خېتى ئەۋەتتى، يولداش
جياڭ زېمىن: «قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەپ ۋە نەشىر قىلىپ،
ۋەتىنىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قى-
لىپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. مانا بۇ ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشىر
قىلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى باش فاكچېنى.
يىغىندا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى «ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت
بېرىش» ھەققىدە مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تەڭكەش قىلىپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىگە تەڭكەش قىلىپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك دېگەن ئومۇمىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭدەك بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئون يىلدىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. «ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش، كىتابنى قۇتقۇزۇۋېلىش، ئىلىمنى قۇتقۇزۇۋېلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەرقايسى رايونلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلدى، ھازىرغا قەدەر مەملىكەت بويىچە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 24 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست (ئايماق)، ناھىيە (خوشۇن) لەردە 130دىن ئارتۇق مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىندى، خىزمەتنىڭ قانات يېيىشىغا تەشكىلىي ئاپپارات جەھەتتە كاپالەتلىك قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساس قىلىشى، دۆلەتنىڭ

خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى پىلانىغا بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم
دېگەن تەلەپ بويىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش ئىشىنى
يولغا قويۇشنىڭ 7-بەش يىللىق ۋە 8-بەش يىللىق پىلانلىرى
تۈزۈلدى، مەركەز مالىيىسى ۋە ھەرقايسى يەرلىك مالىيىنىڭ
زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، تولۇقسىز مەلۇماتقا قارى-
غاندا، ئون يىلدىن بۇيان، قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى 120 مىڭ نۇسخا (خىل، پارچە،
قىسىم) غا يەتكەن، رەتلەنگەن كىتاب 110 مىڭ نۇسخا (خىل،
پارچە، قىسىم) غا يەتكەن، 40 نەچچە مىللەتنىڭ 3000 خىلدىن
ئارتۇق قەدىمكى ئەسىرى نەشىر قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى
نۇرغۇن ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى يالغۇز نۇسخا، نادىر
نۇسخا كىتابلار مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى مەدەنىيىتى-
نىڭ چوڭقۇر يىلتىزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىرۋاقىتتا، زور بىر تۈركۈم مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر كەسپىي
خادىملىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان
مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمەت قوشۇنى بارلىققا كەلدى.
ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىغا ئائىت سىياسەتلەر ئەمەلىي-
لەشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش
ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەشكىلىنى، پىلانىنى،
تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇن-
دالدى. مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتىنىڭ
چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشى ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىنىشى پۈتۈن
جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە

سىرتىدىكى جۇڭگولۇقنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.
دۆلەت گۈللەنسە، مەدەنىيەتمۇ گۈللىنىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ
بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش، يىغىش، رەت-
لەش، نەشىر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن
غايەت زور نەتىجىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ-
قۇر مەزمۇنىنى تولۇق نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشتا، سوت-
سىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇشتا،
خەلقئارالىق مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي
رول ئوينىدى.

## 2

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن چوڭقۇر تارىخىي ئەھمى-
يەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك بىر
پۈتۈن دۆلەت. ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا، 55 مىللەت
ئۆزىگە خاس تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۆزىگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە،
ھۆسنى گۈزەل ۋە يارقىن، دۇنيادا تەڭدىشى يوق مىللىي مەدەنى-
يەتنى ياراتقان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سان-ساناقسىز قەدىم-
كى ئەسەرلىرى سىياسەت، پەلسەپە، قانۇن، تارىخ، دىن، ھەر-
بىي ئىشلار، ئەدەبىيات، سەنئەت، تىل-يېزىق، جۇغراپىيە،

ئاسترونومىيە-كالېندارچىلىق، تىبابەتچىلىك، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قاتارلىق يازما ماتېرىياللارنى، ئاغزاكى مەدەنىيەت ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، جۈملىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى سانىنىڭ كۆپلۈكى، مەزمۇنىنىڭ مولللىقى بىلەن دۇنيادا بىرلا. ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇلار مەدەنىيىتى ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بىر-بىرىدىن ئوزۇق قوبۇل قىلىپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلغان، بۇ مەدەنىيەت كۆپ مەنبەلىك ھەم بىر پۈتۈن مەدەنىيەتتۇر. بۇ مەدەنىيەتنىڭ كۆپ مەنبەلىك، بىر پۈتۈنلۈك قۇرۇلمىسى مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ كەم بولماس تەركىبىي قىسمىدۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيە-مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تارقاتقۇچىسى بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىدىكى مىراسلارنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە بېيىتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى بىلەن باراۋەر دېمەكتۇر؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر-

نىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قوغداش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى
جارى قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا مىللەتلەرنىڭ ئەن-
ئەنىۋى مەدەنىيىتى داۋاملاشماي ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. مېنىڭچە،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەشنىڭ
چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى:

بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلە-
رىنى رەتلەش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى ئوبدان ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ،
ئۆزىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا خىزمەت قىلدۇرالايمىز، بۇ
تارىخ بىزگە يۈكلىگەن مۇھىم مەسئۇلىيەت. تارىختا، فېئودال
ھۆكۈمرانلار تارىخ يېزىشقا ۋە خەنزۇچە ھۆججەت-ماتېرىياللارنى
يىغىپ ساقلاشقا ھەم رەتلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن،
مەسىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چېڭزۇ دەۋرىدە تۈزۈلگەن
«يۇڭلې قامۇسى» ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭ تۈز-
دۈرگەن «تۆت تۈركۈم كىتابلار» قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش-
تىكى چوڭ قۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆر-
گەندە، فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىم-
كى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى زادى سىستېمىلىق ئىش-
لەپ باقمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قە-
دىمكى ئەسەرلىرى پەقەت خەلق ئارىسىدىلا تارقىلىپ كەلگەن.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەر-
كىزي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قەدىمكى

ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى قى-
لىپ، پىلانغا كىرگۈزۈپ، ھۆججەت تارقىتىپ، مەملىكىتىمىز-
دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش
خىزمىتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بەلگىلەپ بەردى ھەمدە
بۇ خىزمەتنى ھەر جەھەتتىن ناھايىتى زور دەرىجىدە قوللىدى،
شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى
خىزمىتىنىڭ يېڭى ئەسىرى باشلاندى. بۇ ھال بىزنىڭ پۇرسەتنى
ئوبدان ئىگىلەپ، تىرىشىپ ئىشلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنى-
داق قىلمىساق ئەۋلادلار ئالدىدا خىجىللىقتا قالىمىز.

ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەر-
لىرىنى رەتلەش ئارقىلىق، ئىلمىي تەتقىقات، بولۇپمۇ تارىخ-مە-
دەنىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈن ھەقىقىي، ئىشەنچلىك ھۆججەت-ماتې-
رىيال ھازىرلاپ بەرگىلى بولىدۇ، بۇ بەزى مىللەتلەرنىڭ قەدىم-
كى زامان تارىخىدىكى مۇھىم پاكىتلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا پاي-
دىلىق. مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش يېڭى بىر
پەن، ئۇ مىللەتلەر تارىخى ۋە مىللەتشۇناسلىققا ئوخشاش مىللىي
ئىلىم-پەن ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم
ئاساسى. ئۆزۈڭدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مىللىي
مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئاساسەن خەنزۇچە ھۆججەت-ما-
تېرىياللاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن ماتې-
رىياللار ئاساس قىلىنىپ كەلدى. تارىخنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەي-
لىدىن، مىللەتلەرگە دائىر بۇ خەنزۇچە ماتېرىياللاردا ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مەنبەسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە
مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەينەن ھا-

لەت كۆپىنچە ھەقىقىي ۋە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماتېرىياللار پارچە-پۇرات ۋە تولۇقسىز بولغاچقا، بىر-مۇنچە مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈس-تىدىكى تەتقىقات نۆلگە باراۋەر بولۇپ قالماقتا. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئارقىلىق مىللىي يېزىقتىكى نۇرغۇنلىغان ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىياللار تەرجىمە قىلىنىپ، مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي زامان تارىخىغا دائىر ھەل بولماي كېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بەزى خاتا يەكۈنلەرنى تۈزىتىۋېلىش ئۈچۈن شەرت ھازىرلاندى. خەلقئارادا ئىلىم ساھەسىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى دۈنخۇاڭشۇناسلىق، تاڭغىتشۇناسلىق، ناشىلارنىڭ دۆڭبا مەدەنىيەتشۇناسلىقى، موڭغۇلشۇناسلىق، تۈركولوگىيە، مانجۇشۇناسلىق دېگەنگە ئوخشاش دۇنيا بويىچە قىزىقارلىق ئى-لىم-پەن تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىمەكتە.

ئۇچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەر-لەرنى رەتلەش ئارقىلىق، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي روھ، مىللىي غۇرۇر ۋە ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ، مانا بۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرى-سىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا جانلىق دەرسلىك بولۇپ، كەڭ ئاممىنى، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنى ئېلىمىزدىكى مۇنەۋۋەر تارىخ ۋە مەدەنىيەتتىن تېخىمۇ ئەتراپلىق خەۋەردار قىلىدۇ، ئۇلاردا مىللىي ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىقنى ئاشۇرىدۇ، ئۇلارنى ئۆز ۋەتى-نىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان قىلىدۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى

قوغداش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينايدۇ.

## 3

بۇ يىل پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش ھەققىدىكى 8-بەش يىللىق پىلاننى ئىجرا قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىنى ۋە 7-بەش يىللىق، 8-بەش يىللىق پىلاننىڭ ئورۇندىلىش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش، گوۋۇيۈەننىڭ 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئۆز ئارا تونۇشتۇرۇش، 9-بەش يىللىق پىلاننى تۈزۈپ چىقىش— بۇ قېتىمقى يىغىندا قارىلىدىغان مەركىزىي مەسىلە. ھەممەيلەننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشىر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتنى قانداق

قىلىپ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا كەڭ-كۆشادە پىكىر بايان قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يەردە مەن ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ بەزى پىكىرلىرىمە-نى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن:

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تونۇشنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتى دۆلەتنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى-نىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، شۇڭا خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى مىللىي خىزمەت-نىڭكى بىلەن بىردەك بولۇشى، ئۇنىڭغا ماس كېلىشى لازىم. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7-ئومۇمىي يى-غىنى مىللىي مەسىلىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى قىلىپ، مىللىي خىزمەت ئۈچۈن يۆنى-لىش كۆرسىتىپ بەردى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى ئۈچۈنمۇ نىشان كۆرسىتىپ بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتى-نىڭ ئۆزىگە خاس ئوبيېكتى ۋە ۋەزىپىسى بولسىمۇ، لېكىن يېتەكچى ئىدىيە ۋە يۆنىلىش جەھەتتە ئاشۇ ئومۇمىي پرىنسىپتىن چەتلەپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتىنىڭ

يېتەكچى ئىدىيىسى توغرىسىدا شۇنى قايتا تەكىتلەيمىزكى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىد-لىش، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە ۋە مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋې-تىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش باش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئور-تاق گۈللىنىشىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشلارغا پايدا يەتكۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، «كىتابنى قۇتقۇزۇۋېلىش، ئادەمنى قۇتقۇزۇۋې-لىش، ئىلىمنى قۇتقۇزۇۋېلىش» روھىغا ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، قۇتقۇزۇش، يىغىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش خىزمىتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن، ئوڭ-سول ھەممە تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلىغان پەلەمپەيسىمان قوشۇننى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىس-لىق قىلىش ۋە ئۇنى نۇرلاندۇرۇشقا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-شىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا خىزمەت قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، تەشكىلىي رەھبەرلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىپ، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى پەيدىنپەي قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇلۇشى-غا ئىككى جەھەتتىن تۇتۇش قىلىش كېرەك، بىرىنچىسى رەھ-بەرلىك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى تار-قاتقان [1984] 30-نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن،

گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلىرى ۋە يەر-
لىك ئالاقىدار ئورۇنلىرى بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى
تولۇق تونۇپ، ئۇنى ھەر جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن ھەقىقىي
قوللىشى كېرەك؛ ئىككىنچىسى ئاپپاراتلارنى قۇرۇش كېرەك.
بىر يۈرۈش ئىسلاھات ئارقىلىق، تەشكىلنى، پىلاننى، تەدبىرنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلەش كې-
رەك. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدىكى مەم-
لىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەت-
لەش-تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ ئۇيۇشتۇ-
رۇش، مەسلىھەتلىشىش، ئالاقە باغلاش، يېتەكچىلىك قىلىش
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇ-
رىدۇ، ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن-نىزاملارنى ۋە رەتلەش-نەشىر
قىلىش پىلانلىرىنى تۈزىدۇ. 1984-يىلدىن بۇيان، 24 ئۆلكە ۋە
ئاپتونوم رايون قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنىڭ مۇناسىپ ئور-
گانلىرىنى قۇرۇپ، مەلۇم ساندا كەسپىي خادىملار ۋە قوشۇمچە
ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى سەپلىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى مىللىي خىزمەتنىڭ كۈن-
تەرتىپىگە كىرگۈزدى. لېكىن تۈرلۈك شەرت-شارائىتلارنىڭ
چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنىڭ ئىلگى-
رىلىشى دېگەندەك تەكشى بولمايۋاتىدۇ. بەزى ئورگانلارنىڭ رو-
لى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئانچە ئوخ-

شاش بولمىغانلىقتىن، خىزمەت ئۆزۈلۈپ قالىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش تەس بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتى-نىڭ سىياسەت خاراكتېرى ۋە كەسپىي خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىل-لەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتى ئورگانلىرى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى ھەمدە ھەمكار-لىقنى كۈچەيتىپ، تۈرلەرنى باشقۇرۇشنى ئوبدان يولغا قويۇشى كېرەك. مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون-لاردىن ھالقىغان تۈرلىرىنى ئورتاق ئورۇنداش ئۈچۈن، شۇنىڭ-دەك ئوخشاش بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى تەكرار رەتلىنىپ، تەكرار نەشر قىلىنىپ، ئادەم كۈچى، ماد-دىي كۈچ جەھەتتە بىھۇدە ئىسراپچىلىق يۈز بېرىشىدىن ساقلى-نىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلار ئارا ئاز سان-لىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى بويىچە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈش، قولغا قول تۇتۇپ ھەمكارلىشىش ئارقىلىق تەكرارلىقتىن ساقلىنىش، بىر-بىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە قۇتقۇزۇۋېلىش، رەتلەش، ساقلاش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، مەملىكەت بويىچە 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ نۇقتىلىق تۈرى سۈپىتىدە «پۈتۈن مەملىكەتتى-كى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى كاتولوكى» نى تۈزۈپ چىقىش، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دەسلەپكى

كۆلەمگە ئىگە قىلىش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى تولۇق يىغىپ ساقلاش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى ئورۇندىكى مۇھىم ۋەزىپىسى، ئۇ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. گەرچە ھازىر موڭغۇل يېزىقى، مانجۇ يېزىقى، زاڭزۇ يېزىقى، دۇڭبا يېزىقى قاتارلىق بىرقانچە خىل مىللىي يېزىقتىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ سانى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىنىپ، قىسمەن كاتولوگلار تۈزۈپ چىقىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى زادى قانچىلىك؟ قەدىمكى ئاغزاكى مەدەنىيە ئەسەرلىرى قانچىلىك؟ بۇلار ھازىر تازا ئېنىق ئەمەس، بۇ ھال بىزنىڭ ئىلمىي پىلان تۈزۈشىمىزگە ۋە تەدبىر بەلگىلىشىمىزگە ئىنتايىن زور دەخلى يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ھازىر، دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا دائىر قانۇن-نىزاملار تېخى تۈزۈلگىنى يوق، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆججەت-ماتېرىياللىرىنى قوغداش ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن تونۇش تېخى تولۇق ھاسىل قىلىنغىنى يوق. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ھۆججەت-ماتېرىياللىرىنى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، سىرتقا ھايىنىغا سېتىۋەتمەكتە، قەدىمكى ئاغزاكى مەدەنىيە ئەسەرلىرىمۇ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا ئۆز-ئۆزىدىن يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇ كەسكىن ئەھۋال ئالدىدا، قانۇن چىقىرىش

خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى قانۇن بىلەن
قوغداش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلىگۈچى خادىملارمۇ ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش،
يىغىش، ئۈنئالغۇغا ئېلىش، كىچىكلىتىپ سۈرەتكە ئېلىش ۋە
نەشىر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. ھەممەيلەن
بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، 9-بەش يىللىق پىلان مەز-
گىلىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى
ئەسەرلىرى بايلىقىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تىرىشىپ ئورۇن-
داپ، «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى
ئەسەرلىرى كاتولوكى»نى تۈزۈپ چىقىپ، بۇندىن كېيىن ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتى-
نىڭ پىلانىنى تۈزۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئە-
سەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش ئۈچۈن، سىستېمىلىق،
ئەتراپلىق ۋە ئىشەنچلىك ئاساس ھازىرلاپ بېرىشى لازىم.

تۆتىنچى، ھەرقايسى جايلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قە-
دىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان
خىراجەتكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش-نەشىر قىلىش خىزمىتىنىڭ
سۈرئىتىنى تېزلىتىشى كېرەك. جايلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش
خىراجىتى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان [1984]
30-نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھى بويىچە «ھەرقايسى ئۆلكە،
ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خام چوتىغا

كىرگۈزۈلۈشى كېرەك» . ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىگە كېرەكلىك خىراجەت قىس بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاس-تىدا، دۆلەت بىر تۈركۈم جىددىي ئېھتىياجلىق ۋە ھەقىقەتەن خىراجەت قىيىنچىلىقى بولغان تۈرلەرنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئۈ-چۈن نۇقتىلىق ھالدا مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بازار ئېگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان شارائىت-تا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىشتا ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى بولغان بىرەر يولنى تېپىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشى-نى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىشنىڭ تېماتىك پىلا-نىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، نەشىر سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەر-لىرى بېسىلغان كىتابلارنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك تارقىتىش تورلىرىنى قۇرۇپ، بازارنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش كې-رەك؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ دۇنيا-ۋى تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاشكارا نەشىر قىلىنغان قەدىمكى ئەسەرلىرىنى خەلقئارا كىتاب بازىرىغا ئىمكانقەدەر تېز كىرگۈزۈشكە تىرىشىش كېرەك. بىز ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ جايلاردىكى مالىيە تارماقلىرىنىڭ گوۋۇيۈەن بەنگۇڭـتىڭى تارقاتقان [1984] 30-نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاز سانلىق مىل-لەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشىغا بۇرۇنقىدەك

سىياسەت خاراكتېرلىك قوشۇمچە ياردەم بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى ئاسا-سىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بەشىنچى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىلمى توغرىسىدىكى نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، جەمئى-يەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى كۈچلەرنى پائال ئۇيۇشتۇ-رۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.

ئون يىلدىن بۇيان، «كىتابنى قۇتقۇزۇۋېلىش، ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش، ئىلىمنى قۇتقۇزۇۋېلىش» ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتى سېپىدىكىلەر-نىڭ ئىزچىل كۆرەش نىشانى ۋە شوئارى بولۇپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە پىلان-لىق رەتلەش تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىجادىي خاراكتېرلىك خىزمەت. ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەزمۇنى مول، تۈرى كۆپ، سانى چەكسىز قەدىمىي كىتابلىرىغا قارىتىلغان خىزمەت، قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە رەتلەشنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى سىياسەت خاراكتېرلىك تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش، مەمۇرىي ئۇسۇللار-نى قوللىنىش ئارقىلىق ئورۇندالدى. لېكىن كەسپىي خىزمەتتە سىستېمىلىق ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى كەم بولغاچقا، دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بىرمۇنچە تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قىيىن بولدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىلمى «تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، تىلشۇ-

ناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ھۆججەتشۇناسلىق» دېگەنگە ئوخشاش
پەنلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى پەن، ھازىرقى ھەرقانداق پەن ئۇنىڭ
ئورنىنى باسالمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەر-
لىرىنى رەتلەش ئىشىنى ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇنى
بېجىرىشكە تېخىمۇ ئەپلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىلمىگە ئائىت نەزەرىيە قۇرۇلۇ-
شىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىلىم تىكلەنگەندىلا، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى بويىچە ئۇنۋان باھالاش ۋە
ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۈ-
چۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىنىدۇ-دە، كەسپىي خادىملارنىڭ
خىزمەت ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان قوزغاپ، ئىختىساس ئى-
گىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر شەرت ھازىرلىغىلى بو-
لىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەت-
لەش-نەشىر قىلىش خىزمىتى كېيىنرەك باشلاندى، ئۇنىڭ
كەسپىي خاراكتېرى كۈچلۈك، شۇڭا مەلۇم كەسپىي تېخنىكا
ئۇنۋانىغا ۋە خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان بىر تۈركۈم
يولداشلارنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلىشى زۆرۈر،
ھەرقايسى ئۆلكە (رايون) تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەيدىغان كەس-
پىي خادىملارنى يېتىشتۈرسە بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا
تېخنىكوملاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان، ھەقىقەتەن
ئىختىساسلىق ۋە تەتقىقات ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، تېنى ساغلام
ئوقۇتقۇچىلاردىن قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى مۇۋا-

پىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش شەرتى بىلەن تەكلىپ قىلىنمۇ بولىدۇ، مۇشۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەشكە ئىز باسار كەملىك قىلىۋاتقان، سەۋىيىسى تۆۋەنرەك بولۇۋاتقان زىددىيەتنى پەسەيتىش كېرەك.

يولداشلار، دۆلىتىمىز مۇھىم تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرماقتا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرمۇ مۇھىم تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرماقتا. كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىساق، ئىستىقبال پارلاق، ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. ھەممەيلەن بىرلىكتە غەيرەتكە كېلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىننى ئوبدان ئېچىش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

# مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى*

(1996-يىل 1-ئاينىڭ 9-كۈنى)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن ئاخبارات-نەشرىياتچىلىق مەھكىمىسى نۆۋەتتە مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىش، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە دائىر يېڭى تەسەۋۋۇر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى «مەملىكەتلىك مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمەت يىغىنى» نى بىرلىكتە چاقىردى، بۇ يىغىن مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئالغا سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمدى مەن مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

مەسىلىسى ھەققىدە بىرنەچچە تۈرلۈك پىكىر بايان قىلماقچىمەن.

## 1. ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئاگلىقلىقىنى ئاشۇرۇش

مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى ۋە پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ئالاقىدار خىزمەت. مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتلىرىدە باشقا نەشرىياتلار ئويناپ بېرەلمەيدىغان مۇھىم رولنى ئوينايدۇ.

مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتى دۆلەتنىڭ پۈتكۈل نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىدۇر. بۇ خىزمەتكە پارتىيە ۋە دۆلەت ئەزەلدىنلا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. پارتىيە ۋە دۆلەت 50-يىللاردىلا مەركەزدە ۋە يەرلىك ئورۇنلاردا بىر تۈركۈم مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنى كەينى-كەينىدىن قۇردى ھەمدە ئۇلارغا ئادەم كۈچى،

ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتە زور مەدەت بەردى. پارتىيە
11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىن، مەركەزدە ۋە يەرلىك ئورۇنلاردا يەنە بىر تۈركۈم مىل-
لەتلەر نەشرىياتلىرى ئارقىمۇئارقا بارلىققا كېلىپ، قۇرۇلمىسى
ۋە ئورۇنلىشىشى بىرقەدەر مۇۋاپىقلاشقان، نەشر قىلىش، بې-
سىش، تارقىتىش ئىشلىرى بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن بۈگۈن-
كى مىللىي نەشرىياتچىلىق سىستېمىسى ۋۇجۇدقا كەلدى. 14
ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرگە جايلاش-
قان 36 مىللىي نەشرىيات يىلىغا 23 خىل مىللىي يېزىقتا3000
خىلدىن ئارتۇق كىتاب نەشر قىلىشتىن تاشقىرى، ئاز سانلىق
مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەلۇم مىقداردا
خەنزۇچە كىتابلارنىمۇ نەشر قىلدى، ھەتتا مىللىي تىل-يېزىق-
تىكى ئۈن-سىن ۋە ئېلېكترونلۇق باسما بۇيۇملىرىمۇ يوقلۇق-
تىن بارلىققا كېلىپ، تېز تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى مەيدانغا
كەلدى. مىللىي تىل-يېزىقتىكى نۇرغۇن كىتابلار مەملىكەت
بويىچە مۇنەۋۋەر كىتابلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن
بىرۋاقىتتا، مەملىكىتىمىزدە موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قا-
زاق، چاۋشيەنزۇ، يىزۇ قاتارلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقى بويىچە
نەشرىياتچىلىق مەركىزى دەسلەپكى كۆلەمدە ۋۇجۇدقا كېلىپ،
دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە ئوبدان باھاسىغا ئېرىشتى. مىل-
لىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى
ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە يولداش دېڭ
شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى،
پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭ-

جىن-سىياسەتلىرىنى، قانۇن-نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئىدىيە-مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرى ۋە پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىدى ۋە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

دۆلىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى — دۆلەتنى ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ بىلەن گۈللەندۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەم يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يارىشا، مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، شۇنداق بولسىمۇ ۋەزىيەت يەنىلا جىددىي. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش— مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىلىم-پەن، مائارىپ، ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەتنىڭ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق سوتسىيالىستىك پۇقرالىرىنى يېتىشتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى

ئۆستۈرۈش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر.

نۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى دۆلىتىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. لېكىن بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنى پارچىلاش، غەربلەشتۈرۈش سۇيىقەستى ئۆزگەرگىنى يوق. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر ئۇچۇم بۆلگۈنچىلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، «مىللەت، دىن، كىشىلىك هوقۇقى» دېگەنلەرنى دەستەك قىلىپ، تۈرلۈك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىش، دۆلىتىمىزنى پارچىلاش ۋە ئاغدۇرۇش يولىدا توختىماي هەرىكەت ئېلىپ بارماقتا. جۈملىدىن باسما بۇيۇملىرىدىن ۋە رادىئو، تېلېۋىزوردىن پايدىلىنىشنى مۇھىم بىر ۋاستىسى قىلماقتا. مىللىي نەشرىياتچىلىقنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت-تەشۋىقات بازىسىنى ئىگىلەش— سىڭىپ كىرىشكە، بۆلگۈنچىلىككە، ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەهمىيەتكە ئىگە. هەممىمىز بۇ هەقتە چوقۇم ئېنىق تونۇش هاسىل قىلىپ، مەجبۇرىيەت تۇيغۇمىزنى، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەقەززالىق تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىپ، مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش

ئۇچۇن ئۆز كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

**2. ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى شارائىتتىكى مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى تىرىشىپ ئوبدان ئىشلەش**

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، ئېلىمىزنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، ئۇ خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ مۇھىم كەسىپلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئېلىمىزنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشىمۇ تېز راۋاجلاندى. 1981-يىلى گوۋۇيۈەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن دۆلەت نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقاتقاندىن كېيىن، مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتى مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى.

مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتى يېڭى مۇسابىقىگە دۇچ كەلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىللىي نەشرىياتلار باشقا نەشرىياتلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ئاساسلىقى: مەبلەغ

قىس، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ
مەملىكەت بويىچە نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىچىدە تۇتقان نىس-
بىتى تۆۋەنلەپ كەتتى؛ تارقىتىش تورلىرى تارىيىپ، پۈتكۈل
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى قاپلاپ كېتەلمىدى. بەزى جاي-
لاردا ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى كىتاب بازىرى قۇرۇق قېلىش
ئەھۋالى يۈز بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كى-
تاب ئېلىشى ۋە كىتاب ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسى بىر
قەدەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ؛ ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە قوشۇن
قۇرۇلۇشى كەسىپ تەرەققىياتىغا ماس كېلەمەيۋاتىدۇ، پايدا ئۇنۇ-
مى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتىدۇ، بەزى
نەشرىياتلار ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى
قامدىيالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. مۇشۇ مەسىلىلەر تۇ-
پەيلىدىن، مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە
نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى بىلەن بولغان تەرەققىيات جەھەتتىكى
پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتتى. بۇ مەسىلە ئۆز ۋاقتىدا،
ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ
ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوقۇم تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا
ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، روھ-
نى ئۇرغۇتۇپ، مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە بۇرۇنقىدىن-
مۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى كۈچەيتىشىمىز كې-
رەك.

يېڭى شارائىتتىكى مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ياخ-

شى ئىشلەش ئۇچۇن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتـ-
سىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇ-
رۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىدىيىدە
ئازاد بولۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى ئۇز-
لۇكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يول ئېچىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا
جۈرئەت قىلىش، «كۆتۈش، بېقىنىش، تەلەپ قىلىش» قا ئوخـ-
شاش يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىش، يېڭى ۋەزىيەتتە
ئىجتىمائىي ئۈنۈمگىمۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىمۇ ئىگە يېڭى يول
تېپىش ئۇچۇن ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن تىرىـ-
شىش كېرەك. تۈزۈلمە جەھەتتە «كەم ھوسۇللۇق يىلىنىڭ ئور-
نىنى مول ھوسۇللۇق يىل بىلەن تولدۇرۇش، كىتابنى كىتاب
بىلەن قامداش» چارىسىنى قوللىنىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە
بولىدۇ. تېما تاللاشتا، بىرىنچىدىن، مىللىي ئالاھىدىلىكنى
گەۋدىلەندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت تېمىلارنىڭ
ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ قېلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، كۆلەملىك
ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. ھازىر ئاز سانلىق مىللەتلەرگە
ئائىت مۇھىم كىتابلارنىڭ بىرمۇنچىسىنى مىللەتلەر نەشرىياتلىـ-
رى ئەمەس، باشقا نەشرىياتلار نەشر قىلىۋاتىدۇ، بۇ ھال
مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنىڭ ئۇچۇرى راۋان ئەمەسلىكىنى، كىـ-
تاب بازىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئوبدان ئىگىلەپ كېتەلمىگەنلىكىـ-
نى، تېمىلارنى سەرخىللاشتۇرۇش جەھەتتە تازا كۈچ چىقارمىـ-
غانچقا، نۇرغۇن ياخشى تېمىلارنى باشقا نەشرىياتلارنىڭ قولغا
چۈشۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن،
سىرتقا يۈزلەنگەن تېمىلارنى تېپىشقا تىرىشىش كېرەك. نۆۋەتتە

ئاز سانلىق مىللەتلەرگە، دىنغا ئائىت كىتابلارنىڭ خەلقئارادا بازىرى ناھايىتى ئىتتىك بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي شىمالىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىگە ئەگىشىپ، مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەر ۋە قورال كىتابلارنىڭ بازىرى كېڭەيدى. بۇ جەھەتتىكى كىتابلارنى نەشىر قىلىش دەل بىزنىڭ ئۇستۇنلۇكىمىز، بىز ئۆز ئۇستۇنلۇكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلقئارا كىتاب بازىرىغا كىرىشىمىز كېرەك. ئۇچىنچىدىن، مىللىي نەشرىياتچىلىق سىستېمىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش تورىنى ئورنىتىپ، تېمىلارنىڭ تەكرار بولۇپ قېلىشىدىن ۋە توقۇنۇشۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. چوڭراق مۇھىم تېمىلارغا يولۇققاندا، ئۇنى بىرلىشىپ نەشىر قىلىشقىمۇ بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، قوش تىلدىكى دەرسلىكلەرنى نەشىر قىلىش ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش ئاساسىدا، قوش تىلدا ئوقۇتۇشقا كېرەكلىك ئۇن-سىن بۇيۇملىرى نەشرىياتچىلىقىنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. نەشىر قىلىش ۋە تارقىتىش جەھەتتە شىرازىلاش، لايىھىلەش، ماتېرىيال، بېسىش، تۇپلەش ھالقىلىرىدا سۇپەتكە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، كىتابلارنىڭ سۇپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئالماشتۇرۇشنى كۇچەيتىپ، ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۇرۇپ، ئورتاق يۇكسىلىشى كېرەك. جايلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىغا ۋە مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىغا تايىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر كىتابلارنى تارقىتىش تورلىرىنى، جۇملىدىن ئاز سانلىق مىللەت

رايونلىرىدا ۋە بەزى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە چاتما مىللىي كىتابخانىلارنى، مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ۋەكالەت پونكىتلىرىنى قۇرۇش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش، پوچتا ئارقىلىق سېتىش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش شۇنىڭدەك مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى تارقىتىش ھەيئەتلىرىنى ۋە باشقىلارنى قۇرۇش كېرەك ھەمدە مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى ۋە دەرس-لىكلەرنى ۋەكالىتەن بېجىرىش، ۋەكالىتەن سېتىش ۋە پوچتا ئارقىلىق سېتىش ئىشلىرىنى پەيدىنپەي شىنخۇا كىتابخانا سىس-تېمىسىغىچە ئومۇملاشتۇرۇش يولى بىلەن مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى ۋە دەرسلىكلەرنى تارقىتىشنى كېڭەيتىش، تەھرىر-لىك ۋە نەشر قىلىش ئىشىنى تارقىتىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتى سېپىدىكى يولداشلار ئۇ-زاقتىن بېرى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، تى-رىشىپ ئىشلەپ، مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمىزنى گۈل-لەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتتى ۋە تۆھپە قوشتى. ئۇلار جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئېسىل ئەنئەننى ۋە كەسپنى قەدىرلەيدىغان، ئىگىلىك يارىتىدىغان تۆھپىكارلىق روھنى دا-ۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، قىيىنچىلىق ئالدىدا باتۇرلۇق كۆرسە-تىپ، قىيىنچىلىقنى پائال يېڭىپ، مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك.

قائىدە-تۈزۈملەرنى ۋە ئىچكى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇل-يەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ جەھەتتە، بەزى مىللەتلەر نەشرى-ياتلىرى يەرلىك ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار ۋە دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى زىيان تارتىش ئورنىغا پايدا ئالىدىغان بولدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە، ھەرقايسى نەشرىياتلار ئالاقىنى كۈچەي-تىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى بازار ئىگىلىكى بىلەن ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. يەنە باشقا سىستېمىدىكى نەشرىياتلارنىڭ ئىلغار باشقۇ-رۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشقىلى، ئىسلا-ھات دولقۇنىدا ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز روناق تاپقۇزۇپ، ئېلى-مىزنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىنى راۋاج-لاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدە-نىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.

### 3. توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ھامان بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش

مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتى سىياسىي خاراكتېرى ۋە نەزەرىيە خاراكتېرى كۈچلۈك، تەسىر دائىرىسى كەڭ خىزمەت، بۇ خىزمەتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ،

ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. كىتاب ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىيا-تىنىڭ پەلەمپىيى. توغرا نەشرىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش— ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي-ئىدىيە ۋە پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىشنىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەر-رەر تەلىپى. مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، يولى يىراق. سىلەرنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزمنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزە-رىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، قانۇن-نىزاملىرىنى ئەستايى-دىل ئىجرا قىلىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلى-يەتتىن ئىزدەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، مىل-لەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا پايدىلىق ھەرخىل كىتابلارنى تىرىشىپ نەشر قىلىشىڭلار كې-رەك. مىللىي يېزىقنى قوللىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇر-

مەنلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش شەرتى ئاستىدا، خەنزۇچە يېزىقنى قوللىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇرمەنلىرىگە كېرەكلىك كىتابلارنى نەشر قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، كىتابنى كۆپرەك چىقىرىش، ياخشى كىتابلارنى چىقىرىش كېرەك. «كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، خىل مەھسۇلات ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان «بەش بىر قۇرۇلۇش» چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان، دەۋر روھىغا ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بىر تۈركۈم خىل كىتابلارنى چىقىرىش كېرەك. مەزمۇنغا باي، ھۆسنى گۈزەل مىللىي مەدەنىيەت خىل مەھسۇلاتلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پايدىلىق ئاساسى. ئۈسۈپ يېتىلگەن مىللىي نەشرىياتچىلىق قوشۇنى خىل مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پايدىلىق شەرتى. شۇڭا ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تىرىشىپ قېزىپ، ئۇنىڭ شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى ئېلىش كېرەك ھەمدە ئۇنى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇپ، كونىسىدىن يېڭىنى

يارىتىپ، ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرى ۋە پەن-تېخنىكا خادىملى-رىنىڭ ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، بەدىئىيلىك، مىللىيلىك ۋە ئاممىۋىلىك مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەر-لىرىنى ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ئەسەرلەرنى پائال ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەرخىل قاتلامدىكى، كۆپ تەرەپلىمىلىك، ساغلام مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پائال ئىلھام بېرىش ۋە يار-يۆلەكتە بولۇش لازىم. زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا ۋە كېلەچەككە يۈزلىنىپ، ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پائال قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەتكە سىڭدۇ-رۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-رىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگى-رى سۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي ئالاھىدىلىك-كە ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە سىرتقا يۈزلەنگەن كىتابلارنىمۇ پائال نەشر قىلىپ، خەلقئارا كىتاب بازىرىغا كىرگۈزۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى دۇنيا خەلقىگە تونۇشتۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى-نى ئالغا سۈرۈش كېرەك.

نەشرىياتچىلىق خىزمىتى— ئىنچىكىلىك ھەم ئېھتىياتچان-لىقنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. سىلەر تۈزۈش-تەرجىمە قى-لىش، تەھرىرلەش ۋە نەشر قىلىش داۋامىدا ئۈچ تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئىچكى باشقۇرۇش مېخانىزمى-نى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەزمۇن ئۆتكىلىنى ۋە سۈپەت ئۆتكى-

لىنى چىڭ ئىگىلەپ، باسما بۇيۇملىرىدا مىللىي ھېسسىياتقا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە زىيان يەت-كۈزىدىغان مەزمۇنلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئىلگىرى بۇ جەھەتتە بىرمۇنچە مەسىلىلەر كۆرۈلگەن، نۇرغۇن ساۋاقلار بولغانىدى. گەرچە بۇ مەسىلىلەر مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنىڭ باسما بۇيۇملىرىدا كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لې-كىن ئۇنىڭ ساۋىقى چوڭقۇر، ھەممەيلەن شۇ ساۋاقنى ئەستە تۇتۇشى كېرەك.

**4. رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، مىللىي نەشرىيات-چىلىق ئىشلىرىنىڭ ساغلام، تەگكەش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-رۈش**

مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتە، باشقا خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەشكە ئوخشاشلا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش شەرت. مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى بىرقەدەر ئاز، ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولغانلىقى، تەڭدىن تولىسى ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىغا ۋە چەت-ياقا تاغلىق رايونلارغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا جايلاشقانلىقى، قاتـ-نىشى ئىنتايىن قولايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، كىتاب تارقىتىش يولى راۋان ئەمەس، يەنە كېلىپ مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنىڭ تىراژى ناھايىتى ئاز. بۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋال مىللىي نەشرىيات-چىلىق ئىشىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىنى يەنى ئىقتىسادىي ئۇنۇمى ناچار بولغانلىقى ھەتتا ئېغىر دەرىجىدە زىيان تارتقانلىقى ئۈچۈن، كۆپرەك چۈشىنىشكە، ھېسسىداشلىققا، غەمخورلۇققا، ياردەمگە ۋە مەدەتكە مۇھتاج

بولۇشنى بەلگىلىگەن. دۆلەت مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتى-
نىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مالىيە
ئەھۋالى بىرقەدەر قىيىن بولۇۋاتقان شارائىتتىمۇ مىللىي نەشرى-
ياتلارغا نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىپ كەلدى، ھەتتا بۇ
قوشۇمچە ياردەمنى ھەر يىلى كۆپەيتىپ كەلدى. ئەمما، خام
ئەشيا-ماتېرىيال باھاسى، سىمكار ئۆرلەپ كەتكەنلىكى ۋە ئىش-
چى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلگەنلىكى ۋە باشقا
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مالىيىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇل-
نىڭ ئېشىش نىسبىتى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتىدىن
كۆپ تۆۋەن بولغاچقا، مىللەتلەر نەشرىياتلىرى باشقا نەشرىياتلار
ئۇچراپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. كۈچلۈك تەدبىر
قوللىنىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىپ، مىل-
لەتلەر نەشرىياتلىرىنى ئىسلاھات دولقۇنىدا، سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ساغلام ۋە تەڭكەش راۋاجلىنىش ئىم-
كانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجى-
لىك ھۆكۈمەتلەر مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم-
لىقى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇشنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ،
ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپ،
مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئىش-
لار قاتارىغا كىرگۈزۈشى ھەمدە ئۇنى ئۇل سېلىش ئىشى سۈپى-
تىدە چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە
مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى راۋاجلاندۇ-
رۇپ، مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنىڭ ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇ-

شى كېرەك.

ئىككىنچى، زۆرۈر سىياسەت-تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، مىل-لىي نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە پائال يار-يۆلەك بولۇش كې-رەك. مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مىللىي نەشرىياتچى-لىق خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، مىل-لىي نەشرىياتچىلىققا مايىللىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، مالىيە-دىن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى كۆپەيتىشى كېرەك. مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى بولۇپمۇ مىللىي يېزىقتىكى ئوتتۇ-را-باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىنى نەشر قىلىشتا، تىراژى ئاز، تەننەرخى يۇقىرى، باھاسى تۆۋەن بولۇشقا ئوخشاش سەۋەب-لەر تۈپەيلىدىن، زىيان ئېغىرراق، بۇنىڭغا نىشانلىق ھالدا تەد-بىر قوللىنىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك. مىل-لەتلەر نەشرىياتلىرىنىڭ كىتاب نەشر قىلىش دائىرىسىنى مۇۋا-پىق كېڭەيتىشكە سىياسەت جەھەتتە يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولىدىغان بەزى خەنزۇچە كىتابلارنى نەشر قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ بىر قىسىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەنزۇچە دەرسلىكلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مىللىي يېزىقتى-كى دەرسلىكلىرىنى نەشر قىلىدىغان نەشرىياتلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى خەنزۇچە كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنى نەشر قى-لىش ئارقىلىق تاپقان پايدا بىلەن مىللىي يېزىقتىكى كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىپ تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇ-

روپ، «كىتابچىكى زىياننى كىتاب بىلەن تولدۇرۇش، دەرس-
لىكنى دەرسلىك بىلەن قامداش» مەقسىتىگە يېتىش ئىمكانىيە-
تىگە ئىگە قىلىش كېرەك. تارقىتىش جەھەتتە مىللەتلەر نەشرى-
ياتلىرىغا سېتىشقا مايىللىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، مىللىي
كىتابلارنى ۋە مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تارقىتىش ئى-
شىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەبلەغ سېلىش جەھەتتە،
مىللىي نەشرىياتچىلىقنىڭ بولۇپمۇ مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار-
نى نەشىر قىلىشنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ناچار دەپ مەبلەغنى
ئاز سالىدىغان ياكى مەبلەغ سالمايدىغان ئىشنى قىلماسلىق كې-
رەك، مۇھىمى مىللىي نەشرىياتچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە
قاراش كېرەك. ئازنى دەپ كۆپتىن قۇرۇق قالىدىغان ئىشنى
قىلماسلىق كېرەك.

ئۈچىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ئوبدان تۇتۇپ، مىللىي
نەشرىياتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇنەۋۋەر خا-
دىملارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇ-
رۇلغاندىن بۇيان، مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققى-
ياتىغا ئەگىشىپ، تەرجىمانلىق، تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق،
تارقىتىش ۋە بېسىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي نەشرىياتچى-
لىق خىزمەت قوشۇنى ئۆسۈپ يېتىلدى ھەمدە خىزمەتتە غايەت
زور رول ئويناپ كەلدى. لېكىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلى-
رىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنى-
يەت، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا يارىشا،
مىللىي نەشرىياتچىلىق خىزمەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېخى-
مۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىجتىمائىي رىقابەت تېگى-تەك-

تىدىن ئالغاندا ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى رىقابەتتۇر. شۇڭا يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۇ-چۇن، ئىجابىي ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى، تۈرلۈك شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان، سۈپىتى يۇقىرى، كەسپكە پىششىق، ئىستىبلى توغرا مۇنەۋۋەر خادىملارنى يېتىش-تۈرۈشكە ۋە چېنىقتۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك.

تۆتىنچى، مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنىڭ بەزى ئەمەلىي قىي-يىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كې-رەك. مىللەتلەر نەشرىياتلىرىنىڭ بۇرۇن قۇرۇلغانلىرىنىڭمۇ، يېڭىدىن قۇرۇلغانلىرىنىڭمۇ نەشرىيات خىراجىتى ئېغىر دەرىجى-دە قىس، ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرى ناچار، خىزمەت ۋاستىسى قالاق ۋە باشقا قىيىنچىلىقلىرى بار؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى تۆۋەن، تۇرمۇش شارائىتى ناچار، مانا بۇمۇ مىللەت-لەر نەشرىياتلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان قىيىن ئەھ-ۋال. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھ-بەرلەر مىللەتلەر نەشرىياتلىرىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى بەزى ئەمەلىي قىيىن-چىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا سەممىي ياردەم بېرىشى كېرەك. مىللەتلەر نەشرىياتلىرىمۇ يۇقىرىدىكى مەسئۇل تارماق ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ئۆزلۈكىدىن يوليورۇق سوراپ ۋە ئۇلارغا دوكلات يوللاپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىشىنى، ھېسداشلىقىنى ۋە مەدەتكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

بەشىنچى، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلار-نىڭ مىللەتلەر نەشرىياتلىرىغا ياردەم بېرىشىنى تەشەببۇس قىي-

لىش كېرەك. ھازىر مەملىكىتىمىزدە 545 نەشرىيات بار، ئۇ-
نىڭ ئىچىدە مىللەتلەر نەشرىياتلىرى 36 بولۇپ، مەملىكەت
بويىچە ئومۇمىي نەشرىياتنىڭ 6.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلى-
دۇ. 500 نەچچە نەشرىياتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇنۇ-
مى بىرقەدەر ياخشى. ئەگەر ئىقتىسادىي ئۇنۇمى ياخشى بولۇۋات-
قان مۇشۇ نەشرىياتلار پىداكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ،
دوستلۇق قولىنى سۇنۇپ، مىللەتلەر نەشرىياتلىرىغا ياردەم بې-
رىدىغان بولسا، مىللەتلەر نەشرىياتلىرى تېخىمۇ كۆپ ياخشى
كىتابلارنى نەشر قىلىپ، تېخىمۇ ئوبدان ئىجتىمائىي رول
ئوينىيالايدۇ. بىز جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنىڭ جۈملىدىن ئىقتى-
سادىي ئۈنۈمى ياخشى بولۇۋاتقان نەشرىياتلارنىڭ مىللەتلەر نەش-
رىياتلىرىغا ياردەم بېرىشىنى پائال تەشەببۇس قىلىشىمىز ۋە
ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا پائال سەپەرۋەر قىلىشىمىز كېرەك.
بۇ دا ئاخبارات-نەشرىيات مەھكىمىسى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىش-
لار كومىتېتى بىرلىشىپ تارقاتقان «مەملىكەت بويىچە نادىر
مىللىي كىتابلارنى نەشر قىلىشقا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى
تەشەببۇس» — مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا
پايدىلىق ئىجابىي ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىر. مەن پۈتۈن مەملىكەتتى-
كى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولۇۋاتقان نەشرىيات ۋە كارخانى-
لارنىڭ بۇ تەشەببۇسقا پائال ئاۋاز قوشۇپ، مىللىي ئىتتىپاق-
لىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلى-
مەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپچىلىكنىڭ بۇ ياخشى ئىشنى
ئوبدان ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ

5-ئومۇمىي يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان «ج ك پ مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىما-
ئىي تەرەققىياتىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە
2010 -يىلغىچە كۆزلەنگەن ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان توغرىسىدى-
كى تەكلىپى» يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ تەلى-
پىنى ئەتراپلىق گەۋدىلەندۈردى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈندىن
كېيىنكى 15 يىللىق تەرەققىياتىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى نامايان
قىلدى، ئۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ
چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا چامداشقا، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ،
مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈپ ۋە جەمئىيەتنى ئۇزاققىچە تىنچلاندۇ-
رۇپ، 21-ئەسىرگە غالىبانە قەدەم قويۇشقا يېتەكلەيدىغان ئۇ-
لۇغۋار پروگراممىا. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تېخىمۇ زىچ
ئىتتىپاقلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، پارتىيە
14 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى ئوت-
تۇرىغا قويغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن،
«تەكلىپ»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش
قىلىپ، مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش يولى-
دا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى!

# دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، 9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى*

(1996-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى)

ئۆتكەن قېتىمقى مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىدىن ھازىرغىچە ئىككى يىل ئۆتتى. ئىككى يىل مابەينىدە ھەر دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت تارماقلىرى پارتىكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى چوڭ فاڭجېنلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى ئارقىسىدا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تە-

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەد مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرىنىڭ يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز.

رەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە 8-بەش يىللىق پىلاننى ئورۇنداش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. ئۆتكەن ئىككى يىلدا گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولغان گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى مەركەزنىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى يولىيورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇلتۇر گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي پېشقەدەم رەھبىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى رەھبەر ئالماشتى، يېڭى بەنزە ئىتتىپاقلىشىپ-ھەمكارلىشىپ، خىزمەتنى ياخشى ئۈنۈملۈك ئىشلىدى. مەن گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن دىنىي خىزمەت سېپىدىكى يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

ئۆتكەن ئىككى يىلدا ئېلىمىزدە ئىگىلىك راۋاجلاندى، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق ئۆتتى، جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى. 8-بەش يىللىق پىلان ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئىككى قاتلاش بۈيۈك ۋەزىپىسى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندالدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. خەلقئارا مىقياستىن قارىغاندا، دۇنيانىڭ تىنچ بولۇشى، دۆلەتنىڭ راۋاجلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم بولۇپ قالدى. خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت بىزگە ھەقىقەتەن ئاز تېپىلىدىغان تارىخىي پۇرسەت يارىتىپ

بەردى، شۇنداقلا بىزنى بىر مۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلەرگىمۇ يۈزلەندۈردى.

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010-يىلىغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» پۈتۈن پارتىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا، خەلقنى باياشات قىلىشقا، مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ۋە جەمئىيەتنى ئەبەدىي ئامان قىلىشقا، 21-ئەسىرگە غالىبانە قەدەم قويۇشقا يېتەكلەيدىغان، ئۇلۇغۋار پروگراممىدۇر. بۇ ئۇلۇغۋار پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى دۇنيا ۋەزىيىتىدە تۇتىدىغان ئورنىغا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ۋەزىپىسى پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەركەز يېقىنقى مەزگىلدە دىنىي خىزمەت توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقلارنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، خىزمەتلەرنى يەكۈنلەش، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بۇ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش،

9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىنكى
15 يىل جەريانىدىكى دىنىي خىزمەتنىڭ بېشىنى ئوبدان باشلاپ
ۋە قەدەمنى ئوبدان تاشلاپ دىنىي خىزمەتنى 5 ـ ئومۇمىي يىغىندا
ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۈرەش نىشانى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىز-
مەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق،
يولداشلارنىڭ يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ بىزگە قويغان
تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىد-
نى 5 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى چوڭ فاڭجېن-
لىرى ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دىنىي خىزمەتنىڭ ئومۇ-
مىي خىزمەتلىرىدە تۇتقان ئورنىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ،
يۇكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دەۋرگە خاس تەقەززالىق
تۇيغۇسى بىلەن روھلىنىپ، دىنىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى
ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**1. دىنىي خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي خىزمەت بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك**

5 ـ ئومۇمىي يىغىندا تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى:
بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە ئىجتىما-
ئىي تەرەققىيات جەھەتتىكى ئاساسىي كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلا-
ھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش،
تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» دېگەن
ئومۇمىيلىقنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇ-

قىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش لازىم. مۇ-قىملىق— تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، تەرەق-قىيات ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن مۇقىم سىياسىي مۇھىت بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى كېرەك. بۇ ئۈچى بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە شەرت قىلىدۇ. بۇ ئۈزاققىچە چىڭ تۇرۇش لازىم بولغان ئاساسىي فاكجېن.

تەرەققىيات— مەقسەت ۋە چىڭ قائىدە. جۇڭگودىكى مەسى-لىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا تەرەققىياتقا باغلىق. تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، 9-بەش يىللىق پىلاننى ئورۇنداش ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا تايىنىش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە دىنىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلى-دىغان 100 مىليونلارچە ئاما بىلەن باغلىنىشى بار ۋە شۇ ئاما ئارىسىدا تەسىرى بار، دىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن جەھەتلىرىگە چېتىلىدۇ. دىنىي مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە دىنىي مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى مۇھىم مەسىلە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. دىنغا ئې-تىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تۈپ مەنپەئىتى بىر. مەم-لىكىتىمىزنى زامانىۋى، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭمۇ، ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭمۇ ئورتاق نىشانى. دىنغا ئېتىقاد

قىلىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلمايدىغان بارلىق ئاممىنى ئىتتىپاقلاش-
تۇرۇپ، ھەممەيلەننىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى جۇڭگوچە سوتسى-
يالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشقا مۇجەسسەملەشتۇرۇش
بىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇ-
رۇش ۋە ئىجرا قىلىشتىكى، بارلىق دىنىي مەسىلىلەرنى بىر
تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ چىقىش نۇقتىمىز ۋە ئاخىرقى مەق-
سىتىمىز.

مۇقىملىق— تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇقىم سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتى-
مائىي مۇھىت بولمىسا، ھېچنېمىدىن گەپ ئېچىش مۇمكىن
ئەمەس. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى تېزلە-
تىش جەريانىدا كۆپىنچە چىگىش-مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددى-
يەتلەر يۈز بېرىدۇ ۋە گىرەلىشىپ كېتىدۇ، بۇ زىددىيەتلەرنىڭ
بەزىلىرى بىرقەدەر گەۋدىلىكمۇ بولىدۇ. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ دى-
نىي خىزمەتتە ئەكس ئېتىشى مۇقەررەر؛ دەرۋەقە، دىنىي جە-
ھەتتىكى زىددىيەت ئاساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە كىرى-
دۇ. بىراق، دىنىي مەسىلە مەلۇم دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەش-
نىڭ ۋە خەلقئارادىكى مۇرەككەپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچ-
رايدۇ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت مەلۇم شارائىتتا ئانتاگونىزى-
لىك زىددىيەتكە ئايلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، يەنە كېلىپ
ئانتاگونىزىملىك زىددىيەت بىلەن ئانتاگونىزىمسىز زىددىيەت كۆپ
ھاللاردا گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. خەلقئارادىكى دۈشمەن
كۈچلەر دىندىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزگە سىڭىپ كىرىش،
بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە بۆلگۈنچىلىك

قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئۇدا ئېلىپ باردى. مەملىكىتىمىزدىمۇ
ئىنتايىن ئاز ساندىكى بۇزۇق ئادەملەر دىندىن پايدىلىنىپ ئامما-
نى ئالداپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇش، جەمئىيەت
تىنچلىقىنى بۇزۇش، ۋەتىنىمىزنى پارچىلاش قاتارلىق جىنايى
ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ، دىن
بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ئارىسىدىمۇ، كونكرېت
مەنپەئەت ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، زىددىيەت ۋە ماجى-
را تۇغۇلۇشى ھەتتا چوڭ ۋەقە يۈز بېرىشى مۇمكىن. يېقىنقى
يىللاردا بۇنداق مەسىلىلەر گەۋدىلىكرەك بولۇپ، بىر قىسىم
رايونلاردا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. «جارچى-
لار»، «ئومۇمىي دائىرىلىك دىنىي جەمئىيەت»، «مۇرىتلار
جەمئىيىتى» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل، قانۇنسىز تەشكى-
لاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ھەرىكەت قىلىشى، «مېنىڭ
تېز بۇرۇلۇشى»، «ئاجايىپ جىنسىي ئادەتلەر» دېگەنگە ئوخشاش
ناچار كىتابلار پەيدا قىلغان داۋالغۇش ئەنە شۇنىڭ گەۋدىلىك
مىسالىدۇر. يولداش جياڭ زېمىن: «مىللىي، دىنىي ئىشلار-
نىڭ كىچىكى يوق» دەپ كۆرسەتكەنىدى، بۇ گەپ ئىچكى-تاشقى
ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان. يولداش جياڭ زېمىن دىنىي جەھەتتە مەۋجۇت مەسىلىلەر-
نىڭ يوشۇرۇن خەۋپىنى ئوبدان ئويلاشنى، مېڭىنى سەگەك تۇ-
تۇشنى تەلەپ قىلدى. دىنىي جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى
بىرتەرەپ قىلىشتا، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە بەلگىسىگە قاراپلا ما-
ھىيىتىگە يېتىش، سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت دېگەندەك ئىشنىڭ
ئالدىنى ئېلىش، مەسىلىلەرگە تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قى-

لىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئومۇمىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىش لازىم. بۇ سىياسىي خاراكتېرلىك ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت، مەركەز سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىشنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى، دىنىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشمۇ سىياسەتكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش-ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى؛ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش— دىنىي خىزمەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى.

ئىسلاھات— جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى، ئىسلاھاتنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقى ھىمايە قىلىدۇ. ئىسلاھات— مەملىكىتىمىزدىكى ئىقتىسادىي ھايات ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە تاقىلىدىغان چوڭقۇر ئۆزگىرىش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ۋە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش تۈزۈلمىنى ۋە مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە تاقىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە قارىشىغا تاقىلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: ئىسلاھات دېگەن بۇ ئىنقىلاب ھازىرقى قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتكەنىكەن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۈستقۇرۇلمىنى ھەر جەھەتتىن مۇقەررەر ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى زامانىۋى يىرىك ئىگىلىكنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتكەنىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىنىي ساھەدىكىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، جاھانگىر-

لىككە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، دىنىي تۈزۈم بويىچە دىنىي فېئوداللىق ئىمتىيازنى ۋە ئېزىش-ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ باردى. بۈگۈنكى كۈندە دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ چوڭ يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەككى، ھەرگىز يېڭى دەۋرگە زىت كەلمەسلىكى، يېڭى دەۋر بىلەن توقۇنۇشماسلىقى لازىم. دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتا، ھەممىدىن مۇھىمى، دىن مۇرىتلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشى، سوتسىيالىزم يولىدا ئېغىشماي مېڭىشى، دىنىي پائالىيەتنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، دىنىي خىزمەت ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇ ئومۇمىي خىزمەتلەرگە ئىنتايىن مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز دىنىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ئىشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

**2. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك**

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى پارتىيىمىزنىڭ دى-

نىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى
ئاساسىي سىياسىتىدۇر، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىزچىللىد-
قىنى ساقلاش لازىم. ھازىر، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي
خىزمەت توغرىسىدىكى چوڭ فاڭجېنى بەلگىلىنىپ بولدى، گەپ
ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قالدى. شۇنىڭ
بىلەن بىرۋاقىتتا، يېڭى ۋەزىيەتتە، دىنىي خىزمەت نۇرغۇن
يېڭى ئەھۋاللارغا ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە، ئۆزگىرىپ
بېرىۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىپ، دىنغا
دائىر سىياسەتلەرنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.
زامانىۋى دۆلەتنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىدىن بىرى ئىجتىما-
ئىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت، دىنىي ئىش-
لارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. دىن ساھەسىدىكى قانۇنچىلىق
قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇ-
رۇش پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەت-
راپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشنىڭ مۇقەررەر
تەلىپى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك قا-
نۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئېھتىياجى. باشقۇرۇشنى
قانۇن بويىچە كۈچەيتىش دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتد-
نى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشقا زىت
كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى بۇ سىياسەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىز-
چىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئىككد-
سىنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ.
ئاساسىي قانۇن— دۆلەتنىڭ نېگىزلىك چوڭ قانۇنى، ئۇ
ئالىي قانۇن كۈچىگە ئىگە. ئاساسىي قانۇندا دىنىي مەسىلە

توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ناھايىتى ئېنىق. دۆلىتىمىزدە، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە پۇقرا قانۇن ئالدىدا باپباراۋەر. ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ۋە پۇقرالارغا مۇۋاپىق كەلگەنلىكى قانۇنلار دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دېگەنلىك ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار، نىزام ۋە سىياسەتلەر بويىچە باشقۇرۇش دېگەنلىكتۇر. 1994-يىلى، گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» بىلەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدىكى چەت ئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» دىنىي ساھەگە دائىر تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان خاس مەمۇرىي نىزاملاردۇر. نۆۋەتتە، دىن توغرىسىدىكى مۇشۇ ئىككى نىزامنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى بولۇپمۇ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە ئەستايىدىل تۇتۇش لازىم.

دىنىي ساھەگە دائىر قانۇن ۋە سىياسەت تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار باشلامچى بولۇپ قانۇننى ئۆگىنىشى، قانۇننى بىلىشى، قانۇنغا رىئايە قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى ئاڭلىق تۈردە قانۇن ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بې-

ـرىشقا، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداشقا، قانۇنسىز ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىشكە يېتەكلەش لازىم.

دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش «نىزام»نى ئىز-چىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم قەدەم، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشتىكى ئۇل خىزمەت، ئۇ دىنىي ئىشلارنىڭ نۇرغۇن جەھەتلىرىگە چېتىلىدۇ، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە مۇ-ھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىشلەنگەن نۇرغۇن خىزمەتلەر ئاساسىدا، بۇ خىزمەتنى داۋاملىق تۇردە 1996-يىللىق مەملىكەتلىك دىنىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە كېڭەيتىپ، سىياسەت جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، قەتئىي بوشاشماي ئەستايىدىل تۇتۇش لازىم.

دىنغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا، ھەم ئەمەل قىلىدى-غان قانۇننى بارلىققا كەلتۈرۈش، ھەم بارلىققا كەلگەن قانۇنغا چوقۇم رىئايە قىلىش، ئۇنى چوقۇم قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش تەلىپىنى ھەقىقىي ئورۇنداش لازىم. قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەرنى سۈرۈش-تۈرۈش ۋە باشقۇرۇشقا جۇرئەت قىلىش لازىمكى، قورقۇنچاقلىق قىلىشقا، مۇرەسسە-مادارا قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئارقىلىق، نۆۋەتتە دىنىي جەھەتتە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى ھەقىقىي قوغداش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدى-غان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بېرىش ۋەقەلىرى-

نى قانۇن بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئىبادەتخانا ۋە دىنىي مەدەنىيەت مەنزىرە جايلىرىنى كەلسە-كەلمەس سالىدىغان، بۇتلارنى كەلسە-كەلمەس ياسايدىغان ئىشلارنى ۋە فېئودال خۇراپاتلىققا ياتىدىغان ھەرىكەتلەرنى قەتئىي توسۇش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ، دىنىي قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققان قانۇنسىز، ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش، دىندىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش لازىم. دىندىن پايدىلىنىپ مەمۇرىي ئىشلارغا، ئەدلىيىگە، نىكاھقا، مائارىپقا ئارىلىشىۋالىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قەتئىي بىرتەرەپ قىلىش لازىم، مەملىكىتىمىزنىڭ تەۋەسىدە دىندىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان دۈشمەن كۈچلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش لازىم.

باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش مەسچىت-ئىبادەتخانىلارنىڭ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئىگىلەپ، قۇلاقنى ئۈتكۈر، كۆزنى روشەن تۇتۇپ، ئەھۋالدىن بىمالال خەۋەر تېپىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، باشقۇرۇش تېخىمۇ نىشانلىق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدۇ-دە، خىزمەتتە تەشەببۇسكارلىقنى مەھكەم ئىگىلەشكە بولىدۇ.

دىنىي خىزمەت تارماقلىرىمۇ ئۆز ئىشىنى قەتئىي قانۇن بويىچە ئىشلىشى لازىم، باشقۇرۇش تەكىتلەنسىلا دىنىي تەشكىلات ۋە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالىدىغان، ھەتتا دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنى-

شى لازىم.

دىنغا دائىر قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش لازىم. ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئىشلار تارماقلىرى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردىكى چوڭ ئىش ھېسابلاپ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئاساسەن، دىنغا دائىر قانۇنلارنى چىقىرىشنىڭ دىنىي خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، دىنغا دائىر قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا، پىلانلىق ئېلىپ بېرىشى لازىم. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، زۆرۈر خاس قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلار، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، دىنغا دائىر يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ، بۇنىڭدا يەرلىك قانۇن-نىزاملارنى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان نىزاملار بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بەش يىلدىن 15 يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق، دىنغا دائىر بىرقەدەر مۇكەممەل قانۇن-نىزام سىستېمىسى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، دىنىي ساھەنىڭ جامائەت ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئەمەل قىلىدىغان قانۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش، دىنىي خىزمەتنى پەيدىنپەي قانۇنچىلىق قېلىپىغا سېلىش لازىم.

**3. ئىشىك سىرتقا ئېچۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارىدىغان بۆلگۈنچىلىك،**

## سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە تاقابىل تۇرۇش كېرەك

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش— پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇ-
زاققىچە چىڭ تۇرىدىغان ئاساسىي فاڭجېن، ئۇ سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىيا-
جى، بىز بۇ فاڭجېندا داۋاملىق چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. مۇستە-
قىل- ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپى
ۋە باراۋەرلىك-دوستلۇق ئاساسىدا، دىنىي جەھەتتىكى تاشقى
دوستانە ئالاقىنى تېخىمۇ ئوبدان يولغا قويۇپ، چۈشىنىش ۋە
دوستلۇقنى ئالغا سۈرۈپ، ئۇنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىق-
تىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

ئىشىكنىڭ سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگە-
شىپ، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ
مەملىكىتىمىزگە سىڭىپ كىرىش قىلمىشىنى جىددىيلەشتۈرۈ-
شى مۇقەررەر. ھازىر غەربتىكى بەزى دۈشمەن كۈچلەر مەملىكە-
تىمىزنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسىنى زادى ئۆزگەرتـ-
مەي، دىنىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىشنى دۆلىتىمىزنى «پارچە-
لاش» ۋە «غەربلەشتۈرۈش» تىكى كاۋاك قىلماقتا. ئۇلار چەت
ئەلدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنى ئاشكارا قوللاپ ۋە يۆلەپ،
ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى
توپلاش تەشۋىقاتىنى غالجىرلىق بىلەن ئېلىپ بېرىپ، ئۇسۇل--
چارىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، سىڭىپ كىرىش ۋە بۇز-
غۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى جىددىيلەشتۈرمەكتە. چەت
ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى ۋە قۇتراتقۇلۇقى ئارقىسى-

دا، مەملىكىتىمىزنىڭ بەزى جايلىرىدىكى قانۇنسىز دىنىي تەش-
كىلاتلار دىننى باھانە قىلىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى-
نى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى
ئەدەپ كەتتى، ھەتتا ئۇلار ۋەقە تۇغدۇرۇپ، ئوپئوچۇقلا ھۆكۈ-
مەت بىلەن قارشىلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش،
سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى پار-
چىلاش مەقسىتىگە يېتىشكە ئۇرۇندى. بۇ ھەرىكەتلەر ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىغا ۋە سوت-
سىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشىنىڭ سۈرئىتىگە ئېغىر كاشىلا
بولدى، جۇڭخۇا ئېلىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپە-
ئەتىگە زىيان يەتكۈزدى، شۇنىڭدەك، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
كەڭ ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغىمۇ ئازار بەردى، ئۇلار مەملىكىتى-
مىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن دىنغا ئېتىقاد قىلى-
دىغان كەڭ ئاممىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىدۇر. پۈتۈن مەملىكەتتى-
كى ھەر مىللەت خەلقى چوقۇم ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ۋە-
تەن بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەيدانىدا
چىڭ تۇرۇشى، بارلىق بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئې-
نىق پوزىتسىيە بىلەن كۈرەش قىلىپ، مەملىكەت ئىچى-تېشى-
دىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە
ۋە جىنايى ئىشلار جىنايىتىگە كىرىدىغان قىلمىشلىرىغا قاتتىق
زەربە بېرىشى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسى-
ۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئور-
تاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە

قوشۇشى لازىم.

سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرۇشتا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىغا تولۇق تاي-
نىش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا تولۇق تايىنىش لازىم. دىنغا
ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامما ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدۇ، چۈنكى
ئۇلار قۇدرەتلىك ۋەتەندىلا، سوتسىيالىستىك ۋەتەن چوڭ ئائىلە-
سىدىلا ھەقىقىي دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش مۇم-
كىنلىكىنى، شەخسلەر بەختكە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى ناھايىتى
ئوبدان بىلىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەربىر ئادەم ئالدى
بىلەن ۋەتەنپەرەر بولۇشى كېرەك. مەملىكىتىمىزدە ۋەتەنپەرۋەر-
لىك بىلەن دىنپەرۋەرلىك بىرلىككە ئىگە. دىنغا ئېتىقاد قىلىدى-
غان ھەربىر ئادەم ۋەتەنپەرۋەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ،
دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدى-
شى لازىم. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى مۇستە-
قىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرالايدۇ، ئەمما ئەندىشىۋى تونۇشى مۇجمەل، ھەتتا مەيدا-
نىنى يوقاتقان، چەت ئەللەردىكى دىنىي كۈچلەر تەرىپىدىن پايدى-
لىنىپ كېتىدىغان ۋە شۇلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالىدىغان
ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرمۇ بار. دىنىي ساھەدىكىلەرگە
مىللىي غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىقنى چىڭىتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك
ۋە سوتسىيالىزم تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، تاشقى ئالاقىدە مۇس-
تەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆزى باشقۇرۇش پرىنسىپى-
دا چىڭ تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىززىتى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى
قوغداش، چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەملىكىتىمىز-

دىكى دىنىي تەشكىلاتلارنى كونترول قىلىشۋىلىش، مەملىكەتىد-
مىزدىكى دىنىي ئىشلارغا قول تىقىش يولىدىكى سۇيىقەستلىك
ھەرىكەتلىرىگە ئاگاھلىق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىش
لازىم.

سىگىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرۇشتا ئاجىز ھالقا ۋە مۇھىم نۇقتا ھېسابلانغان رايونلارنىڭ
خىزمىتىنى ئالاھىدە كۈچەيتىش لازىم. بولۇپمۇ چېگرىغا جاي-
لاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى
كىشىلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىكنى قۇترىتىش، مىللىي مۇناسى-
ۋەتكە سوغۇقچىلىق سېلىش، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش يو-
لىدىكى سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇش ھەمدە ئۇنى قانۇن
بويىچە قەتئىي چەكلەش لازىم. ھەرقايسى تارماقلار ماسلىشىپ،
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ھەج قىلىش پائالىيىتىنى
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، يوچۇقلارنى ئېتىشى، ساياھەت قى-
لىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ھەج قىلىدىغانلارنى توسۇشى
لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ دىققىتىنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش،
تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا قارىتىش لازىم. جايلار ۋە تارماقلار تاشقى
ئالاقىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدىكى چەت ئەللىك-
لەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگى-
لىمە»گە ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام ھەم سىيا-
سەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشى لازىم. ئىقتىساد، سودا، مەدە-
نىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى دىندىن
ئايرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي جەھەتتىكى تاشقى ئىش-
لار پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى چىڭىتىش،

تاشقى ئىشلار خىزمىتى ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى ئەلا بىلىش، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش، ھەممىدە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىغا بويسۇنۇش لازىمكى، كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ ئومۇمىيلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ كەلتۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىق كېرەك.

سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا مەسچىت، ئىبادەتخانىلارغا دائىر خىزمەتنى نىشانلىق ھالدا كۈچەيتىش لازىم. بۇرۇنقى ئەھۋال شۇنى كۆرسەتتىكى، بۆلگۈنچى كۈچلەر كۆپىنچە مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنى بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا پۇت تىرەپ تۇرىدىغان ئورۇن قىلىۋالىدۇ، ئۇلار مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنى تالىشىدۇ، مەسچىت، ئىبادەتخانىلاردىن پايدىلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق بىز بىلەن ئېلىشىدۇ، بەزى قانۇنسىز ۋەقەلەر مەسچىت، ئىبادەتخانىلاردىن باشلانغان. بەزى مەسچىت، ئىبادەتخانىلار بۇزۇقلارنىڭ پاناھگاھى بولۇپ قالغان، ئۇلار يا مەسچىت، ئىبادەتخانىلارغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، يا دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىيىنلاشتۇردى. شۇڭا، مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنىڭ خىزمىتىگە بەك دىققەت قىلىش، زۆرۈر تېپىلغاندا مۇناسىپ تۇردە تەرتىپكە سېلىش لازىم. مەسچىت، ئىبادەتخانىلار دۆلەتنىڭ دىنغا دائىر قانۇن-نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان

ئورۇن بولۇشى كېرەككى، ھەرگىز دۈشمەن كۈچلەر بۆلگۈنچى-لىك قىلىش، سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان تايانچ پونكىت بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

جايلار، تارماقلار ھەر جەھەتتىكى كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇپ، چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ تۇرۇشى، جاۋابكارلىقنى ئايدىڭ-لاشتۇرۇپ، ھەمدەملىكنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇشى، دىنىي جەھەتتىكى تاشقى ئىشلار خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

**4. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك**

ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. دىنىلار-نىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە-سى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى چوڭقۇر، كەڭ ۋە ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ مەسچىت، ئىبادەتخانا، چېركاۋلارنىڭ دىنىي پائالىيىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلارغا تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇلار شۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنسۇنكى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتۇلدۇرالايدۇ، جۇڭگونى پە-قەت سوتسىيالىزملا راۋاجلاندۇرالايدۇ. «ۋەتەنپەرەرلىك تەربى-يىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى تۈرلۈك شەكىللەر بى-لەن ئىزچىللاشتۇرۇش، بۇ تەربىيىنى بولۇپمۇ دىنىي مەكتەپ-لەردە ئىزچىل ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش

كېرەككى، بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق تەشكىلات جۇملىدىن ھەرقانداق دىن قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى قوغدىشى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم. ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق تەشكىلاتنىڭ جۇملىدىن ھەرقانداق دىننىڭ دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىشىغا، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىشىغا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىشىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. ھەركىم ئەنە شۇ «تۆتنى قوغداش»نى مىزان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشى لازىم.

تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. يىراقنى كۆرىدىغان سەزگۈرلۈككە ۋە رېئال تەقەززالىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش لازىم. بۇ يىلدىن باشلاپ، مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ئارقا-ئارقىدىن نۆۋەت ئالماشتۇرىدۇ. تولۇق مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدا، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىشىغا، پېشقەدەملەر بىلەن يېڭىلارنىڭ ئالمىشىش مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىش لازىم. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي مەلۇماتى خېلى يۇقىرى بولغان، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان ياش دىنىي خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى چىڭ تۇتۇپ يېتىشتۇرۇشكە ھەمكارلىشىش لازىم. ھازىرغىچە ھەرقايسى

دىنلار بىر تۈركۈم ياش دىنىي خىزمەتچىلەرنى يېتىش- تۈردى، ئەمما ئۇلارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇق، بۇ تەشكىلاتلار دىنىي پائالىيەت- نىڭ قانۇن، نىزام ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاساسىي قاتلامدىكى ئىبادەتخانا، مەسچىت، چېركاۋلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتىنى قۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم. مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ قۇ- رۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. مەسچىت، ئىبادەتخانى- لارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىت، ئىبادەتخانىلارنى باشقۇرى- دىغان تەشكىلات، ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرى ۋە سىياسەت- لىرىگە باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى، مەسچىت، ئىبادەت- خانىلارنى باشقۇرۇش بۇرچىنى ئوبدان ئادا قىلىشى لازىمكى، نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالسا، جاۋابكارلىقىنى تاشلاپ قويسا ھەرگىز بولمايدۇ، ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىل- سا، بۇزۇقلارنىڭ چاقچىلىغا چۈشۈپ قېلىپ، شۇلارنىڭ كەتمى- نىنى چاپسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەرقايسى دىنلاردا ھازىر بەزى قالايمىقانچىلىقلار ئوخشاش بول- مىغان دەرىجىدە مەۋجۇت، بۇنىڭدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر سە- ۋەب مۇكەممەل قائىدە-تۈزۈمنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش

ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ۋە ياردەم بېرىش لازىم-كى، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئەمەل قىلىدىغان تۈزۈم بولسۇن.

سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن دوست بولۇش، ئىشتا ئۇلار بىلەن كۆپرەك مەسلىھەتلىشىش، ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق سېلىش لازىم. ئۇلارنىڭ بەزى كەمچىلىك ھەتتا خاتالىقلىرىنى ياخشى كۆڭۈل بىلەن تەنقىدلەش لازىم. ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا چوقۇم ۋاقتىدا ياردەملىشىش لازىم. بىز ئۆزىمىزنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق ئۇلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئۆزىمىزنىڭ تەربىيىسى ۋە ياردىمى ئارقىلىق ئۇلارنى ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىننى سۆيىدىغان ئۇلگىلەرگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

**5. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك**

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دىنىي خىزمەتكە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يېقىنقى بىر-ئىككى يىل مابەينىدە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى دىنىي مەسىلىنى كۆپ قېتىم مۇھاكىمە قىلدى، جياڭ زېمىن، لى پىڭ، چياۋ شى، لى رۇيخۇەن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، چوڭ-

چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە دىنىي خىزمەتنى باشقۇرىدىغان رەھبىرىي يولداش بولۇشى، دىنىي خىزمەت ھۆكۈمەت مۇھاكىمە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈشى، رەھبەرلىك ۋە ماسلاشتۇرۇش كۈچەيتىلىشى لازىم. جايلار ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي خىزمەتنى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئارا مەزگىللىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىغا كىرگۈزۈشى لازىم. دىنىي خىزمەتكە مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلار ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ۋە زۆرۈر دىنىي ساۋاتلارنى ئۆگىنىشى، ئومۇمىيەتكە، سىياسىي يۆنىلىشكە ۋە توپ پرىنسىپقا چېتىلىدىغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە ئىنتايىن سەگەك ۋە قەتئىي بولۇشى، تۇرۇپ «سول» غا، تۇرۇپ ئوڭغا ئېغىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەمەلىيەت پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە توغرا رەھبەرلىك قىلغان جايدا دىنىي خىزمەتنىڭ ياخشى ئىشلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ يەردە چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ دىنىي خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشنىمۇ تەكىتلىمەكچىمەن. بۇ رايونلاردا دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا كۆپ، يەنە كېلىپ مىللىي مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلە كۆپ ھاللاردا ئىرماش-چىرماش بولۇپ كېتىدۇ؛ بۇ رايونلار دۈشمەن كۈچلەر بۆلگۈنچىلىك قىلىش، سىڭىپ كىرىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان نۇقتىلىق رايونلار بو-

لۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ رايونلارنىڭ دىنىي خىزمىتىگە ئالاھىدە ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلىپ، كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

دىنىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشتە بۇ خىزمەتنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭغا دائىم ۋە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مەركىزىي خىزمەت بىلەن دىنىي خىزمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ئاساستا تونۇش ۋە بىرتەرەپ قىلىش لازىم. شۈبھىسىزكى، ھەرقانداق چاغدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا دىنىي خىزمەتكە سەل قاراشقىمۇ بولمايدۇ. دىنىي خىزمەت جەھەتتە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشتە دادىل جاۋابكار بولۇش، نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى، ھەممە قىزىقىدىغان مەسىلىلەرنى، قىيىن مەسىلىلەرنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. دىنىي مەسىلىنىڭ نازۇكلۇقىغا قاراپلا ئارىسالدى بولۇپ، تەمتىرەپ يۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ، قانۇن-نىزام، سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئىگىلەپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ئۇسۇل ۋە تاكتىكىغا ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلا بولسا، ھەرقانچە قول تۇتىدىغان مەسىلىنىمۇ ئوبدان بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە پۇختا ئىشلەش لازىم. شۇ رايون، شۇ تارماقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ فاڭجېنلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇنى كونكرېت ھەرىكەتكە، كۆزگە چېلىقىدىغان، قولغا ئۇرۇنىدىغان نەتىجىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. ئىستىلنى ياخشىلاش، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش، ئاساسىي

قاتلاملاردىكى مەسىلىلەرنى بىلىش ۋە ھەل قىلىش، خۇسۇسەن يېڭى ئەھۋاللارنى مۇھاكىمە قىلىشقا، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر-نى ۋاقتىدا سېزىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىنىمۇ دەسلەپىدىلا بىلىپ ۋە ئىگىلەپ، بىخ ھالى-تىدىلا پەسەيتىش ۋە بىرتەرەپ قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي خىزمەت قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. نۆۋەتتە، ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتىدا بەزى دىنىي خىزمەت تارماقلىرى باشقا ئاپپاراتقا قوشۇۋېتىلدى، بۇنداق ئاپپاراتلار دىنىي خىزمەتنى بو-شاشتۇرۇپ قويسا بولمايدۇ. ئۆلكىدىن تۆۋەن جايلاردىكى ئاپپا-رات ئىسلاھاتىدا دىنىي خىزمەت ئاپپاراتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى دىنىي خىزمەت ۋەزىپىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشىنى تولۇق نەزەردە تۇتۇش كېرەك. دىنىي خىزمەت تارماقلىرىغا ۋە دىنىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلارغا سىياسىي جەھەتتىن، خىز-مەت جەھەتتىن ۋە تۇرمۇش جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك دىنىي خىزمەت تارماقلىرىمۇ خىزمىتىنى پارت-كومغا ۋە ھۆكۈمەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوكلات قىلىپ، يولىيورۇق سورىشى، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

دىنىي خىزمەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم خىزمىتى، دىنىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى، ئورتاق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن چاقىرىلىشتىن بۇرۇن، مەركەزگە قاراشلىق

ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ بىر يىغىن ئاچتىم، يىغىندا گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مەخسۇس ئاڭلىدۇق، بۇنىڭ ئەھۋالدىن ئۆز-ئارا خەۋەردار تېپىپ، چۈشىنىشنى كۈچەيتىشكە، دىنىي خىز-مەتتىكى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىش-قا، ئۆزئارا ماسلىشىپ دىنىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشكە ناھا-يىتى ياردىمى بولدى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىرەر كونكرېت تارماق ياكى ئورۇننىڭ زاۋۇت، يېزا، مەكتەپ، مە-ھەللە ۋە ئىدارىنىڭ تەۋەلىكىدە بولىدۇ، شۇڭا ھەرقايسى تارماق-لار دىنىي خىزمەتكە مەدەت بېرىشتە ۋە ماسلىشىشتا ئۆز قارىمى-قىدىكى ئادەملەرنى ئوبدان باشقۇرۇشى، ئۇلارغا ئىدىيىۋى خىز-مەتنى كۈچەيتىشى، قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشى، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى لازىم. ئەنە شۇنداق تەڭ قول سېلىپ، بىرلىكتە باشقۇرغاندىلا، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا: پارتىيىلىك كادىرلار ئۆگە-نىشنى تەكىتلىشى، سىياسەتنى تەكىتلىشى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلىشى لازىم، دەپ تەكىتلىدى. دىنىي خىزمەت بىلەن شۇ-غۇللىنىدىغان كەڭ كادىرلاردا يۈكسەك كەسپچانلىق، مەسئۇلى-يەتچانلىق ۋە تەقەززالىق تۈيغۇسى بولۇشى لازىم. ئۇلار ماركسىزملىق دىن نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىيا-سەتلىرىنى ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ دىنىي خىز-مەت توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايى-دىل ئۆگىنىشى، كەسپىي بىلىملەرنىمۇ ئوبدان ئۆگىنىشى

لازىم. ئىستىلى توغرا، خىزمەتتە تىرىشچان-پاك بولۇشى، كەڭ دائىرىدە دوست تۇتۇشى، ئاممىا بىلەن ئالاقە باغلىشى، تۆھپىكارلىق روھىغا ئىگە بولۇشى لازىم. يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ياش كادىرلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشى، ئۇلار-نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

يولداشلار، دىنىي خىزمەتنىڭ چوڭ قاڭجىڭى بەلگىلىنىپ بولدى، ئەمدى گەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە قالدى. بۇ يىل 9-بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلىدىغان 1-يىل، يولداشلارنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دىنىي خىزمەت توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇ يىلقى خىزمەتنى ئەستايىدىل تۇتۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك دىنىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەر-كىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ نىشا-نىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشنى ئوبدان باشلىشىنى ۋە قەدەمنى ئوبدان تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# مىللىي خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى*

(1996-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى)

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى داۋامىدا، ئېلىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1992-يىلى چاقىرىلغان مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىدا 90-يىللاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ چوڭ فاڭجېنى ۋە ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ئېنىق بەلگىلەندى؛ 1994-يىلىنىڭ بېشىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىش-

---

* بۇ—يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

لەشنىڭ يۈنىلىشىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى؛ شۇ
يىلى 9-ئايدا چاقىرىلغان 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي
ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى مىللىي ئىت-
تىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى پائالىيىتىنى يېڭى دولقۇنغا كۆ-
تۈردى. مەركەز مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە مەركى-
زىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى-
نىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەش-
تۈرۈش ئېلىمىزنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مىللىي
خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتى-
كوملار ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇ-
رۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي ئىگىلىك-
نى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنى مىل-
لىي خىزمەتتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش قاتارىدا چىڭ
تۇتۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك
ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇردى؛ ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ماسلىشى-
شى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قوللىشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت-
لەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلە-
تىش ئۈچۈن ئالاقىدار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى تۈزۈلۈپ،
يار-يۆلەك بولۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش،
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىقتىساد-مەدەنىيەت ئىشلىرى تېز را-
ۋاجلاندى، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تېخىمۇ كۈچەيتىلدى،
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە پەن- تېخنىكا خادىملىرى
قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز

سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىق مەسىلىسى پەيدىنپەي ھەل قىلىنماقتا. ئامما نىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئۆستى؛ ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى چوڭ ئىشنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزلىرىنى تاۋلىدى ۋە ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە كېيىنكى ئەسىردىكى مىللىي خىزمەت ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىندى ۋە تەجرىبىلەر جۇغلاندى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، مىللىي خىزمەتنىڭ تەرەققىياتى ئانچە تەكشى ئەمەس، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەر كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. شۇڭا، بىز ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىمىزغا توغرا باھا بېرىپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرگە دىققەت-ئېتىبار بىلەن قاراپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، پەيتنى پەملەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا، ئەسىر ئالمىشىدىغان ھالقىلىق پەيتتىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە 2010-يىلىغىچە بولغان جەرياندىكى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا دائىر كۆرەش نىشانى، يېتەكچى فاڭجېن، ئاساسىي ۋەزىپىلەر، ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش

ۋە ئاساسىي سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېقىندا يېپىل-
غان 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4-يىغىنىدا
خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ
9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى
نىشان پروگراممىسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. بۇ كۈرەش
نىشانى ئېلىمىزنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، كېيىنكى ئەسىر-
نىڭ باشلىرىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ
گۈزەل ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
ئۆز-ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان، جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆر-
لەيدىغان ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە يۈكسەك ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.
9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە ئەسىر ھالقىيدىغان ھەرىكەت پروگ-
راممىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش
—پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
سىياسىي ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. «پروگراما» دا بەلگىلەنگەن
ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش—جۇڭخۇا مىل-
لەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ
گۈللەپ ياشنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي
يىغىنى ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
4-يىغىنىدا مىللىي خىزمەت توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تە-
لەپلەرگە بىنائەن، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەن-
گەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىغا ئاساسەن، بۇنىڭدىن كې-
يىنكى بىر مەزگىللىك مىللىي خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

ۋە بۇ ھەقتىكى ئاساسىي تەسەۋۋۇر مۇنداق: يولداش دېڭ شياۋ-
پىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە-
نىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە
پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ «پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلا-
ھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش،
تەرەققىياتنى تېزلىتىش، مۇقىملىقنى ساقلاش» تىن ئىبارەت ئو-
مۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇش ۋە خىزمەت قىلىش، ئىسلاھات،
تەرەققىيات، مۇقىملىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر-
تەرەپ قىلىش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بايرىقىنى ئې-
گىز كۆتۈرۈپ، مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش،
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىجتىمائىي
مۇقىملىقنى قوغداپ، ۋەتەننى پارچىلايدىغان ۋە مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە قەت-
ئىي قارشى تۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىساد،
مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمە-
كارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇس-
تەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئور-
تاق گۈللىنىشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈش. رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۇردە كۈچەيتىپ، خىزمەت
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىككى نىشان (9-بەش يىللىق پىلان

ۋە 15 يىللىق كەلگۈسى نىشان) ۋە ئىككىنى ئۆزگەرتىش (ئىق-تىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆز-گەرتىش) نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مىللەت نەزەرىيىسى سىس-تېمىسىنى ۋە مىللىي قانۇن-نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قى-لىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇشۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈز زىممىسىگە ئالالايدىغان زور كۆلەمدىكى كادىرلار قوشۇنىنى، پەن-تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنى ۋە سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇ-نىنى بەرپا قىلىش. 2000-يىلىغا بارغاندا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئومۇم-يۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىل-لىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈ-زۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللەتلەر تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتىدىغان، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. 2010-يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇ-مىي قىممىتى 2000-يىلدىكىدىن بىر قاتلىنىپ، خەلقنىڭ ھال-لىق تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشاتلىققا ئېرىشىپ، بىرقەدەر مۇكەم-مەل بولغان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنغان چاغدا، مىللىي مۇناسىۋەت يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇ-لۇپ، تېخىمۇ ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىققا ئىگە ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گۈللىنىدىغان تەرەققىيات يولىدا ئالغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلايدۇ.

مىللىي خىزمەتنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەش ئارقىسىدا،

1994 -يىل 1-ئايدا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ يولىيورۇقلىرىنىڭ روھى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي خىزمەتنىڭ كۈرەش نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق، خۇنەن قاتارلىق جايلارنىڭ تەجرىبە تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، كۆپچىلىك ناھايىتى رىغبەتلەندى ۋە ئىلھاملاندى. تۆۋەندە مەن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەسىر ئالمىشىدىغان ھالقىلىق پەيتتە مىللىي خىزمەتنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا بىرنەچچە تۈرلۈك پىكىر بايان قىلماقچىمەن.

**1.توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە سەگەك ۋە قەتئىي بولۇپ، مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش**

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە پۈتۈن پارتىيە، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردىن «چوقۇم سىياسىي تەكىتلەش»نى تەلەپ قىلدى. سىياسەتنى تەكىتلەش—پارتىيىمىز ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ ۋە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن پرىنسىپ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا سىياسىي كاپالەت بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىسلاھاتقا، زامانىۋىلاشقان پەن-تېخنىكىغا بىز-

نىڭ سىياسەتنى تەكىتلىشىمىز قوشۇلسا، قۇدرەت كۆپ چوڭ بولىدۇ. سىياسەتنى ھەرقانداق ۋاقىتتا تەكىتلەش كېرەك».

سىياسەتنى تەكىتلەش كېرەك دېگەنلىك پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ تېز يۈكسەلدۈرۈش كېرەك دېگەنلىكتۇر. مىللىي خىزمەتتە سىياسەتنى تەكىتلەشنى مىللىي خىزمەتنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «مىللىي ۋە دىنىي ئىشلارنىڭ كىچىكى يوق» دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەنلىكى مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللىي خىزمەت مەملىكەتنىڭ بىرلىكىگە، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ۋە مىللىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلىرىمىز يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىغا، مۇرەككەپلىكىگە، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە سەگەكلىكنى ۋە قەتئىيلىكنى ساقلىشى لازىم.

ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتىن ئالغاندا، مىللىي خىزمەتتە سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچىنى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش كېرەك. خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، بىزنى «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» ھەرىكىتىنى كۈچەيتىپ، مەملىكەت ئى-

چىدىكى ياكى چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى قوللىماقتا. بۇ مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، سىياسىي پەرق ئېتىش كۈچى ۋە سەزگۈرلۈكنى ئۆستۈرۈپ دۈشمەن بىلەن ئۆزنى پەرق ئېتىپ، ھەق-ناھەقنى ئايرىپ، ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا پەرق ئېتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. خەلق ئىچىدە مەنپەئەتنى تەڭشەش ۋە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە، دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلماسلىق تۈپەيلىدىن بەزى ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، ئىشنى توغرا تەرەپكە يېتەكلەپ، زىددىيەتنى ۋاقتىدا يۇمشىتىپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىش كېرەك.

مىللىي خىزمەتتە سىياسەتنى تەكىتلەش كېرەك دېگەنلىك توغرا سىياسىي مەيداندا ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. سىياسەتنى تەكىتلەش كېرەك دېگەنلىك ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، ھەرىكەت جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىكنى قەتئىي ساقلاش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ ئەڭ زور سىياسەت، شۇنداقلا پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى دېمەكتۇر. مىللىي خىزمەت كادىرلىرى ئومۇمىيلىق ئېڭىنى، ئومۇمىي ۋەزىيەت كۆزقارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، پارتىيىۋىلىك مەيدانىدا، پارتىيە سىياستى مەيداندا قەتئىي چىڭ تۇرۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

نوپۇزىنى ئاڭلىق قوغدىشى، ئىدىيىنى، قەدەمنى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم. ئاممىۋى لۇشيەن — پارتىيىنىڭ تۈپ خىزمەت لۇشيەنى. مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىشى، كەڭ خەلق ئاممىسى مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئاساسىي قوشۇن. مىللىي خىزمەت ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، مەنبەسىز سۇغا، يىلتىزسىز دەرەخقە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغاندا، ئىش بېجىرگەندە، تەدبىر بەلگىلىگەندە، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئاممىغا تايىنىشنى، ھەقىقىي رەۋىشتە ئاممىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئاساسىي مەقسەت ۋە ئاخىرقى نىشان قىلىشىمىز، ئىدىيە جەھەتتە ئاممىغا ھۆرمەت قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە ئاممىغا غەمگۇزار بولۇش، ھەرىكەت جەھەتتە ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، خىزمەت جەھەتتە ئاممىغا يۆلىنىش دېگەن تەلەپنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئورۇندىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، مىللىي خىزمەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرەلەيمىز، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

قىسقىسى، مىللىي خىزمەتتە سىياسەتنى تەكىتلەش كېرەك دېگەنلىك ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە، ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىخلاس بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈن-

چىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك دېگەنلىكتۇر.

## 2. مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش

مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بەلگىلىگەن. ئىناق مىللىي مۇناسىۋەت، مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت — 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دېگەنىدى. ھەر مىللەت خەلقى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ۋەتىنىمىزنىڭ روناق تېپىشىنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات — مىللىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ماددىي ئاساسى. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پايدى-

لىق. لېكىن، بۇ ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا، مىللىي مەسىلە
ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ
كېتىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىش-
قا ئاشۇرۇشتا، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياستىنى ئومۇميۈز-
لۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر-
نىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتو-
نومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتتە كۆرۈلگەن يېڭى
ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، مىللىي باراۋەرلىك
ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز بولغان بارلىق ئامىللارنى
تۈگىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۇلۇغۋار نىشاننى ۋە ئورتاق
غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىدى-
غان، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان قىلى-
شىمىز كېرەك.

مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مىللىي ئىتتىپاق-
لىقنى كۈچەيتىشتە، چوقۇم ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە
پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى توغرىسىدىكى تەشۋىقات ۋە تەربى-
يىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىشى،
ئىتتىپاقلىشىشى، ھەمكارلىششى، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلى-
شى، ئۆزئارا ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي ئىتتىپاق-
لىقنى ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇش لازىم. خەن-
زۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئاز سانلىق
مىللەتلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-

ۋەتنى ياخشىلاش لازىم، ئاھالىسى كۆپ مىللەتلەر ئاھالىسى ئاز مىللەتلەرنى ھۆرمەت قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كەڭ قورساقلىق خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، مىللەتلەرنى ۋە-تىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە ئىناق ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك— ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ۋەتىنىگە بولغان يال-قۇنلۇق ۋە گۈزەل مۇھەببىتىدۇر. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش— پۇقرالارنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتى ۋە ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى. ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ مىللىتىگە مەنسۇپ، لېكىن ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە مەنسۇپ؛ ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ئۈ-چۈن ئالدى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى سۆيۈش كېرەك. دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ھەممىدىن ئەلا ۋە ھەممىدىن مۇھىم. دۆلەت قۇدرەت تاپقان ۋە بىرلىككە كەلگەندىلا، ھەرقايسى مىللەتلەر تەرەققىي قىلالايدۇ ۋە ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدىلا ئۆزد-نىڭ قەدىر-قىممىتىنى تاپالايدۇ، ئورتاق گۈللىنىش يولىغا ماڭالايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسى بار، ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ تارد-خىنى ۋە مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە ياراتقان. جۇڭخۇا خەلق جۇم-ھۇرىيىتىنى بىرلىكتە قۇرۇپ چىققان، ئۇلار يېڭى جۇڭگونىڭ بىرلىكىنى بىرلىكتە قوغدىدى ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىد-شىنى بىرلىكتە ئىلگىرى سۈردى. ھەر مىللەت خەلقى شانلىق

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش
قىلىپ، بىرلىكتە زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشى لازىم.

مىللىي ئىتتىپاقلىقنى قوغداش ۋە قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆر-
مىتىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەڭ ھەر مىللەت
كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ
ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، ئىنتايىن
ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە تۈرلۈك ئېغىر
جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇرلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قال-
دۇرۇپ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى نۇقتىلىق ۋە نىشانلىق
ھالدا ياخشى ئىشلەش كېرەك. مەسىلەن، شىزاڭ، شىنجاڭ ۋە
نىڭشيالاردا مۇقىملىق جەھەتتە بىرقەدەر گەۋدىلىك مەسىلىلەر
مەۋجۇت. يېقىندا، مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق
خىزمىتىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى، بۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلى-
يىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. نۆۋەتتە، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە
قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر
يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ بولۇپ قالدى. ئىجتىمائىي مۇقىم-
لىقنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش— مىللىي خىزمەت
تارماقلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى. بىز ئىدىيە-
نى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مەركە-
زىي كومىتېتنىڭ تەلىپىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، تۈرلۈك
خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، خاتىرجەم شارائىتتا تۇرغاندا
خەۋپ-خەتەرنى ئويلاش، خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەلە-

ىىنى ھەقىقىي ئورۇندىشىمىز كېرەك.

مىللىي ئىتتىپاقلىق- تەرەققىيات نەمۇنىچىلىرىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇش يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي ئىتتىپاق- لىقنى كۈچەيتىش، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ياخشى شەكىل بولۇپ، بۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ھەمدە كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە- رەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدىن كېيىن، ھەر- قايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى ۋە ھاسىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ پائالىيەت يەنە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى، مىللىي خىزمەت تار- ماقلىرى ماسلاشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بۇ پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشتا، جانلىق، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىش كېرەك، مەسىلەن، بەزى جايلار «مىللىي ئىتتىپاقلىق- تەرەققىيات ئېيى»، «مىل- لىي ئىتتىپاقلىق- تەرەققىيات ھەپتىلىكى» قاتارلىق شەكىللەر- نى قوللانغان، بۇ ياخشى شەكىللەرنى دائىملىققا، تۈزۈمگە ئايلان- دۇرۇش لازىمكى، بىردەملىككە قىزىقىپ، بىراقلا سۇسلاشتۇ- رۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. مۇسابىقىلىشىش، سېلىش- تۇرۇپ باھالاش ۋە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، تىپلارنى تۇتۇپ، ئۈلگە تىكلەپ، سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، يار- دەم بېرىش پائالىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، پۈتۈن جەمئى-

يەتنى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى قوللايدى-غان، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، قاتنىشىدىغان قىلىش كې-رەك. بۇنىڭدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىشتىن سىرت، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى سىستېمىلار، ھەرقايسى تارماقلارمۇ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن نە-مۇنىچى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى كېرەك. بۇ خىزمەتنى مىللىي خىزمەتنىڭ نورمال ئىزىغا سېلىپ، ياخشى پىلانلاش، ئەستايىدىللىق بىلەن يولغا قويۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمى-گە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەي-تىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقنى ئازايتىش توغرىسى-دىكى سىياسەت، تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا پايدىلىق بولغان ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايون-لىرىنىڭ يېڭى قۇرۇلۇش دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈ-ۋېلىش كېرەك.

**3. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى قەدەمنى پۇختا تاشلاش ئىشنى ياخشى باشلاش**

ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات باش-تىن-ئاخىر مىللىي خىزمەتتىكى ئاساسىي تېما بولۇپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى پۈتكۈل

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەت-لىك. بىز مىللىي خىزمەتتە چوقۇم پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇش-يەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىقتىسا-دىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ-رەك خىزمەت ئىشلىشىمىز، كۆپرەك ئەمەلىي ئىشلارنى قىلى-شىمىز كېرەك. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-تىيىنىڭ 4-يىغىنىنىڭ روھىدا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-نىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ مەزمۇنلار بار، ئۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) رايونلار ئىقتىسادىنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي كى-چىكلىتىش. كۆپ خىل ئامىللار تۈپەيلىدىن، رايونلارنىڭ ئىق-تىسادىي تەرققىياتىدىكى پەرق چوڭايماقتا. ئىستراتېگىيە جە-ھەتتىن قارىغاندا، دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئاۋۋال تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىنىڭ ئۆزى چوڭ ئومۇمىيلىق، ئىچكى جايلار بۇنداق ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك. ئۇلار تەرەققىي قىلىپ مەلۇم ۋاقىتقا يەتكەندە ئىچكى جايلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى ۋە ئۇلارنى قوللىشى كېرەك، بۇمۇ ئومۇمىيلىق، دېڭىز بويىدى-كى رايونلارمۇ بۇ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى كېرەك.

(2) 9-بەش يىللىق پىلاندىن باشلاپ، ئىچكى جايلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، پەرق-

نىڭ چوڭقىيىپ كېتىش ۋەزىيىتىنى پەسەيتىشكە پايدىلىق بولغان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنىڭ سالمى-قىنى پەيدىنپەي ئاشۇرۇش، پەرقنى كىچىكلىتىش يۆنىلىشىگە قاراپ پائال تىرىشىش كېرەك.

(3) دۆلەت كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسىمدىكى تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىي قى-لىشىغا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ۋە ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىشى كېرەك؛ بۇنىڭدا ئاساسلىقى، مەركەز مالىيىسى-نىڭ قېلىپلاشقان يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قو-يۇش؛ ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاش-تۇرۇش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشقا پائال ئىلھاملاندۇرۇش؛ بايلىق خاراكتېرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھا-سىنى قائىدىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش؛ بايلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەي-دىغان ۋە ئەمگەك كۈچىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپلەرنى قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا يۆتكىلىش-كە يېتەكلەش.

(4) شەرقىي قىسىمدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايونلار ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا يار-دەم بېرىشى لازىم؛ رايونلار ئارىسىدا بىر-بىرىنى ئۆز ئۈستۈنلۈ-

كى بىلەن تولۇقلاش، مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇش ۋە توغرا لىنىيە-لىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش.

(5) دۆلەتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانى ۋە سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 2000-يىلغا بارغاندا ھازىرقى نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئاھالىنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن سىياسەت، تەدبىرلەر يولغا قويۇلىدىغان بولسا، كەلگۈسى 15 يىل ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تازا ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولىدىغان، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدىغان 15 يىل بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش ۋە تەكلىپلەرنى بېرىش، ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا قاتنىشىش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىش، ئىلغار تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش، ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلۇغۋار پىلاننى گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭكەش تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق

مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش تەلىپىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىش، «تۆت تەلەپ» كە لايىق پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈشنى تۈپ نىشان قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، سوتسىيالىزم ۋە يېڭى دەۋردىكى ئىگىلىك يارىتىش روھى ھەققىدىكى تەربىيىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، ياش-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي تەربىيە ۋە كارخانىلار، يېزىلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولۇپمۇ ئەسىر ھالقىيدىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ مەردانە قىياپەت بىلەن ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشى، 21-ئەسىرگە قەدەم قويۇشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك.

## 4. ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، مىللىي خىزمەت سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش

ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش— ماركسىزمنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم فاڭجېن قىلىش كېرەك. مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار، تەبىئىي شارائىت، تارىخىي ئەھۋال قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇپ، نىشانلىق ئوق ئاتقاندىلا خىزمىتىمىز تېخىمۇ مول ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق بىرنەچچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي خىزمىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى— دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە

سىياسىتى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ يولى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە 156 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي (بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 121 ئوپتونوم ناھىيە) بار. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي خىزمىتىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي خىزمىتىدە، جەزمەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ۋە پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق ئىشلىتىپ، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ماددىي-مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مىللىي قانۇن-نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، تۇرلۇك قانۇن، قانۇن-نىزاملارنى تۈرغۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنىي نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى تاكاموللاشتۇرۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ،

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتى-
لىشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى
تۇرۇش كېرەك. ئەسىر ھالقىيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىر-
لىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش،
پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئىگىلىك-
تىن خەۋىرى بار، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان، بىلىم قۇرۇلمىسى
مۇۋاپىق بولغان پەن-تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنى بەرپا قى-
لىش، كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسىنى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش
تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سانائەت
ئىشچىلىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش لازىم. ئاپتونومى-
يىلىك جايلار بىلەن دۆلەتنىڭ، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان
مىللەتلەر بىلەن ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان مىللەتلەرنىڭ
مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەك. ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلار-
دىكى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان
فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇپ، مىللىي خىزمەت جەھەتتە مۇھىم
ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا ئۇلار ئاپتونومىيىلىك جاي-
لاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە يېڭى ئەھ-
ۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشى، يۈ-
رەكلىك ھالدا ئىزدىنىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت
قىلىپ، مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك رولىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇشى، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈ-

رۇشى لازىم.

مىللەتلەر ئارىلاش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ مىل-لىي خىزمىتى. مىللەتلەر ئارىلاش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان جاي-لارنىڭ مىللىي خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش مىللەتلەرنىڭ بارا-ۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. مىللەتلەر ئارىلاش، تارقاق ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ مىللىي خىزمىتىدە، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، پارتى-يىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر-نىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇ-رۇش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. «شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمەت نىزا-مى» ۋە «مىللىي يېزىلارنىڭ مەمۇرىي خىزمەت نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىم. «خەنزۇ-لارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىقى» ھەققىدىكى ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش، چوڭ شەھەرلەر ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارنى سىرتقا نىسبەتەن دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى نامايان قىلىدىغان كۆزنەكى قىلىپ قۇرۇشقا تىرىشىش، چوڭ شەھەرلەر ۋە دېڭىز ياقىسىدى-كى تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ مەبلەغ، تېخنىكا ئۈستۈنلۈكىنى

جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىشنى ۋە ئىقتىسادىي-تېخنىكا ھەمكارلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

نامرات رايونلارنىڭ مىللىي خىزمىتى. ئاز سانلىق مىللەت نامرات رايونلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چەت، يىراق، قاتنىشى قولايسىز، تەبىئىي شارائىتى ناچار، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى يامان، ئاپىتى تولا، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى قالاق، يار-يۆلەككە ئىگە بولۇشى تەس، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سۈرئىتى ئاستا، يەنە كېلىپ قايتا نامراتلىنىش نىسبىتى يۇقىرى جايلارغا جايلاشقان. مۇشۇنداق جايلاردا، مىللىي خىزمەتنى جەزمەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىش، مىللىي خىزمەتنىڭ تۇرلۇك ۋەزىپىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا قارىتىپ، دۆلەتنىڭ يەتتە يىلدا 80 مىليون ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بويىچە قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت نامرات رايونلىرىغا قاراتقان مايىللىق سىياسىتىنى ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ «دەردىگە دەرمان» بولۇپ، پارتىيىنىڭ مېھرى-شەپقىتىنى ۋە غەمخورلۇ-

قىنى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا يەتكۈزۈش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەپ، يوقسۇللارنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي كەيپىياتنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنى مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، «ئۈمىد قۇرۇلۇشى»غا ئوخشاش جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، ئىشچان قولى ۋە ھالال تەرى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

چېگرا رايونلارنىڭ خىزمىتى. دۆلىتىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسى 21 مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلاردا، يەنە كېلىپ 30 نەچچە مىللەت چېگرا سىرتىدىكى ئوخشاش مىللەت بىلەن قوشنا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بەزىلىرى تېخى ئوخشاش دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ قانداق بولۇشى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، چېگرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرى مۇقىم، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاق ياشاپ كەلمەكتە، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە لۇشيەنى ۋە سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە ئېلىمىزنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق

قوشنىدارچىلىق دوستانە مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئىجابىي رول ئوينىماقتا. لېكىن بەزى يوشۇرۇن ئاپەتلەرمۇ مەۋجۇت، ئاساسلىقى سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، بۆلگۈن-چىلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، خەلقئارادى-كى دۈشمەن كۈچلەر ئىزچىل رەۋىشتە چېگرا رايونلارنى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى ھېسابلاپ، مەملى-كەت ئىچىدىكى ۋە چەتكە قېچىپ كەتكەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بەزى چېگرا رايونلاردا بۆلگۈن-چىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىپ، شوئارلارنى چاپلاپ، پارتىيە-ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قى-لىپ، بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشىنى، ھەتتا ئەكسىيەتچى تەشكىلات بولۇپ ئۇيۇشۇپ، پارتلىتىش قاتارلىق تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى قوللىماقتا. يېقىن-قى يىللاردىن بۇيان، ھەر يىلى خېلى نۇرغۇن مىقداردىكى ئەك-سىيەتچى كىتاب-ژۇرناللار ۋە ئۈن-سىن بۇيۇملىرى مەملىكەت ئىچىگە ئېقىپ كىرىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، چېگرا رايون-لارنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا ئېغىر دەخلى يەتكۈزمەكتە، شۇنىڭ ئۈچۈن چېگرا رايونلارنىڭ مىللىي خىزمىتىنى چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق تەر-بىيىسىنى ئۇزاققىچە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش-چانلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىشچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت ئىشلە-

رىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئىمكانقەدەر تېز ياخشىلاش ۋە رايون ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا بويلىرىنى ئېچىۋېتىشنى پائال كېڭەيتىپ، چېگرا رايونلارنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تۈگىتىپ، قانۇنسىز نەشرىياتچىلىققا زەربە بېرىپ، سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنىڭ، قىمارنىڭ ۋە زەھەرلىك بۇيۇملارنىڭ چىرىتىشىنى قەتئىي چەكلەش، ئەتكەسچىلىككە ئوخشاش قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىش لازىم؛ چېگرا رايونلاردىكى ئارمىيە، ساقچى ۋە خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلق، ساقچى بىلەن خەلق ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاپ، قەتئىي يىمىرىلمەيدىغان چېگرا مۇداپىئە ئىستىھكامىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش كېرەك.

ئۇنىڭدىن سىرت، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەمۇرىي رايونلار ئايرىمىسى، تەبىئىي مۇھىت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋە خىزمەت فاڭجېنىنى بېكىتىپ، كونكرېت يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. مەسىلەن، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مىللىي خىزمىتى جەھەتتە، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرى-

ـنى راۋاجلاندۇرۇپ، چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۇرۇشتە، چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن ئىچ-كى ئۆلكىلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەي-تىپ، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتە قانداق قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش لازىم. مەركىزىي شەھەرلەر بىلەن چوڭراق شەھەرلەرنىڭ مىللىي خىزمىتىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ رولى-نى قانداق جارى قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت سودىگەرلىرى ۋە كارخانىچىلىرىغا ئوخشاش كۆچمەن ئاھالىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا قارىتىلغان باشقۇرۇشنى قانداق كۈچەيتىش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىش كېرەك؛ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار كۆپرەك بولغان رايونلارنىڭ مىللىي خىزمىتىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل-لاشتۇرۇش، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەي-تىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن-تۈزۈم ئىزىغا سېلىش، دىن-نى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش ئۈ-چۈن قانداق قىلىش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىش كېرەك. قىسقىسى، تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش ئارقى-لىق، خىزمەتلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئوبدان ئىشلەپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈش كېرەك.

**5. تىپلارنى تۇتۇپ، ئۈلگە تىكلەپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يە-كۈنلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش**

ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى جەر-
ياندا، پارتىيىمىز مىللىي خىزمەتنىڭ بىر قاتار فاڭجېن، سى-
ياسەتلىرىنى تۈزۈپ، مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ
مول تەجرىبىلىرىنى توپلىدى. سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىشلار ۋە
باشقا تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز-
نىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي خىزمىتى مەملىكەت ئىچىدى-
كى مىللەتلەرنىڭ ھىمايىسىگە ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرى-
شىپلا قالماي، بەلكى خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭمۇ كەڭ تۈردە
ماختىشىغا ئېرىشتى. مىللىي خىزمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەج-
رىبىلىرى بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز. يېڭى تارىخىي شارا-
ئىتتا ئۆزىمىز توپلىغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەردىن توغرا
پايدىلىنىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. شۇ-
نىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تىرىشىپ ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللى-
نىپ، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا يېڭى تەج-
رىبىلەرنى يارىتىشىمىز لازىم. بۇ جەھەتتە خۇنەن، خۇبېي قا-
تارلىق جايلار ئوبدان ئىشلىگەن. ئۇلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە
مەسئۇل بولۇش روھى، چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەش ئىستىلى،
ئالاھىدە ئۈنۈملۈك خىزمىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسى-
گە ئېرىشىپ، شۇ جايلاردىكى مىللىي خىزمەتنى تولۇپ تاشقان
جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن
مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبى-
لەرنى ھازىرلاپ بەردى. ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرى بىزگە مۇنۇلار-
دىن بىشارەت بېرىدۇ:

—مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى جۇڭگوچە

سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، رەھبەرلىك-
نى كۈچەيتىپ، ئومۇمىيلىقتا مۇناسىۋەتلىك چوڭ-چوڭ مەسى-
لىلەرنى ھەل قىلىشقا ئېتىبار بەرگەندىلا، ئاندىن بۇ ئۇلۇغ
ئىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەتكىلى بولىدۇ. مىللىي ئىت-
تىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا پارتىيە ۋە دۆلەت ئەزەلدىنلا
يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان شارائىتتا، مىل-
لىي خىزمەتتە، نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنىڭ
تۇغۇلۇشى مۇقەررەر. بۇ مەسىلىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە
ئۇنىڭغا توغرا قاراش ھەمدە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى
ھەقىقىي رەۋىشتە رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن-
تەرتىپىگە قويۇپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، رەھبەرلىكنى
ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىپ، خىزمەتنى بەجانىدىل ئىشلەش
مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە
راۋاجلاندۇرۇشنىڭ، مىللىي خىزمەتنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈك-
سىز ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مەركىزىي كومىتېت
سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ مىللىي خىز-
مەت توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە
ئەمەلىيلەشتۇرۇش جەريانىدا، خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە تەسىر
كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، ئۆلكە بويىچە
پۈتۈن كۈچ بىلەن شياڭشى تۇجيا-مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا
ياردەم بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە كەينى-كەينىدىن ئۈچ
مۇھىم ھۆججەت چىقارغان. خۇبېي ئۆلكىسى بىر ئوبلاستنى

يۆلەش ئۈچۈن، بىر ھۆججەتتىلا 38 ماددىلىق سىياسەت-تەدبىر تۈزۈپ چىققان. ئۆلكىلىك پارتكوم بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقى ۋە تەدبىرى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، ئۆلكىنىڭ يولىيورۇقىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە ئايلىنىپ، مىللىي خىزمەتكە تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى شۇنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولى ئوڭۇشلۇق بولمىغانغا ئوخشاش، مىللىي خىزمەتمۇ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. يەنە كېلىپ، بەزى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەش ناھايىتى تەسكە توختايدۇ، لېكىن رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش چىڭ تۇتۇلىدىغان بولسا، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى چوقۇم قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. مىللىي خىزمەتنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش داۋامىدا ئۆسىدۇ.

—مىللىي خىزمەتنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ياندىشتۇرۇپ قانات يايدۇرغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت ياراتقىلى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش— پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى.

مىللىي خىزمەتتە «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش،
تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئى-
بارەت ئاساسىي فاڭجېننى پۇختا ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات-
نىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.
خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭشى ئوبلاستى ۋۇلىڭ تاغلىق رايونىغا
جايلاشقان، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شياڭشى ئوبلاستىدىكى ھەر
مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي تېررىتورىيە-
لىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئۆز كۈ-
چىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ،
ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز
تەرەققىي قىلدۇرغان. بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئى-
شىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئوبلاستتا سىياسىي جە-
ھەتتە تىنچلىق ئورنىغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلاشقان، جەمئىيەت مۇقىملاشقان يېپيېڭى مەنزىرە بار-
لىققا كەلگەن. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇ-
رۇش جەھەتتە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت
ئۈچ ئىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھەممىدىن
مۇھىم. زامانىۋىلاشتۇرۇش — نىشان، تەرەققىيات بولمايدىكەن،
زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ بولمايدۇ. جۇڭگودا بارلىق مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىش تەرەققىياتقا باغلىق. ئىسلاھات تەرەققىياتنىڭ تۈرت-

كىسى، ئىسلاھاتنى ئىغىشماي ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن ئىجتى-
مائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغىلى ۋە راۋاجلان-
دۇرغىلى بولىدۇ. مۇقىملىق ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى
سۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، مۇقىملىقنى ئۆز نۆۋىتىدە ئىسلا-
ھات ۋە تەرەققىيات ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ھەمدە ئۇزاق-
قىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

—مىللىي خىزمەتتە ۋەزىپە ئېغىر، قىيىنچىلىق چوڭ بول-
غاچقا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋە
خىزمەتنى پۇختا، ئىنچىكە ئىشلەش ئارقىلىقلا، يېڭى ۋەزىيەت
ياراتقىلى بولىدۇ. مىللىي خىزمەت بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ
سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش،
بىر تەرەپتىن ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئەمەلى-
يەتنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئەھۋالىغا
بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە
ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەتلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈ-
رۈشى ۋە تۈزۈپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن
ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت
بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مىللىي
خىزمەت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش خىزمىتى دېمەكتۇر. ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دېمەكتۇر، ئەمەلىيلەش-
تۈرمەسلىك قۇرۇق گەپ سېتىش دېمەكتۇر، قۇرۇق گەپ سې-
تىش ئىشنى تاشلىۋېتىش دېمەكتۇر. خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم
ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى تارماقلار-
دىكى يولداشلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىپ تەكشۈ-

رۇپ تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدى- لىكىگە ۋە ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلى- رىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەيدىغان بىر قاتار سىياسەت-تەدى- بىرلەرنى تۈزۈپ چىققان. ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يول- داش ۋاڭ ماۋلىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا كۆپ قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، سىياسەتنى بىر-بىرلەپ ئەمە- لىيلەشتۈرگەن، ھەربىر تۈر بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇت- قان، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، ئۆلكە بويىچە يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىش ئارقىسىدا ناھايىتى تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان، كادىرلار ۋە ئامما سىياسەتنىڭ قۇدرىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ يولىيورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاكتىپلى- قى مىسلىسىز يۇقىرى بولغان. بىز بۇنىڭدىن شۇنداق ئويغا كەلدۇقكى، مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، مىللىي خىزمەت جە- ھەتتە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن سىياسەتلەر بار، ئەگەر مىللىي سىياسەت- نى ھەممە جاي خۇنەندىكىگە ئوخشاش چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۇ- رىدىغان بولسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي خىزمىتىدە چوقۇم تېخىمۇ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كېلىدۇ.

—ھەم ئەخلاقلىق، ھەم ئىختىساسلىق، تۆھپە قوشۇشنى خالايدىغان، باتۇرلۇق بىلەن يول ئاچىدىغان مىللىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى-

نى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، مىللىي خىز-
مەتنى «ئىككى تۇپ ئۆزگىرىش» كە تېزلىكتە ماسلاشتۇرغىلى
بولىدۇ. سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىرلار
ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ. مىللىي خىزمەتنى سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن،
سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، كەسپىي قابىلىيىتى كۈچلۈك، ئىدد-
يە-كۆز قارىشى يېڭى، ئىسلاھات ئېڭى كۈچلۈك، قاتتىق تەلەپ-
لەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قى-
لىش كېرەك. بۇ نۇقتىنى جايلارنىڭ تەجرىبىسى ئىسپاتلىدى،
خۇنەن ئۆلكىسى شياڭشى ئوبلاستىنىڭ ۋە خۇبېي ئۆلكىسى ئېن-
شى ئوبلاستىنىڭ مىللىي خىزمىتى شۇنىڭ ئۈچۈن پۇختا ئىشلە-
نىپ، يېڭى تۇسكە ئىگە بولغانكى، بۇنىڭدىكى ھەل قىلغۇچ
ئامىل ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي
ئىشلار كومىتېتىغا ئوبدان رەھبەرلىك بەنزىسى سەپلەپ بەرگەن-
لىكى، قاتتىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان مىللىي
خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ
قېتىمقى يىغىندا ئېنشى ئوبلاستلىق مىللىي ئىشلار كومىتېتى
تەجرىبە تونۇشتۇردى، كۆپچىلىك ئۇنى ناھايىتى ياخشى ئىكەن
دەپ ھېسابلىدى. بۇنداق تىپلار ھەرقايسى جايلاردا خېلى كۆپ،
بۇنى بىر-بىرلەپ مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. ئەمەلىيەت
ئىسپاتلىدىكى، مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى
كادىرلار قوشۇنىدا. كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى يۇقىرى، ئىق-
تىدارى كۈچلۈك بولسا، مىللىي سىياسەت ئوبدان ئەمەلىيلەش-
تۈرۈلىدۇ، خىزمەتتىكى نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، ئۇنداق

بولمايدىكەن، نەتىجىمۇ ئەكسىچە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارد-تىش ئېڭىغا ئىگە، يېڭى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىشقا، يېڭى مەسىد-لىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر مىللىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇ-نىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئېھتىيا-جىغا مۇۋاپىقلىشىش كېرەك.

يېڭى تارىخىي دەۋردە مىللىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنى مول. 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مىللىي خىزمەتتە مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ كۆپ ئىلغار تىپلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، تېخىمۇ مول تەجرىبىلەر يارىتىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مىللىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈ-چەيتىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشقا، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىشى لازىم. ھەرقايسى رايونلارنىڭ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يە-كۈنلەپ، ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئومۇمىي دائىرىدىكى خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا قوللىنىش كېرەك. تىپلارنى تۇتۇش، تىپىك تەجرىبە ئارقىلىق خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش نوقۇل خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسىلا ئەمەس. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تىپلارنى تۇتۇپ، نۇقتىلار ئارقىلىق ئومۇ-مىي دائىرىنى يېتەكلەشنى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ خىزمەت ئۇسۇلىدا بۆرۈلۈش ياساشتىكى چوڭ ئىش دەپ بىلىشى كېرەك. ئىلغارلاردىن ئۆگىنىشتە ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قى-

لىش كېرەك. تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ كىشى-
لەرنى ئىلغار تىپلارنى چۈشىنىپ ۋە بىلىپ، ئىلغارلاردىن ئۆ-
گىنىش، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ
قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، خۇنەن ۋە خۇبېينىڭ تەجرىبىلىرى
شۇنىڭدەك ھەرقايسى جايلارنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرى چوقۇم پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، مىللىي
خىزمەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇپ تاشقان جۇشقۇن
ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

**6. ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، قۇدرەتلىك بىر-لەشمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈش**

تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ رولىنى
جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قى-
لىپ مۇھىم ۋەزىپىنى ئورتاق زىممىگە ئېلىش—مىللىي خىز-
مەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى، شۇنداقلا مىللىي
خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇشى زۆرۈر
بولغان مۇھىم خىزمەت ئۇسۇلى.

يېقىنقى يىللار مابەينىدە، مىللىي خىزمەتكە ھەرقايسى تار-
ماقلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر بارغانسېرى ئەھمى-
يەت بەرمەكتە. مەيلى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى
بولسۇن، ياكى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ئاممىۋى تەش-
كىلاتلار بولسۇن، ھەممىسى ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمە-

لىيتىنى ئاساس قىلىپ، مىللىي خىزمەت ئۈچۈن پائال ئەقىل كۆرسىتىپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ھەسسە قوشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مىللىي خىزمەتنىڭ تۇرلۇك ۋەزىپىلىرى ئالاقىدار تارماقلار ۋە رايونلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى، ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق ئورۇندالغان، مىللىي خىزمەتنىڭ ھەربىر ئۇتۇقىغا ھەرقايسى تارماقلارنىڭ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ۋە نۇرغۇن يولداشلارنىڭ يۈرەك قانلىرى ۋە تەرلىرى سىڭگەن.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ قاتنىشىشىنى، پۈتۈن جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىنى بارغانسېرى بەكرەك تەلەپ قىلماقتا. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنى مىللىي خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغان قىلىش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ماسلاشتۇرۇش رولىنى تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم. خۇنەن ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىكى يولداشلار مىللىي خىزمەت جەھەتتە مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ماسلاشتۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقى يېڭى ۋەزى-

يەتتە مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم، دەيدۇ. بۇ سۆز ناھايىتى ئورۇنلۇق ئېيتىلغان. ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى بۇ مەسىلىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ماسلاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشى، ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى، ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئارقىلىق بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، مىللىي خىزمەتنىڭ تەرەققىياتىنى بىرلىكتە ئالغا سۈرۈشى لازىم.

**7. ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، خىزمەت ۋاسىتىلىرىنى كۈچەيتىپ، مىللىي خىزمەتنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاش**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى مىللىي خىزمەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت ۋە كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. يېڭى ۋەزىيەتتە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى «ئىككى توپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش» نىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، مىللىي خىزمەتكە تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خىزمەت يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، خىزمەتنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى لازىم.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاشتا، ئالدى بىلەن ماركسىزملىق ئىدىيىۋى ۋە نەزەرىيىۋى

تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مىللىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى مۇقەررەر ھالدا كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ھەرخىل پىكىر ئېقىملىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن، كادىرلار قوشۇنىمىزدىمۇ ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىدا جان-دىل بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش لازىم. پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، مىللەت نەزەرىيىسىنى، ئىقتىسادىي بىلىملەرنى، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئۇنى كەسپكە بىرلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەت بىلەن باغلاش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش كېرەك. نەمۇنچىلەردىن بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، ئىلغارلارنى تەقدىرلەش ئارقىلىق توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، تىپلارنى تۇرغۇزۇش لازىم. پارتىيىۋىلىك توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەش، نام-مەنپەئەت قوغلاشماسلىق لازىم. مىللىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدى-

غان كەڭ كادىرلارنى توغرا دۇنياقاراش، توغرا كىشىلىك تۇر-
مۇش قارىشى ۋە توغرا قىممەتقارىشىنى تىكلەپ، ئۆگىنىشكە،
سىياسىي ئىشلارغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇ-
لىيەت ئېڭىنى، چاكارلىق ئېڭىنى ۋە تۆھپە يارىتىش ئېڭىنى
كۈچەيتىپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن
تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشقا يېتەكلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك
مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى-
نى كۈچەيتىش، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىدىيە-
ۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى نۇقتىلىق ھالدا چىڭ تۇتۇپ، ھەر
دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە
چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە، ئىدىيە جەھەتتە ۋە ھەرىكەت
جەھەتتە قەتئىي تەۋرەنمەستىن يولداش جاڭ زېمىن يادرولۇقىدى-
كى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىر-
دەكلىكنى ساقلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. كادىرلار قوشۇ-
نىنى «تۆت ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇش» فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاق-
لىق، ھەم قابىلىيەتلىك قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئەسىر ھال-
قىيدىغان زور بىر تۈركۈم ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ ۋە
تاللاپ مىللىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنى تولۇقلاش، شۇ
ئارقىلىق مىللىي خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە
ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

خىزمەت ئىستىلىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، پاكلىق قۇرۇلۇ-
شىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش لازىم. مىللىي خىزمەتنى ياخشى
ئىشلەش، ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرىدىن يېڭى
ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي تۈردە ياخ-

شىلاپ، خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتنى پۇختا ئىش- لەپ، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىي- لەشتۈرۈلۈشىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي خىزمەتتە چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىش تەلىپى بويىچە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. مىللىي خىزمەت كا- دىرلىرى پارتىيە ئىشلىرى بىرىنچى، خەلق مەنپەئەتى بىرىنچى دېگەن نوقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ھەر ۋاقىت قەلبىگە پۈكۈپ، ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئامما نېمىنىڭ غېمىنى قىلسا شۇنىڭ غېمىنى يەپ، ئامما تەلەپ قىلى- غان ئىشلارنى قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تەلەپ قىلغان خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن ھەقىقىي تۈردە «ھەم نەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش» بولۇشى لازىم. مەركىزىي كومىتېتنىڭ تىرىشچانلىق-پاكلىق قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئاساسىي قۇرۇلۇشنى، خىزمەت ۋاسىتىسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلى- شىش ئۈچۈن، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئىدىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆزى- نىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىمۇ زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، خىزمەت ۋاسىتىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت سەۋىيىسى- نى ئۆستۈرۈشى لازىم. ئويۇن قويۇش ئۈچۈن سەھنە ياساش كېرەك دېگەن تەمسىل بار. بۇ سەھنە ئاساسىي مۇئەسسەسە

دېمەكتۇر، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى-
نى كۈچەيتىش يېڭى ۋەزىيەتتە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىش-
لەش ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ
ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، خۇنەندىكى
شياڭشى تۇجيا-مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى جىشۇ شەھەرلىك
مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «شىركەت، دېهقان ئائىلىسى»
تەجرىبىسىنى ئەينەك قىلىپ، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە
«يۇقىرى-تۆۋەن ماسلىشىش، كۆپ تەرەپ بىرلىشىش» چارىسى-
نى قوللىنىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.
ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى پارتكوم، ھۆكۈ-
مەتلەرنىڭ قوللىشى ۋە ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ماسلىشىشىنى
پائال قولغا كەلتۈرۈشى لازىم، بۇ—ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ئوب-
دان ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاچقۇچى. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى
ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم
بىر ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى
ئۆزگەرتىپ، سىياسەت چېكىنى ئىگىلەپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى
كۈچەيتىپ، مىللىي خىزمەت ئۈچۈن بىۋاسىتە مۇلازىمەت قى-
لىشنى ئورگانلارنىڭ تىجارەت قىلىشى، كارخانا قۇرۇشى،
شەكلى ئۆزگەرگەن يول بىلەن تاپاۋەت قىلىشىدىن پەرقلەندۈرۈ-
شى، بۇ جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشى، يول ئېچىپ
يېڭىلىق يارىتىشى لازىم. ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا
ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، نىشان بەلگىلەپ ۋە پىلان تۈزۈپ
ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ، ھەر يىلى يېڭى پەللىگە ئۆرلىتىش
ئۈچۈن تىرىشىش لازىم. قىسقىسى، كاللا ئىشلىتىپ، چارە-ئا-

مال تېپىپ، خىزمەتنى ئىجادىي ئىشلەپ، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

يولداشلار، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلىغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى يولغا قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىي خىزمەتكە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلدى. بىز يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئۇنۇمغا ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى ۋە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

# ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى*

(1996-يىل 5-ئاينىڭ 8-كۈنى)

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمەت يىغىنى پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى ئەتراپلىق يولغا قويۇلۇۋاتقان، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ئەسىرگە قاراپ قەدەم تاشلاۋاتقان ۋەزىيەتتە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇ

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەتلىك 2-قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

پۈرسەتتە، يىغىنغا قاتناشقان مۆتەخەسسىسلەردىن، ئالىملار-دىن، شۇنىڭدەك سىلەر ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى سېپىدە ئۇزاقتىن بۇيان باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان، بۇ خىزمەتكە خالىس تۆھپە قوشقان بارلىق يولداشلاردىن سەمىمىي هال سورايمەن! يىغىندا يولداش لى جىنيۇ دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن خىزمەت دوكلاتى بەردى، مەن بۇ دوكلاتقا قوشۇلىمەن. ئەمدى مەن ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى قانداق قى-لىپ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش، ئەسىر هالقىيدىغان ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن تەڭكەش راۋاجلاندۇ-رۇش مەسىلىسى توغرىسىدا بىرنەچچە نۇقتىنى تەكىتلىمەكچى-مەن:

**1. ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەهمىيىتىنى تولۇق تونۇش لازىم.**

دۆلىتىمىز— كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، شۇنداقلا دۇنيادا مەدەنىيىتى ئەڭ بالدۇر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخ داۋامىدا، دۆلىتىمىز گۈللەنگەن ئىگىلىكى، پارلاق مەدەنىيەت-سەنئىتى ۋە شانلىق پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلۇپ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا ھەممە مىللەت پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، رەڭدار ھۆسنگە

ۋە مول، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. مانا مۇشۇنداق رەڭگا-
رەڭ چاقناپ تۇرغان ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئايلانغان جۇڭخۇا مەدەنى-
يىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بىرلىكى ۋە مۇقىملىقى
ئۈچۈن مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى ۋە مۇھىم رول ئوينىدى. ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەددى-ھېسابسىز قەدىمكى ئەسەرلىرى
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھۆسنى گۈزەل ۋە يارقىن ئەنئەنىۋى
مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ سىياسەت، پەلسە-
پە، قانۇن، تارىخ، دىن، ھەربىي ئىشلار، ئەدەبىيات، سەنئەت،
تىل-يېزىق، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە-كالېندارچىلىق، تىبا-
بەتچىلىك، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى قاتارلىقلارغا دائىر يازما
ئەسەرلەرنى ۋە ئاغزاكى مەدەنىيەت ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان، ئۇنىڭدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات
جەريانى خاتىرىلەنگەن. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى سانىنىڭ كۆپلۈكى، مەزمۇنىنىڭ
موللۇقى بىلەن دۇنيادا بىرلا. بىز بۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنگەن
ۋە ئىپتىخارلانغان ۋاقتىمىزدا شۇنداق بىر مەسئۇلىيەتنى بىلە-
شىمىز لازىم، بۇ مەسئۇلىيەت ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى،
قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا
داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. قەدىمكى ئە-
سەرلەرنى بايان قىلىش بىلەنلا قالماي، ئۆزىمىزمۇ ئىجاد قىلى-
شىمىز، ئەجدادلارنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كەلگۈسىگە
يول ئېچىشىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمىساق، جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇياتتا قالىمىز.

رېئاللىق— تارىخنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى. بىر مىللەت

ئۆز مەدەنىيىتىنى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ
تۇرىدىغان قىلىمەن دەيدىكەن، ئۇنىڭدا مىللىي ئىشەنچ ۋە مىل-
لىي غۇرۇر بولۇشى كېرەك. ۋەھالەنكى، مىللىي ئىشەنچ ۋە
مىللىي غۇرۇرنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرىدىن بىرى مىللىي مەدە-
نىيەت ھەققىدىكى مەلۇم چۈشەنچىدىن، ئېسىل ئەنئەنىۋى مىل-
لىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتىن
تۇغۇلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەت-
لەش ئىلىم تەتقىقاتى ئۈچۈن ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك ھۆججەت--
ماتېرىيال ھازىرلاپ بېرىش بىلەنلا قالماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى
قىلدۇرۇشقا پايدا يەتكۈزىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمە-
تىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسە-
تىنى ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىدى-
يە-مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخ-
شى ئېلىپ بېرىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى
ئۆستۈرۈشتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مىل-
لىي ئىشەنچنى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە. بىز تونۇشنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش-
تىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە مەجبۇرىيەت ئېڭىمىزنى ئۈزلۈكسىز
ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

**2. ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئىدىيىسىنى مەھكەم تۇرغۇزۇش لازىم.**

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسەت ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى قەدىمكىنى قەدىمكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئەمەس، بەلكى قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھازىر، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم دەۋرىدە تۇرماقتا. ئېسىل ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مول ئوزۇق ئېلىپ، ئۇنى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، تەرەققىياتىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئومۇمىي تەلىپى مۇنداق: ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەپ ۋە نەشىر قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن

خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم» دېگەن ئاساسىي فاڭجېننى قەتئىي
ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتى-
نىڭ «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلا-
شتۇرۇش، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى
ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» دېگەن ئومۇمىيىتىگە
بويسۇندۇرۇش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاق-
لىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسى-
ۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك
مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇش،
تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيا-
لىزملىق ئۇسۇلنى تەتبىق قىلىپ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى
بويىچە، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ئىلغىۋېلىش،
ساختىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چىنلىرىنى ساقلاپ قېلىش، ناچى-
رىنى ئېلىپ تاشلاپ، ياخشىسىنى ئىلغىۋېلىش، ۋارىسلىق قى-
لىش بىلەن ئېلىپ تاشلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ
قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، خىزمەت سۈ-
پىتىنى ئۆستۈرۈش، 9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010-يىلغىچە
كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
تۆھپە قوشۇش.

ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى رې-
ئاللىققا خىزمەت قىلدۇرۇشتا يەنە مۇنداق ئىككى مەسىلىگە
دىققەت قىلىش لازىم: بىرى، تارىختا ئۆتكەن ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ تارىخىي شەخسلىرىگە ۋە ۋەقەلىرىگە باھا بېرىش ئۆلچى-

-منى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش مەسىلىسى. مەملىكىتىمىز-
نىڭ تارىخىدا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرگە
باھا بېرىشتە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇ-
رۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىگە قوشقان تۆھپىسى بىلەن پۈتكۈل
جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە قوشقان تۆھپىسىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۇ-
لارغا باھا بېرىشتە ۋە ئۇلار ئۈستىدە يەكۈن چىقىرىشتا، ئەمەلى-
يەتنى ئاساس قىلىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى
ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىشتا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەيدانىدا تۇرۇپ، پەرق
ئېتىش ئىقتىدارىنى ۋە باھا بېرىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش،
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى
قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، تارىخنى بۇرمىلايدىغان ۋە بەزى
تارىخىي ۋەقەلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ
قىلىدىغان، مىللىي مۇناسىۋەتكە سوغۇقچىلىق سالىدىغان قانۇن-
سىز مەتبۇئات بۇيۇملىرىنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش كې-
رەك. قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش ۋاقتىدا ئۇ ئەسەر-
لەردىكى قېرىنداش مىللەتلەرنى كەمسىتىش ۋە ھاقارەت قىلىش-
قا، مىللىي ئۆچمەنلىك، قىرغىنچىلىقنى تەرغىپ قىلىشقا دائىر
باب، پاراگرافلارنى قاتتىق تىزگىنلەش ۋە كونترول قىلىش
كېرەككى، ئۇنى ئاشكارا ئېلان قىلىشقا ۋە تارقىتىشقا ھەرگىز
يول قويماسلىق لازىم. يەنە بىرى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن
تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش
مەسىلىسى. ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق مىللەتنىڭ قەدىمكى
ئەسەرلىرىدە جەۋھەرمۇ بولىدۇ، شاكالمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدىن

خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر بىز ياخشى بىلەن يامان-
نى، ئاق بىلەن قارىنى ئايرىمايدىغان بولساق، ئىجابىي ۋە ساغ-
لام نەرسىلەر تولۇق جارى قىلدۇرۇلمايدىغان، بەزى چىرىك،
تاشلاندۇق نەرسىلەر پات-پات يامراپ كېتىدىغان ئەھۋالنىڭ يۈز
بېرىشى تۇرغان گەپ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بولغان ئاز سانلىق
مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توغرا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكى-
دە راۋاجلاندۇرۇش ۋە بۇ جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش لازىم.
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى ھەم بۇرۇنقى ئېي-
سىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق
قىلىش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇش، ھەم يېڭى تارىخىي شارا-
ئىتتا ئۇلۇغ ئىجادىيەت جەريانى بولىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش—
راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ شەرتى، راۋاجلاندۇ-
رۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، تەنقىدىي ۋارىسلىق
قىلىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى
ئەسەرلىرىنىڭ جەۋھىرىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تې-
گىشلىك رول ئوينايدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

**3. ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتىنى 9-- بەش يىللىق پىلانغا ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نە-شانغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش پىلانلاش لازىم.**

8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4- يىغى-
نىدا تەستىقلانغان «پروگراممىا» ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى
تەڭ تۇتۇش بويىچە ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش
پروگراممىسىدۇر. مۇشۇ «پروگراممىا» بويىچە، مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرىغىچە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى

دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنىپ ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدى-غان ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1980 -يىلدىكىدىن ئىككى قاتلىنىدۇ. شۇنىڭغا يارىشا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىمۇ چوقۇم تەڭ ئىلگىرىلەش بولىدۇ. 2010 -يىلغا بارغاندا، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممى-تى 2000- يىلدىكىدىن بىر قاتلىنىپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇ-شى تېخىمۇ باياشاتلىشىدۇ، بىرقەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىس-تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئىسلاھات بىلەن تەرەققىيات ئالغا سىلجىش بىلەن بىرۋاقىتتا، سوتسىيا-لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن دېموكراتىيە-قا-نۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ، بۇ-نىڭ بىلەن جەمئىيەت ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىدۇ. مۇشۇ پىلانغا ئاساسەن، جايلار مۇناسىپ يىرىك پىلان ۋە تەرەققىيات نىشانلى-رىنى تۈزۈۋاتىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ بىرى ۋە سوتسىيا-لىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، شۇ جاينىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىغا ۋە كەل-گۈسى نىشانىغا ھەقىقەتەن كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئەمەلگە قويۇشقا ئەستايىدىل تەشكىللاتچىلىق قىلىش لازىم.

بىرىنچى، تېگى-تەكتىنى ئىدىتلاش لازىم. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ھەم ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزدە ئاز سانلىق مىل-لەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا

كەلتۈرۈلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئون يىل مابەينىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش، توپلاش، رەتلەش، نەشىر قىلىش خىزمىتىدە مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرۈنەرلىك بولدى، موڭغۇل يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، مانجۇ يېزىقى، زاڭزۇ يېزىقى، دۇڭبا يېزىقى، چاۋشيەن يېزىقى قاتارلىق مىللىي يېزىقلاردىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ مىقدارى ئاساسەن ئېنىقلاندى، بىر قىسىم كاتالوگ تۈزۈپ چىقىلدى ۋە بىر قىسىم ماتېرىيال نەشىر قىلىندى. ئەمما، بۇ ئىش كېيىن باشلانغانلىقى، ئاساسى ئاجىز بولغانلىقى، بۇنىڭدا ۋەزىپە ئېغىر ھەم قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تېخى بەك جىق. ئاساسلىقى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆججەت-ماتېرىياللىرى، قەدىمكى ئەسەرلىرى زادى قانچىلىك؟ ئاغزاكى تارقىلىپ يۈرگەنلىرى قانچىلىك؟ دېگەنلەر تازا ئېنىق ئەمەس. «ئۆيىدىكى ئالتۇن-تىللالىرىنىڭ سانىنى بىلگەندەك پىششىق بىلىش» دېگەن گەپ بار. بىزدە ئالتۇن-تىللادىن قېلىشمايدىغان ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ سانى تېخىچە ئېنىق بولمايۋاتسا، ئۇنى ئاسراش ۋە پايدىلىنىشتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟! بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا، ئىلمىي پىلانلاش ۋە تەدبىر كۆرۈشكە توسالغۇ بولىدۇ. بۇ نۆۋەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە، تەدبىر قوللىنىپ، تېزرەك ھەل قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، قانۇن چىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ھازىر دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام تېخى تۈزۈلمىدى، پۈت-

كۆل جەمئىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆججەت-ماتېرىياللىرىنى قوغداش ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن تونۇش تېخى تولۇق ھاسىل قىلىنغىنى يوق. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك ھۆججەت-ماتېرىياللىرىنى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئەرزان سېتىۋېلىپ، سىرتقا ھايىنىغا سېتىۋەتتى، قەدىمكى ئاغزاكى مەدھىيە ئەسەرلىرىمۇ ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا ئۆز-ئۆزىدىن يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. ۋەزىيەت مۇشۇنداق جىددىي بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قەدىمكى ئەسەرلەرنى قانۇن بىلەن قوغداش لازىم.

ئۈچىنچى، ئوبيېكتلارنى ئوبدان دەلىللەش لازىم. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئوبيېكتلارنى ئەستايىدىل تاللاپ، زۆرۈر دەلىللەش خىزمىتىنى ئىشلەش، ئېھتىيات بىلەن تەدبىر كۆرۈش لازىم. پىلان تۈزۈشتە ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇش، ئىمكانىيەت قالدۇرۇش، ھەم ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئېھتىياجىنى ھېسابقا ئېلىپ، ھەم شۇ جاينىڭ قەدىمكى ئەسەر، ماتېرىياللىرى ۋە ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، پىلاننى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ماسلاشتۇرۇش، بۇ ئىشنى ھەقىقىي تۈردە ئومۇمىي تەرەققىيات يولىغا سېلىش كېرەك.

**4. ئەخلاقلىق ۋە ئىختىساسلىق، تۆھپە قوشۇشقا خۇشتار، يول ئېچىشقا باتۇر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى**

كەسپىي قوشۇننى تەربىيلەش ۋە يېتىشتۈرۈش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تۈزۈلگەن يىرىك پىلان ۋە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، بۇ ئىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم ئاڭغا ۋە بىرقەدەر يۇقىرى سىياسەت، نەزەرىيە سەۋىيىسىگە ھەم كەسپىي بىلىمگە ۋە ئىقتىدارغا ئىگە كەسپىي قوشۇن بەرپا قىلىش كېرەك. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە بىرقەدەر ياخشى قوشۇن بارلىققا كەلدى. لېكىن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، بۇ قوشۇندىكى ئادەم تېخى كۆپ ئەمەس، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى چۈشىنىدىغان ئىختىساسلىق خادىملار يېتەرسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوشۇندىكىلەرنىڭ تولىسى ياشىنىپ قالدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى كەسپىي قوشۇنىدا ئىزباسار يېتىشمەسلىك ئەھۋالى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر. شۇڭا، ئىختىساسلىق خادىملارنى ۋە كەسپىي قوشۇننى يېتىشتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم ۋە تەخىرسىز ئىش بولۇپ قالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئالدىنقىلار ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ يەغىندىسى بولۇپ، ھەجمى بەك كەڭ، پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئۈنۈمۈبرساللىققا ئىگە. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇ بىرمۇنچە پەنلەرنى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى تەتقىقاتتا باشلامچى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر-

ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى بويىچە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە بىرمۇنچە پەن-لەرگە ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە توپلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار بۇ خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى كەسپىي قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ۋە بەرپا قىلىشنى تىرىشىپ چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇشى، ئۇنىڭدا نەتىجە ۋە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتى-ياجىغا تېز رەك ماسلاشتۇرۇشى لازىم.

**5. ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم.**

ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتى مىل-لىي خىزمەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بۇ خىزمەتكە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەزەلدىن يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەل-دى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى پەيدىنپەي بەرپا قىلىش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلە-رى خىزمىتى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. بۇ مەسىلىلەرنى قانداق قىلىپ توغرا بىرتەرەپ قىلىش ۋە توغرا ھەل قىلىش ئالدىمىزدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپە. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتنى ھەر جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن قوللىشى لازىم. يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئىسلاھات ئارقىلىق، تەشكىللەش، پىلانلاش ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمەتلىرىنى تىرىشىپ ياخ-شى ئىشلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمە-

تى تارماقلىرى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خىزمەت يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشى، ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشى لازىم. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمەت ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىنى تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم. قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا سەمىمىي ياردەم بېرىشى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەشكە سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەتكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ۋە نەشىر قىلىشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش لازىم. جايلار ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشىر قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان [1984] 30-نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى تەلەپ بويىچە «ئۆلكىلەر، ئاپتونوم رايونلار ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ خام چوتىغا كىرگۈزۈشى» لازىم، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مالىيە تارماقلىرى ھۆججەتتىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق

مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىشىغا سىياسەت خاراكتېرلىك قوشۇمچە ياردەمنى داۋاملىق بېرىشى لازىم. دۆلەت نۇقتىلىق هالدا بىر تۈركۈم جىددىي ئېهتىياجلىق، ئەمما خىراجەت جەھەت-تە راست قىيىنچىلىقى بار تۈرلەرنىڭ نەشىر قىلىنىشى ئۈچۈن مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئە-سەرلىرىنى رەتلەش، نەشىر قىلىشتىمۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىمۇ بولغان بىرەر يولنى ئىزدەپ تېپىپ، قە-دىمكى ئەسەرلەر ئىشىنى ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشىر قىلىشتا تېماتىك پىلاننى ئوبدان ئىشلەپ، نەشرىي بۇيۇملارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەر كىتابلى-رىنى تارقىتىش تورىنى بەرپا قىلىپ، بازارنى بىلىش ۋە ئىگى-لەش، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ نەرخ-ھاۋاسىنى ئىگىلەپ، بەزى ئاشكارا نەشىر قىلىنغانلىرىنى خەلقئارا كىتاب بازىرىغا كىرگۈ-زۈشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

يولداشلار، دۆلىتىمىز مۇھىم تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىدە تۇرماقتا، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشى مىللىي خىزمەتكە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىگە ياخشى پۇرسەتمۇ يارىتىپ بەر-دى. «نى پايانسىز دېڭىزدىن ئاقتۇرۇپ ئۆتكۈلۈك، دولقۇنلاردا چارچىماي، ئۈزۈپ كەڭ غۇلاچ تاشلاپ»، 5000 يىللىق مەدەنى-يەت تارىخىغا ئىگە قەدىمىي ئېلىمىز جۇشقۇن هاياتىي كۈچىنى

قايتىدىن ئۇرغۇتماقتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلى-رى خىزمىتىدە كەڭ ئىستىقبال زاھىر بولماقتا، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئالغا بېسىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

# جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتايلى*

(1996-يىل 6-ئاينىڭ 19-كۈنى)

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى ئەتراپلىق ئەمەلگە قويۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان پەيتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مەشھۇر ياشلارنىڭ مەملىكەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا ۋەكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ياشلاردىن، شۇنىڭدەك سىلەر ئارقىلىق ھەرقايسى سەپلەردە ئىشلەۋاتقان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن!

---

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مەشھۇر ياشلارنىڭ مەملىكەتلىك تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز.

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت، مىللەتلەر-نىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا تاقىلىدىغان زور مەسىلە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3- ئو-مۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گو-ۋۇيۈەننىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىل-لەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئې-رىشتى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ باردى، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت كۈنسايىن چىڭىپ باردى، ئاز سانلىق مىل-لەت رايونلىرىدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ئاز سان-لىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائا-رىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق ئىشلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، خەلق ئامme-سىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئۇلۇغ ۋەتە-نىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە ھاياتىي كۈچ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان گۈللەپ-ياشناش مەنزىرىسى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئىنسانىيەت-نىڭ تەرەققىيات تارىخىغا شانلىق سەھىپە قوشتى.

ھەر مىللەت ياشلىرى—سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-

رۇش قۇرۇلۇشىنىڭ جانلىق كۈچى، ئۇلار مىللەتلەرنىڭ ئىتتى-
پاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول
ئوينىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا تەقدىرلەنگەن ئىلغار ياشلار ھەر
مىللەت ياشلىرىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر. بۇ مەشھۇر ياشلار-
نىڭ پارتىيىنى ۋە ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، دۆلەتنىڭ بىر-
لىكىنى ئاڭلىق قوغدايدىغان قەتئىي سىياسىي مەيدانى، جاپا-مۇ-
شەققەتكە چىدايدىغان، خىزمەت ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قە-
دىرلەيدىغان، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇ-
زۇشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلغان خوجايىنلارچە مەسئۇلىيەت-
چانلىقى، ئادالەت ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدى-
غان، باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىدىغان، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلى-
قىنى بېغىشلايدىغان ئالىيجاناب ئىدىيىۋى پەزىلىتى، تىرىشىپ
ئۆگىنىدىغان، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان، يۇرتىنىڭ قىياپى-
تىنى ئۆزگەرتىشكە ئىرادە باغلىغان جاپاغا چىداپ ئىگىلىك
يارىتىش روھى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ۋە
يېڭى روھىي قىياپىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر، ئۇلۇغ
سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ياشناپ تەرەققىي قىلىشىدىكى
ئۈمىد ئەنە شۇنىڭدا. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مەشھۇر
ياشلارنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا قوشقان
كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۇنتۇمايدۇ، پۈ-
تۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇنتۇمايدۇ!

يولداشلار، ھازىردىن باشلاپ كېلەركى ئەسىرنىڭ باشلىرى-
غىچە بولغان 15 يىل ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-

تۈرۈش قۇرۇلۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل، شۇنداقلا مىل-
لەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى، ئورتاق گۈللىنىشى ئالغا سۈرۈ-
لىدىغان هالقىلىق مەزگىل. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇنىڭدىن كې-
يىنكى بىر مەزگىلدە مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە
داۋاملىق يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇ-
رۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى
قىلىش، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ «پاي-
دىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش،
ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» دېگەن ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇ-
نۇش ۋە خىزمەت قىلىش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئىت-
تىپاقلىق-تەرەققىيات بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر با-
راۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغ-
داش، ۋەتەننى پارچىلايدىغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇز-
غۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇ-
رۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىساد، مەدەنى-
يەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيا-
تىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاق-
لىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسى-
ۋەتنى چىڭىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
گۈللىنىشى ۋە ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش
لازىم. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈش، ئىككى نىشان (9-بەش يىللىق پىلان ۋە 15 يىللىق كەل-
گۈسى نىشان)، ئىككى ئۆزگىرىش (ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە
ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى) نى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، شۇنىڭغا يارىشا جۇڭگوچە سوتسىيا-
لىستىك مىللەت نەزەرىيىسى سىستېمىسى ۋە مىللىي قانۇن-نى-
زاملار سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش، شۇ مۇشكۇل ۋەزى-
پىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان زور ئاز سانلىق مىللەت كا-
دىرلىرى قوشۇنىنى، پەن-تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنى، سانا-
ئەت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش لازىم. 2000-يىلغىچە،
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك
ئورۇنلاشتۇرۇلمىسىنى ئەتراپلىق ئىشقا ئاشۇرۇش، كىشى بې-
شىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممى-
تىنى 1980-يىلىدىكىدىن ئىككى قاتلاش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى
ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللەتلەرنىڭ
ئىتتىپاقلىق-ئىناقلىق، يەكدىللىك مۇناسىۋىتى تېخىمۇ كۈچى-
يىدۇ. 2010-يىلغىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي
قىممىتى 2000-يىلدىكىدىن بىر قاتلىنىپ، خەلقنىڭ ھاللىق
تۇرمۇشى تېخىمۇ باياشاتلىققا ئېرىشكەن، سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل تۈزۈلمىسى شەكىللەنگەن

چاغدا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تېخىمۇ چىڭىيدۇ ۋە راۋاجلىنىـ
دۇ، مىللەتلەر تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتىدىغان ئوبـ
دان ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىنىدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى
ئورتاق گۈللىنىش يولىدا چوڭ قەدەملەر بىلەن ئالغا چامدايدۇ.

ياشلار— ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكى، مىللىتىنىڭ ئۈمىدى، پارتىـ
يە ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى. ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە
ياشاۋاتقان ياشلارنىڭ تازا خىزمەت كۆرسىتىدىغان چېغى. ھەر
مىللەت ياشلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىياـ
لىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مېڭىسىنى
ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشى، توغرا سىياسىي يۆنىـ
لىشتە چىڭ تۇرۇشى، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىشى،
ئىدىيىدە، ھەرىكەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىـ
يە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇشى، جان-دىل
بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، كىشىلىك تۇرمۇش جەـ
ھەتتە ئالىيجاناب ئىستەك ۋە توغرا يولىدىن تايماي، ئېسىل
خۇلقنى تاشلىماي، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنـ
تىزاملىق يېڭى كىشىلەردىن بولۇشقا تىرىشىشى لازىم. باي-ـ
قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زاماـ
نىۋى مەملىكەت قۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار گۈلـ
لىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىش.
ياش ئەۋلادلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مەنزىلى يىراق. ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىدىكى ياشلارنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە تېخىمۇ
ئېغىر. ئۇلار ئۇلۇغۋار ئىرادە ۋە ئىستەك تۇرغۇزۇپ، «ياشىـ
ماق بۇ جاھاندا ئاز ۋاقىت نېسىپ، ئۆتۈش ھاجەت كۆرەش

قىلىپ، دولقۇنلار يېرىپ» دېگەندەك ئۆز غايىسىنى ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالى، مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئۇلۇغۋار سوتسىيالىزم ئىشى بىلەن زىچ بىرلەشتۇرۇپ، دەۋر تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئۇس- تىگە ئېلىشى، ياشلىق باھارىنى ۋەتەنىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تەقدىم قىلىشى، دۆلەتنىڭ باي ۋە قۇدرەتلىك بولۇشى ئۈچۈن شان-شەرەپ قازىنىشى لازىم.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلى- كىنى قەتئىي قوغداش لازىم. ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ۋەتىنىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى ئۇزاقتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلدى. 5000 يىللىق ئۇزاق تارىخ جەريانىدا، ھەر مىل- لەت خەلقى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلارغا ۋە بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى قالتىس جاپالىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق قوغداپ كەلدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ھەر مىللەت خەلقى- نىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىش تارىخى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئىتتى- لىك يارىتىش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ. رەئىس جياڭ زېمىن: «ئېلىمىزنىڭ تارىخىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن خەلقنى ئىتتى- پاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈ- رىدىغان بايراق بولۇپ كەلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ كەلدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ تۈرتكىسىدە، دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز كۈچىيىش يولىدا توخ- تىماي ئىلگىرىلەپ، ئۇلۇغۋار ئۆزگىرىشلەر ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى» دەپ كۆرسەتكەندى. يېڭى تارىخىي دەۋردە ھەر

مىللەت ياشلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك شانلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدىشى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ۋە تېررىتورىيىلىك پۈتۈنلۈكىنى قوغدىشى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆهپە قوشۇشى كېرەك.

ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى تارىخ تەكرار-تەكرار ئىسپاتلاپ بەردى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى داۋاملىق تۈردە ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا هەل قىلىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش لازىم. ياش ئەۋلادلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلىشى، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇشى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى هېسابقا ئېلىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى خۇددى كۆزقارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان هەرقانداق هەرىكەتكە ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇرۇشى، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، مىللەتنىڭ هەققانىي ئىشىدىن كۆز يۇمىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان سۆز-هەرى-

كەتلەرگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشى، «ئاز سانلىق مىللەت-
لەر خەنزۇ مىللىتىدىن ئايرىلالمايدۇ، خەنزۇ مىللىتى ئاز سان-
لىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن ئىدىيىنى مەھكەم تۇر-
غۇزۇشى كېرەك. مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بويىچە
بەس-بەستە نەمۇنىچى بولۇش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇ-
رۇپ، مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە
قىلىشى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى-ھەمكارلىشىشى، بىر-بىرى-
نى ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشى، ھامان ھەمنە-
پەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلاندۇ-
رۇش لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت-
نىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەر-
بىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىشكە دائىر
سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئەمەلگە قويۇشقا پايدىلىق ياخشى ئىجتى-
مائىي مۇھىت يارىتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا يېڭى
قۇرۇلۇش دولقۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشى پۈتۈن
مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن، ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
گۈللىنىشىدىن زادى ئايرىلمايدۇ ۋە بۇلار بىر-بىرىنى ئىلگىرى
سۈرىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭ-
قۇرلىشىشىغا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ
بەرپا قىلىنىشىغا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى-
نىڭ ۋە شەرقىي رايونلاردىكى كەسىپلەرنىڭ غەربىي رايونلارغا

يۈتكىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى يېڭى پۇرسەتكە ئېرىشتى ۋە يېڭى مۇسابىقىگە دۇچ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ كەش راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ تىرىشىشى كېرەك، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلار ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنلۇق رولىنى ۋە زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ھەر مىللەت ياشلىرى زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسىنى ۋە ساپا يېتىلدۇرۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى كېرەك.

مەشھۇر ياشلار— دەۋرنىڭ سەرخىلى. بىر ئىلغار تىپ بىر بايراق دېمەكتۇر. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى مەشھۇر ياشلارغا پۈتۈن جەمئىيەت ھۆرمەت قىلىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۆيۈنۈشى، ئۇلارغا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان ياخشى شارائىتنى تىرىشىپ يارىتىپ بېرىشى لازىم، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئالنىجاناب روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇش لازىم.

يولداشلار، دۆلىتىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تارىخىي دەۋرىدە تۇرماقتا. 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن

كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى بىزگە گۈزەل ئىستىقبال پىلانىـ
نى سىزىپ بەردى، بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياشلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا
باغلىق. ھەر مىللەت ياشلىرى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقـ
دىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ
ئۇيۇشۇپ، ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا
ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭى ۋە ئۇلۇغ گۈللىنىـ
شىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇڭلار!

# ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەيلى*

(1997-يىل 1-ئاي)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدىلا يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان زور تۈركۈمدىكى كوممۇنىزمچى كادىرلار بولماي تۇرۇپ مىللىي مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يېتىم قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس» (1949-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈنى پېڭ دېخۇەيگە ۋە غەربىي شىمال بيۇروسىغا ئەۋەتىلگەن تېلېگراممىدا). دۇنياغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆ-

* بۇ ماقالە «پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

تۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىپ، دۆلەتنى ئورتاق گۈللەند-ۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولۇشىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر سەۋەب پارتىيىمىزنىڭ زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرد-نى يېتىشتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە، يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىپىلەر بىزدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلد-ماقتا.

## (1)

**جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلد-كى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، شەرقىي رايونلار بە-لەن غەربىي رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقىنى كىچىكلە-تىش ساپاسى يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىغا مۇھتاج.** جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش زامانىمىزدىكى ھەر مىللەت جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق غايىسى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى يېرى كەڭ، ئەمما نىسپىي ئارقىدا قالغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. نۆۋەتتە زادى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان بىر ۋەزىپە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلار ئارىسىدىكى پەرقنى كىچىكلىتىپ، پۈتكۈل دۆلەتنى تەڭكەش راۋاجلاندۇ-رۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن

ئىبارەت. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركە-
زىي كومىتېتى بۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ،
بۇنى سىياسىي يۇكسەكلىككە كۆتۈردى، پۈتۈن پارتىيىنى بۇ
ئىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە ئاگاھلاندۇردى ھەمدە رايونلار ئىگىلە-
كىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشنى كەلگۈسى 15 يىلدىكى ئىگىلىك
تەرەققىياتىمىز ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر
يېتەكچى فاڭجېنى قىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئۈنۈملۈك
تەدبىرلەرنى قوللاندى. ۋەھالەنكى، بۇ شەرەپلىك ۋە مۇشكۇل
تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشىشىغا، ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىدىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ تەر تۆكۈپ ئىشلىشى ۋە
ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىشىغا باغلىق. تەرەققىياتنى تېز-
لىتىشنىڭ ئامالى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىككى توپ
ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
دىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا يولۇققان تۈرلۈك
چەكلىگۈچى ئامىللارنى زەڭ قويۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئەڭ
چوڭ مەسىلە ئادەمنىڭ ساپاسىدا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ساپاسى
يۇقىرى خادىملار بولماي تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ ئىگىلىكىنى تېزرەك راۋاجلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.
مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇ-
نىنىڭ ساپاسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھەتتا پۈتكۈل
دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەت-
لىك.

**ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى**
**مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ساپاسى يۇقىرى ئاز سان-**
**لىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىغا مۇھتاج.** بىز يۈكسەك ماددىي
مەدەنىيەت بەرپا قىلىپلا قالماي، يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ
بەرپا قىلىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن
تەرەققىي تاپقان رايونلار ئارىسىدىكى پەرق ئىگىلىك تەرەققىياتى
جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتى-
مۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى
تەرەققىياتىمۇ، كەلگۈسى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمۇ، ئىقتى-
سادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلىشىمۇ،
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىمۇ، بۇ رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ گۈل-
لىنىشىمۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئىن-
تايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىدىيە،
ئەخلاق ساپاسىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئەتراپلىق ئۆستۈ-
رۈپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى
كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ساپاسى
يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى بارلىققا كەل-
تۈرۈش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇ-
رۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

**باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيا-**
**لىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ،**
**ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىغاندىلا، ئاز**
**سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن**
**ئوبدان ئىجتىمائىي شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىمۇ ساپاسى**

يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى بولۇشى كېرەك.
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى
قوغداش— مىللىي خىزمەتتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە، ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ
سىياسىي كاپالىتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جە-
ھەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئالاھىدە مۇھىم رولى
بار. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىزدە
ماركسىزم-لېنىنىزملىق سەۋىيىگە، يۈكسەك سىياسىي ئاڭغا،
ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئوبدان مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن بىلىملىرىگە ئې-
گە بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بولىدىغانلا بول-
سا، مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىش كۆپ ئوڭۇش-
لۇق بولىدۇ.» (1990-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى مەملىكەتلىك
مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ دوكلاتىنى
ئاڭلىغان چاغدا سۆزلىگەن سۆز). بۇ سۆزدە ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنىڭ مۇھىم رولى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، شۇن-
داقلا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىغا ناھا-
يىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇلغان. دۆلىتىمىز ئۇلۇغ ئۆزگىرىش
دەۋرىدە تۇرماقتا. جەمئىيەت ئۆزگىرىش ياساۋاتقان مەزگىلدە،
كۆپىنچە، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولى-
دىغانلىقىنى، بۇلارنى بىرتەرەپ قىلىشتا ئېھتىياتچان بولۇشقا
توغرا كېلىدىغانلىقىنى تارىخىي تەجرىبىلەر كۆرسىتىپ بەردى.
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ
مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا پايدىلىق بو-
لىدىغانلىقى شەكسىز، ئەمما مەنپەئەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلە-

شى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بەزى ئالاھىدىلىك-لەر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، بەزى جەھەتلەردە مىللىي مۇناسى-ۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جاھانغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىزنى «غەربچىلەشتۈرۈش»، «پار-چىلاش» كويىدا بولماقتا، مىللىي ۋە دىنىي مەسىلىدىن پايدىلى-نىپ بىزگە بۆزغۇنچىلىق قىلماقتا ۋە پاراكەندىچىلىك سالماقتا، يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر مەملىكەت ئىچى ۋە تېشىدا دۆلەتنى ۋە مىللەتنى پارچىلايدىغان جىنايى ھەرىكەت-لەرنى ئېلىپ بارماقتا. مانا بۇلارغا مۇۋاپىق تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇلار تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى تىزگىنلەپ تۇرۇشقا، تۈرلۈك مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشقا ماھىر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رولىنى باشقا مىللەت كادىرلىرى ئويناليالمايدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى دۆلەت-نىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-لىق-تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوش-تى. ئەمما شۇنىمۇ ئېنىق تونۇشىمىز كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى سان جەھەتتىمۇ، سۈپەت جەھەتتى-مۇ، قۇرۇلما جەھەتتىمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخى تولۇق ئۇيى-غۇنلىشالمايۋاتىدۇ. مەملىكەت بويىچە 2 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بار، مۇتلەق سان ئاز ئەمەس، بىراق تېز راۋاجلىنىۋاتقان زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلى-

ـرىغا سېلىشتۇرغاندا، سانى ئاز، سۈپىتى تۆۋەنرەك، قۇرۇلمى-
سى تازا مۇۋاپىق ئەمەس. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ئال-
دى-كەينىدە خىزمەتكە قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى
خىزمەت ئورۇنلىرىدىن چېكىنىدى ياكى پات ئارىدا چېكىنگۈسى.
نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان
ئاساسىي مەسىلە شۇكى، بەزىلىرى جاپالىق شارائىتتا چېنىقمى-
غاچقا، سىياسىي جەھەتتە تېخى دېگەندەك پىشمىغان؛ بەزىلىرى-
نىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇش-
يەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجادىي ئىجرا قىلىش سەۋىيە-
سى تۆۋەنرەك؛ بەزىلىرىنىڭ ئومۇمىيلىق ئېڭى ئاجىز، ئۇلار
مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتكە يولۇققاندا چوڭ-چوڭ پرىن-
سىپال مەسىلىلەردىكى ھەق-ناھەقنىڭ چېكىنى ئايرىۋالالمايدۇ؛
بەزىلىرى ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ سادا-
سىغا قۇلاق سېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ھەتتا ئاممىدىن،
ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ئىستىل جەھەتتە بوشاڭ، ئۇلاردا بيۇ-
روكراتلىق ۋە شەكىلۋازلىق ئېغىر؛ يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى
كىشىلەر ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغان يېڭى ۋەزىيەتتە
ئىشەنچىنى يوقىتىپ، پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئۇنتۇپ قالغان،
ئۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، قا-
نۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدى، ھەتتا چۈشكۈنلىشىپ چىرىك
ئۇنسۇرغا، جىنايەتچىگە ئايلىنىپ كەتتى. رېئاللىق بىزدىن سا-
پاسى يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا
قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلماقتا.

(2)

يولداش جياڭ زېمىن جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقى-
نىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھ-
بەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ساپاسى يۇقىرى كادىرلار قو-
شۇنىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا بەش تۈرلۈك كونكرېت تەلەپنى
ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەلەپلەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى
قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپىلەرگە، مىللىي خىزمەت-
نىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى-
نىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەندە، نۆۋەتتە تۆۋەندىكى
بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

**1. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە خىزمەتنى ئىجادىي ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەھۋالى باشقا رايونلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ رايونلار ئارىسىدىكى پەرقمۇ خېلى چوڭ، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-- چوڭ فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە خىزمەتنى ئىجادىي ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ ۋە سىياسىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. خىزمەتنى ئىجا-

دىي ئىشلەش دېگىنىمىز پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭ-
جېنلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش،
ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىلىش شەرتى
ئاستىدا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنى ئۆز
رايونى، ئۆز تارمىقىدىكى خىزمەتنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە
پائالىيەتچانلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ
چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنىڭ رولىنى ئۆز رايونىدا ئەڭ زور دەرى-
جىدە جارى قىلدۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ بىر-بى-
رىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىرى كەم
بولسا بولمايدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنى
قايرىپ قويۇپ، ئىجادكارلىقنى، ئالاھىدىلىكنى بىر تەرەپلىمە
تەكىتلەش سىياسەتكە سەل قارىغانلىق، ئومۇمىيلىقتا ئەھمىيەت
بەرمىگەنلىكنىڭ ئىپادىسى، بۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ.
خۇددى شۇنىڭدەك، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېنلى-
رىنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش-
كە ماھىر بولماي، باشقىلارنىڭ ئىش ئۇسۇللىرىنى ۋە تەجرىبە-
لىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللىنىشمۇ ئانچە كارغا
يارىمايدۇ.

**2. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** تاۋار
ئىگىلىكى ئۆزاققىچە تەرەققىي تاپمىغان، بازارنىڭ يېتىلىش دە-
رىجىسى تۆۋەنرەك بولغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى
كەڭ كادىرلارنىڭ بازار قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئاڭلىق تۈردە
بازار قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىشتا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ۋە

قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشى تۇرغان گەپ. ئەمما قىيىنچىلىق ھەرقانچە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، قىيىنچىلىق ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىش، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بۇ مۇسابىقىنى دادىل كۈتۈۋېلىپ، بازار ئىگىلىكى دېڭىزىدا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

**3. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە، نەزەرىيە ۋە پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** نەزەرىيىۋى مەلۇمات كادىرلارنىڭ مۇھىم ساپاسىدىن بىرى، سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىك نەزەرىيە جەھەتتىكى قەتئىيلىكتىن تۇغۇلىدۇ. نەزەرىيە ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقتىن قورقۇش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، ئەمەلىيەتكىمۇ، نەزەرىيىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوبدان كەيپىياتنى تۇرغۇزۇش لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىشتە، ئاساسەن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ھەمدە نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئىگىلەش، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىگىلەش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. نەزەرىيە ئۆگىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا، پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك ئۆگىنىش لازىم. تارىخىي ۋە تىل-يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئومۇمەن ئالغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەنرەك، ئۆگىنىشتە ئۇلار

يولۇقىدىغان قىيىنچىلىق كۆپرەك. شۇڭا ھەر مىللەت كادىرلى-
رى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆگىنىشتە تىرىشچان ۋە ئۆگىنىشكە
ماھىر بولۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ھەم-
مە نەرسىنى ئۆگىنىپ، ئۆز بىلىملىرىنى بېيىتىشى، ئۆز بى-
لىملىرىنى يېڭىلىشى، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

**4. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** ماركسىزملىق مىل-
لەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ سىيا-
سەتنى تەكىتلىشىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ. مىللەت قارىشى—
دۇنيا قاراشنىڭ بىر قىسمى، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى
تىكلىگەندىلا، مىللىي ھادىسىلەرنى توغرا تونۇپ، مىللىي مەسى-
لىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. كۆپ مىللەتلىك مەم-
لىكەت بولغان جۇڭگودا ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ماركسىزم-
لىق مىللەت قارىشىنى ئىگىلىشى ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشى
تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر تەرەپ مىللەت بىلەن
دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشتىن ئىبارەت. ھەربىر ئا-
دەم دۆلەتنى ئەلا بىلىشى، دۆلەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈس-
تۈن قويۇشى، ۋەتەننى سۆيۈشى ۋە ۋەتەننىڭ خىزمىتىدە بولۇشى
لازىم، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر چوڭ ئائىلە بولغان
ۋەتەن قوينىدىلا ئابرويغا ئىگە بولالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ ئالغا
باسالايدۇ.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مە-
سىلىنى بىرتەرەپ قىلىشتىكى چوڭ فاڭجېنىنىڭ ئىپادىسى، ئۇ

جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش،
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەريانىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە
گوۋۇيۈەن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىل-
لاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش لازىملىقىنى قايتا-قايتا تەكىتلى-
دى. مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-
تۆۋەن بولۇشى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنىڭ
يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم. نۆۋەتتە،
ئىسلاھات بىلەن مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇناسىۋى-
تىنى توغرا تونۇش ئىنتايىن زۆرۈر. ئىسلاھات جەمئىيەتنىڭ
ھەممە ساھەلىرىگە تاقىلىدۇ، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە،
مېخانىزم، سىياسەت جەھەتلەردە بۇرۇندىن بولۇپ كەلگەن بەزى
نەرسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنى ۋە زۆرۈرىيىتىنى
يوقاتتى، مىللىي سىياسەتنىڭمۇ بەزى مەزمۇنلىرى (ئاساسلىقى
ئىقتىساد جەھەتتىكىلىرى) مۇ كۆچىدىن قالدى. ئەمما، مىللىي
سىياسەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى، ئالايلۇق، مىللىي باراۋەر-
لىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈ-
رۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشىگە
ياردەم بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەر ئۆزگەرگىنى يوق ھەم ئۆز-
گەرمەيدۇ، دېمەك، ئىسلاھات بىلەن مىللىي سىياسەت چوڭ
يۆنىلىش جەھەتتە بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. بۇ ھال بۈگۈنكى
شارائىتتا شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئىگى-
لەشكە قادىر بولۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى جانلىق
تۈردە ئوبدان ئىجرا قىلىشنى، جۈملىدىن ئەسلىدىكى سىياسەت-

نىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان يېڭى سىياسەت تۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(3)

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ ئورتاق تىرىشىشىنى، تىرىشقاندىمۇ ئۇزاق مۇددەت تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**1. مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، كادىرلار تەلىم-تەربىيىسنى كۈچەيتىش كېرەك.** مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش— ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى. پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي مائارىپنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك قۇرغۇچىلىرىنى ۋە ئىز باسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش لازىم. مىللىي مائارىپمۇ پۈتكۈل دۆلەت مائارىپىغا ئوخشاش، ئىمتىھانغا ماسلىشىش مائارىپىدىن سۈپەت مائارىپىغا ئۆزگىرىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم. ئالىي مەكتەپلەر كادىرلار قوشۇنىغا بىۋاسىتە خادىم يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، شۇڭا ئالىي مائارىپ بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپەت تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشى، جەمئىيەتكە لاياقەتلىك، مۇنەۋۋەر خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىشى لازىم. ھازىرقى كادىرلار تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم. تەلىم-تەربىيىنىڭ شەكىللىرى ھەرخىل بولسا بولىدۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپ-

لىرىگە، ئالىي مەكتەپلەرگە، ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا، مەمۇرىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەشكە بولىدۇ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس، مەخسۇس مۇھاكىمە كۇرسلىرىدا تەربىيىلەشكىمۇ بولىدۇ، ھەرخىل كادىرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، نېمىنى تولۇقلاش زۆرۈر بولسا، شۇنى تولۇقلاش لازىم. تەلىم-تەربىيىدە سۈپەتنى تەكىتلەش، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**2. كادىرلارنى ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش— پارتىيىمىزنىڭ كادىر تەربىيىلەشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىسى. ئالاقىدار تارماقلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقىش، تاۋلىنىش پۇرسىتىنى تىرىشىپ يارىتىپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبە توپلاش، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى مەركىزىي دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ چېنىقتۇرۇش— ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىكى ياخشى چارە، بۇ خىزمەتنى بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ياخشى ئىشلەش لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، يېتىشتۈرۈش ئىستىقبالى بار كادىرلارنى مەقسەتلىك تۈردە ئاساسىي قاتلامغا، جاپالىق رايونغا ئەۋەتىپ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ چېنىقتۇرۇش لازىم. سوتسىيالىستىك

زامانئۇلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ھەر مىل-لەت كادىرلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىشى، چېنىق-قىپ يېتىلىشى ئۈچۈن كەڭ سەھنە ھازىرلاپ بەردى، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئەمەلىيەتكە پائال ئاتلىنىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىشى، يۇكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشى، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، جاپا چېكىشكە ۋە تۆھپە قوشۇشقا رازى بولۇپ، جاپالىق رايوندا ئوبدان نەتىجە قازىنىشى لازىم. يەنە كادىرلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش خىزمىتىنىمۇ كۈ-چەيتىپ، ئۇلارنى مەقسەتلىك تۈردە كۆپرەك ئورۇن بىلەن ئۇچ-راشتۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىك رەھبەرلىك بىلىملىرىگە ۋە رەھبەر-لىك تەجرىبىلىرىگە ئىگە قىلىش لازىم.

**3. ئەسىر ھالقىيدىغان مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش كېرەك.** ئەسىر ھالقىيدىغان مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش دېگىنىمىز ھازىر مەلۇم خىزمەت تارد-خىغا ئىگە بولغان ياش كادىرلارنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدىغان، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان، دادىل يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئاڭلىق تۆھپە قوشىدىغان ئىز باسارلاردىن قىلىپ چېنىقتۇرۇش لازىم دېگەن-لىكتۇر. ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك مۇنەۋۋەر ئاز سان-لىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋاقتىدا تاللاپ ھەر دەرىجىلىك رەھ-بەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇپ، ئۇلارغا مۇھىم ئىش تاپشۇرۇش لازىم. ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە ھەم يۇقىرى ئۆل-چەم، قاتتىق تەلەپ بويىچە ئىش كۆرۈپ، سان توشقۇزۇش ئۈچۈن زورمۇ زور ئۆستۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم، ھەم توققۇ-زى تەل بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىق، ستاژ ۋە ياش-قۇرام سۇ-

رۇشتۇرىدىغان ئىدىيىنىڭ ئاسارىتىنى كەسكىن بۇزۇپ تاشلاش لازىم. ياش كادىرلارنى ھەم ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش، ھەم ئۇلارغا قارىتىلغان تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم. ياش كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چىنىقىشىنى ئوبدان تۇتۇش لازىم. ياش كادىرلار ئىلمىي نەزەرىيىنى ھەقىقىي ئىگىلىگەندىلا، خىزمەتتە ئەگرى يولنى كۆپ مېڭىشتىن، خاتالىقنى كۆپ سادىر قىلىشتىن خالىي بولالايدۇ. ياش كادىرلارنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ھوقۇق بىلەن ئورۇنغا، ئۇقۇشلۇق ئەھۋال بىلەن قىيىنچىلىققا، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئوڭۇشسىزلىققا، تەقدىر بىلەن تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىش لازىم. ئۇلارغا پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ۋە ئىستىللىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇش، ئائىلىق تۇردە ئىلغار شەخسلەرنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىش، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ھەرۋاقىت پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن شەخسىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان ئالىيجاناب پەزىلەتنى تۇرغۇزۇش ھەققىدە تەربىيە بېرىش لازىم. ياش كادىرلارنىڭ ئۆزىدىكى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى توغرا تونۇشىغا ياردەم بېرىش لازىمكى، ئۇلار تېخىمۇ ئوبدان يېتىلسۇن، تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەيدىغان بولسۇن، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلسۇن.

**4. تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ساپاسى يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ تېزرەك**

ۋۇجۇدقا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلار ساپاسى يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى، ئۆز رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق بىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىدە ئېنىق نىشانغا ئىگە بولۇشى ھەمدە مەر-كەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك روھى بويىچە خىزمەت پىلانىنى ۋە پىلانىنى ئەمەلگە قويۇش لايىھىسىنى ئوبدان تۈزۈشى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تىرىشىپ پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. پارتىيىمىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش يولىدىكى ئۇزاق مۇد-دەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا بىر يۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرى-بىلەرنى تەدرىجىي توپلىدى، ساپاسى يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ھەم بۇ مۇۋەپپەقى-يەتلىك تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم يېقىنقى يىللاردا جايلار ياراتقان تۈرلۈك يېڭى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە دىققەت قىلىپ، خىزمەتنى تېخىمۇ ياخ-شى ئىشلەشكە تىرىشىش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشتە بىرنەچچە مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم. بىرىنچى، پارتىيىنىڭ كادىرلارغا قاراتقان ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈ-رۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم. كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە ئالدى

بىلەن كادىرلار قوشۇنىنى «تۆت ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇش»
فاڭجېنىدا ۋە ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا
چىڭ تۇرۇش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئەمەلىي ئەھۋال-
ىنىمۇ كۆزدە تۇتۇپ، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق
بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ھەر
دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورۇنلارغا كىرگۈزۈش لازىم. ئىككىن-
چى، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ
كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش بىلەن باشقا
مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىرتەرەپ قىلىش لازىم. مىللىي
ئاپتونومىيىلىك جايلاردا، ھەم «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە قانۇنى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، تېررىتورى-
يىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ كادىرلىرىنى
يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش، ھەم باشقا مىللەت كادىرلى-
رىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش
لازىم. ئۈچىنچى، كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇ-
تۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىرتەرەپ قىلىش
لازىم. ھەم رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، ئاشكارىلىق،
باراۋەرلىك ۋە ياخشىلىرىنى تاللاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش،
ھەم ئەمەلىي خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە كونكرېت ئەھۋالىنى
كۆزدە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ رىقابەتلىشى-
شى، ئۇيغۇنلىشىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتى-
لىشى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت ھازىرلاپ بېرىش لازىم. تۆتىن-

چى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ
ئۆستۈرۈش بىلەن پائال ئىشلىتىش، ئىشقا قويۇش ئوتتۇرىسىدى-
كى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم. تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرۈش— ۋاستە، ئىشقا قويۇش— مەقسەت، بۇ ئىككى-
سىنى چەمبەرچاس بىرلەشتۈرۈش لازىم. تەربىيىلەشكىمۇ،
ئىشقا قويۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرىغا تولۇق ئىشىنىش، ئۇلارنى دادىل ئىشقا قو-
يۇش، مۇھىم ئورۇنغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىش، ئۇلارغا ئېغىر
ۋەزىپە ئارتىش لازىم. بەشىنچى، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى-
نى يېتىشتۈرۈش بىلەن كەسپىي، تېخنىكا كادىرلىرىنى يېتىش-
تۈرۈش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش
لازىم. ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت كا-
دىرلىرىنى داۋاملىق يېتىشتۈرۈپ ھەم سانى كۆپ، ساپاسى ياخ-
شى، تۈرى تولۇق كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش
قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زامانى-
ۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا
ماسلاشتۇرۇش لازىم. ئالتىنچى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش بىلەن خەنزۇ كادىرلار-
نىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان
بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئۇزاقتىن بۇيان، نۇرغۇن خەنزۇ
كادىرلار ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى
ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، تۆھپە قوشۇپ، ئالاھىدە خىزمەت كۆر-
سەتتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلار-
نىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، خەنزۇ كادىر-

لارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرىغا ئىختىساسلىق بولۇش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ھەمدە ئۇلارنى بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، ئورتاق كۆرەش قىلىدىغان قىلىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىمۇ، خەنزۇ كادىرلارمۇ «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۆزئارا ياردەملىشىشى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگىتىشى لازىم.

# ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىدا چىڭ تۇرايلى*

(1997-يىل 2-ئاي)

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش بىلەن ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئىچكى باغلىنىشى بار. ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن ۋەتەنپەرۋەرلىكتە تېخىمۇ چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ، بۇ— مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلە، شۇنداقلا چوڭ پرىنسىپال مەسىلىدۇر.

**1. ۋەتەنپەرۋەرلىك— ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى تۈۋرۈكى**

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر گۈزەل مۇھەببەت، خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر

---

* بۇ ماقالە «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىل 3-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

قىلىدىغان بايراق، جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىدىغان غايەت زور
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى
تۈۋرۈكى دېمەكتۇر. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك
روھىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇش جۇڭخۇا مىللەتلە-
رىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقىنى
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت
تېپىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇرۇشتا مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە
ئىگە.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا توغرا تارىخ قارىشىنى تىك-
لەش كېرەك. جۇڭگو تارىخىنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق
ياراتقان، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ھەرقايسى مىللەتلەر
ئورتاق بەرپا قىلغان. ھەرقايسى مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئاز-
كۆپ بولۇشىدىن، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى-
دىن، قايسى جايدا ئولتۇراقلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى
شانلىق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە، ھەممىسى ۋەتەننىڭ
ۋۇجۇدقا كېلىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈ-
چۈن تۆھپە قوشقان. دۆلىتىمىز چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرى-
دە كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ شەكىللەنگەندىن
بۇيان، گەرچە توقۇنۇش، ھەتتا قىسقا ۋاقىتلىق پارچىلىنىش
يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ
ئىناقلىقى باشتىن-ئاخىر تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ كەل-
دى. ئۇزلۇكسىز بىرلىككە كېلىش ئارقىسىدا مىللەتلەرنىڭ
قوشۇلۇشى ۋە ئۆزئارا ئالاقىسى كۈندىن-كۈنگە ئىلگىرىلەپ بار-
دى. ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى ۋە پارلاق مەدەنىيىتى

ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلىرىنى تەربىيىلىدى، جۇڭگو ھەر مىل-
لەت خەلقىنىڭ زادى مېھرىنى ئۇزەلمەيدىغان يۇرتىدۇر. «ئاھ،
ئانا ۋەتىنىم!» —مانا بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق يۈرەك
ساداسىدۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، شەرەپلىك ئەنئەنىلەرنى
جارى قىلدۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تارىخىدا، ھەرقايسى مىللەت-
لەردىن نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق شەخسلەر بارلىققا كەلدى، ۋەتەننى
قىزغىن سۆيۈشكە ئائىت نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ئىشلار مەيدانغا
كەلدى. بۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدى-
غان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى مەركەزلىك ئىپادىلىدى. يېقىنقى
زاماندا، ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە
بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ئورتاق قارشى تۇرۇش يولىدا باتۇرلۇق
بىلەن كۈرەش قىلىپ، كۈچلۈك دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، دۆلە-
تىمىزنىڭ زېمىنىنى ئىسسىق قېنى بىلەن قوغدىدى. 18- ئە-
سىردە، شەرقىي شىمالدىكى ھەر مىللەت خەلقى چار روسىيىنىڭ
تاجاۋۇزىغا قارشى خەيلەنپاۋ ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى؛ مۇشۇ
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىزاڭ خەلقى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ
تاجاۋۇزىغا قارشى جياڭزى ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى، يۈننەندىكى
ھەر مىللەت خەلقى فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا
قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى ۋە باشقىلار. بولۇپمۇ جۇڭگو كوم-
پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ھايات--
ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇرۇشتا، يەنى ياپون باسقۇنچىلى-
رىغا قارشى ئۇرۇشتا، ھەر مىللەت خەلقى ھەققانىيەت يولىدا
جاسارەت كۆرسىتىپ، دۆلەتنى قۇتقۇزۇشقا ئورتاق ئاتلاندى.

شەرقىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئار-
مىيە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇيزۇلار ئەترىتى، خەينەندىكى
جۇڭيا ئەترىتى قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلغان ھەر مىللەت خەلقى
گۆش ۋە قېنى بىلەن يېڭى ئىستىھكام قۇرۇپ، تاجاۋۇزچىلارنى
خەلق ئۇرۇشىنىڭ پايانسىز دېڭىزىغا غەرق قىلدى. ئۇنىڭدىن
كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاش-
لاش، يېڭى جۇڭگونى بەرپا قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدا
يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى، ۋەتەن يولىدا جان پىدا
قىلىدىغان ئۇلۇغۋار روھىنى نامايان قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپە-
لەرنى قوشتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىن-
قىلاب تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇ ئايان بولىدۇكى،
پارتىيىنىڭ ئىشلىرى، مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم-
دىن قورقماي، قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان ھەر مىللەتنىڭ
يۈكسەك ئىرادىلىك، ھەققانىيەتچى كىشىلىرى ھەرقايسى تارى-
خىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە بولۇپ ئۆتكەن. بۇنداق شەرەپلىك
ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى قىممەتلىك روھىي بايلىقدۇر، ئۇنى
مەڭگۈ قەدىرلىشىمىز ۋە ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشىمىز كې-
رەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، جۇڭگو كومپارتىيىسى-
نىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش كېرەك. جۇڭگونىڭ
تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، كومپارتى-
يىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. كومپار-
تىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىلىك ئورنىنى ھېچقانداق
پارتىيە باسالمايدۇ. بىرلا كومپارتىيە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ

ئورتاق مەنپەئەتىگە ساداقەتلىك بىلەن ۋەكىللىك قىلالايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىتتىپاقلاشتۇ-رۇپ، تەشكىللەپ، خىيىم-خەتەرلەرنى يېڭىپ، يورۇقلۇق ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشنى پۈ-تۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىش ئارقىلىق تارىخىي يوسۇندا تاللىۋالغان. كومپارتىيە بولمىغان بولسا، سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى؛ كومپارتىيە بولمىغان بولسا، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىمۇ بولمىغان بولاتتى. دەل جۇڭگو كوم-پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا، ھەر مىللەت خەلقى بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدە ئىناق ئۆتۈپ، ئۆز دۆلىتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تە-رەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇ-ڭا، ھازىرقى باسقۇچتا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇ-رۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا ئېغىشماي مېڭىش كېرەك.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، سوتسىيالىستىك زامانى-ۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قى-لىش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش — مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئورتاق غايىسى ۋە تارىخىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك-نىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كو-مىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا تەكلىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ

4-يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان مەملىكىتىمىزنىڭ «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى» بىزگە گۈزەل پىلان سىزىپ بەردى، مىللەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن گۈزەل ئىستىقبال كۆرسىتىپ بەردى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشىغا باغلىق. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ كەڭ سەھنىسى ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان، ئۆز قابىلىيىتىنى ئىشقا سالىدىغان پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنى بالدۇرراق زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان. ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، ھەربىر پۇقرانىڭ

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەج-بۇرىيىتى بار، دەپ بەلگىلەنگەن. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخ-شى ئېلىپ بېرىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر شەرت مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مۇقىم ئىجتىمائىي شارائىتنى ساق-لاشتىن ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىغاندىلا، ھەرقايسى مىللەتلەر-نىڭ مەنپەئىتىنى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى، ھەممەيلەننى ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن بىر نىشان ئاستىدا تەڭ كۈچ چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىككە زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق سۆز-ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش، مىللىي بۆل-گۈنچىلىكنى پەيدا قىلىدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قەت-ئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. بەزىلەر: چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئاندىن جۇڭگونىڭ زې-مىنى بولۇپ قالغان، دېيىشىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق، تارىخنى بۇرمىلىغانلىق. بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ نەچ-چە يۈز يىل بۇرۇنلا غەربىي يۇرت ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا رايونلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغان. مىلادىدىن بۇرۇن 60-يىلى مەركە-زىي ھۆكۈمەت غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ تەسىس قىلىپ، ئۇنى غەربىي خەن سۇلالىسىگە ۋەكالىتەن غەربىي يۇرتنى باشقۇ-رىدىغان ئەڭ ئالىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار قىلغان. چىڭ سۇلالىسى ياقۇپ بەگ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، 1884-يىلى غەربىي يۇرتنى شىنجاڭ دەپ ئۆزگەرتكەن، كېيىن

يەنە شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلغان.

مىللىي تىل ۋە دىن ئاالاھىدىلىكى دۆلەتنى ھاسىل قىلىدى- غان مۇھىم ئامىل ئەمەس، ئۇنى بۆلۈنۈش ۋە مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىشنىڭ باھانىسى ۋە ئاساسى قىلىشقا ھەرگىز بولماي- دۇ. تۇرلۇك مىللەتلەرنىڭ ئايرىلىشى ئادەملەرنىڭ تۇرلۇك ئۇ- مۇملۇقىدا ئۆزىگە خاس ئاالاھىدىلىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بۆلار ئوتتۇرىسىدا تىل، ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي تۇر- مۇش قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە پەرق بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە خاس ئاالاھىدىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئاالاھىدىلىكى ۋە پەرقىنى باھانە قىلىپ، مۇس- تەقىللىق تەلەپ قىلسا، ئۇنداقتا كۆپ مىللەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ دۇنيادا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق مىللەت بار، لېكىن، دۆلەت ئاران يۈز نەچچە، دېمەك، دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆپ مىللەتلىق دۆ- لەت. روشەنكى، مىللىي ئاالاھىدىلىكنى مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىش بىمەنىلىكتۇر.

دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكى- تىنى ئېلىپ بېرىش بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئاالاھىدى- لىكلىرىدىن بىرى. ئۇلار ئېيتقۇسىز مەقسىتىگە يېتىش ئۇ- چۈن، دىنىي كەيپىياتنى قوزغاپ، دىنىي بايراقتىن پايدىلىنى- دۇ. ئۇلار دائىم «غازات»نى ئۆزىگە شوئار قىلىدۇ. بىز شۇن- داق دەپ سوراشقا ھەقلىقمىزكى، ھازىرقى ھاكىمىيەت خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، شۇنداق تۇرۇق-

لۇق «غازات» قىلغۇچىلار كىمگە قارشى غازات قىلماقچى؟ كىم ئۈچۈن غازات قىلماقچى؟ ئىچىپ ئېيتقاندا، «غازات» نىڭ مەق- سىتى دىننى نىقاب قىلىپ، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇرۇش ياكى دىنىي كەيپ- ياتتىن پايدىلىنىپ قارشىلىق پەيدا قىلىپ، ۋەقە چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ھەرىكەتلەرنى قەتئىي پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.

ھازىر، مەملىكىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشى- مىز كېرەككى، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بە- لەن شۇغۇللىنىۋاتقان مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ھېلىمۇ مەۋ- جۇت. بۇلار خەلقنىڭ دۈشمىنى، مىللەتنىڭ تاشلاندۇقلىرى، تارىخنىڭ جىنايەتچىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە، تارىخ ئېقىمىغا خىلاپ بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى- لىقىغا ئۇچرىشى، قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىشى، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىشى ئەلۋەتتە ھەقلىق. بىر ئوچۇم مىللىي مۇنا- پىقلارنىڭ مىللەتنى پارچىلاش، دۆلەتنى پارچىلاش ھەرىكەتلىرى يېڭى ئىش ئەمەس، بۇنداق ئىشلارنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا بەزى كىشىلەر جاھانگىرلىكنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قىلىپ باققان، نەتىجىدە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان . ھا- زىر يەنە بەزى كىشىلەر چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۆلەتنى پارچىلايدىغان جىنايى قىلمىشلارنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇ-

رۇنۇۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تاپقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ كىشىلەر تېخىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، خالاس.

**2. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللەت مەنپەئىتى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك**

بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدە، مىللىي مەسىلىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئۆگىنىپ، توغرا مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. مىللەت قارىشى— كىشىلەرنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى تۈپ قارىشى، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئىنكاسى. مەلۇم بىر سىنىپ ۋە پارتىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەت قارىشى ئۇنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي نەزەرىيىسى، پروگراممىسى، پرىنسىپلىرى ۋە سىياسەتلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ نېمىلىكىنى، مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشىنى، مىللىي مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتا، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ:

بىرىنچىدىن، مىللەت بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش. مىللەت ئادەملەرنىڭ دۆلەت-

كه بېقىنىپ تۇرىدىغان ئۇمۇملۇقىدۇر. ھەرقانداق بىر مىللەت
بىرەر كونكرېت دۆلەتتە ياشىغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى
قوغدىيالايدۇ، تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ. دۆلەت— مىللەتنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى زۆرۈر شەرت. دۆلەت بىرلىككە
كەلگەن ھەم قۇدرەت تاپقاندىلا، ئاندىن مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى
ۋە شەخسلەرنىڭ بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن بولىدۇ.
سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى يېڭى جۇڭگودا، مىللەتلەرنىڭ مەن-
پەئىتى بىلەن دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى ماھىيەت جەھەتتىن بىر،
مىللەتنى سۆيۈشتە ئالدى بىلەن دۆلەتنى سۆيۈش كېرەك. ھەر-
قايسى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا،
ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئىتىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن،
ھەممە كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ تېخىمۇ تېزرەك ئالغا بېسىپ
گۈللىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەممە كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ
ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ،
ھەممە كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك ۋە ئىززەت-ئاب-
رويلۇق بولۇشىنى خالايدۇ ۋەھاكازا. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى
يەككە-يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ بىر-
لىكى، مۇستەقىللىقى، تەرەققىياتى ۋە ئىززەت-ئابرويىغا باغلىق
بولىدۇ. پەقەت دۆلەت تىنچ، مۇستەقىل، باي-قۇدرەتلىك بول-
غاندىلا، مىللەتلەر ئاندىن تەرەققىي قىلالايدۇ، گۈللىنەلەيدۇ،
ئالغا باسالايدۇ؛ پەقەت مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئىناق بولغاندىلا،
دۆلەت ئاندىن مۇقىم تەرەققىي قىلىش مۇھىتى ۋە شارائىتىغا
ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممى-
دىن ئەلا ئورۇنغا قويۇش، مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ۋە قىسمەن

مەنپەئەتنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇش
لازىم. مىللەتنى سۆيۈش كېرەك، دۆلەتنى تېخىمۇ سۆيۈش
كېرەك، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى ئۈستۈن ئو-
رۇنغا قويۇش، مۇھىم بىلىش كېرەك، ھەرقايسى مىللەتلەر
ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.
مىللەتنى سۆيۈش ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىگە بويسۇنۇش
پۇقرالارنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى. بۇ ئىككى خىل ھېسسىيات-
نىڭ قوشۇلۇپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى دۆلەتنىڭ مۇستە-
قىل بولۇشى، بىرلىككە كېلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنىڭ غايەت
زور مەنىۋى تۈۋرۈكى. ئەمەلىيەت داۋامىدا، دۆلەتنىڭ مەنپەئە-
تى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئوتتۇر-
سىدىكى مۇناسىۋەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىش لازىم. دۆلەتنىڭ
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشى،
چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنى قۇرۇشى مەيلى يىراق كەلگۈسى
نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ، رېئاللىق نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ دۆ-
لەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدى-
لىق، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى-
گە بويسۇنۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلى-
قىدا باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش. مىللىي باراۋەر-
لىك مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا قەيت قىلىنغان. مەم-
لىكىتىمىزدە مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى ۋە تە-
رەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىجتى-

ـمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە باپباراۋەر. مىللىي بارا-
ۋەرلىك ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا
بىر-بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، بىر-بىرىنى
ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىنى كەمسىتمەسلىكى لازىملىقىنىمۇ
تەلەپ قىلىدۇ. ھەرقايسى مىللەت پۇقرالىرى ھەر ۋاقىت بار-
دى-كەلدى قىلىپ تۇرىدۇ، تۇرلۇك ئالاقىدە بولۇپ تۇرىدۇ،
شۇڭا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى
ئىنتايىن مۇھىم. ھازىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، قاتـ-
ـناشنىڭ ئاسانلىشىشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
بېرىش-كېلىش مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭەيدى ھەمدە ئۈزلۈك-
ـسىز كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. بېرىش-كېلىش كۆپ بولغاندىكىن،
سۈركىلىشنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالىمۇ ئاشىدىغان گەپ، شۇڭا
مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىنى چۈشىنىشى ۋە ھۆرمەتلىشىنى ئالاھىـ-
ـدە تەشەببۇس قىلىش كېرەك. مەيلى قايسى مىللەت پۇقراسى
بولمىسۇن، ئىجتىمائىي ئالاقىدە ۋە تۇرمۇشتا دۆلىتىمىزنىڭ
كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئەھۋالـ-
ـنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، كۆكس-قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، بىر-بىـ-
ـرىنى چۈشىنىشى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرىنى
مەنسىتمەيدىغان، بىر-بىرىنى كەمسىتىدىغان خاھىشلارنىڭ ۋە
بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ ھەرقانداقىنى چۆرۈپ تاشلىشى، ئاڭـ-
ـلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا مىللىي ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسىنى ئىپادىـ-
ـلەپ قويىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىشى، باشقا مىللەتلەرنىڭ دىـ-
ـلىغا ئازار بېرىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئىشنى
قىلماسلىقى لازىم.

ئۈچىنچىدىن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-
مىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. جۇڭگو مىل-
لىي مەسىلىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى
يۈرگۈزۈش يولى بىلەن ھەل قىلىشنى ماركسىزمنىڭ قائىدىسى-
گە ۋە جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىگەن. بۇ كىشىلەر-
نىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى
تارىخىي مۇقەررەرلىكتۇر. جۇڭگو— قەدىمدىن كۆپ مىللەتلىك
بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ كەلگەن، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىقتىسا-
دىي تۇرمۇشتا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىگە تايىنىدى-
غان يېقىن مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئورتاق دۈشمەنگە
قارشى كۈرەشتە، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان، بىر
پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلۈشى ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن ئېتىراپ
قىلىنغان، كىتاب ۋە خەرىتىلەردىمۇ خاتىرىلەنگەن، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. مەيلى
سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات
نۇقتىسىدىن كۆزىتەيلى ياكى تارىخىي نۇقتىدىن، رېئاللىق نۇق-
تىسىدىن ۋە كەلگۈسى نۇقتىسىدىن كۆزىتەيلى، «خەنزۇلار ئاز
سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەن-
زۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقىلا بولى-
دۇ. جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: جۇڭگودىكى
مىللەتلەر «بىرلەشسە ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق، بۆلۈنسە
ھەر ئىككى تەرەپكە زىيانلىق»، «تارىخنىڭ تەرەققىياتى بىز—
مىللەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىغا شارائىت يارىتىپ بەردى، ئىنقىلا-
بىي ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ھەمكارلىقىمىزغا ئاساس سېلىپ

بەردى» . پاكىت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيىنى يۈرگۈزۈش جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن توغ-
را يول، بۇنىڭدا شەك يوق. بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىرقىسىم كۆپ
مىللەتلىك دۆلەتلەردە مىللىي توقۇنۇش ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى
پەيدا قىلدى، بۇ هال جۇڭگونىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى. يول-
داش دېڭ شياۋپىڭ: «مىللىي مەسىلىنى هەل قىلىشتا، جۇڭگو
مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى ئەمەس، بەل-
كى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قوللاندى.
بىزنىڭچە بۇ تۈزۈم ياخشىراق، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن
كېلىدۇ. بىزدە بىرمۇنچە ئەۋزەل نەرسىلەر بار، بۇ بىزنىڭ
ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزدىكى ئەۋزەللىك، بۇنىڭدىن كېچىشكە
بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈ-
چۈن، مەركەز ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىش-
لەپ، 1984-يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئېلان قىلدى. بۇ ئاسا-
سىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن مۇھىم قانۇن بولۇپ،
مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى-
نىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن، قانۇنچىلىق يولى-
غا چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ جەھەتتە ئىش-
لەشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر بار، بۇ خىزمەتلەرنى
ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، جۈملىدىن ماددىي كۈچ، ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىن ياردەم بەردى. دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا ھەرقايسى مىللەتلەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بەزى مىللەتلەر بىرقانچە ئىجتىمائىي فورماتسىيىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم دەۋرىگە قەدەم قويدى. ھەرقايسى مىللەتلەرمۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. كەلگۈسى 15 يىل ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتكە ئىگە بولىدىغان، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدىغان 15 يىل بولىدۇ. پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «تەكلىپ»تە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا مول مەزمۇنلار بار. 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىنى يولغا قويۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ۋە دۆلەتنىڭ يۆلىشى، تەرەققىي تاپقان رايونلارنى ياردەم بېرىشى ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش،

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش، ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرق مەسىلىسىگە مەركەز يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. پەرقنى تارىختىكى ۋە رېئاللىقتىكى كۆپ خىل ئامىللار پەيدا قىلغان، ئۇنى تۈگىتىش ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك. پائال تۈردە شارائىت ھازىرلاپ، پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش لازىم. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشنى ئىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**3. ماركسىزملىق دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا يېتەكلەش لازىم**

دىننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ تەبىئىي مەنبەسى، ئىجتىمائىي مەنبەسى ۋە بىلىش جەھەتتىكى مەنبەسى بار، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېرگە، ئاممىۋى خاراكتېرگە، مىللىي خاراكتېرگە، خەلقئارا خاراكتېرگە ۋە مۇرەككەپلىك خاراكتېرگە ئىگە. دىنىي ئىشلارنىڭ كىچىكى يوق. دىنىي مەسىلىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش— دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى. دىنىي مەسىلىلەرنىڭ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى دۆلەتنى تىنچلاندۇ-

رۇش ۋە مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا، خەلقئارا ئالاقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇشتا، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بىزدىن دىنىي مەسىلىگە خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك چوقۇم «ئالاھىدە سالماق»، «ئىنتايىن ئېھتىياتچان» پوزىتسىيە ۋە «ئەتراپلىق ئويلىنىش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە مۇرەككەپلىكىنى مۇبالىغە قىلىپ، ھودۇقۇپ كېتىش توغرا ئەمەس؛ مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇرەككەپلىكىگە سەل قاراپ بىپەرۋالىق قىلىش، بولۇشىغا قويۇپ بېرىشمۇ توغرا ئەمەس.

ماركسىزملىق دىن قارىشىدا چىڭ تۇرۇشتا، يولداش جياڭ زېمىننىڭ دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئۈچ جۈملە سۆزىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم: بىرىنچى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىككىنچى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، ئۈچىنچى، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. ئەمەلىيەت جەريانىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە خىزمەتنى كۈچەيتىش لازىم:

دۆلەت بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش لازىم. دىن ئېتىقاد جۈملىسىگە كىرىدۇ، ئۇ پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشى. مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئېيتمايلى، ئادەملەر ئۈچۈن دۆلەت ھەممىدىن مۇھىم. بىر ئادەم ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئالدى بىلەن ۋەتەنپەرۋەر

بولۇشى لازىم. بۇ— كوممۇنىستلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇ-
چىلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشتىكى سىياسىي ئاسا-
سىدۇر. دىنىي ئەقىدىدىمۇ دۆلەتنى سۆيۈش توغرىسىدىكى مەز-
مۇن بار. ۋەتەننى سۆيۈش— ياخشى دىندارلاردىن بولۇشنىڭ
ئالدىنقى شەرتى، ۋەتەننى سۆيمەيدىغان ئادەمنىڭ دىننى ھەقىقىي
سۆيۈشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. دۆلىتىمىزدە، دۆلەت قۇد-
رەت تېپىپ گۈللەنگەندىلا، سوتسىيالىزم شارائىتىدىلا ھەقىقىي
دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ يەردە
شۇنى كۆرسەتمەي بولمايدۇكى، رېئال تۇرمۇشتا بەزىلەر دۆلەت
بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاستىن-ئۈستۈن
قىلىپ، دىننى دۆلەتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، دىننى دۆلەتتىنمۇ
مۇھىم بىلمەكتە. مەسىلەن، ئۇلار دىنىي ئەقىدىگە قاتتىق ئەمەل
قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇنىغا، سىياسىتىگە بولسا دېگەندەك ئوب-
دان ئەمەل قىلمايدۇ؛ دىنىي جەھەتتىكى بەزى ئىشلارغا ئىنتا-
يىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، دۆلەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارغا
ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. نۇرغۇن جايلاردا مەكتەپلىرىمىز كونى-
راپ قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەن، لېكىن مەسچىت، بۇتخانا،
چېركاۋلار ئىنتايىن ھەيۋەتلىك سېلىنغان؛ بەزىلەر دىنىي ھەرى-
كەتلەرگە ئىنتايىن قىزغىن قاتنىشىپلا قالماستىن، ھەتتا دىن
ئارقىلىق مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋاتىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش لازىم. دىنىي ئېتى-
قاد ئەركىنلىكى ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارغا بېرىلگەن ھوقۇقلار-
نىڭ بىرى. پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمۇ،
دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بار. دىنىي ئېتىقاد

ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش كىشىلەرنىڭ
دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق
ئەركىنلىكىنىمۇ قوغداشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىد-
گە ئالىدۇ. پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقىمۇ، دىنغا ئېتىقاد
قىلماسلىققىمۇ زورلاشقا بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇق-
رالارنىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنىمۇ كەمسىتىشكە
بولمايدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد
قىلمايدىغان ئامما، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ئامما بىر-بىرد-
نى ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشى لازىم. بىزنىڭ
دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا
كۆزدە تۇتىدىغان ئاساسىي نۇقتىمىز ۋە ئاخىرقى نىشانىمىز—
دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان
ئاممىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك
دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈ-
رۈش. مۇشۇ ئاساسىي نۇقتىدىن چەتنىگەن سۆز ۋە ھەرىكەتلەر-
نىڭ ھەرقاندىقى خاتا، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.
دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئۇزاق مۇددەتلىك سىيا-
سەت، ئۇنى ئەستايىدىل ۋە ئەتراپلىق ئىجرا قىلىپ، دىنىي
سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك.

هاكىمىيەت بىلەن دىننى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش، دىن-
نىڭ مائارىپقا، نىكاھ ئىشلىرىغا، ئائىلە ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق
قىلىشىغا يول قويماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. دى-
نىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى— دىنىي ئې-
تىقاد مەسىلىسىنى پۇقرالار ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللايدىغان

مەسىلىگە، پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئايلاندۇرۇش. ھەرقانداق دىنىنىڭ سىياسەتكە، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق ئىشلارغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. دىنىي ساھەدىكىلەر مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ئاساسىدا چەت ئەللەر بىلەن دىنىي جەھەتتىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرسا، دىنىي جەھەتتە خەلقئارا دوستانە بېرىش-كېلىشنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ. ئەمما دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم. ئىجتىمائىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش— ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتنىڭ ھوقۇقى. دۆلىتىمىزدە، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم. دۆلەت ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى دىنىي ئىشلار توغرىسىدا بىر تۈركۈم قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، دىنىي كەسپدارلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىشنى قوغدايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ،

قانۇنسىز ئۇنسۇرلانىڭ دىندىن ۋە دىنىي ھەرىكەتلەردىن پايدىلى-
نىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىنىڭ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ
جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى چەكلەيدۇ،
چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭىپ
كىرىشىنى توسىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇن بويىچە ئىلىپ
بېرىش، دىنىي سورۇنلارنى تەسىس قىلىشتا ۋە دىنىي سورۇنلار-
دا پائالىيەت ئىلىپ بېرىشتا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم،
نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى دىن دائىرىسىگە كىرمەيدىغان،
دۆلەت مەنپەئىتىگە ۋە خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنىڭ بىخە-
تەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرخىل خۇراپىي ھەرىكەتلەر-
دىن، ئاساسىي قانۇندا، قانۇنلاردا ۋە سىياسەتتە بەلگىلەنگەن
دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن قانۇنسىز ھەرىكەتلەردىن پەرقلەندۈ-
رۈش كېرەك. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ۋە نورمال دىنىي
پائالىيەتلەرنى قوغداش بىلەن بىرۋاقىتتا، دىنىي نىقاب بىلەن
ئېلىپ بېرىلغان بارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە ۋە جىنايى
ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش لازىم.

دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەك-
لەش كېرەك. دىن بىر خىل تارىخىي ھادىسە بولۇپ، سوتسىيا-
لىستىك جەمئىيەتتە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئەگەر
دىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشمىسا، زىددىيەت پەي-
دا بولىدۇ. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى
ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن تۈپ مەنپە-
ئەت جەھەتتە بىردەك، بۇ— دىننىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت-
كە ئۇيغۇنلىشالىشىنىڭ سىياسىي ئاساسى. دىننى سوتسىيالىس-

تىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا يېتەكلەش دىنغا ئېتىقاد قىلغۇ-
چىلارنىڭ خۇداگۇيلۇق ئىدىيىسى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز
كېچىشىنى تەلەپ قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ سىيا-
سىي جەھەتتە ۋەتەننى سۆيۈپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى، كوم-
پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، دىننى سۆيۈش بىلەن
ۋەتەننى سۆيۈشنى بىرلەشتۈرۈشىنى، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاسا-
سىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئۆز ئىرادىسى
ۋە كۈچىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ
ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇننىڭ ئىنز-
زەت-ھۆرمىتىنى قوغداشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەت-
نىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە
ئالغا بېسىشىغا پايدىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقتۇر. شۇنى
كۆرۈشىمىز كېرەككى، بەزى جايلاردا دىن سوتسىيالىستىك
جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت، مەسىلەن،
بەزى جايلاردا سالغان مەسچىت، بۇتخانىلارنىڭ كۆلىمى ۋە سانى
ئەمەلىي ئېھتىياجدىن ئېشىپ كېتىپ، ئاممىنىڭ يۈكىنى ئې-
غىرلاشتۇرۇۋەتكەن؛ بەزى جايلاردا دىن مەمۇرىيەت، ئەدلىيە ۋە
مائارىپقا ئارىلىشىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەمر-پەرمانلى-
رىنىڭ توسالغۇسىز ئىجرا قىلىنىشىغا ۋە ھاكىمىيەتنىڭ يۈرگۈ-
زۈلۈشىگە تەسىر يەتكۈزگەن، ھەتتا بەزى ئاساسىي قاتلام پارتىيە
ياچېيكىلىرىنى ئۆزگەرتىپ سايلاشتىمۇ دىنىي كەسپدارلارنىڭ
پىكرى بويىچە ئىش قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن؛ بەزى مەز-
ھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كىشىلەرنىڭ ئۆلۈش-يارىلىنى-
شىغا سەۋەب بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە رايون مۇقىملىقىغا

زىيان يەتكۈزگەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا تەسىر يەتكۈزگەن؛ بەزى جايلاردا خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، سوتسىيا- لىستىك جەمئىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان مەزمۇنلار تەرغىپ قىلىنغان ۋەھاكازا. دېمەك، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا قانداق يېتەكلەش مەسىلىسىدە، بىز ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر بار، بىز بۇ خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

# مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئاۋات، تۇراقلىق چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى*

(1997-يىل 4-ئاينىڭ 2-كۈنى)

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى يەكۈنلەش، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى هاسىل قىلغان تەجرىبىلەرنى كەڭ-كۆلەمدە ئالماشتۇرۇش، چېگرا رايونلاردا بۇندىن كېيىن بىر مەزگىلگىچە ئىشلىنىدىغان مىللىي خىزمەتنى مۇهاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئىسلاهات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايونلاردا مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تېخىمۇ ئوبدان قوغداش، ئاۋات، تۇراقلىق چېگرا رايونى قۇرۇشتىن ئىبارەت.

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەهمەدنىڭ چېگرا رايونلاردىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

# 1

ئېلىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسى 20 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، 15 دۆلەت بىلەن تۇتىشىدۇ. چېگرا رايونلار 40 نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەرنىڭ 135 ناھىيىسىگە (شەھەر، خوشۇنلىرىغا) چېتىلىدۇ، بۇنىڭ 107سى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن ئىبارەت. چېگرا رايونلارغا 30 نەچچە مىللەت جايلاشقان، بۇلارنىڭ تولىسى چېگرا سىرتىدىكى ئۆزى بىلەن ئوخشاش بىر مىللەتكە قوشنا ئولتۇراقلاشقان. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت— پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم ۋە تولىمۇ ئالاھىدە تەركىبىي قىسمى. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، چېگرا رايونلارنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئوبدان يولغا قويۇشتا، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ھەم بىرلىكىنى قوغداشتا، ئېلىمىزنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىق دوستانە ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئېلىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئوبدان شارائىت يارىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي

يىغىنىدىن كېيىن، مەركەز 1979-يىلى مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئەسى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، چېگرا رايون قۇرۇلۇ- شىنىڭ چوڭ فاڭجېن ۋە سىياسەت-تەدبىرلىرىنى بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چېگرا رايونلار ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چوڭ قەدەم تاشلاپ، 18 يىللىق ئۇلۇغۋار مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆز قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. چېگرا رايون خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مىللىي خىزمەتتىمۇ غايەت زور نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى.

**(1) مىللىي خىزمەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈ- رۈلدى.**

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە بىلەن دۆلەت خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش يولىغا يۆت- كىدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇپ ۋە خىزمەت قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئوبدان ئادا قىلىپ كەلدى، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت ۋا- ستىسى قاتارلىق جەھەتلەردە پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزد- تىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتى- سادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. 1995-يىلنىڭ ئاخى-

رىغا كەلگەندە، مەملىكەت بويىچە چېگرا رايونلارغا قاراشلىق 135 ناھىيە (شەھەر، خوشۇن) نىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 78 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى. يەرلىك مالىيە كىرىمى يىلمۇيىل ئېشىپ باردى، ئۇنۋېرسال ئىقتىسادىي قۇدرىتى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىدا «بىر چوڭ ئېقىن، ئىككى دەريا» نى ئاساس قىلغان ئېچىش ئىشى زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى، مالىيە كىرىمى تېز ئاشتى، بۇلتۇر ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى 10% كە يەتتى.

ھەممە جاي ئۆز شارائىتىنى ئاساس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى نۇقتىلىق تەڭشىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئۇنۋېرسال تەرەققىيات سالمىقىنى ئاشۇردى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. يېزا-بازار كارخانىلىرىنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇردى ۋە چوڭايتتى. سانائەت سىستېمىسىنى باشلانغۇچ كۆلەمگە ئىگە قىلدى. ساياھەت ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇردى. سودا-مۇلازىمەت، پوچتا-تېلېگراف، ئالاقە، قاتناش-ترانسپورت، پۇل مۇئامىلە-سۇغۇرتا، ئۆي جاي كەسپى قاتارلىق 3-كەسىپنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى بارغانسېرى ئەقىلغە مۇۋاپىقلاشتۇردى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇردى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ مۇھىم ئېنېرگىيە بازىسىغا ئايلاندى.

**(2) ئېقىمغا ماسلىشىپ، ھەر جاينىڭ شەرت-شارائىتىغا**

## قاراپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى پائال ئىلگىرى سۈرۈلدى

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش— مىللەتلەرنى ئىتتى-
پاقلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ھەم چېگرا رايونلارنى گۈللەن-
دۈرۈشتىكى مۇقەررەر يول. جايلار ئىسلاھاتنى مىللىي خىزمەت-
نىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭدۈردى. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي
خىزمەت تارماقلىرى ئىسلاھاتنىڭ ھەممە باسقۇچىغا، ھەممە سا-
ھەسىگە پائال قاتنىشىپ، ئالاقىدار تارماقلارغا يېقىندىن ماسلى-
شىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كونكرېت سىيا-
سەت ۋە تەدبىرلەرنى ئىسلاھاتنىڭ ئومۇمىي نىشانى ۋە باش
سىياسىتى بويىچە بەلگىلىدى. چېگرا رايونلارنىڭ ئىشىكنى
سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشى ئىچكىرىدىن سىرتقا قاراپ تەدرىجىي
ئىلگىرىلەش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. 1979-يىلى ئۆتكۈزۈل-
گەن مەملىكەتلىك چېگرا مۇداپىئەسى خىزمەت يىغىنىدا شەرق-
تىكى تەرەققىي تاپقان ئۆلكە-شەھەرلەرنىڭ چېگرا رايونلارغا ۋە
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە ياردەم
بېرىشى بەلگىلەندى، شۇنىڭ بىلەن چېگرا رايونلار ئىچكىرىگە
قارىتىپ ئىشىك ئېچىۋېتىشكە باشلىدى. بۇ ئىش تەرەققىي تاپ-
قان رايونلاردىكى مەبلەغ ۋە تېخنىكىنىڭ تەرەققىي تاپمىغان
چېگرا رايونلارغا يۆتكىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ
قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. 1987-يىلى مەركەزنىڭ 13-
نومۇرلۇق ھۆججىتىدە يېڭى دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ يې-
تەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى بەلگىلەندى، ھۆججەتتە
چېگرا رايونلارنىڭ پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، چەت ئەل-

لەر بىلەن ئىقتىساد، تېخنىكا جەھەتتە پائال ئالاقە باغلىشى ۋە ھەمكارلىشىشى، چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، چېگرا را- يوننى گۈللەندۈرۈشى، خەلقنى بېيىتىشى، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىشى لازىملىقى ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ ئۆزى چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتكە كۆچلۈك تۈرتكە بولدى.

چېگرا رايونلار ئۆزىنىڭ ئورۇن جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقد- نى جارى قىلدۇرۇپ، چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودىسىنى يولغا قويۇپ، چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇردى. 1995 -يىلىغا كەلگەندە، چېگرا سودىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 3 مىلياد 335 مىليون دوللارغا يەتتى. چېگرا رايونلار مالىيە كىرىمىنى كۆ- پەيتتى، 3 -كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى، چېگرىدىكى شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرد- نى كېڭەيتتى، بازار ئوبوروتىنى جانلاندۇردى، كىشىلەرنىڭ تاۋار ئىگىنى ئىقتىساد ۋە سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتتى، دۆلەت- نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

1992 -يىلى، گوۋۇيۈەن ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ، خېيخې، غۇلجا، پىڭشياڭ قاتارلىق چېگرا بويىدىكى 13 شەھەرنى سىرتقا ئوچۇق شەھەر قىلىشنى ۋە بۇ چېگرا بويىدىكى 13 ئوچۇق شەھەردە چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، چېگرا بويىدىكى 13 ئوچۇق شەھەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھې- ساب بىلەن 15% سۈرئەتتە ئېشىپ باردى، 1995-يىلىغا كەل-

گەندە ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى تۆت مىليارد 700
مىليون يۈەنگە يەتتى. چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونىنىڭ
قۇرۇلۇشىمۇ دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، ئەتراپتىكى ئەللەر
بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقى كۈچەيدى. سانا-
ئەت، سودا، ساياھەتچىلىك ئىشلىرى تەڭ يۈكسىلىپ، قوشنا
رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، چېگرا
رايونلارنىڭ سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرت-
كە بولدى. سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، گۇاڭشى
جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ تەرەققىياتى كىشىنىڭ دىققىتىنى
جەلپ قىلىدۇ. بۇ رايون دېڭىز بويىغا، چېگرا ياقىسىغا ۋە
چاڭجياڭ دەرياسى بويىغا جايلاشقان ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلى-
نىپ، ئىشنى ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن باشلاپ، ئىشىكنى ئېچى-
ۋېتىشنى بىرلىشىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈپ، تەرەققىياتنى
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق يۈكسەلدۈرۈپ، يۈزدىن ئارتۇق
دۆلەت ۋە رايون بىلەن سودا ئالاقىسى ئورناتقان، 1995-يىلى
بۇ رايوننىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش سەۋىيىسى مەملى-
كەت بويىچە 11-ئورۇننى ئىگىلىگەن. 8-بەش يىللىق پىلان
مەزگىلىدە، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئۆ-
سۈش نىسبىتى 16.9%كە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇ-
رىچە سەۋىيىسىدىن 4.9% ئېشىپ كەتكەن، مەملىكەت بويىچە
ئومۇمىي ئىقتىسادىي مىقدار جەھەتتىكى ئورنى 1990-يىلىدىكى
17-دىن 1995-يىلى 15-گە كۆتۈرۈلگەن. شەرقىي شىمال ۋە
غەربىي شىمال رايونلىرىمۇ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى
جانلىق ۋە نەتىجىلىك يولغا قويۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىشىكنى

ئىچكىرىگىمۇ، سىرتقىمۇ ئېچىۋېتىلىدىغان، شىمال بىلەن جەنۇب بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان كۆپ قاتلاملىق، ئەتراپلىق يېڭى تۈزۈلۈشنى ئورتاق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

**(3) دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقى قەتئىي قوغدالدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈلدى**

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىنچ-خاتىرجەم شارائىت ھازىرلاپ بېرىش— چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى. بۇنىڭ ئۈچۈن، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، خىزمەتتە ھامان ئىتتىپاقلىقنى ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساستا مۇئامىلە قىلىشقا، ئۆزئارا ھەمكارلىششقا، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكىنى تۈگىتىشكە يېتەكلىشى، تارىخقا ھۆرمەت قىلىش، رېئاللىققا ئەھمىيەت بېرىش، سۆز بىلەن قايىل قىلىپ تەربىيىلەش يولى بىلەن تۈرلۈك ماجىرالارنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى، خىلمۇخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ئىتتىپاقلىقنى ۋە ھەمكارلىقنى ئالغا سۈرۈشى، ئىتتىپاقلىشىش--ئالغا بېسىش مۇسابىقىسىنى ۋە ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە ئۈلگە تىكلەش ئىشىنى قانات يايدۇرۇشى، ھەر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى بايرام كۈنلىرىدىن ۋە ئامما ياخشى كۆرىدىغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ماركسىزملىق

مىللەت قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى ھەققىدە
تەربىيە ئېلىپ بېرىشى، بىپايان چېگرا رايوندا ئارمىيە خەلقنى،
خەلق ئارمىيىنى سۆيىدىغان، ئارمىيە بىلەن خەلق بىر جانۇ-بىر
تەن بولۇپ كېتىدىغان، ھەر مىللەت قېرىنداشلار بىر تۇغقاندەك
يېقىن ئۆتىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىرىشىپ ۋۇجۇدقا
كەلتۈرۈشى لازىم. بۇ يىلنىڭ بېشىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك
ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش بويىچە ئۈلگىلىك شە-
ھەر (ناھىيە) لەرگە نام بېرىش يىغىنىدا دەندۈڭ، يەنجى، مانجۇ-
لى، مالىبو قاتارلىق چېگرا ناھىيە-شەھەرلەرگە مەملىكەت بويى-
چە ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش بويىچە ئۈلگىلىك
شەھەر (ناھىيە) دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.
چېگرا رايونلاردا ئىجتىمائىي مۇقىملىقتا خەۋپ يەتكۈزىدى-
غان بەزى ئالاھىدە مەسىلىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، مىللىي
خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ خىز-
مەتنى كۈچەيتىشىگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، جىنايى ئىشلار
جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش، سېرىق مەرەزلەرنى تازىلاش ۋە
قانۇنسىز مەتبۇئاتقا زەربە بېرىش، مەدەنىيەت بازارلىرىنى پاك-
لاشتۇرۇش، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ئەتكەسچىلىك، زەھەرلىك
چېكىملىكلەرنى سېتىش ھەرىكەتلىرىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش،
چېگرا سىرتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا بېسىلغان ئەكسى-
يەتچى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ كىرىشىنى توسۇشقا ئوخشاش
جەھەتلەردە، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى نۇرغۇن خىزمەت
ئىشلىدى. يۇننەن قاتارلىق جايلار زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى
چەكلەش داۋامىدا بىر يۈرۈش ئوبدان ئىش ئۇسۇللىرىنى ھاسىل

قىلىپ، خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش تەشكىلاتى-نىڭ ئوبدان باھاسىغا ئېرىشتى.

چېگرا رايونلار دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، بۆل-گۈنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى ئىستىھكام. ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلى-قىنى قوغداش ئۈچۈن بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش لازىم. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەن-پەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا تايىنىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، تۈرلۈك يوشۇرۇن خەۋپلەرنى تۈگە-تىپ، ئىچكى-تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىنى تار--مار قىلدى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى-گە كۈچلۈك زەربە بەردى، چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملى-دى، ئىنىچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى مۇقىملىق ۋەزىيىتى-نى قوغدىدى.

**(4) تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى پائال ئىلگە-رى سۈرۈلدى، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ ئەتراپلىق يۈكسىلە-شى تېزلىتىلدى**

مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش— مىللەتلەرنىڭ ساپا-سىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ يولى. دۆلەت چېگرا رايونلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمى-يەت بېرىپ كەلدى. 1979-يىلى گوۋۋيۈەن چېگرا ناھىيە (شە-ھەر، خوشۇن) لەردىكى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ

ئاھالە ئوقۇتقۇچىلىرىنى لاياقەتسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كې-
يىن، پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۆزگەرتىشنى تەس-
تىقلىدى، بۇنىڭ ئۆزى چېگرا رايونلاردا مەجبۇرىي مائارىپنى
ئومۇملاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ سىلىقىنى يېنىكلىتىش، ئوقۇتقۇ-
چىلار قوشۇنىنى تۇراقلاشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينى-
دى. جايلار مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە باش
قاتۇرۇپ، چارە ئىزدەپ، نۇرغۇن ئىش قىلدى. ئاساسىي مائا-
رىپتا خىلمۇخىل جانلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مەكتەپكە كى-
رىش ۋە مۇستەھكەملەش نىسبىتىنى ئۆستۈردى؛ چارۋىچىلىق
رايونلىرىدا ۋە تاغلىق رايونلاردا، يېتىپ ۋە يېرىم يېتىپ ئوقۇي-
دىغان مەكتەپلەرنى بەرپا قىلدى؛ دىنىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر
كۈچلۈك جايلاردا، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئوبدان ئىجرا قى-
لىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوقۇش يېشى توشقان
بالىلارنىڭ مەجبۇرىي تەلىم ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى؛ ئاسا-
سىي مائارىپنى ئوبدان يولغا قويۇپ، يېڭى ساۋاتسىزلىقنىڭ يۈز
بېرىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ياش ۋە ئوتتۇرا
ياش كىشىلەر ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشىنى ئېلىپ
باردى؛ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك كەسپىي تېخنىكا مائا-
رىپنى ۋە چوڭلار مائارىپىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاددىي ئەمگەك-
چىلەرنىڭ بىلىم-مەلۇماتىنى ئۆستۈردى. چېگرا رايونلار يەنە
يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى-
گە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەكتەپ باشقۇرۇش شەكىللىرى ئۈستىدە
ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشى-
لاپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن،

يۈنەن ئۆلكىسىگە قاراشلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىدا 1995-يىلى ئوقۇش يېشى توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 94.18% كە، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 96% كە يەتكەن.

چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. بەزى رايونلار پەننىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ سانى، پەن-تېخنىكا خادىملىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسى قاتارلىق جەھەتلەردە مەملىكەت بويىچە ئىلغارلار قاتارىغا كىردى. مەسىلەن، جىلىن ئۆلكىسىگە قاراشلىق يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ھازىر پەننىي تەتقىقات ئورۇنلىرى 66 غا يەتتى، ھەر ئون مىڭ ئاھالە ئىچىدە پەن-تېخنىكا خادىملىرىدىن 69 ى بار، ھەر ئون مىڭ ئاھالە ئىچىدە ئالىي مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانلاردىن 3037 كىشى بار، بۇ مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە ساننىڭ 2.5 ھەسسىسىگە تەڭ. چېگرا رايونلار پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئوبدان ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلدى، پەننىي ئومۇملاشتۇرغۇچى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى قۇردى، پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىلغار تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇردى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە پەن-تېخنىكا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

نۇرغۇن تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشى ئارقىسىدا، چېگرا رايونلاردا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك

نەتىجىگە ئېرىشتى. كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت يۇرتى ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئوخشىغان قاتتىق ماتېرىياللىق ئىنشائاتلار مۇكەممەللەشمەكتە، ناھىيە، يېزا ۋە كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت تورلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇ-جۇدقا كەلدى، رادىئو، تېلېۋىزورنىڭ قاپلاش نىسبىتى تېخىمۇ ئۆستى، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى رادىئو-تېلېۋىزور تورى ۋە ئاڭلىتىش-كۆرسىتىش ۋاقتى كۆپەيدى، بۇلار پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ۋە بىلىم-مەلۇماتىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

چېگرا رايونلاردا تىببىي داۋالاش ۋە ساقلىق ساقلاش ئىش-لىرى تەرەققىي قىلدى، تازىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئال-دىنى ئېلىش، ساقلىق ساقلاش ۋە تىببىي مۇلازىمەتنىڭ ئۇنىۋېر-سال سىستېمىسى پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىپ باردى، ھەر مىل-لەت خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆس-تى.

**(5) خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى**

نامراتلارنى يۆلەش يولىدىكى ھەل قىلغۇچ جەڭنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چېگرا رايون خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مۇھىم بىر ساھە ئىدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى بۇ خىزمەتكە يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە

ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە، بازار ئېڭىلىكى ئېڭىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى. كۆپ جەھەتتىن ئىرىشچاڭ-لىق كۆرسىتىپ، مەبلەغ ۋە تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ئالا-قىدار سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ياردەملەشتى. چېگرا رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى زور نەتىجىلەرگە ئې-رىشتى، خېلى كۆپ ناھىيىلەر نامراتلىق قالپىقىدىن قۇتۇلۇپ، ھاللىقلار قاتارىغا قوشۇلدى. 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 21 چېگرا ناھىيىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ دارامىتى 2000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

چېگرا رايون خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەزى كونك-رېت مەسىلىلەر ھەل بولدى. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار-نىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ئاستىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا سۇ شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 400 مىليون يۈەندىن ئاشتى، كەينى-كەينىدىن 524 سۇ زاۋۇتى قۇ-رۇلدى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 581 قېزىلدى، 12 مىڭ 736 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، رايون بويىچە 3 مىليون 20 مىڭ ئاما «كۆل سۈيى» ئىچىش تارىخىغا خاتىمە بەردى.

چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئالاھىدە ئېھ-تىياجلىق تاۋار بىلەن تەمىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. مەملى-كەت بويىچە مىللىي سودا سىياستى يولغا قويۇلغان 426 ناھىيىنىڭ 80دىن كۆپرەكى چېگرا ناھىيىلەردىن ئىبارەت، ئۇ-نىڭدىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك بۇيۇملارنى

ئىشلەپچىقىرىشى بېكىتىلگەن كارخانىلارنىڭمۇ خېلى نۇرغۇنى چېگرا ناھىيىلەرگە جايلاشقان. جايلار مىللىي سودىغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ۋە مىللىي بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىشقا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام مىللىي سودا تورلىرى قۇرۇلۇشىنى ۋە مىللىي بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى.

چېگرا رايونىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، شىنجاڭنىڭ چېگرا بويلىرىدىكى چارۋىچى ئائىلىلەردىن 1995-يىلى ئولتۇراقلاشقانلىرى ئومۇمىي چارۋىچى ئائىلىلىرىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتتى. چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئوت-چۆپ بازىسى بىنا قىلىش، چارۋىلارنى سوغۇق پەسىلدە قوتاندا بېقىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق دارامىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئولتۇراق جايدىكى مەكتەپ، داۋالاش پونكىتى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرى چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىش، ئوقۇش ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، چېگرا رايونلار ھازىر كۈچ توپلاپ، شەرت ھازىرلاپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ رايونلاردا ئاساس ئاجىز، سېلىنما يېتەرسىز، مالىيە ئەھۋالى قىيىن، ئۆزى جۇغلانما توپلاپ، ئۆز-ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارى ناچار، ئىختىساسلىق خادىملار كەم-

چىل، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇشقا ئوخشاش بىرمۇنچە مەسىلىلەر ساقلانماقتا، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر ھەم قىيىن.

## 2

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتتە ھەر تەرەپلىمە مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى، بىرمۇنچە ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىندى. يۇننەن ئۆلكىسى ۋە ئالاقىدار رايونلار ئۆز تەجرىبىلىرىنى تۈرلۈك نۇقتىدىن تونۇشتۇردى. مەن بۇ يەردە پۈتۈن مەملىكەتكە دائىر ئەھۋاللارنى يىغىنچاقلاپ باقماقچىمەن. جايلار ھاسىل قىلغان تەجرىبىلەرنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

**(1) ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بوي سۇنۇش، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە خىزمەت قىلىش**

مىللىي خىزمەت پارتىيە خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى، ئىدىيىسىنى ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ھەرىكىتىنى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە جىپسىلاشتۇرۇشى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشىيەنىنى تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىنى نەزەرىيە جەھەتتە سەگەك ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم تۇتۇشى، پارتىيىنىڭ لۇشـ

يەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىشى لازىم.

پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇش ۋە خىزمەت قىلىش بارلىق خىزمەتلەرنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىغا بويسۇندۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇش، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە خىزمەت قىلىش ئۆز خىزمىتىمىزنى ئوبدان ئىشلەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتتە مىللىي مەسىلىنى تونۇشتا ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا ئەمەل قىلىپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا سوتسىيالىزم پرىنسىپىنى تەتبىق قىلىپ، مىللىي خىزمەتنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە مۇۋاپىق ئورۇن ئىگىلىش ۋە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

**(2) ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش، ئالغا بېسىشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇش**

ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇش دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، خىزمەتلەرنى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا زىچ ماسلاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپ قىلىش ۋە تېز قىلىش، مىللەت-

لەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق تەجرىبىلەرنى زور كۈچ بىلەن ئو-
مۇملاشتۇرۇش لازىمكى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مىللەتلەر باراۋەر-
لىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ، ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمكار-
لىشىپ، زامانىۋى دۆلەت قۇرۇش يولىدا ئورتاق كۈرەش قىلىدى-
غان بولسۇن. ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇشتا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇ-
لۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى 56
مىللەت ئورتاق بىنا قىلغان، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز دۆلىتىنى
ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك—خەلقنى سەپەرۋەر
قىلىدىغان، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتۇرىدىغان غايەت
زور مەنىۋى كۈچ. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىق
يېقىن ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە. ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالسا، مىللىي ئىتتىپاقلىق
مۇستەھكەم ئاساسقا ۋە ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. مىل-
لىي ئىتتىپاقلىق ئوبدان بولسا، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننى
تېخىمۇ قەدىرلەپ، تېخىمۇ قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى-
نى قەتئىي قوغدايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرىدى-
غان بولىدۇ.

ئالغا بېسىشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى
شۇكى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى زادى ئېغىشماي مەركەز قى-
لىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد
قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىمكى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە چېگرا
رايونلار تېز راۋاج تاپسۇن، چېگرا رايون خەلقى بالدۇرراق
بېيىسۇن، ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا

يېڭىچە قىياپەت ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن مەردانە قەدەم تاشلاپ ئالغا چامدايدىغان بولسۇن.

مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىشى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە بىر-بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئىتتىپاقلىق ئالغا بېسىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئالغا بېسىش— ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنى ئالغا باستۇرۇش ئۈچۈن، چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى بىر نىشان ئاستىدا تەڭ كۈچ چىقىرىپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارالايدىغان قىلىش لازىم. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكى ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس ياراتقىلى بولىدۇ.

**(3) ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش**

ئېلىمىزنىڭ چېگرا لىنىيىسى ئۇزۇن، جۇغراپىيىلىك شارائىتى تولىمۇ پەرقلىق، چېگرا رايونلاردا مىللەت كۆپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسى تولىمۇ تەكشىسىز. ئەنە شۇ كونكرېت ئەھۋاللار چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتتە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەي، ھەممىنى تەڭ قەدەم تاشلىتىدىمەن دېمەي، ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىش ئۇسۇلىنىڭ چېگرا رايونلارغا مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن؛ بىرلا چېگرا رايوننىڭ ئۆزىدىمۇ شەرق تەرەپ بىلەن غەرب تەرەپ، جەنۇب

تەرەپ بىلەن شىمال تەرەپ بىر-بىرىنىڭ تەرەققىيات ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ۋە ئىش ئۇسۇلىنى ئاددىي ھالدا كۆچۈرۈپ ئىشلىتەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىش، ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرغاندىلا، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ھەر يەرنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى تولۇق ئىسپاتلىدى. بەزى جايلار بايلىق ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش يولى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈردى؛ بەزى جايلار ئۆزى تۇرغان ئورۇن ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، سودىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتتى؛ بەزى جايلار ئىچكى-تاشقى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىجابىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۆز جايىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدىكى تونۇشىمىزنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلەپ، ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىيات ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى ۋە سىياسەت، تەدبىرلىرىمىزنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**(4) پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆز پەيتىدە تۇتۇش قىلىش**

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا، چېگرا رايونلار پۈتۈن مەملىكەتكە ئورتاق پۇرسەتكە ئىگە بولۇش بىلەنلا

قالماي، چېگرا رايونلارنىڭ ئۆزىگىلا خاس پۇرسەتلىرىگىمۇ كۆپ قېتىم ئىگە بولدى؛ 80-يىللاردا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش پۇرسىتى تۇغۇلدى؛ 90-يىللاردا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن چېگرا رايونغا جايلاشقان خېيخې، سۈيفېنخې، خۇنچۇن، مەنجۇلى، غۇلجا، رۇيلى قاتارلىق 13 شەھەرنى سىرتقا ئوچۇق شەھەر قىلىش ھەمدە چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى تەسىس قىلىش پۇرسىتى تۇغۇلدى. چېگرا رايونلار ئەنە شۇ تارىخىي خاراكتېرلىك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋەتتى، ئىچكى مەبلەغنى جەلپ قىلىپ، سىرتقى مەبلەغ بىلەن بىرلەشتۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، جۇش ئۇرۇپ يۈكسەلدى. دەرۋەقە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تەرەققىياتنى كۆزلىگەندە، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش يولىنى تۇتۇپ، مادارغا قاراپ ئىش قىلىشىمىز، ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن ئۆتكۈر ئىنكاس قابىلىيىتىگە ۋە سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. پۇرسەت تۇغۇلغان ھامان ۋاقتىدا ئىگىلەپ قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز، تېز ھەرىكەت قىلىپ، پۇرسەتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، سۆرەلمىلىك قىلىپ، ئارىسالدى بولۇپ يۈرىدىغان، قاراپ تۇرىدىغان بولساق، پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ-دە، ئىككىنچى ئورنىغا كەلمەيدۇ.

**(5) كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى يولدا دادىل مېڭىش**

ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش، پۈرسەتنى ئىگىلەش ئى-
دىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك. چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىنىڭ تەرەققىياتى تارىخي، جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي سە-
ۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرقەدەر ئاستا بولۇپ كەلدى، شۇنىڭغا يارى-
شا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلىرىمۇ تەسىرگە ۋە
چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلدى. شۇڭا چېگرا رايونلاردىكى مىللىي
خىزمەتتە جەزمەن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى ئۆز-
گەرتىپ، ئىدىيىنى ئۆزگەرگەن ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئۇيغۇنلاش-
تۇرۇش لازىم. ئىدىيىدىكى قاتماللىق، كۆز قاراشتىكى كونى-
لىق جەزمەن ھەرىكەتتە مۇتەئەسسىپلىككە ۋە سۆرەلمىلىككە
ئېلىپ بارىدۇ. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى يېڭىلاش
ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ۋە قىياپەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە سە-
ۋەب بولىدۇ.
ئىدىيىنى ئازاد قىلىش دېگىنىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا
چىڭ تۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئازاد قىلىش بولۇپ،
سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش، «سولچىللىق» نىڭ ياكى ئوڭچىللىقنىڭ
كاشىلىسىدىن قۇتۇلۇش، توغرا دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىدە
چىڭ تۇرۇش، ئەمەلىيەتكە، ئاممىنىڭ ئىجادىي روھىغا ھۆرمەت
قىلىش دېمەكتۇر. ھەممە ئىشتا چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتى-
نى كۆزدە تۇتۇش، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۇتۇق بىلەن سەۋەن-
لىكنى «ئۇچكە پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمى بويىچە ئۆلچەش
لازىم. توغرىلىقىغا كۆز يەتكەن ئىشلارنى دادىللىق بىلەن يول

ئېچىپ، يۇرەكلىك ئىشلەش لازىم. باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى ئۆزىمىزدە شەرت-شارائىت بولسىلا دادىل ئەمەلگە قو-يۇشىمىز، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىشلەشكە، باشقىلار مېڭىپ باقمى-غان يولدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىلمىي پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇپ، چېگرا رايونلار-نىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئوبدان ئىجرا قىلىشىمىز، ئىشنى پۇختا قىلىپ، قەدەمنى پۇختا بېسىپ ئالغا چامدىشىمىز لازىم.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش مەڭگۈ-لۈك ئىش، ئۇنى بىر قېتىملىق ئەجىر بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شەيئىلەر ھامان تەرەققىيات ۋە ئۆزگى-رىش ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۆز ئىدىيىمىزنى ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىش-كە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆز قارىشىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىشىمىز، ئىدىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇ ئون نەچچە يىللىق مۇساپىنى ئەسلەيدىغان بولساق، شۇنى بىلەلەيمىزكى، چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىدىيە-نى ئازاد قىلىش ۋە كۆز قاراشنى يېڭىلاش بىلەن زىچ باغلانغان.

**(6) ئالاقىدار تەرەپلەر ماسلىشىپ، ئورتاق ئالغا سۈرۈش**

چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى شۇنى بەلگىلىگەنكى، بۇ خىزمەتنى يالغۇز مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ يەككە-يېگانە كۈرەش قىلىشىغا تايىنىش بىلەن ئوبدان ئىشلىگىلى بولمايدۇ. پىكىر قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەڭ يول ئېچىپ، بارلىق ئىجابىي

ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، جەمئىيەتتىكى ھەممە ساھەلەرنى چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتكە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە پائال قاتنىشىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش، بولۇپمۇ مىللىي خىزمەت بىلەن ئالاقىسى يېقىن تارماقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالاقىدار تارماقلار ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، چېگرا رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بولۇپمۇ چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا ئورۇندالدى. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتتە قولغا كەلگەن ئۇتۇقلارنىڭ ھەممىسىگە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ۋە نۇرغۇنلىغان يولداشلارنىڭ قان-تەرى سىڭگەن.

ھەرقايسى تارماقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ مىللىي خىزمەتكە قاتناشتۇرۇش جەريانىدا، مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن

مۇھىم. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى تەشەببۇسكارلىق روھىغا، ئىجادىي روھقا ۋە ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، پارتكوملارنىڭ ئوبدان مەسلىھەتچىسى ۋە قول-قانىتى بولۇپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبارىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ئالاقىدار خىزمەتلەردە ئوبدان ئەقىل كۆرسىتىپ، قىممىتى بار تەكلىپلەرنى بېرىشى، ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدىغان لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ھەر تەرەپنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللىي خىزمەتنى ئالغا سۈرۈشى لازىم. خۇددى بەزى جايلار ئۆز خۇلاسىسىدە: «ئىشلىسەڭ ئورۇن تاپىسەن» دەپ ئېيتقاندەك، ئىشلىسەك ئورنىمىز بولىدۇ.

**(7) ئىچكى كۈچنى چېنىقتۇرۇپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەش**

چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتتە، ئىچكى كۈچ بىلەن تاشقى كۈچنىڭ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چېگرا رايونلارنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ تېگى بوش، ئاساسىي ئاجىز، بەزى رايونلار ئۇرۇش ئاسارىتىدىن تېخىچە خالاس بولمىغان، شۇڭا ئۇ رايونلارنىڭ قىيىنچىلىقى كۆپرەك ۋە چوڭراق، ئۇلارغا دۆلەتنىڭ كۈچلۈك ياردىمى كېرەك. ئەمما دۆلىتىمىز ھازىر تېخى تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دۆلەت، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچى چەكلىك. شۇڭا چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۆرەش

قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇرت-ماكانىنى ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ھالال ئەمگىكى بىلەن گۈللەندۇرۇشى ھەممىدىن مۇھىم. «كۈتۈپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، ئالىمەنلا دېيىش» ۋاقىتنى زايە قىلىپ، تەرەققىياتقا دەخلى يەتكۈزىدۇ، خالاس. ئاممىنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن زور ئاكتىپلىق ۋە ئىجادىي قىزغىنلىق ساقلىنىپ ياتىدۇ، شۇ ئاكتىپلىق ۋە ئىجادىي قىزغىنلىق ئىشقا سېلىنىدىغان ۋە ئۇرغۇتۇلىدىغان بولسا، نەتىجە ۋە مۆجىزە يارىتىشقا بولىدۇ.

دەرۋەقە، يالغۇز چېگرا رايونلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىش بىلەن تەرەققىياتنى تېزلىتىش تەس، ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ يۆلىشى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمى كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاخىرقى نىشانى— مىللەتلەرنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۇرۇش، دۆلەت چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ يۆلىشى ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمى قوشۇلسا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ، بۇ — جايلارنىڭ ئورتاق تەجرىبىسى.

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن دۆلەتنىڭ ياردەم بېرىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا، دۆلەتنىڭ سىياستى ۋە ياردىمىدىن ئوبدان پايدىلىنىش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. خىزمەتنى شۇنداق ساز ئىشلەش كېرەككى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە چېگرا رايوندىكى ھەرقايسى ساھە-

لەر سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرالايدىغان بول-
سۇن، ئىچكى كۈچ جانلانسۇن، دۆلەتنىڭ سىياسىتى ھەقىقىي
رول ئوينايدىغان بولسۇن، دۆلەتنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن ئۈنۈم
بەرسۇن.

**(8) بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش**

چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتتە، ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇش، رايون تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ بېيىشى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئىقتىسادنى راۋاج-
لاندۇرۇشتا باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇش، شۇنىڭ
بىلەن بىرۋاقىتتا، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيى-
تىشنى ئۇنتۇماسلىق لازىم. بەزى جايلار «چېگرا رايوننى گۈل-
لەندۈرۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويدى. دۆلەت چېگرا رايونلاردا
ھەر خىل قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا، ھەر ئامال بىلەن چېگرا
رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى، ھەر مىللەت ئام-
مىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇشنى تو-
لۇق نەزەردە تۇتىدۇ، دۆلەت مەنپەئىتى، رايون مەنپەئەتى ۋە
چېگرا رايون خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، بۇ
ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىدۇ. ئامما بېيىسا،
چېگرا رايون خىزمىتى ئاندىن كەڭ ۋە مۇستەھكەم ئاممىۋى
ئاساسقا ئىگە بولىدۇ.

چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش دېگەننىڭ
مەنىسى شۇكى، خەلق ئاممىسىنى كۆڭۈلمىزگە پۈكۈپ، خەلق
ئاممىسىنىڭ غېمىنى يەپ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك

قىلىشىمىز، خەلق ئاممىسىغا پايدىسىز ئىشلارنى ئەسلا قىلماس-لىقىمىز ۋە چەكلىشىمىز لازىم. ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانى-نى بەلگىلەش، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈش ۋاقتىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ۋە يۇكسەلدۈرۈشكە پايدى-لىقمۇ-يوق دېگەننى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، رايونلار ئىقتىسادى-نىڭ تەرەققىي قىلىشى، دۆلەت مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ يۇكسىلىشى بىر-بىرىگە تۈرتكە بولىدىغان ئوبدان ھالەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

## 3

يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر بىزدىن چېگرا رايونلاردى-كى مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشنى تەلەپ قىلماق-تا. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلگىچە چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتكە قويۇلىدىغان ئومۇمىي تەلەپ مۇنداق: دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش، چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇستۇنلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشىگە تۈرتكە بولۇش.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي ئىتتىپاق-لىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھە-رىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي زەربە بېرىپ، ئاۋات، تۇراقلىق چېگرا رايون قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىش، شۇ يول بىلەن چېگرا رايونلارنى سىياسىي جەھەتتە تىنچ-ئىتتىپاقلىقنى ساقلاش، ئىقتىسادىي جەھەتتە تېز تەرەققىي قىلىش، مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەت ئىشلى-رىنى رەڭگارەڭ ھۆسنگە ئىگە قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈز-لۈكسىز ياخشىلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، چېگرا رايونلىرىمىز ۋەتەننىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە بىرلىكىنى قوغدىغۇچى مۇستەھكەم قورغانغا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنى ئىلگىرى سۈرگۈچى مۇھىم جايلارغا، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى-نىڭ يېڭىچە قىياپىتىنى ۋە ئۇلۇغ تۆھپىسىنى نامايان قىلغۇچى ئەينەككە ئايلانسۇن.

كونكرېت خىزمەت جەھەتتە، مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۆۋەندى-كى بىرقانچە تەرەپنى چىڭ تۇتۇش لازىم:

**(1) چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ ۋە تونۇپ، تۇرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش**

پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي خىزمەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت پۈتۈن مەم-

لىكەتتىكى مىللىي خىزمەت بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش بە-
لەن بىللە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىك
چېگرا رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن تۇغۇلغان، ئەنە شۇ ئالاھى-
دىلىكنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلغان ۋە تونۇغاندىلا، چېگرا
رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنى ئاندىن تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەشكە
بولىدۇ.

ئېلىمىزدىكى چېگرا رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئومۇمەن
تۆۋەندىكى بەش جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچىسى، ئورۇن ئالاھىدىلىكى. چېگرا رايون دېگەننىڭ
مەنىسى ئۆز ئېتىدىن مەلۇمكى، ئۇ دۆلەت چېگرىسىغا يېقىن
جايلاشقان زېمىن دېگەننى بىلدۈرىدۇ، ئۇ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن
بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ ۋە ئالاقە باغلاپ تۇرىدىغان رايون، دۆلەت-
نىڭ بىرلىكىنى، ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى
قوغدىغۇچى ئالدىنقى ئىستىھكام، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ خىلمۇ-
خىل بۆلگۈنچىلىك، سىڭىپ كىرىش، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلى-
رىگە قارشى تۇرغۇچى ئالدىنقى جاي.

ئىككىنچىسى، مىللىي ئالاھىدىلىكى. چېگرا رايونلاردا
مىللەت كۆپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە
ئىگە، ئۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ تولىسى چېگرا سىرتىدىكى
ئۆزى بىلەن ئوخشاش بىر مىللەتكە قوشنا ئولتۇراقلاشقان.
پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى چېگرا ناھىيىلەر (شەھەر، خوشۇنلار)
نىڭ 79 پىرسەنتىنى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىگىلەيدۇ،
بىرمۇنچە چېگرا رايونلارنىڭ ئۆزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلى-
رىدۇر، چېگرا خىزمىتى بىلەن مىللىي خىزمەت بىر-بىرىگە

چەمبەرچاس باغلانغان.

ئۈچىنچىسى، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى. ئېلىمىزنىڭ زې-
مىنى كەڭ، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي
تىپلارنى شەكىللەندۈرگەن: بەزىلىرى بېلىقچىلىقنى ئاساس قى-
لىدۇ، بەزىلىرى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، بەزىلىرى دېھ-
قانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، بەزىلىرى يېرىم دېھقانچىلىق-يېرىم
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ئا-
مىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر-
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تولىمۇ ناتەكشى بولۇپ قالغان؛
بەزىلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى يۇقۇرىراق، بەزىلىرىنىڭ
نىسپىي ھالدا تۆۋەنرەك، بەزىلىرى كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى
توق بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسەن ھەل قىلغان ھەمدە بېيىش
يولىغا قەدەم تاشلىغان، بەزىلىرى بولسا تېخىچىلا كىيىمى پۈ-
تۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىدا
ئىرىشماقتا.

تۆتىنچىسى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى. چېگرا رايونلار ۋە-
تىنىمىزنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان، ئالاھىدە شارائىت ھەر مىل-
لەتنىڭ خىلمۇخىل ھۆسنىدە چاقناپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئالا-
ھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشكە سەۋەب بولغان. دىنىي ئېتىقاد-
نى ئالساق: بەزىلىرى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزى-
لىرى پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزىلىرى بۇددا
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلى-
دۇ، بەزىلىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تىل سىستېمىسى
تەۋەلىكىنى ئالساق، بەزىلىرىنىڭ تىلى ھىندى-ياۋروپا تىل

سىستېمىسىغا كىرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىس-
تېمىسىغا كىرىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كى-
رىدۇ، بەزىلىرىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسىغا
كىرىدۇ.

بەشىنچىسى، تەبىئىي ئالاھىدىلىكى. بىپايان چېگرا رايون-
لارنىڭ تەبىئىي شارائىتى خىلمۇخىل، ئۇ يەردە بۈك-باراقسان
ئورمانلار، تۈپتۈز كەتكەن تۈزلەڭلەر، پايانى يوق ئوتلاقلار،
ئېگىز-پەس ئېدىرلار بار. كىلىمات شارائىتىنى ئالساق، ئىس-
سىق بەلباغقا، سۇبتروپىك بەلباغقا كىرىدىغان كىلىماتى بار،
تېپىك مۆتىدىل بەلباغقا كىرىدىغان قۇرۇقلۇق كىلىماتىمۇ بار.

بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى مىل-
لىي مۇناسىۋەتكە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، ئىجتىمائىي تەرەق-
قىياتقا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا چېگرا رايونلار-
دىكى مىللىي خىزمەتتە ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئىگىلەپ،
ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچى-
لىك قىلىش لازىم.

**(2) ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چېگرا را-
يونلاردا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ھەقىقىي
تۈردە قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش**

چېگرا رايونلاردا مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئىجتىمائىي مۇ-
قىملىقنى قوغداش— چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ
ھەرقانداق چاغدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ئىتتىپاقلىق ۋە
مۇقىملىق بولمىسا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ.
چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا

ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق ھەققىدە-
كى تەربىيىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش لازىمكى،
مىللەتلەر بىر- بىرىگە باراۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان،
بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزئارا دوستانە ئۆتىدىغان، مىل-
لىي ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان ۋە قوغدايدىغان بولسۇن.

تۇرلۇك مەزگىللەردە، چېگرا رايونلاردا مىللىي ئىتتىپاق-
لىق ۋە تەرەققىيات بويىچە نۇرغۇنلىغان ئىلغار تىپلار مەيدانغا
كەلدى. چېگرا رايونلاردا مىللىي ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىيات
جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى
خۇددى ھەرقايسى سەپلەردە بارلىققا كەلگەن قەھرىمان-نەمۇ-
نىچىلەرنى تەشۋىق قىلغاندەك زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش
كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرى، گېزىت، رادىئو،
تېلېۋىزور، سەھنىلەردە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئۆز
ئىپادىسىنى تاپسۇن، ئۇلار ئامما بىلىدىغان، كىشىلەر ھۆرمەت
قىلىدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان ئۈلگىگە ئايلانسۇن، مىللىي ئىتتى-
پاقلىق-تەرەققىيات ھاۋاسى ھەممە ئائىلىلەرنى قاپلىسۇن، چېگ-
را رايونلاردا مىللىي ئىتتىپاقلىق ئىجتىمائىي كەيپىياتقا
ئايلانسۇن.

14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ
«قارارى» دىكى تەلەپكە بىنائەن، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تە-
رەققىيات بويىچە ئىلغار تىپلارنى يېتىشتۈرۈش پائالىيىتىنى دا-
ۋاملىق كۆپ خىل شەكىلدە جانلىق قانات يايدۇرۇش لازىم.
ئەمەلىيەت بۇ پائالىيەتنىڭ يېڭى شارائىتتا مىللىي ئىتتىپاقلىق-
نى كۈچەيتىشتىكى ئۈنۈملۈك چارە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇ پائالىيەتنى ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى خۇلا-سىلەش ئاساسىدا داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چېگرا رايوننىڭ يېزىلىرىدا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، زاۋۇت-فابرىكىلاردا، مەكتەپلەردە، ھەربىي قىسىملاردا ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي ئىتتىپاق-لىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى تېخىمۇ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

ۋەتەنپەرۋەرلىك— پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئورتاق قۇرۇشقا ئىتتىپاق-لاشتۇرىدىغان شانلىق بايراق. چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەر شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە، ئۇلار چېگرا رايوننى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش يولىدا ئۇلۇغۋار تۆھپىلەرنى قوش-تى. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، گەرچە جاھانگىر كۈچلۈك دۆلەت-لەر ھەرخىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسى-مۇ، لېكىن چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىرادىسىنى ۋە ئىشەنچىنى زادى تەۋرىتەلمى-دى. تۈرلۈك تارىخىي مەزگىللەردە، چېگرا رايوندىكى مىللەتلەر ئىچىدىن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆزىنى ئويلىماي، ھېچنېمىدىن قورقماي باتۇرانە كۈرەش قىلغان سان-ساناقسىز قەھرىمانلار مەيدانغا كەلدى، ھەر مىللەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسىگە ئوبدان ۋارىسلىق قىلىپ ۋە شۆھرەت قو-شۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم.

مىللىي ئىستىقلالىقنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. چېگرا رايونلاردا بۆلگۈنچىلىككە، سىڭىپ كىرىشكە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە مۇشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇش لازىم. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ئېلىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىنى بىزگە قارشى تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش، سىڭىپ كىرىش ۋە ئاغدۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان نۇقتىلىق رايونلار دەپ ھېسابلاپ كەلمەكتە. ئىچكى-تاشقى بۆلگۈنچىلەر چېگرا رايونلاردا بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا، بىر بولسا، تەشۋىق ۋەرەقىسى تارقىتىپ، شوئار چاپلاپ، بۆلگۈنچىلىك ھەققىدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلماقتا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلماقتا، ھەتتا ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرۇپ، توپىلاڭ پەيدا قىلىپ، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا؛ يا بولمىسا، دىنىي پائالىيەت ئارقىلىق چېگرا رايونلىرىمىزدىكى خەلقنى پارچىلاشقا ئۇرۇنماقتا؛ يا بولمىسا، قوشنا ئەللەرنىڭ چېگرا رايون خەلقى بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشتىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا. بىز بۇنىڭغا قاتتىق ھوشيار بولۇپ، قارشى تەدبىر قوللىنىشىمىز، ئوبدان تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. مىللىي بۆلگۈنچىلەر— مىللىي مۇناپىقلار، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە، ئەڭ كۆپ سانلىق ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا قەتئىي ئىشىنىش ۋە تايىنىش لازىم. خەلق ئاممىسى—

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كۈچى، شۇنىڭدەك ئىتتىپاق-
لىق ۋە بىرلىكنى قوغداشنىڭمۇ ئاساسىي كۈچى. ئۇلارغا تايان-
ساق، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا ئېلىپ، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇ-
رالايمىز. جايلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئاممىۋى
خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، مىللىي خىزمەت-
نىڭ ئۆزى ئاممىۋى خىزمەت دېمەكتۇر، بۆلگۈنچىلىككە قارشى
تۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى ئالغا سۈرۈشتە كەڭ ئاممىغا خىزمەت
ئىشلەپ، كەڭ ئاممىنى ۋە كادىرلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقى
ئاستىغا، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ،
بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىنتايىن ئاز سان-
دىكى بۆلگۈنچىلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇش ۋە
ئۇلارغا زەربە بېرىش لازىم.

**(3) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىبارەت مەركەزگە يېقىن ياندا-
شىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشى،
ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشى ئۈچۈن پۇختا خىزمەت قىلىش**

چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى،
خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئەمما چېگرا رايونلار
بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدا بىرقەدەر چوڭ پەرق
ساقلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. پەرق مەسىلىسى
ئۇزاققىچە ھەل قىلىنمايدىغان بولسا، مەلۇم شارائىتتا مۇقىم-
لىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىلغا ئايلىنىشى مۇمكىن. چېگرا
رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلق ئام-
مىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىغاندىلا، چېگرا رايون-
لارنىڭ مۇقىملىقىنى ئاندىن ئۇزاققىچە ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ.

چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئۆز خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزگە يېقىن ياندداشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇشى، دىققەت-ئېتىبارىنى چېگرا رايونلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشقا، بۇ رايونلارنىڭ ئورۇن ۋە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشقا، بازارغا يۈزلىنىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تەرەققىيات يولىنى تېپىشقا قارىتىشى، ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، «ئىككى ئۆزگىرىش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. چېگرا رايونلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئوبدان تەڭشەپ، چېگرا رايونلارنىڭ بايلىق قۇرۇلمىسى كۆپ خىللىققا ئىگە ئالاھىدىلىكىگە بىنائەن، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرىدىغان، تەرتىپلىك يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان، بازارغا يۈزلەنگەن كەسىپ قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى بازار كۆز قارىشىنى ۋە رىقابەت ئېڭىنى كۈچەيتىشكە پەيدىنپەي يېتەكلەش، چېگرا رايونلار ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتىنى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، چېگرا رايونلار بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي ئازايتىش لازىم.

ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ قالاقلىقى چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرغان ئاساسىي ئامىل، دۆلەت ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرۇشنى بەلگىلىدى. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى بۇ جەھەتتە مۇنا-

سىپ خىزمەت ئىشلىشى، بولۇپمۇ چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرغان قاتناش، ئېنېرگىيە، ئالاقە
قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، شۇ
يول بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇشى، مەبلەغ
سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلىشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈ-
شى لازىم.

چېگرا رايونلارنىڭ ئورۇن ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئېچىگىمۇ، سىرتقىمۇ ئوبدان ئېچىۋېتىش
لازىم. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، تېخنىكا ھەمكارلىقى، ئۆز
سىستېمىسى بويىچە ياردەم بېرىش دېگەنگە ئوخشاش شەكىللەر
ئارقىلىق، دۆلىتىمىز ئىچىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن
بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىشىش داۋامىدا ئورتاق
تەرەققىي قىلىش مەقسىتىگە يېتىش لازىم. چېگرا رايونلار قوش-
نا ۋە يېقىن ئەتراپىتىكى دۆلەتلەرگە ئىشىك ئېچىۋېتىدىغان ئال-
دىنقى ئورۇنغا جايلاشقان بولۇپ، ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. ئەمما
چېگرا رايونلار سىرتقا ئىشىك ئېچىۋېتىشنى كېيىنرەك باشلىغان
رايونلار بولغاچقا، ئورۇن ئۈستۈنلۈكىنى زادى تولۇق جارى
قىلدۇرالىغىنى يوق. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ
ئۆتكەن بىر مەزگىللىك تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ،
ئىدىيىنى يەنە بەكرەك ئازاد قىلىپ، خىزمەتنى تازا كۈچەيتىپ،
ئالاقىدار سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يۇمشاق ماتېرىيال
قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شارائىتى-
نى ياخشىلاش، چېگرا رايوننىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈ-
رۈش يولى بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋې-

تىش ئىشىنى يېڭى پەللىگە ۋە يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش لازىم.

چېگرا سودىسى— چېگرا رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئې-
چىۋېتىشتىكى ئاساسىي شەكىللەردىن بىرى، شۇنداقلا چېگرا
رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتىكى چوڭ ئۈستۈنلۈ-
كىدىن بىرى. يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان
ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئالغا بېسىش جەريانىدىكى قىيىن-
چىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلىش، چېگرا سودىسىنى
تۆۋەنلەپ كېتىشتىن ۋە سۇسلىشىپ قېلىشتىن ساقلاپ، يېڭى
تەرەققىياتقا ئىگە قىلىش لازىم. شەرت-شارائىتى يار بېرىدىغان
جايلار چېگرا ئاھالىسىنىڭ ئۆزئارا سودىسىنى يولغا قويۇشى
لازىم.

### (4) نامراتلارنى يۆلەش-تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، چېگرا رايونلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش

ئېلىمىزدىكى نامراتلىق مەسىلىسىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئا-
خىرىغىچە ھەل قىلىش— پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن
گوۋۇيۈەننىڭ ئاللىبۇرۇن بەلگىلىگەن ستراتېگىيىلىك نىشانى،
شۇنداقلا خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيا-
تىنىڭ 2-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشنىڭ ئاساسىي تەلىپى، بۇ خىزمەت ئىنتايىن مۇھىم سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چېگرا را-
يونلار نامرات ئاھالە بىرقەدەر يىغىنچاق جايلاشقان رايونلاردۇر،
نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە نۇقتىلىق رايونلارنىڭ بىرىدۇر.
نامراتلىق ھەل قىلىنسا، تەرەققىيات ئۇچۇنمۇ، مۇقىملىق ئۇ-

چۇنمۇ پايدىلىق بولىدۇ. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت
تارماقلىرى نامراتلارنى يۆلەش-تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى-
نى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپىسى قىلىشى، ئالاقىدار
تارماقلار بىلەن بىرلىكتە چېگرا رايونلاردا نامراتلارنى يۆلەش
بويىچە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشى لازىم.

چېگرا رايونلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش-تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش خىزمىتىنى مەركەز بەلگىلىگەن ئاساسىي فاڭجېن ۋە تەلەپ
بويىچە ھەقىقەتەن چىڭ ۋە ئوبدان تۇتۇش لازىم. نامراتلىقتىن
قۇتۇلمىغانلىكى چېگرا رايونلاردا، ئامىمىنىڭ كىيىمى پۈتۈن،
قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى شۇ رايوندىكى
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مەركىزى، نامراتلارنى يۆلەش-تەرەق-
قىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىش
لازىم؛ نامراتلارنى تەرەققىيات ئارقىلىق يۆلەشتە چىڭ تۇرۇپ،
چېگرا رايونلاردىكى كادىرلار ۋە ئامىمىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ
ئىش كۆرۈشىنى دۆلەتنىڭ يۆلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھەر
مىللەت خەلق ئامىمىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، چېگرا رايونلارنىڭ باي-
لىقىنى ئېچىش، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش، چېگرا رايونلارنىڭ ئۆزى جۇغلانما توپلاش، ئۆز-ئۆزىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم. شەرت-شا-
رائىتى يار بېرىدىغان رايونلار ئامىمىسىنىڭ كىيىمى پۈتۈن،
قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولىدى-
غان تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك-قوشۇمچە كە-
سىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلىرىنى زور كۈچ
بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىش لازىم. بۇ كەسىپ-

لەر بىلەن ھەممە ئائىلە شۇغۇللىنىپ پايدىسىنى كۆرەلەيدۇ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ھەممىدىن بۇرۇن مۇشۇ كەسىپ-لەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىش كېرەك. چېگرا رايونلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك شارائىتىنى قوغداشقا ۋە ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئوت-چۆپ تېرىش، سۇنى تىزگىنلەپ، تۇپراقنى ياخشىلاش، تاغ، سۇ، ئورمان، ئېتىز، يوللارنى ئوڭشاشنى تەڭ ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش شارا-ئىتىنى ياخشىلاش، ئىمكانىيەتلىك ئىزچىل تەرەققىياتنى ئەمەل-گە ئاشۇرۇش لازىم. پەن-تېخنىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇ-رۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىشنى نامراتلارنى يۆلەشنىڭ قۇدرەتلىك ۋاستىسى قىلىش لازىم. نام-رات ئاممىغا ئىگىلەشكە ئاسان، تېز رەك ئۈنۈم بېرىدىغان، ئىشلىتىشكە باب تېخنىكىلارنى ئۆگىتىپ، ئاممىنىڭ ئەقىل-پا-راسىتىنى ئاشۇرۇش، نامراتلارنى يۆلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئالاقىدار سىياسەتلەرگە بىنائەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمە-تىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئاھا-لىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىشىغا بولغان بېسىمىنى يېنىكلىتىش لازىم.

نوپۇسى بىرقەدەر ئاز ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئارىسى-دىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. چېگرا رايونلاردا كىچىك مىللەت كۆپرەك، ئۇلارنىڭ نوپۇسى ئازراق بولغاچقا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىسپىي ھالدا ئوڭايراق. شۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى بىر مىللەت-نىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ-دە، ئەھمە-

يېتى زور بولىدۇ. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە ئەنە شۇ نوپۇسى ئازراق مىللەتلەرگە مۇۋاپىق مايىللىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى دەل تېپىشىغا، تەرەققىيات نىشانىنى بەلگىلەپ، نامراتلىقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

چېگرا رايونلاردىكى ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە قاتنىشىش تەجرىبىسىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، چوقۇم ئەمەلىي ئۈنۈم قازىنىشقا تىرىشىشى، تۇتقانلىكى ئىشىدىن نەتىجە چىقىرىشى لازىم. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ پارتگۇرۇپپىسى چېگرا رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قولىدىكى مەبلەغنى بۇ يىل چېگرىغا جايلاشقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مايىللاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

**(5) پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاشقا تىرىشىش ھەمدە يېڭى شارائىتتا مىللىي سىياسەتنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش**

چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. بەزى يولداشلار سىياسەت بەزىدە پۇلنىڭ ئۆزى، ئۈنۈمنىڭ ئۆزى دېمەكتۇر دەپ ئوبدان ئېيتتى. مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ

بىرمۇنچە مۇھىم ھۆججەتلىرىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى-
نى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئېنىق كۆرسىتىل-
دى ۋە تەكىتلەندى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق
ئىزچىللاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. شۇڭا مىللىي خىزمەت تار-
ماقلىرى سىياسەت كۆز قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، سى-
ياسەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە
ئەستايىدىل تۈرتكە بولۇشى لازىم.

دۆلەت چېگرا رايونلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن،
چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە
رايون خاراكتېرلىك بەزى ئالاھىدە سىياسەتلەرنىمۇ تۈزدى، بۇمۇ
دۆلەت سىياسىتىنىڭ ئاجرالماس تەركىبىي قىسمى، بۇ سىيا-
سەتلەر چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتە سەل
قاراشقا بولمايدىغان رول ئوينايدۇ. چېگرا رايونلارنىڭ ئەمەلىيى-
تىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدى-
لىق بولغان ئالاقىدار سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئىجرا قىلىش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

ئېلىمىزدە ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا. پىلانلىق ئى-
گىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش
جەريانىدا، بەزى ئىقتىسادىي سىياسەتلەر ئۆزگەرگەن ئوبيېكتىپ
ۋەزىيەت تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا
بەزى كونكرېت سىياسەتلەرنىڭ بىكار قىلىنىشى ياكى بارلىققا
كېلىشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. سىياسەت ئەسلىدە مۇئەييەن
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ، ئوبيېكتىپ ئەھ-
ۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بەزى سىياسەتلەردە ئۆزگى-

رىش بولۇشى تۇرغان گەپ، ئەمما مىللىي ئىقتىسادقا دائىر بىر قىسىم كونكرېت سىياسەتلەرنى ئالساق، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلگەندىمۇ، ئۆزگەرتمەسلىككە توغرا كەلگەندىمۇ، پارتى- يىنىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى چوڭ فاڭجېنلىرىنى گەۋ- دىلەندۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىغا پايدىلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇش لازىم، دېمەك كونا سىياسەتلەر بىلەن يېڭى سىياسەتلەرنى ئۇلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش، يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە ئەھ- مىيەت بېرىش كېرەك. چېگرا رايونلاردىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىپى ناھايىتى كۈچلۈك. مىللىي خىز- مەت تارماقلىرى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، دەلىل- لىشى، ئاندىن شۇ ئاساستا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىشى لازىم. چېگرا رايونلاردا ھەر خىل سىياسەتنىڭ ھەم ئىزچىللى- قىنى ۋە نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، ھەم تەرەققىي قىلىش، ئۇيغۇنلىشىش خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرى مىللىي سىيا- سەتنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مۇ- كەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە كۆپرەك ئىش قىلىشى لازىم.

سىياسەتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ھەم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ھەم جانلىقلىق بىلەن ئىجادچانلىققا ئەھمىيەت بېرىش، شۇ رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم. پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا، سىياسەتنىڭ رو- لىنى ئاندىن تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە

تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. قوشنا دۆلەتلەر باشقا رايونلارغا پايدىلىق بەزى چېگرا سىياسەتلىرىنى تۈزدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى بىر-بىرىدىن پەرقلەنگەنلىكى ئۈچۈن، چېگرا سىياسەتلىرىدىمۇ پەرق بولۇشى مۇمكىن، بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان چېگرا سىياسەتلىرىدىن بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان نەتىجە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. قوشنا دۆلەتلەرنىڭ چېگرا سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا سىياسەتلىرىنى بۇرۇنقىدىنمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

**(6) ئۈچ خىل قوشۇننى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ ۋە ئۇلغايتىپ، چېگرا رايونلاردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش**

چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، چېگرا رايونلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنى، پەن-تېخنىكا قوشۇنىنى ۋە سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلغايتىش— چېگرا رايونلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى ئاساسىي ھالقا. ئىچكى ئۆلكىلەردىكى كادىرلار ۋە پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى چېگرا رايونلارغا بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىشكە داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدىن

بۇيان، چېگرا رايونلاردا سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى يېتىشتۈرۈلدى، بۇ قوشۇن چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتە مۇھىم تايانچ كۈچكە ئايلاندى. ئەمما، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي كادىرلار قوشۇنى سان جەھەتتىمۇ، ساپا جەھەتتىمۇ، قۇرۇلما جەھەتتىمۇ چېگرا رايونلاردىكى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا تولۇق ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىش ھەققىدىكى سۆزىنىڭ روھى بويىچە، داۋاملىق ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈشى، بولۇپمۇ ئەسىر ھالقىيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، ئۇلارنى ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈشكە ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىغا ۋە ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارغا چېنىقىشقا ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇلارنى چېنىقتۇرۇپ، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرسىمۇ بولىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت پەن-تېخنىكا كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ سانى ۋە ساپاسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم بەلگە. چېگرا رايونلاردى-

كى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ پەن-تېخنىكا تەركىبى ناھايىتى تۆۋەن، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، پەن-- تېخنىكا خادىملىرى ئازراق، ساپاسى تۆۋەنرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پەن-تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بىرىن- چىسى دەپ كۆرسەتتى. پەن-تېخنىكا قوشۇنى چېگرا رايونلار- نىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدىغان مۇھىم ھەرىكەت- لەندۈرگۈچى كۈچ. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماق- لىرى ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر- لەرنى قوللىنىپ، چېگرا رايونلىرىدا ھازىر بار پەن-تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىشى ۋە قوغدىشى، ئۆز رايو- نىنىڭ پەن-تېخنىكا قوشۇنىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشى ۋە ئۇل- غايتىشى، بۇ قوشۇننى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش يولىغا سېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇ- شى لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت سانائەت ئىشچىلىرى— يېڭى تىپتىكى ئەمگەكچىلەر، بۇ قوشۇننىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كۆپىيىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئىش- لەپچىقىرىشىدىن زامانىۋى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تەرىپىگە قا- راپ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئالامىتى، بۇ قوشۇن چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم كۈچ. چېگرا رايونلارنىڭ سانائەت ئاساسى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، سانائەت ئىشچىلىرى ئازراق. چېگرا رايونلاردا سانائەتنىڭ ئۈز- لۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاز سانلىق مىللەت سانائەت ئىشچىلىرى قوشۇنى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ بارىدۇ. بۇ قو-

شۇنىڭ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، سۈپىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە مۇقىملىقىنى ئالغا سۈرۈش كېرەك.

**(7) چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئەتراپلىق ئالغا سۈرۈش، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش**

چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئېغىشماي يېتەكچى قىلىپ، مائارىپ ۋە پەن-مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئىدىيە ۋە ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئالغا سۈرۈش لازىم.

مەدەنىيەت ئاساسىي مۇئەسسەسلىرىنىڭ بىرقەدەر ئارقىدا قالغانلىقى چېگرا رايونلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قاتتىق چەكلەپ تۇرماقتا. مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ پۇچەكلىكى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بەزى چېگرا رايونلاردا تۈرلۈك قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشى شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ پۇچەكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇ-

ڭا، مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلى-
شىپ، چېگرا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىي مۇئەسسەسلىرى
قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، چېگرا رايونلاردىكى ھەر
مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشى
لازىم. رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، را-
دىئو-تېلېۋىزورنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپەي-
تىش، ئاڭلاش-كۆرۈش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.
مەدەنىيەتنى خىلمۇخىل شەكىللەر بىلەن يېزىلارغا چۈشۈرۈش
پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، چېگرا رايونلار-
دىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كىنو ۋە ئويۇن
كۆرۈشى، كىتاب كۆرۈشى قىيىن بولۇۋاتقان مەسىلىنى ھەل
قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە
ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇ-
رۇش، مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يە-
غىش، رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان
ئىشلەش لازىم. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، چەت ئەلنىڭ
مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش، سېرىق نەر-
سىلەر، قىمار ۋە زەھەرلىك نەرسىلەرنىڭ زىيىنىنى قەتئىي
تازىلاش، چېگرا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىنى پاكىزلاش
لازىم.

ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، چېگرا رايونلارنىڭ مىل-
لىي مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، چېگرا رايون-
لاردىكى ياشلار ۋە چوڭلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە
تىرىشىش، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ

مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. چېگرا رايونلارنىڭ مىل-
لىي مائارىپىدا، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، چېگرا رايونلار
ئۈچۈن لاياقەتلىك قۇرۇلۇشچىلارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش كې-
رەك. كەسپىي-تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇ-
رۇش، مائارىپنى چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى
بىلەن تىرىشىپ بىرلەشتۈرۈش لازىم.

ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، چېگرا رايونلاردىكى ئاز
سانلىق مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن
بولۇۋاتقان مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش، يەرلىك كېسەللەر-
نىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت
بېرىش لازىم. شەرت-شارائىتى يار بېرىدىغان جايلار يېزىلارنىڭ
ھەمكارلىق داۋالىنىشىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى، مىللىي تىبا-
بەتنىڭ ۋە خەلق تىبابىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال يۆلىشى لازىم.
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى
زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى-
نىڭ بەدەن سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش لازىم.

**(8)چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش**

مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى-
لاش چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشتە
ئىنتايىن مۇھىم. مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ كادىرلار قو-
شۇنى قۇرۇلۇشىنى بۇرۇنقىدىن كۈچەيتىش، كادىرلار قوشۇنى-
نىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. دېڭ شياۋپىڭنىڭ

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئۆگىنىشنى، سىياسىي ئىشلارنى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئېڭىنى ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنى كۈچەيتىش، توغرا دۇنيا قاراشنى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش، خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىشى لازىم. خىزمەت ئىستىلىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، خىزمەت ۋاستىلىرىنى كۈچەيتىش، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش— ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ئۇل سېلىش خىزمەتلىرىدىن بىرى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي خىزمەت ھەققىدىكى تەدبىرلەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئۆزىگە لايىق ئالاھىدىلىكى بار، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەريانىدا يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋاللار ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىپ تۇردۇ. يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش، يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بولۇپمۇ چوڭ-چوڭ رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇناسىپ قارشى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى مىللىي خىزمەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرى خىزمەت قىلىش ئېگىنى تې-
خىمۇ كۈچەيتىشى، خىزمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز
ئۆستۈرۈشى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۈچۈن تىرىشىپ
كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش،
ماسلاشتۇرۇش قاتارلىق يوللار بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىشى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئالاقىدار ئورۇنلار
ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېگىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئەھۋاللارنى
ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشى، مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ھەققىدە
تەكلىپ ۋە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، مىللىي خىزمەتنى
ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئالغا سۈرۈشى لازىم.

مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار-
نىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتكە بول-
غان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى قولغا كەلتۈرۈشى، ئۆز رايونى-
دىكى مىللىي خىزمەتنىڭ ئەھۋالىنى پارتكوملار بىلەن ھۆكۈمەت-
كە پائال ئىنكاس قىلىشى، ئۆز خىزمىتىنى پارتكوملار بىلەن
ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قانات
يايدۇرۇشى، ئوبدان مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولۇشى لازىم.
جايلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ مىللىي خىزمەتكە
داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىشىنى، مىللىي خىزمەتكە ۋە مىللىي
خىزمەت تارماقلىرىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئۇلارنىڭ
ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى، مىللىي
خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى
تولۇق قوزغاپ، چېگرا رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ
ئوبدان ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# 4

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كو-مىتېتىنىڭ 1997-يىللىق خىزمەتلىرى ھەققىدىكى ئورۇنلاشتۇ-رۇشى ئۈستىدىمۇ توختالماقچىمەن. بۇ يىللىق خىزمەتكە قويۇل-غان ئومۇمىي تەلەپ: دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىگە ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە ئەمەل قىلىپ، پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ۋە 6-ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇ-رۇش، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى ۋە 15-قۇرۇلتايىنى قارشى ئېلىشنى مەركەز قىلىپ، تۈرلۈك خىز-مەتلەرنى پائال ئوبدان ئىشلەش. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى پۇتۇنلۈك جەھەتتىن تېخىمۇ ئېنىق تونۇش ۋە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى مەھ-كەم ئىگىلەپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىر نىيەت--بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى چىڭىتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈ-مىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش، سوتسى-

يالسىتىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، تىپلارنى يېتىشتۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش.

بۇ يىل مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئوبدان ئىشلەشكە تېگىشلىك كونكرېت خىزمەتلەر ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

(1) پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھەققىدىكى تەشۋىق-تەربىيىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىككە پايدىلىق بولغانلىكى ئىدىيە ۋە ئەخلاقنى دەۋەت قىلىش ۋە قوللاش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش.

(2) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى داۋامىدا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تۈرلۈك ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش. مەملىكەت بويىچە چېگرا رايونلار، نامرات رايونلار ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مىللىي ئىشلار كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنلىرىنى ئوبدان ئېچىپ، ئاشۇ رايونلاردىكى مىللىي ئىشلار كو-

مىتېتلىرى خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئىگىلەش، ئاشۇ رايونلاردىكى مىللىي خىزمەتنى تېخىمۇ جانلىق خۇسۇسىيەتكە، تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش.

(3) پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھ-بەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش، ئىچكى موڭغۇلغا بېرىپ ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قات-نىشىدىغان مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئوبدان تەشكىللەشكە قاتنىشىش.

(4) مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سوت-سىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلان-دۇرۇش. «دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق تەشۋىق-تەربىيىسى ھەققىدىكى 3-بەش يىللىق پىلانى» نى يولغا قويۇش، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قا-نات يايدۇرۇش. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش پائالىيى-تىنى ئوبدان يولغا قويۇش، بۇ يىل 1000 ئەتراپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسنى تەقدىرلەش. مىللىي مۇناسىۋەتتە يۈز بەرگەن زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، دۆ-لەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش.

(5) مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەت-لىك مىللىي كادىرلار قوشۇنىنى ۋە تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلە-رىنى پائال يېتىشتۈرۈش. «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تە-

رەققىياتى پروگراممىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي مائا-
رىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش. كادىرلار قوشۇ-
نىنىڭ ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش، قاتتىق
تەلەپ قويۇش، قاتتىق ئىنتىزاملىق بولۇش، قاتتىق باشقۇرۇش
ۋە ئۆزىگە تەلەپچان بولۇش، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئۆزىنى
ئاگاھلاندۇرۇش، ئۆزىنى كۈچلەندۇرۇش دېگەن تەلەپ بويىچە،
كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كادىرلانى
تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش.

يولداشلار، بۇ يىل ئېلىمىز تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم
بىر يىل، ئېلىمىز شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك هوقۇقىنى
ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، پارتىيىمىز مەملىكەتلىك 15- قۇرۇلتىيى-
نى چاقىرىدۇ. مىللىي خىزمەت تارماقلىرى ئەنە شۇ ئىككى
چوڭ ئىشنى مەركەز قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىشى
لازىم. بىز يولداش جياڭ زېمىننى يادرو قىلغان پارتىيە مەركى-
زىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۆز بۇرچىمىزنى ئەستە
چىڭ تۇتۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، مىللىي خىز-
مەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، ئاۋات، تۇراقلىق چېگرا رايون
قۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

# ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرايلى*

(1997-يىل 5-ئاينىڭ 21-كۈنى)

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» 1981-يىلى چىقىرىلىشقا باشلىدى، ئۇ — ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. 16 يىلدىن بۇيان «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنال چىقىرىش مەقسىتىنى ھامان ئەستە چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي خۇسۇسىيەت ۋە دەۋر خۇسۇسىيىتىنى تىرىشىپ گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋرنى مەدھىيىلەشكە، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىشقا يېتەكلىدى. ھەر-قايسى مىللەتلەرنىڭ ھۆسنىگە باي رەڭگارەڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئۇلۇغ دەۋرىمىزدىكى تىپىك شەخسلەرنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەر بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى، ئاز

---

* بۇ — يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» تەھرىرىر بۆلۈمىدىكى خادىملار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە قىلغان سۆزى. بۇ سۆز «نۇر» گېزىتى ۋە «مەدەنىيەت» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان تۈركۈم-تۈركۈم يازغۇچىلار-نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى، پىشىپ يېتىلىشى مۇشۇ ژۇر-نالدىن باشلاندى. 55 ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرى ئۆز ئەسەر-لىرىنى مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلدى ھەمدە بۇلاردىن 52 مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدە-بىي ئەسەرلەرنى باھالاش-مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە مۇكاپاتلان-دى. بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بىرجەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئۆزگىچە تۈھپىسىنى كۆ-رۈشكىمۇ بولىدۇ، يەنى بۇ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، «مىل-لەتلەر ئەدەبىياتى» مۇشۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاز سانلىق مىل-لەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىس-تىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ، خىزمەت كۆرسىتىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىدىغان كەڭ سەھنىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ يېڭى غۇنچىلىرىنى ۋە مول مېۋىلىرىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم كۆزنەككە ئايلان-دى، بۇ خۇشاللىنىشقا، تەبرىكلەشكە تېگىشلىك.

سوتسىيالىزم دەۋرى مىللەتلەر ئورتاق گۈللىنىدىغان دەۋر. بۇنداق ئورتاق گۈللىنىش ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى-نى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى، ئادەملەر ساپاسىنىڭ ئۆسۈ-شىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىز ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنى تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاز سانلىق مىللەت-

لەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ھېكايە، شېئىر، نە-
سىر، كىنو، دراما. . . ئەسەرلىرىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق
بىلەن ئىجاد قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئەدەبىيات ئىشلىرىنى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىش-
لىرىنىڭ مەزمۇت قەدىمىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش،
ئۈزلۈكسىز گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.
مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر يىلتىزى چوڭقۇر مەدەنىيەت ئەنئە-
نىلىرىگە ئىگە، تارىختا ئۇلاردىن نۇرغۇنلىغان ئۆلمەس يازغۇچى-
لار، ئۆلمەس ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى-
نىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بولۇپ قالغاندى. بۈگۈنكى
كۈندە، يېڭى دەۋر ۋە يېڭى ھايات بىزدىن مىللەتلەرنىڭ ئېسىل
مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئۇلارنى جارى
قىلدۇرۇشنى، شۇنىڭدەك مۇشۇ دەۋردە ياشاۋاتقان بىزنىڭ ئە-
قىل-پاراسىتىمىز ۋە ھالال تەرىمىز بىلەن ئەجدادلار ئالدىدا
خىجالەتكە قويمايدىغان، دەۋرگە مۇناسىپ ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد
قىلىنىشىنى تەلەپ قىلماقتا. دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۆۋرۈك
ياكى كېمە بولۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبى-
يات-سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىپ ۋا-
سىتە بولۇشى كېرەك، ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ ئۆزى ئەنە شۇنداق
كەم بولماس ۋاستىدۇر، ئۇ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر ئېلان قىلى-
دىغان گۈلزارى، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇ-
دىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ، كەمچىلىكىنى تۈگىتىدىغان گۈلزارى. بۇ جەھەتتە «مىل-
لەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئۆزگىچە رولى، باشقا ئەدەبىي ژۇرناللار

ئورنىنى باسالمايدىغان رولى بار. ئۇنىڭ ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كېلەلىشى ۋە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنالىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئەنە شۇ. شۇڭا «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئالىيجاناب ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى شۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۇقەددەس بولۇپلا قالماي، بەلكى كۆپ تەرەپلىمە.

ئەدەبىيات ئادەمزاتشۇناسلىق دېمەكتۇر. ئەدەبىيات ئادەمنى تەسۋىرلەيدۇ، ئادەمنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسەرنىڭ سۈپىتى، ئۇسلۇبى يازغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئەدەبىيات قارىشى، ئەدەبىي ماھارىتى ۋە ئىجتىمائىي سەرگۈزەشتىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، «ئەسەر ئىگىسىگە تارتىدۇ» دېگەن گەپ ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ساپاسى يۇقىرى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى، ئوبزورچىلىرى قوشۇنىدىن ئايرىلالمايدۇ. «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ئادەم ئامىلىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى ئەدىبلەرنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈشنى، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى قوشۇنىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى قىلىشى لازىم. مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مول ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئۆزىگە خاس مۇنبەت ئەدەبىيات تۇپرىقى بار؛ ئۇلۇغ دەۋرىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياستى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ يېتىلىشى

ئۇچۇن مىسلىسىز ئىسىل ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بەردى. دەرۋەقە، يازغۇچى، شائىر ۋە ئوبزورچىلارنى ھەقىقىي تۇردە يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە مەخسۇس تەربىيە ۋە ئەمەلىيەت كې-رەك، ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە ئىگىلەش كېرەك؛ شۇنداقتىمۇ ئىختىساسلىق ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملى-رىنىڭ يېتىلىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ئەدەبىي ژۇرنال كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى ئۈچۈن سەمىمىي خىزمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرى قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشى، زورايتىشى لازىم. بىز ھەر مىللەت ئەدىبلى-رىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئىسىدە چىڭ تۇتۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دۆلەتكە، مىللەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەت بىلەن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەر-لەرنى ئۈزلۈكسىز ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئۈزلۈك-سىز تۈردە ئەلا مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ يەنە بىر ناھايىتى مۇھىم، نا-ھايىتى كونكرېت ۋەزىپىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئېلان قىلىشقا ئەھمى-يەت بېرىشتىن ئىبارەت. بىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى-لىرىنىڭ تولىسى ئۆز مىللىتىنىڭ تۇپرىقىدا ئۆسكەن، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا تەپەككۇر قىلىدۇ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەسىرىنىڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆ-رۈشۈشى ۋە تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن تەرجىمە ۋاسىتچى

بولۇشى كېرەك. شۇڭا «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ مۇۋاپىق
تەدبىر قوللىنىپ، مۇشۇنداق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە كۆ-
ڭۈل بۆلۈشىنى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا ئەھمى-
يەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇلارنىڭ ئوبدان ئەسەرلىرى
ئېلان قىلىنماي قېلىپ، ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش بولۇپ
قالمىسۇن.

باشقا ھەرقانداق ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىشتىكىگە ئوخ-
شاش، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نى ئوبدان چىقىرىشتىمۇ توغرا
يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، بۇ يۆنىلىش پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كەلگەن «ئىككى ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىش» فاڭجېنى، يەنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈ-
چۈن ئېغىشماي خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا،
ئۆز ئەسىرىمىز ئارقىلىق، يېڭى تۇرمۇشنى تەسۋىرلەش ۋە پېر-
سوناژلارنى يارىتىش ئارقىلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە
تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، كىشىلەرنى ئالىيجاناب
روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇ-
رۇش تەلىپىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشى-
مىز لازىم. بۇ ھال بىزدىكى يازغۇچىلار قوشۇنىدىن، مۇھەر-
رىرلەر قوشۇنىدىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە، توغرا دۇنيا
قاراش ۋە مېتودولوگىيىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ
ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىغا ۋە سىياسىتىگە ئاڭلىق بويسۇنۇپ
ۋە خىزمەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پارا-
سىتى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىدە پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت
فاڭجېنىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشنى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى تە-

لەپ قىلىدۇ، بۇ پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تەلىپى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ كەڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى»نى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ئۈ-چۈن، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئەدەبىي ئەسەردە، ئەدەبىي ئوبرازلاردا ئايرىم خۇسۇسىيەت تەكىتلىنىدۇ، ئايرىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلا ئوقۇرمەنلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ، ئەدەبىيات ساھەسىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ. بىر ژۇرنالنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئۆز خۇ-سۇسىيىتى بولۇشى، باشقا ژۇرناللاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەسەرنىڭ تېمىسى، ژانىرى، ئۇسلۇبى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئالاھىدە ماھارىتى» بولۇشى كېرەك. «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»نىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر خۇ-سۇسىيىتى شۇكى، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى يازىدۇ، بۇ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ باشقا ھەرقانداق ژۇرنالدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېرى، بۇ خۇسۇسىيەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. دەرۋەقە، بۇ خۇسۇسىيەتنى ئاددىيلا چۈشىنىشكە بولماي-دۇ، كىمنىڭ يېزىشى ۋە نېمىنى يېزىشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى ھەتتا تېخىمۇ مۇھىم تەرىپى قانداق يول بىلەن يازغانلىقى ۋە قانداقراق يازغانلىقىدىن ئىبارەت. ئېسىل ئەسەر ئېگىزغا ئىگە بولۇش، ئوقۇرمەنلەرگە مىللىي ئۇسلۇبى قويۇق، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگىچە، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز تەقدىم قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنە-

ۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى
قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ژۇرنالمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسيالىس-
تىك ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ
ھۆسن-جامالىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» چىقىرىلغاندىن بۇيان ئۇنىڭغا نۇر-
غۇن يولداشلار كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، مۇھەررىرلەر ژۇرنالغا
نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بۇ ژۇرنالغا ھامان ناھايىتى
ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىمۇ
بۇ ژۇرنالغا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى ھەمدە قولىدىن كەلگەن
چارىلەر بىلەن ژۇرنالغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. جۇڭگو يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلى-
ۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن بۇ قاينام-تاشقىنلىق يىللاردا،
ژۇرنال چىقارغۇچىلارنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى-
نىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ
چوقۇم بارغانسېرى ياخشى چىقىرىلىپ، بارچە گۈللەر ھۆپپىدە
ئېچىلغان ئەدەبىيات-سەنئەت گۈلزارىدا ئۆزىگە خاس پۇراق چې-
چىپ، ئۆزىگە خاس ھۆسن بىلەن جۇلالاپ تۇرىدىغانلىقىغا ئى-
شىنىمەن.

# جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرايلى ۋە مۇكەممەللەشتۈرەيلى*

(1997-يىل 6-ئاي)

بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن دۆلىتىمىزدە ئۆلكە دەرىجىلىك تۇنجى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي— ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، بۇ ئىش ئەينى زاماندا نەزەرىيە جەھەتتە ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتە دەلىللەش ئارقىلىق مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ دۆلىتىمىزدە ئورنىتىلغانلىقىنىڭمۇ بەلگىسى ئىدى.

جۇڭگودا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولدى. جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئاللىقاچاندىن تارتىپلا جۇڭخۇا ئېلىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا بىللە ياشاپ، پۈتۈن

* بۇ ماقالە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 7-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

دۆلەتنى ئورتاق بىنا قىلغانىدى، تارىخ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىك كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، ھۇزۇر-ھالاۋەتتىمۇ، جاپا-مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولىدىغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئورناتتى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىدىن قارىغاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن خەنزۇ رايونلىرىنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، بىر-بىرىگە ھەمدەم بولۇپ، بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىشى پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق. دېمەك، دۆلىتىمىزدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا تارىخىي ئاساسمۇ، رېئال شارائىتمۇ، سىياسىي ئامىلمۇ، ئىقتىسادىي ئامىلمۇ بار، ئۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، خەلقنىڭ رايىغا ياقىدىغان توغرا تاللاشتۇر.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي سىياسىي تۈزۈملىرىدىن بىرى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

1

يېرىم ئەسىر مابەينىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئۆزىنىڭ زور ئەۋزەللىكى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

**(1) ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى**

دۆلىتىمىزدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ماھىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر خوجايىن بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە 156 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي بىر ۋاراقى قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بەش ئاپتونوم رايون، 30 ئاپتونوم ئوبلاست، 121 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) بار. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ قوشۇمچە شەكلى سۈپىتىدە يەنە 1000دىن كۆپ مىللىي يېزا قۇرۇلدى. مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتتىن 45 مىللەتنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى قۇرۇلدى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ 75 پىرسەنتىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ

مەمۇري رايون كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانى ۋە ئورۇنلىشىشى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ۋە تەركىب تېپىش ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ.

جۇڭگودىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە دېگەن كۆپ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، نوپۇسى كۆپرەك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپلا قالماي، نوپۇسى ئازراق مىللەتلەرمۇ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويىدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىشنىڭ سىياسىي جەھەتتە، تۈزۈم جەھەتتە يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلانغانلىقىنى بىلدۈردى، مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىنى نامايان قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ئارزۇسىنى قاندۇردى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە بەھرىمەن بولىدىغان دېموكراتىيە هوقۇقىنى گەۋدىلەندۈردى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى خوجايىنلىق ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

**(2) ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى**

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كونا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى بۆلۈنمە ھالىتىنى تۈپ-

تىن ئۆزگەرتىپ، دۆلەتنى ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قال-
ماي، ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن پۈتكۈل دۆلەتنىڭ مۇناسىۋى-
تىنى تۈزۈم ۋە قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ
بىرلىكىنى كۈچلۈك قوغدىدى. شۇ 50 يىل داۋامىدا، نۇرغۇن
دۆلەتلەر مىللىي مەسىلە سەۋەبىدىن داۋالغۇپ، ئەنسىزلىك ئى-
چىدە تۇرۇپ كەلدى، ھەتتا پارچىلىنىپ كەتتى، ئەمما بىزنىڭ
بۇ كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىز مۇقىملىق ۋە بىرلىكنى ساقلاپ
كەلدى، بۇنداق بولۇشىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر سەۋەب مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىدىن
ئىبارەت. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «ماۋجۇ-
شى قانداقتۇر مىللىي ئاپتونومىيىلىك جۇمھۇرىيەت قۇرماي دانا-
لىق قىلغان.»

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشى
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىمۇ قوغدىدى ۋە چىڭىتتى، چۈنكى بۇ
تۈزۈم مىللەتلەرنىڭ سىياسىي باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي گەۋدىلەن-
دۈردى، بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەم سى-
ياسىي ئاساسقا ئىگە بولدى. بۇ تۈزۈم كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى
ئىنتايىن زور دەرىجىدە جەم قىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، ھەممە مىللەتنى پىكىر ۋە ھەرىكەتتە
بىرلىككە كېلىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنى، دۆلەتنى ئورتاق
گۈللەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ھەمدە مىللەتلەر ئارى-
سىدىكى كەڭ ئالاقە، ھەمكارلىق ۋە ياردەمنى ئىلگىرى سۈردى.

**(3) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيا-
تىنى ئىلگىرى سۈردى**

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئۆز ئالدىغا ئېلىپ باردى ھەمدە دۆلەتنىڭ يۆلىشىگە، قېرىنداش مىللەت رايونلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى. بۇ جايلاردا تۈرى بىرقەدەر تولۇق زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، قاتناش، ئالاقە ئىشلىرىدا خۇشاللىنارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، يېزا-بازار كارخانىلىرى تېز مەيدانغا كەلدى، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر ياخشىلاندى.

1996-يىلى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 549 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1978-يىلىدىكى 31 مىليارد 800 مىليون يۈەندىن 17 ھەسسە كۆپەيدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، 1996-يىلى يېزا ئاھالىسىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1424 يۈەنگە يەتتى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى 2000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن ناھىيە، شەھەر 27گە يەتتى.

**(4) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىمۇ ئىلگىرى سۈردى، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بېكىنمە ھالەتتىن پەيدىنپەي ئو-چۇق ھالەتكە ئۆتۈشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ئىدىيە ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولدى. مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلار ئەتراپلىق راۋاجلاندى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئىلىم-پەن ساپاسى، تەن ساپاسى ئەتراپلىق ئۆستى.

مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپ 100 مىڭدىن، ئوتتۇرا مەكتەپ 10 مىڭدىن ئاشتى، ئالىي مەكتەپ 105كە يەتتى، بۇلاردىن باشقا بىر تۈركۈم ئوتتۇرا تېخنىكوملار قۇرۇلۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل مائارىپ سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى كۆرۈ-نەرلىك ئۆستى. مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر نەشرىياتى 37گە يەتتى، مىللىي يېزىقتا چىقىدىغان گېزىت-ژۇرنال 200دىن ئاش-تى؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا قۇرۇلغان رادىئو ئىستان-سىسى 247گە، تېلېۋىزىيە مەركىزىي ئىستانسىسى 206گە، تې-لېۋىزىيە تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە ئۇلاپ تارقىتىش ئىستانسى-سى 5365گە يېتىپ، مەملىكەت ئىچى-تېشىغا 75 خىل تىلدا ئاڭلىتىش بېرىدىغان بولدى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربى-يە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىلدى، مەملىكەت بويىچە بەش نۆۋەت مەملىكەت خاراكتېرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەر-بىيە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەھىيە ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، ھازىرغىچە قۇرۇلغان

داۋالاش ئاپپاراتى 29 مىڭغا يەتتى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ دوختۇرخانا-شىپاخانىلاردىكى كارۋات 1957- يىلىدىكىدىن 14.6 ھەسسە كۆپەيدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق دەرىجىسى ئۆستى، ئۆمرى ئۇزاردى.

**(5) زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەرخىل ئىختىساسلىق خادىملار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىغا مەلۇم مىقداردا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى سەپلەش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا خوجا بولۇشىدىكى مۇھىم تەرەپ، شۇنداقلا بۇ تۈزۈمنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. شۇڭا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مەملىكەت بويىچە ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ— مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن 12سى مەخسۇس قۇرۇلدى، ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ خېلى كۆپ ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى قۇردى، شۇنىڭدەك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنى، كادىرلار مەكتەپلىرىنى قۇردى ۋە تۈرلۈك كۇرسلارنى ئاچتى، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدىمۇ كادىر تاللاپ ئۆستۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى تېز ئۆسۈپ يېتىلدى. ھازىر، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 2 مىليون 500 مىڭغا يەتتى، تۈرلۈك كەسپىي-تېخنىكا كادىرلىرى 1

مىليون 500 مىڭغا يەتتى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بىرىنچى باشلىق ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىدىن بولدى، ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىغىمۇ مۇناسىپ تۈردە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سەپلەندى. بۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئۇلار خەنزۇ كادىرلار بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

## 2

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئەمەلىيىتى مەملىكىتىمىزدە مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش يولىنى تېپىۋالغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ بەردى. بىز مۇشۇ توغرا يولنى بويلاپ داۋاملىق ئالغا بېسىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم.

**(1) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىش كېرەك**

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى — ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە دەۋر

ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدد-
يىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ مارك-
سىزمى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي
ئەمەلىيەت داۋامىدا، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مىللىي مەسىلە ۋە
مىللىي خىزمەت توغرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزدى ۋە
مۇپەسسەل بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ نەزەرىيىلەر يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى-
نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى
نەزەرىيىسى ئىخچام ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، يۈكسەك سەۋىيە-
لىك. ئۇنىڭ مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى، ئۇزاق مۇددەت-
لىكلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى-
دە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى نەزەرىيىسى، پۈتكۈل
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش
توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد
ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش، ھەر
مىللەت خەلقىگە سەممىي خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرد-
يىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرد-
نىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، شۇنىڭ
بىلەن بىللە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدد-
كى نەزەرىيىسى، سوتسىيالىزمنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەق-
قىياتى ۋە ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەكلىكى
توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى
پائال يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە-

سى . . . يېڭى تارىخىي دەۋردىكى مىللىي خىزمەتنىڭ قىبلىنە-
مىسى، شۇنداقلا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى
داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ قىبلىنەمىسى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى
بايانلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە-
گە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ: «مىللىي مەسىلىنى ھەل قى-
لىشتا جۇڭگو مىللىي جۇمھۇرىيەت فېدېراتسىيە تۈزۈمىنى ئە-
مەس، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قوللان-
دى. بىزنىڭچە، بۇ تۈزۈم ياخشىراق، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا
ئۇيغۇن كېلىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەنىدى. بۇ جۇڭگونىڭ
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى توغرىسىدىكى ئىلمىي
يەكۈن بولۇپ، بىزنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈ-
زۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە مۇھىم
نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى؛ ئۇنىڭ «ئاز سانلىق
مىللەتلەرنى ھەقىقىي مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم» لىقى توغرىسى-
دىكى بايانلىرى بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە
تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ئۈ-
چۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى؛ ئۇنىڭ «مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىساد يۈكسەل-
دۈرۈلمىسە، بۇنداق ئاپتونومىيە قۇرۇق ئاپتونومىيە بولىدۇ»
دېگەن بايانلىرى بىز مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى
داۋاملاشتۇرۇشتا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئىزچىللاشتۇرۇشقا
تېگىشلىك مۇھىم پرىنسىپ. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي

مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئىگىلەش ۋە ئەمەلگە قويۇش ئارقىلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا چوڭقۇر ئوبدان داۋاملاشتۇرغىلى ۋە ئوبدان مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ.

**(2) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇش كېرەك**

جۇڭگو تارىخى شۇنى كۆرسەتتىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى. مىللىي مەسىلە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، مىللىي مەسىلە توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىغان بولاتتى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت بەرپا قىلىنمىغان بولاتتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىمۇ بولمىغان بولاتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۆزى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلىنى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىدا، مۇۋاپىق سىياسىي شەكىل بىلەن ھەل قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت داۋامىدا مۇكەممەل مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياستىنى پەيدىنپەي ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ھەمدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈلگە ياراتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىختىكى نۇرغۇن مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى توغرا فاكچىن ۋە قالتىس جاسارەت بىلەن ھەل

قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى ئىلگىرى-كېيىن يولغا قويدى. تارىخ — كېلەچەكنىڭ ئەينىكى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا، ئالدى بىلەن «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خىزمەتلىرىدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاللىقاچان ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئۇزاققىچە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، تۇرلۇك پۇتلىكاشاڭلارنى تۈگىتىپ، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي بىردەك بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلەردە ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ

چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى-نىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ سىياسىي كاپالىتى. ئۇ دەرۋەقە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چوڭ-چوڭ فاڭ-جېنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش ۋە خىزمەتلەرنى ئىجادىي ئىشلەشتىن ئايرىلمايدۇ.

پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا، ئاپتونومىيىلىك جاي-لاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. پار-تىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن-لىشىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى، پارتىيە-نىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ۋە ئاساسىي نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇ-شى، ئۆگىنىشنى، سىياسەتنى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلىشى، پارتىيىنىڭ ئەنئەنىلىرى ۋە ئېسىل ئىستىللىرىنى جارى قىلدۇ-رۇشى، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى، جەڭگى-ۋارلىقىنى ۋە تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەككى، ھەر دەرى-جىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلى-شىپ كۈرەش قىلىشقا، ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەك-لەيدىغان قۇدرەتلىك قورغانغا ئايلانسۇن.

**(3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى راۋاجلان-دۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك**

بىر تۈزۈمنىڭ ياخشى-يامانلىقى، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇ-نىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان-بولمى-

غانلىقىغا باغلىق. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئى- بارەت، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋام- لاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتىمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. مىللىي تېررى- تورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. مىللىي تېررىتو- رىيىلىك ئاپتونومىيە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي هوقۇ- قىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئاز سانلىق مىل- لەتلەرنىڭ ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈنمۇ يولغا قويۇلغان.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تەرەققىياتى ئالدى بىلەن ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا باغلىق. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تولىسىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشى، ئىسلا- هات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈ- رۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ئۈمىد بىلەن مۇسابىقىگە تەڭ يۈزلەندۈردى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى مۇسابىقىنى دادىل قارشى ئېلىشى، دادىل ئىزدىنىشى، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشى، ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ يۈكسىلىشى،

تەرەققىياتنى تېزلىتىشى لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى ئىزچىل سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەي داۋاملىق ئىجرا قىلىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يۈرگۈزۈلگەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ياخشىلاپ بېرىش لازىم. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا كۈچتىن قالغان ياكى قىسمەن كۈچتىن قالغان مىللىي سىياسەتنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان سىياسەتنى ۋاقتىدا چىقىرىپ ۋە تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاش كېرەك. يەنە سېلىنمىنى كۆپەيتىش، سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىش ۋە مالىيىنىڭ قېلىپلاشقان يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار تەرەققىياتتا ئاساسەن ئۆزىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىغا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە تايىنىدۇ، ئەمما تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج. ئىلغارلارنىڭ ئارقىدا قالغانلارغا، ئاۋۋال بېيىغانلارنىڭ بېيىشتا كېيىن قالغانلارغا ياردەم بېرىشى سوتسى-

يالىزمىنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىمۇ پايدى-
لىق. شەرقتىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈ-
زۈش، ئۆز ئارتۇقچىلىقى بىلەن بىر-بىرىنى تولۇقلاش، ئورتاق
راۋاجلىنىش پرىنسىپى ئاستىدا كەڭ كۆلەمدە ھەمكارلىشىشنى
پائال تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم، بۇنداق قىلىش
شەرقىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ تەرەق-
قىياتىغىمۇ پايدىلىق.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت
بېرىش بىلەن بىرۋاقتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىدىيە، ئەخلاق ۋە پەن،
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سۈرۈش، مائارىپ ۋە پەن-
تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، شۇ ئارقىلىق
ئىككى مەدەنىيەتنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش ۋە مىللەتلەرنى
ئەتراپلىق يۈكسەلدۈرۈش لازىم.

**(4) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇ-
رۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، تۈرگە
ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك**

جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ، مىللەتلەرنىڭ سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي
ئېتىقاد جەھەتلىرىدە پەرقى بىرقەدەر چوڭ، ھەتتا بىر مىللەت-

نىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ پەرق مەۋجۇت. مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇ جايدىكى مىللىي مۇناسىۋەت، ئىقتى-سادىي تەرەققىياتنىڭ شەرتلىرى ۋە تارىخىي ئەھۋال قاتارلىقلار تولۇق ھېسابقا ئېلىنىدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، پار-تىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇش-يەندە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي ئالاھى-دىلىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، كونك-رېت ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان خىزمەت فاڭجېنى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

مەملىكىتىمىزدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەمۇ-رىي ئورنى ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن، جايلار چوڭ-كىچىكلىك جەھەتتە كۆپ پەرقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئوخ-شاشمايدۇ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەك-شىسىز، شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمە-لىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن تۈرلۈك خىزمەتلەردە تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەش ئاساسىدا، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەدبىر ۋە چارىلەرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كادىر سەپلەش، قۇرۇ-

لۇش فائجېنىنى بەلگىلەش، تىل-يېزىق ئىشلىتىش، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەككى، سۇبيېكتىپ ئارزۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. باشقا ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما ئاددىيلا دورامچىلىق قىلىشقا، قارىغۇلارچە بەسلىشىشكە بولمايدۇ، پۈتۈنلەي ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. باشقا ئاپتونومىيىلىك جايلار يولغا قويغان سىياسەت، تەدبىرلەرگە ئاددىيلا ئوخشىتىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئاپتونومىيىلىك جايلارغا رەھبەرلىك قىلىشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ئاپتونومىيىلىك جايلار توغرىسىدا تۈزگەن كونكرېت سىياسەت-تەدبىر، قارار، يوليورۇق ۋە بۇيرۇقلىرىدا تۈرلۈك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تولۇق كۆزدە تۇتۇشى، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە، ھەممىنى ئاددىي ھالدا بىر قېلىپقا سېلىشقا بولمايدۇ.

**(5) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ۋەتەن بىرلىكىنى قەتئىي قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي كۈچەيتىش كېرەك**

ۋەتەن بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ روللىرىدىن بىرى،

يېڭى تارىخىي شارائىتتا، بۇ رولنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە جارى
قىلدۇرۇش لازىم.
مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرد-
يىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلار دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن-
لارنىڭ ئۆز جايىدا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، دۆ-
لەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئىتىنى بىرىنچى
ئورۇنغا قويۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاساسىي
قانۇندىكى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى
بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەت-
نىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئۆز جايىنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرسە بولىدۇ، دۆلەتنىڭ قانۇن
ۋە سىياسەتلىرىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە جانلىق
ئىجرا قىلسا ياكى ئىجرانى توختاتسا بولىدۇ. دەرۋەقە، بۇنداق
جانلىق ئىجرا قىلىش ياكى ئىجرانى توختىتىش شۇ جايدىكى
مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىغا، شۇ جايدىكى جەم-
ئىيەت تىنچلىقىغا ۋە تەرەققىياتىغا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇ-
قىملىقىغا پايدىلىق بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشى كېرەك.
يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى سىياسەت ۋە پىلانلارنى
تۈزگەندە، يولغا قويغاندا، ياكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا
تەرەققىيات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى، شۇ
جايدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە تولۇق ئېتىبار
بېرىشى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆز-

ده تۇتۇشى لازىم.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاپتونومىيىلىك جايلاردا كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزگەندە ۋە يولغا قويغان چاغدا مىللەتلەرنىڭ، رايونلارنىڭ مەنپەئىتىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇشى لازىم. ھەممە مىللەت شانلىق مەدەنىيەتكە ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ھەممە مىللەت جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ۋە يۈكسىلىشى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى تەقدىم قىلدى. تۈرلۈك ئىشلاردا مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش لازىمكى، ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا ياردەملىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان، ئورتاق ئىشلار جەريانىدا ئورتاق راۋاجلىنىدىغان بولسۇن.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي

مەسىلىدىن پايدىلىنىپ بۆزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىگە ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

**(6) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇ-رۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قى-لىش كېرەك**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ياد-روسى— ئاپتونومىيە ھوقۇقى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار-نىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى— دۆلەتنىڭ بىر دەرىجىلىك يەر-لىك ھاكىمىيىتى، بىر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ھوقۇقى-نى يۈرگۈزگەندىن باشقا، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئادەتتىكى جايلارنىڭ-كىدىن كۆپرەك، يەنى ئۇنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بار. ئاپتونو-مىيە ھوقۇقى مەزمۇنى كەڭ ھوقۇق بولۇپ، ئىجتىمائىي ھايات-نىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا قاتارلىق بىرمۇنچە جەھەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇنلىرى قوغدايدىغان، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئاساس قىلغان ھەقىقىي ھوقۇق. ئۇ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرى-دۇ، شۇنداقلا ئۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ مۇھىم تەر-كىبىي قىسمى.

ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئوبدان يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئاپتو-نومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئالدى بىلەن ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە توغرا، تولۇق يۈرگۈزۈپ، ئۆز جايىنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇشى لازىم. ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى

يۈرگۈزۈشتىكى ئاساسىي تەلەپ ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈ-
زۈش، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە يۈرگۈزۈشتىن ئىبا-
رەت. قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن ھوقۇقلارنى تولۇق يۈرگۈزۈش
لازىم، قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدىن چىقىپ ئاپتونومىيە ھوقۇ-
قىنى كېڭەيتىۋېتىدىغان ئەھۋالدىنمۇ، قورۇنۇپ-تارتىنىپ، ئاپ-
تونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزەلمەيدىغان ئەھۋالدىنمۇ ساق-
لىنىش لازىم. ھازىرقى ۋاقىتتا، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈ-
زۈشتە يېڭى ئىجتىمائىي شارائىتقا يارىشا، كۆز قاراشنى يېڭىلا-
ش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېڭىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىس-
تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا مىل-
لىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئىسلا-
ھات-ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ،
مېخانىزمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي ئاپتو-
نومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى-
نى مىللىي ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە يۈرگۈزگەندىن
باشقا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپ-
تونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتكە
ئىگە قىلىشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگانلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئاپتونومىيىلىك جايلار-
غا بېرىلگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئاپتونو-
مىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈر-
گۈزۈشىنى پائال قوللىشى، ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئاپتونومىيە

هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە پائال ياردەم بېرىشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق ئېچىش، زاۋۇت-كان كارخانىلىرىنى قۇرۇش ۋە باشقا ئاپپاراتلارنى، مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلىش ۋاقتىدا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىشكە دىققەت قىلىشى، ئاشۇ كارخانا ۋە ئاپپاراتلار مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە هوقۇقىنى هۆرمەتلىشى لازىم.

**(7) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەهمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش كېرەك**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرەپ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش ۋە ئىشقا قويۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تېخىمۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇهىم. ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرىدىغان، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ

چوڭ-چوڭ فاڭجېنلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرالايدىغان، ئىشچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئاممىنى باشلاپ ئالغا ئىنتىلىدىغان، تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، ئىتتىپاقلىققا ئىنتىلىدىغان، يىراقنى كۆرىدىغان، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان، ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرالايدىغان، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان، ئىشتا تىرىشچان ۋە ئۆزىنى پاك تۇتىدىغان، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئاپتونومىيىلىك ئورگان قىلىپ قۇرۇش چىقىش لازىم.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، بولۇپمۇ ساپاسى يۇقىرى كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىدىكى كادىرلارنىڭ سانىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم. 21-ئەسىرگە يۈزلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە كەسپىي-تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيەلەشنى تېزلىتىش، بولۇپمۇ سىياسىي ساپاسى ۋە نەزەرىيىۋى بىلىم سەۋىيىسى، رەھبەرلىك قابىلىيىتى ۋە رەھبەرلىك سەنئىتى بىرقەدەر يۇقىرى، ئەسىر ھالقىيدىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سىياسىي، كەسپىي سا-

پاسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە پارتىيە مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇش، كەسپىي جەھەتتە بىلىم ئاشۇرۇش، ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىپ چېنىقتۇرۇش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز زىممىسىدىكى ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى تولۇق تونۇپ، ئۆز سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ بېرىشى لازىم. سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۇقىرى دەرىجىدىكى بىرلىكنى ساقلىشى، پارتىيىمىزنىڭ مەقسىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مەھكەم تۇرغۇزۇشى، پاك، تىرىشچان بولۇشى، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشتا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۈلگە بولۇشى لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سىرتقا ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش جەريانىدا، زامانىۋى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ۋە تاۋار، بازار، زامانىۋى مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشى لازىم. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، قاراشنى يېڭىلاپ، دادىل يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا خىزمەت كۆرسىتىش لازىم.

يېتىشتۈرۈشتىن مەقسەت— ئىشقا قويۇش. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم، ئىشىنىپ ئىشقا قويۇشمۇ لازىم. ھەر مىللەت كادىرلىرى— پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ئۇلارغا ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەپ، ئۆز قابىلى-

يىتىنى ئىشقا سېلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. ئاپتونومىيىلىك جايلارنى ئوبدان گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بىلەن خەنزۇ كادىرلار بىر-بىرىدىن ئۆگىنىشى، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىشى، چوڭ ئىشلارنى ئورتاق ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى لازىم.

**(8) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك**

مۇكەممەل قانۇنچىلىق— مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جەھەتتىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياستىنى قانۇن قېلىپىغا ۋە تۈزۈم قېلىپىغا سېلىش ھەمدە ئۇنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىنى دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەھۋالى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 1949-يىلىدىكى «ئومۇمىي پروگرامما» دا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر بەلگىلىمە قەيت قىلىنغاندىن تارتىپ 1952-يىلىدىكى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» ئىشلەنگەنگە قەدەر، دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى «ئاساسىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنغانغا قەدەر بولغان جەريانلاردىن دۆلىتىمىزدىكى مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات يولىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دۆلىتىمىزدە «ئاساسىي قانۇن»نى ئاساس، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى غول قىلغان، گوۋۇيۈەننىڭ مەمۇرىي قانۇن-نىزاملىرىنى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى، ئايرىم نىزاملىرىنى ۋە يەرلىك نىزام ۋە قائىدىلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار قېلىپلاشتۇرغۇچى ھۆججەتلەردىن تەركىب تاپقان مىللىي قانۇن-نىزام سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى.

بىراق، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ ئاساسىي تەلىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن يەنە بىرمۇنچە ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ۋەزىپە تېخى ناھايىتى ئېغىر. مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، يېڭى قانۇن چىقىرىش، يۈرۈشلەشكەن تەدبىر تۈزۈش، قانۇنىي جاۋابكارلىق، دەۋا، جازا قاتارلىق جەھەتلەرنىمۇ، نازارەتچىلىك مېخانىزمى ۋە نازارەتچىلىك ئاپپاراتى قاتارلىق جەھەتلەرنىمۇ يەنە بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدىنپەي بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇنا-

سۋەتلىرى قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىۋاتىدۇ، تەڭشىلىۋاتىدۇ، ئەس-
لىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە زور ئۆزگىرىش
يۈز بەردى. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت— بارلىق ئىجتىمائىي مۇنا-
سىۋەتلەرنىڭ ئاساسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ياتىدىغان مىل-
لىي مۇناسىۋەتتىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى مۇقەررەر. يېڭى ۋەزى-
يەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەت-
لەردىكى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپا-
لەتكە ئىگە قىلىش، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تە-
رەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورى-
يىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر قانۇن تۈزۈمنى تېخىمۇ مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جە-
ھەتتە مۇنۇ ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بې-
رىش لازىم: بىرىنچى، قانۇن چىقىرىش. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ
ئېھتىياجىغا يارىشا مۇناسىپ قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈش ھەمدە
بۇرۇنقى قانۇن-نىزاملاردىكى بۈگۈنكى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەي-
دىغان مەزمۇنلارنى تۈزىتىش، تولۇقلاش لازىم، بۇ «مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى-
مۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، مىللىي قانۇنلارنى ئىز-
چىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى
تۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈش
كېرەككى، رېئال تۇرمۇشتا قانۇن-نىزاملارغا ھەممەيلەن ھەقى-
قىي رىئايە قىلىدىغان بولسۇن؛ ئۈچىنچىسى، «مىللىي تېررى-
تورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇشنىڭ يۈرۈشلەش-
كەن قانۇن-نىزام سىستېمىسى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى

بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش.

جۇڭگودا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يېرىم ئەسىر
شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. 50 يىل مابەينىدە، ئاز سانلىق
مىللەتلەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئالغا چامداش قەدىمىگە ئەگىشىپ مىس-
لى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتقا ئېرىشتى. يېڭى ئەسىرنىڭ قوڭغۇ-
رىقى چېلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئۆتمۈشنى ئەسلىسەك،
كېلەچەككە تېخىمۇ تەلپۈنىمىز. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە تۈزۈمىمىز ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە راۋاج-
لىنىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە چوقۇم
ئالغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلايدۇ، شەرقتىكى كۆپ مىللەتلىك
چوڭ دۆلىتىمىز چوقۇم بارغانسېرى گۈللەپ ياشنايدۇ!

# شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشنى قۇتلۇقلايلى، تارىخقا يېڭى سەھىپە يازايلى*

(1997-يىل 6-ئاينىڭ 23-كۈنى)

جۇڭگو خەلقى زارىقىپ كۈتكەن پەيت— شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدىغان پەيت بىزگە يېقىنلاپ كەلمەكتە. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دۆلىتىمىز شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، بۇ— دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىدا مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ۋە تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان چوڭ ئىش، ھەربىر جۇڭخۇا پەرزەنتى بۇنىڭدىن چەكسىز ھاياجانلىنىدۇ ۋە پەخىرلىنىدۇ.

1842-يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھەربىي كېمىلىرى نەنجىڭدىكى شياگۇەن پورتىنىڭ دەرياسىغا توپلىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندا چەت ئەل بىلەن تۈزگەن تۇنجى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىسى— «نەنجىڭ شەرتنامىسى»

---

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ پايتەختتىكى ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشنى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلىدى، جۇڭگو شۇنىڭدىن باشلاپ ئىگىلىك
هوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى شۇنىڭدىن
باشلاپ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر تەرىپىدىن يەتكۈچە بوزەك
قىلىندى. 1860-يىلى، «بېيجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ،
جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ ئۇچى تەرىپىنى ئەنگلىيە زورلۇق
بىلەن ئىشغال قىلىۋالدى؛ 1898-يىلى ئەنگلىيە چىڭ سۇلالىسى
هۆكۈمىتىنى «شياڭگاڭنىڭ پاسىلىنى ئېچىش توغرىسىدىكى
مەخسۇس شەرتنامە»نى ئىمزالاشقا يەنە بىر قېتىم مەجبۇرلاپ،
جيۇلۇڭ يېرىم ئارىلىنىڭ كەڭ زېمىنىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
200 نەچچە ئارالنى مەجبۇري ئىجارىگە ئېلىۋالدى، ئىجارە مۇد-
دىتى 99 يىل بولدى. ھەربىر شەرتنامە ئىگىلىك هوقۇقىمىزنى
يوقىتىپ، دۆلەتنى ھاقارەتكە دۇچار قىلغانلىقتىن دېرەك بېرى-
دۇ، ھەربىر شەرتنامىگە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غەزەپ-نەپرى-
تى ۋە ئۇياتقا قېلىشى خاتىرىلەنگەن.
ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى-
نىڭ قۇرۇلۇش ھارپىسىغا قەدەر ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىر-
لىكنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا، دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا، يەتكۈچە زۇلۇم چې-
كىپ، تارتمىغان ئازابى قالمىدى، ھەممە مىللەت خەلقى ئا-
زاب-ئوقۇبەت ئىچىدە كۈن كەچۈرۈپ، ئىززەت-ئابرويىدىن پۈ-
تۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، خەقنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچرى-
دى. بۇ شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇكى، ۋەتەننىڭ بېشىغا كەل-
گەن كۈلپەت ھەر مىللەت خەلقى ئۇچۇن ئورتاق كۈلپەت دېمەك-
تۇر؛ دۆلەتنىڭ ئىززەت-ئابرويى بولماي تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ

ئىززەت-ئابرويىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس؛ دۆلەت قۇدرەت
تاپماي تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بەخت-سائادەتكە ئىگە بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس؛ مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە
چەمبەرچاس باغلانغان.

100 يىللىق ۋەقەلەر ئارقىدا قالغانلار دۇمبا يەيدۇ، چېچىل-
غانلار ھاقارەتكە قالىدۇ دېگەن ھەقىقەتنىمۇ ئىسپاتلىدى. دۆلەت-
نىڭ ئۆز زېمىنىنى بۆلۈپ بېرىپ، تۆلەم تۆلىشىگە، خەلقنىڭ
ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشىگە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چىر-
ىكلىكى، چىرىك تۈزۈم ۋە بېكىنمىچىلىك سىياسىتى پەيدا
قىلغان گادايلىق ۋە زەئىپلىك سەۋەب بولغان، شۇنىڭدەك شۇ
چاغدا دۆلەتنىڭ داۋالغۇلۇق-تىنچسىزلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق ھا-
لىتىدە تۇرۇشىمۇ سەۋەب بولغان.

تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئارقىدا قالغانلار ئۆزىنى
كۈچەيتكەندىلا راۋاج تاپالايدۇ؛ دۇمبا يېگەنلەر قارشىلىق كۆر-
سىتىپ ئېلىشقاندىلا نىجاتلىق تاپالايدۇ. ھەر مىللەت خەلقى:
دۆلەت قۇدرەت تېپىشى، مىللەتلەر گۈللىنىشى لازىم، دېگەن
ئورتاق سادانى ياڭراتتى. داغدۇغىلىق 4-ماي ھەرىكىتىدىن تار-
تىپ دۇنياغا مەشھۇر ئۇزۇن سەپەرگىچە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇپ مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش يولىدا سەككىز يىل
داۋاملاشقان ئۇرۇشتىن تارتىپ خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنىڭ
ئاساسى سېلىنغان ئازادلىق ئۇرۇشىغىچە بولغان جەرياننىڭ ھەم-
مىسى جۇڭخۇا ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ كۈچىيىش يولىدا جاسارەت
كۆرسەتكەن، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئازادلى-
قى ئۈچۈن كۈرەشكەن شانلىق تارىخىدۇر.

چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئى-
گىلىك هوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش كۈرىشىدە هەر
مىللەت خەلقى ئالىيجاناب مىللىي جاسارىتىنى ۋە ئۇلۇغ ۋەتەن-
پەرۋەرلىك روهىنى ئىپادىلىدى. بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ،
ئۆزىنىڭ كۈچ ۋە قېنى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەھ-
كەم ئىستىھكامىنى قۇرۇپ، كۈچلۈك دۈشمەنىنىڭ دەككىسىنى
بەردى، جۇڭخۇا ئېلىمىزنى قوغدىدى. بۇنىڭغا نۇر چاقناپ تۇرى-
دىغان بىرمۇنچە مىساللارنى كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن: ئەپيۇن
ئۇرۇشىدا هەر مىللەت خەلقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جان تىكىپ
كۈرەش قىلدى؛ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا شىزاڭ خەلقى ئەنگلىيە
جاهانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلدى، يۈننەنىنىڭ
پيەنما شەهىرىدىكى هەر مىللەت خەلقى فرانسىيە مۇستەملىكىچى
هۆكۈمرانلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەش قىلدى؛ بۇنىڭدىن
50 يىل ئىلگىرى بولغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ هايات-ماما-
تىغا تاقىلىدىغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا هەر
مىللەت خەلقى قولىنى قولغا تۇتۇپ، مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ،
دۆلەتنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەڭ ئاتلاندى، شەر-
قىي شىمالدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇيزۇلار قوشۇنى، خەينەندىكى چيۇڭيا
قوشۇنى. . . ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تارىخىغا شان-
لىق سەھىپە قوشتى؛ ئازادلىق ئۇرۇشتا هەر مىللەت خەلقى
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەهبەرلىكىدە «ئۈچ چوڭ تاغ»نى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللىي ئازادلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يېڭى
جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆهپە قوشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەت جاپالىق
ئىزدىنىش ئارقىلىق، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى تېپىۋالدۇق. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى
ئېچىۋېتىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە جۇشقۇن ھاياتىي قۇدرەت ئې-
لىپ كەلدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مىسلىسىز ھاياتىي كۈچىنى
نامايان قىلدى، تۈرلۈك ئىشلىرىمىز گۈللەپ ياشنىدى، دۆلىتى-
مىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ باردى. شياڭ-
گاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ شياڭگاڭ مەسىلى-
سىنى «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم»نى يولغا قويۇش چارى-
سى بىلەن ھەل قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. 100 يىلدىن
بۇيانقى ئارزۇ گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندى. بىز شياڭگاڭنىڭ
ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان
ۋاقتىمىزدا، شياڭگاڭ مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا غايەت
زور تۆھپە قوشقان يولداش دېڭ شياۋپىڭنى ئېخىمۇ چوڭقۇر ياد
ئېتىمىز. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى يولداش
دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆچمەس نامى ۋە ئۇلۇغ خىزمىتى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان.

شياڭگاڭنىڭ بۆلۈپ بېرىلىشى ۋە ۋەتەن قوينىغا قايتىپ
كېلىشى بىزگە ئاددىي-ساددا، ئەمما ناھايىتى مۇھىم بىر ھەقى-
قەتنى چۈشەندۈرۈپ بەردى: ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى، دۆلەت-
نىڭ قۇدرەت تېپىشى بىر دۆلەتنىڭ مۇستەقىل ۋە ئىززەت-ئاب-
رويلۇق بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم شەرت. بۈگۈنكى دۇنيادا،

تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات— ئاساسىي ئېقىم، ئەمما دۇنيا تىنچ
ئەمەس، مەملىكىتىمىز ھېلىمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەت،
شۇڭا بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى چىڭ ئىگە-
لەپ، ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، باش چۆكۈ-
رۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنى باي-قۇدرەتلىك،
دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك زامانىۋى سوتسىيالىستىك دۆلەت
قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز
لازىم.
زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئورتاق غايىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئور-
تاق كۈرەش قىلىشىدىن ئايرىلمايدۇ. ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەك-
تۇر، 56 مىللەت، 1 مىليارد 200 مىليون نوپۇستىن تەركىب
تاپقان غايەت زور بىرلەشمە كۈچنى دۇنيادىكى ھېچقانداق كۈچ
بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئاشۇنداق كۈچ ھاسىل بولسا،
بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى
بولىدۇ. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم،
مىللەتلەر ئىتتىپاق، ئەمما تىنچ شارائىتتا خەۋپ-خەتەرنى ئەس-
تىن چىقارماسلىق كېرەك. دۇنيادىكى بەزى كۆپ مىللەتلىك
ئەللەردە مىللىي زىددىيەت، زېمىن ماجىراسى، دىنىي توقۇنۇش
بىردە ئۆرلەپ، بىردە پەسىيىپ داۋام قىلىۋاتىدۇ، بەزى مەملى-
كەت ۋە رايونلاردا مىللەتچىلىك كۈچلىرى بەك ئەدەپ كېتىۋاتى-
دۇ، بۇ ئەھۋاللار ئۆزگە يارىشا دۇنياغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر
كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئېلىمىزدىكى بەزى رايونلارغا بىۋاستە ياكى

ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. غەربتىكى بەزى كىشىلەر جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى خالىمايدۇ، بىزنى غەربچىلەشتۇرۇش ۋە پارچىلاش ئۇلار بەلگىلەپ قويغان ستراتېگىيە، ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قۇترىتىش ۋە قوللاشتىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزدە، بەزى جايلاردا، بەزى جەھەتلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئامىللار تېخى مەۋجۇت، چېگرا ئىچى ۋە سىرتىدا مىللىي بۆلگۈنچىلەر ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. خەلقئارادىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى مۇشۇنداق شارائىتتا، ۋەتەنپەۋەرلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تونۇشىنى ۋە ئىدىيىسىنى تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن بىرلىكتە توختىماي كۈرەش قىلىدىغان قىلىشىمىز لازىم.

جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى يەنە شۇنى رەت قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، دۆلەتنى مۇستەقىل قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ ئازادلىقىنى ۋە بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلغار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولۇشى كېرەك. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان ئىرادىلىك مەردانە كىشىلەر تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش، سىرتتىن كىرگەن دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىنقىلىرى يىقىلسا، كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى توختىماي ئېلىپ باردى، ئەمما ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنلا جۇڭگو

ئىنقىلابىنىڭ قىياپىتى بىردىن يېڭىلاندى. مانا شۇ جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاخىرى ئىنقىلابنىڭ
غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئۈچ چوڭ تاغ ئاغدۇرۇپ تاشلان-
دى. شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىمۇ دەل جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يارىتىلغان ئۇلۇغ
تۆھپە. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدى-
كى ئۇلۇغ ئىش داۋامىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە تېخىمۇ قەتئىي-
لىك بىلەن چىڭ تۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى غەلىبىلەر-
نى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

زامانىۋىلاشقان، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇ-
رۇش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە كۈرەش قىلىشى
زۆرۈر بولۇپلا قالماي، توغرا نەزەرىيە يېتەكچىلىكىنىڭ بولۇشى-
مۇ زۆرۈر. يېڭى تارىخىي دەۋردە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ
ماركسىزمى، مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ
قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى، بۇ نەزەرىيىدە ئىزچىل چىڭ تۇ-
رۇش ۋە ئۇنى ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. مىللىي
خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تە-
رەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. دېڭ
شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى مىل-
لىي مەسىلە توغرىسىدىكى مول نەزەرىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان، مەسىلەن، ئۇنىڭ مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ۋە

ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى؛ مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى؛ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىملىقى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىشى لازىملىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ھەقىقىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، ھەر مىللەت خەلقىگە سەمىمىي خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى، ئەينى ۋاقىتتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى؛ سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا مىللەتلەرنىڭ ۋە رايونلارنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى، ئورتاق بېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋەباشقىلار. بۇ مۇھىم نەزەرىيىلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئۇ يېڭى دەۋردە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ قىبلىنامىسىدۇر. بىز ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئوبدان تەتبىقلاپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتى-

پاقلىقى ۋە تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

يولداشلار، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، هاقارەتلىك تارىخقا خاتىمە بېرىلگۈسى. ھەممىمىز بىر-نىيەت-بىر مەقسەتتە يېڭى تۆھپە يارىتايلى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز 21-ئەسىرگە يېپيېڭى قىياپەت بىلەن قەدەم تاشلىسۇن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا مەردانە قىياپەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرسۇن.

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتەيلى*

(1997-يىل 9-ئاينىڭ 19-كۈنى)

پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سېلىۋاتقان، ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادلارغا يول ئېچىۋاتقان مۇھىم دەۋردە چاقىرىلغان تارىخىي قۇرۇلتاي بولدى. بۇ قۇرۇلتاي پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلايدىغان سىياسىي خىتابنامىسىنى ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىنى پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنىلىك جاكارلىدى. پارتىيىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تارىخىدا، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت

* بۇ— يولداش ئىسمايىل ئەھمەدنىڭ مەملىكەت بويىچە بىر قىسىم مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

خەلقىنىڭ كۈرەش تارىخىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىش تارىخىدا ئۇلۇغ ئابىدە تىكلەپ، شان-شەرەپلىك سەھىپە قالدۇردى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىدىن چەكسىز شادلاندى؛ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دوكلاتىنى تامامەن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە دوكلاتنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ قۇرۇلتايدا سايلاپ چىقىلغان باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى يېڭى مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى قەتئىي ھىمايە قىلدى.

مىللىي خىزمەت سېپىدىكىلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى، 15- قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتىدىكى تەلەپلەر بويىچە، «مىللىي خىزمەتنى ھەقىقىي كۈچەيتىش» دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى، مىللىي خىزمەت داۋامىدا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى مىللىي خىزمەتنىڭ قىبلىنامىسى قىلىشى، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھەققىدىكى نەزەرىيىگە ئەمەل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشى، مىللىي خىزمەتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ۋە يېڭى ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇشى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ

ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇشى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ھەمدە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئەتراپلىق ئالغا سىلجىتىشى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشى كېرەك.

## 1. ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى مىللىي خىزمەتنىڭ قىبلىنامىسى قىلىش

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى— ماركسىزمنى ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلمىي نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە مۇكەممەل نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنتايىن مول مەزمۇنلارنى، بىر يۈرۈش مۇھىم نەزەرىيە-نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن

15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى «ئىقتىساد، سىياسەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، مىللەت، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، بىرلىك سەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچى-گە ئالغان بىرقەدەر مۇكەممەللىككە ئىگە ئىلمىي سىستېما». بۇ بىزگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرىدۇكى، مىللەت توغرىسىدىكى نەزەرىيە دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم، ئورگانىك تەركىبىي قىسمىدۇر.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ پۈتكۈل ئىلمىي سىستېمىسىنى بېيىتتى، ئۇنىڭ مەزمۇنى مىللىي مەسىلە ۋە مىللىي خىزمەتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ، ئۇ مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئال-دۇ: ھەقىقىي مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسى-دىكى نەزەرىيە؛ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغ-داش توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونو-مىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ پارتىيىنىڭ مىللىي كادىرلارنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ ھەرقانداق مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىشى كې-رەكلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەن-پەئىتىگە ئېتىبار بېرىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيە؛ بىر قى-سىم كىشىلەر ۋە بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئاۋۋال تەرەققىي قىلى-

شى، ئاۋۋال تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان رايونلارنى يېتەكلىشى، ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە باشقىلار. بۇ نەزەرىيىلەر مىللىي خىزمىتىمىزنىڭ ھەممە چوڭ ساھەلىرىگە دېگۈدەك چېتىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنى ئىلمىي قىبلىنەماغا ئىگە قىلدى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئۇنىڭ پۈتكۈل نەزەرىيىسىگە ئوخشاش روشەن خۇسۇسىيەتكە، يەنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، مۇپەسسەل ۋە مۇكەممەللىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ئۇ جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن چىقىرىلغان ئىلمىي ھۆكۈم بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە؛ ئۇ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان ۋە يېڭىلىق ياراتقان نەزەرىيە، ئۇنىڭدا نۇرغۇن جەھەتتە پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تەجرىبىلىرى ئاساس قىلىنىپ، دۇنيا ۋەزىيىتى نەزەرگە ئېلىنىپ، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ماركسىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى مىللەت نەزەرىيىسى داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان، بىرقاتار يېڭى نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ پۈختا، ھاياتىي كۈچكە تولغان نەزەرىيە، چىڭگىش ۋە مۇرەككەپ مىللىي مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن، مىللىي مەسىلىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش لازىملىقىغا ئىلمىي جاۋاب بەرگەن نەزەرىيە.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر ماركسىزملىق مىللەت قارىشى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خاس مىللەت قارىشى بارلىققا كەلگەن دېيىلىدىغان بولسا، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ھازىرقى زاماندىكى جۇڭ-گونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بارلىققا كەلدى دېيىش كېرەك. ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مىللىي مەسىلىنى توغرا تونۇش ۋە ئوبدان بىرتەرەپ قىلىش، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا شارائىتتا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرى-سىدىكى نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئىگىلەش ۋە پائال تەتبىق قىلىش لازىم. بۇ— ئەمەلىيەتنىڭ يەكۈنى، شۇنداقلا تارىخنىڭ يەكۈنى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بىزنى مىللىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز ئۈچۈن كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالغا ئىگە قىلدى. خۇددى ماركسىزم ھەم ئۇلۇغ نەزەرىيە سىستېمىسى ھەم ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بولغىنىدەك، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەم پارتىيىنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىدىكى نەزەرىيە سىستېمىسى،

ھەم مىلىيونلىغان خەلق قاتنىشىۋاتقان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت. 15-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، 15-قۇرۇلتاينىڭ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەش — مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپىسى. ھەر دەرىجىلىك مىللىي خىزمەت تارماقلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشى ۋە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشى ھەمدە ئۇنى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئەمەلىيەت داۋامىدا بارلىققا كەلگەن بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت ئۈچۈن تولۇق خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك.

دەرۋەقە، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغانىكەن، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىمۇ تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بىلەن چۈشىنىشىمىز ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، كەلگۈسىدىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرى داۋامىدا پارلاق يېڭى نۇر چاچىدۇ.

**2. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھەققىدىكى نەزەرىيىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش**

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھەققىدىكى نەزەرىيە—
پارتىيىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي قائىدىلىرىنى
تەتبىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئە-
مەلىي سەۋىيىسىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا چىقارغان توغرا
يەكۈن. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپ-
كى باسقۇچى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى قايتا تەكىتلىدى ھەمدە
يېڭىچە شەرھلىدى.

دۆلىتىمىزنىڭ ھېلىمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇ-
چىدا تۇرۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ پۈتۈن
مەملىكەتكە سېلىشتۇرغاندا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ
ئاساسى تېخىمۇ ئاجىز، باشلىنىش ۋاقتىسى تېخىمۇ كېيىن،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كەڭ ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات
سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى، ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئىند-
سانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدىكى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ
ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. جۇمھۇرىيىتىمىز
قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسا-
دىي تەرەققىياتىدا غايەت زور ئىلگىرىلەش بولدى، قىياپىتىدە
تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى، لېكىن تارىخىي،
جۇغراپىيىۋى، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى-
دىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تېخنىكا، مائارىپ، مەدە-
نىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى نىسپىي
ھالدا ئارقىدا، بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ تەكشىسىز.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نامراتلىق دائىرىسى يەنىلا بىر قەدەر چوڭ.

خەلقنىڭ كۆنسايىن ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭگەن، بۇ ئاساسىي ئىجتىمائىي زىددىيەت كەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە، بۇ ھال بىزدىن مىللىي خىزمەتتە باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى ۋە بۇ مەركەزگە ئاگلىق بويسۇنۇشنى ۋە خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مىللىي خىزمەتتە ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، «تەرەققىيات چىڭ قائىدە» دېگەن ھەقىقەتنى تولۇق تونۇشىمىز، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكى ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شۇ «ئۇچكە پايدىلىق بولۇش» دېگەننى ھەق-ناھەقكە ھۆكۈم قىلىشنىڭ توپ ئۆلچىمى قىلىش تەلىپىنى چىندىن ئورۇنداپ، دادىل ئىزدىنىپ، دادىل تەجرىبە قىلىپ، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆز-

دە تۇتۇپ، ئىسلاھاتتا تېخىمۇ ئەمەلىي، تېخىمۇ جانلىق ئىش
كۆرۈشىمىز كېرەك. مەسىلەن، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى جە-
ھەتتە، كەڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا دۆلەت ئىگىلىكى
تەركىبلىرى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇۋاتقان، يەرلىك ئىگىلىك
نىسپىي ئارقىدا قالغان ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، 15- قۇرۇل-
تاينىڭ دوكلاتىدا مۇلۇكچىلىك مەسىلىسى جەھەتتە، «بەزى
جايلاردا، بەزى كەسىپلەردە پەرق بولسا بولىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا
قويۇلغان بايانغا ئاساسەن، مۇلۇكچىلىك سەۋىيىسى ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا
ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلان-
دۇرۇشقا پايدىلىقلا بولسا، شۇ ھەقتە تەجرىبە قىلىپ، ئىزدە-
نىپ، تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى
ئۈچۈن تىرىشىپ يېڭى يول ئېچىپ بېرىلسە بولىدۇ. بازار
ئىگىلىكى شارائىتىدىكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئە-
مەلىي ئەھۋالى ھەققىدىكى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاز سان-
لىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق، يەر ۋە ئەمگەك كۈچلىرى
جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىنى ھەقىقىي تۇردە تېپىش ھەمدە بۇ
ئۈستۈنلۈكنى يېڭى يول ۋە ئۇنۇملۇك شەكىللەر ئارقىلىق ھەقى-
قىي تۇردە جارى قىلدۇرۇش لازىم.
تۇرلەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش لازىم.
ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسى،
تارىخىي ئەنئەنە، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۆرپ-ئادەت
قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىق-
تىن، خىزمەت داۋامىدا ھەرقايسى رايونلارنىڭ، ھەرقايسى مىل-

لەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ
ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدى-
نىپ ئىزدىنىش ھەمدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەككى،
باشقا جايلارنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى، كونكرېت ئۇسۇلىنى
ئاددىيلا كۆچۈرۈپ ئېلىپ قوللىنىشتىن، قارىغۇلارچە بەسلە-
شىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئوخشاش بىرچارە تەرەققىي تاپقان
رايونلارغا لايىق كەلگىنى بىلەن تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا
لايىق كېلىشى ناتايىن؛ تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭمۇ كونك-
رېت ئەھۋالى بىر-بىرىدىن پەرقلەنگەچكە، تەرەققىيات ئەندىزى-
سى ۋە يولى پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئىلمىي پوزىت-
سىيە ۋە ئەمەلىيەتچىل ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.
ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش،
باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، شۇنىڭ
بىلەن بىرۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ يۆلىشى ۋە تەرەققىي تاپقان رايون-
لارنىڭ ياردەم بېرىشى زۆرۈر ۋە مۇمكىن. خۇددى 15- قۇرۇل-
تاينىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، بىر تەرەپتىن دۆلەت
ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش رولىنى ۋە ئىقتىدارى-
نى جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنى قوللاش
سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە بايلىق مەنبەلى-
رىنى ئېچىش يولىدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئالدى بىلەن ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى، مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىشتىن ئىبارەت
قېلىپلاشقان تۈزۈمنى پەيدىنپەي يولغا قويۇپ، مەملىكەت ئىچى
ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار-

غا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپ-
تىن، شەرقىي رايونلار پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلى-
نىپ، ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئالغا سىل-
جىتىش داۋامىدا يۇقىرىراق سەۋىيىدىكى تەرەققىياتنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، شەرقىي رايونلار بىلەن ئوتتۇرا ۋە
غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆپ شەكىللىك بىرلىشىش ۋە
ھەمكارلىقنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. ئاز سانلىق مىل-
لەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھ-
مىيەت بېرىش ۋە پائال ياردەم بېرىش كېرەك. كۆپ جەھەتتىن
تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ رايونلارنىڭ تەرەققىيات جەھەتتىكى
پەرقىنى پەيدىنپەي ئازايتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ۋە ئاممىسىنىڭ پائال
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەتنىڭ ۋە تەرەق-
قىي تاپقان جايلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە مەدەت
بېرىشى ئارقىسىدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئۆز تە-
رەققىياتىنى تېزلىتىشى، شۇ ئاساستا مەملىكەت بويىچە «رايون-
لار ئىقتىسادىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەڭكەش راۋاجلان-
دۇرۇش» ئىشىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى تامامەن مۇمكىن.

**3. مىللىي خىزمەتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىلىرىگە ئاسا-
سەن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش**

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى— مىللىي خىزمەتنى ئوبدان
ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە
قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى داۋامىدا بۇ سىيا-
سەتلەر ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، سى-

ياسەتنىڭ غايەت زور ئۈنۈمى ھاسىل قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتى ئالغا سۈرۈلدى. ئىلگىرى مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە سىياسەتكە تايانغانىدۇق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە سىياسەتكە تايىنىمىز. بىز سىياسەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى شارائىتتىكى مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك.

مىللىي سىياسەتنى ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يېڭى ئەھۋالغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا، مەسىلەن، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق پرىنسىپلىرىدا ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، مىللىي ئىقتىسادقا دائىر بەزى كونكرېت سىياسەتلەر ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش زۆرۈر. ھازىر ئېتىبار بېرىپ ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغىنى يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ۋەزىيەتكە يارىشا، 15-قۇرۇلتاينىڭ تەلپى بويىچە «پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت. نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، مىللىي سىياسەت خىزمىتىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش

پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، داۋاملىق كۆچكە ئىگە سىياسەتلەر-
نى چىڭدىن ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم؛ قىسمەن كۆچكە
ئىگە سىياسەتلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تولۇقلاش ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم؛ پۈتۈنلەي كۈچتىن قالغان سىياسەت-
لەرنى بىكار قىلىش ھەمدە مۇناسىپ يېڭى سىياسەتلەرنى تۈ-
زۈپ، كونىسىنىڭ ئورنىغا يېڭىسىنى دەسسىتىش كېرەك.

مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش— مۇرەككەپ سىس-
تېمىلىق خىزمەت، ئۇ نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، بىز
مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە،
ئومۇمىيلىق قارىشىنى تىكلەپ، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلى-
شىمىز، ھەم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇ-
شىمىز، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتى-
مائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى
بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە ئاز سانلىق
مىللەت رايونلىرىغا قارىتىلغان كونكرېت سىياسەتلەر بىلەن دۆ-
لىتىمىزنىڭ بۈرۈلۈش ياساۋاتقان باسقۇچتىكى سىياسەت-تەد-
بىرلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ ۋە تۈرتكە قىلىپ، مىللىي سىيا-
سەتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىسلاھات داۋامىدا ئىلگىرى
سۈرۈشىمىز كېرەك.

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇ-
رۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش
خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللىي سىيا-
سەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇناسىپ كونكرېت شەرت-شا-

رائىتقا ئىگە، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بارغانسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى كۈنسايىن ئىنچىكىلىشىۋاتقان، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىقتىساد كۈنسايىن بازارلىشىۋاتقان ۋە خەلقئارالىشىۋاتقان ھازىرقى ئەھۋال ئاستىدا، چوقۇم دەلىللەش خاراكتېرىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، مەسىلىنى كەڭ ئىجتىمائىي شارائىت ئىچىگە قويۇپ، مىللىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشكە ئائىت سىياسەت-تەدبىرلەرنى نىشانلىق ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئۈچۈن، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ، مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن رايونلارغا ۋە تارماقلارغا چېتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كۆپ جەھەتتىن تۇتۇش قىلىپ، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك بىرلەشمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، مىللىي سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**4. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

باش شۇجى جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقى ۋە سىياسىي

كېڭەش تۈزۈمىنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى بىر پۈتۈن ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ ئۈچ چوڭ شەكلى دەپ بايان قىلدى، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. مىللىي تېررىبتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىمىزدىكى مۇھىم ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتكە ئېنىق تەلەپلەرنى قويدى ۋە ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدا بىرقاتار مۇھىم بايانلىرى بار، بۇ بايانلار بىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزدىكى توپ يۆنىلىش ۋە مۇھىم قىبلىنامە. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرىدىغان بولساق، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى چوقۇم ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىيەلەيمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرەلەيمىز.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئۆز رولىنى كۈچەيتىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈ-

رۇش كېرەك. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى — دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈم، ئۇ دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ باش تېمىسى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە يارىشا، ئۆزىنىڭ سىياسىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنىمۇ جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. رېئاللىق مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمگە ئەنە شۇ تەلەپنى قويىدۇ. ھەرقانداق سىياسىي تۈزۈمنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ مەدەت بېرىشىگە مۇھتاج. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش — نۆۋەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. 15-قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، رىقابەت ۋە مۇكاپات مېخانىزمىنى قوبۇل قىلىش، ھۆكۈمەت خادى-

لىرى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» كېرەك، ئىخچاملاش،
بىرلىككە كەلتۈرۈش، رول ئوينىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن،
ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقى-
رى، يۈرۈشۈپ تۇرۇشى تەرتىپلىك، ئىش-ھەرىكىتى قېلىپلاش-
قان مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، ئاپتونو-
مىيە ئورگانلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ فاڭجېنلىرىنى
ئىجرا قىلىش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋا-
قىتتا، ئادىللىق، ئاشكارىلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دېموك-
راتىيە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتو-
نومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەر جەھەتتىن ئۇزلۇكسىز
كۈچەيتىش كېرەك.

مىللىي كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش—
مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. جۇمھۇرىيىتىمىز
قۇرۇلغاندىن بۇيان، مىللىي كادىرلار قوشۇنى ساغلام ئۆسۈپ
يېتىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.
مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە كۆرۈ-
نەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. لېكىن يەنە شۇنى كۆرۈش
كېرەككى، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىز-
مىتىدە ئىشلەشكە تېگىشلىك خىزمەتلەر تېخى ناھايىتى كۆپ.
15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا بۇ ھەقتە ستراتېگىيىلىك يۇقىرى ئۆل-
چەم بىلەن ئېنىق تەلەپ قويۇلدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى

ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە بۇ خىزمەتنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مىللىي كادىرلارمۇ ئۆز زىممىسىدىكى تارىخىي بۇرچىنى تولۇق تونۇپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش دولقۇنى داۋامىدا، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، دادىل يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تۆھپە يارىتىشى كېرەك.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھازىر دۆلىتىمىزدە «ئاساسىي قانۇن» ئاساس، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غول قىلىنغان، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي قانۇن-نىزاملار، تارماقلارنىڭ نىزاملىرى ۋە يەرلىك قانۇن-نىزام قاتارلىق بىرقاتار قېلىپلاشتۇرغۇچى ھۆججەتلەردىن تەركىب تاپقان مىللىي قانۇن-نىزام سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ۋۇجۇدقا كەلدى. شۇنداقتىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. مەيلى يېڭى قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە دائىر يۈرۈشلەشكەن تەدبىرلەرنى تۈزۈشتە بولسۇن، ۋە مەيلى قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمى قاتارلىق جەھەتلەردە بولسۇن، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. 15 -قۇرۇلتاينىڭ «دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» روھى-

نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي قانۇن چىقىرىش-
نى كۈچەيتىشى، مىللىي قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئەمەلىي-
لەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش، «مىللىي تېررىتورى-
يىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يولغا قويۇشقا ياندىشىدىغان قا-
نۇن-نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش،
قانۇن نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى كۈچەيتىش، مىللىي تېررىتو-
رىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش
ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

## 5. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش

15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى— پۈتكۈل جۇڭخۇا مەدەنىيە-
تىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇ-
رۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت
قۇرۇلۇشى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ
باش فاڭجېنى، باش سىياستى، باش نىشانى ۋە باش ستراتېگى-
يىسىگە بويسۇنۇشى كېرەك، لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئاز
سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش
كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشىدا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە-ئەخ-

لاق ساپاسىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تىرى-
شىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزاملىق، مەدەنىيەتلىك يېڭى
كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايون-
لىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى
كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەقلىي مەدەت
بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك.

كىشىلەرنىڭ رايىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن مۇ-
جەسسەملەشتۈرۈپ، ھەرىكەتنى شۇ نەزەرىيە بىلەن بىرلىككە
كەلتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ھەممە مىللەتنىڭ
ئورتاق غايىسىگە ئايلاندۇرۇش— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى-
نىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى. ئاز سانلىق مىللەت
رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، دېڭ
شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي
ئېگىز كۆتۈرۈش كېرەك. ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى خەلق
ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو، كوللېكتىپچىلىقنى پرىنسىپ
قىلغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەشتە چىڭ تۇ-
رۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى توغرا دۇنياقاراش، توغرا
كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە توغرا قىممەت قارىشى تىكلەشكە
يېتەكلەش لازىم. دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتى-
پاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بارلىق ئىدىيە
ۋە ئەخلاقنى دەۋەت قىلىش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
ۋەتەنپەرۋەرلىك شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن جارى
قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە مەي-
دانغا كەلگەن ۋەتەنپەرۋەر ئاتاقلىق كىشىلىرىنىڭ ئىش-ئىزلى-

رىنى كەڭ-كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بازا قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىش، مىللىي ئىتتىپاقلىق-تەرەققىيات ئۆلگىلىرىنى يارىتىش يولىدىكى ھەرخىل پائالىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك. ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئۆز غۇرۇرىنى ساقلايدىغان، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئۆزىنى كۈچەيتىدىغان ئالغا ئىنتىلىش روھىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ دائىرىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قېرىلارغا ھۆرمەت قىلىش، كىچىكلەرنى ئاسراش، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن جامائەتنى كۆزلەش، تۆھپە قوشۇشنى شەرەپ بىلىش، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش قاتارلىق ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنى داۋاملىق كەڭ كۆلەمدە جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

مائارىپ ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ ئارقىدا قېلىشى— ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلە. مىللىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، مىللىي مائارىپ سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ياش ۋە ئوتتۇرا ياش-

لىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئوبدان
ئىشلەپ، ھەر مىللەت ياش-ئۆسمۈرلىرىنى مەلۇم مەدەنىيەت
بىلىملىرىنى ئىگىلەش ئاساسىدا، ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئو-
مۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى
زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلىم-پەننى ئۆگىنىدىغان،
ئىلىم-پەندىن پايدىلىنىدىغان ياخشى كەيپىياتنى تىرىشىپ ۋۇ-
جۇدقا كەلتۈرۈش كېرەك. تۈرلۈك فېئودال خۇراپاتلىق ھەرى-
كەتلىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان
ئاممىنى بىرقەدەر كۆپ رايونلاردا دىنىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ،
دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ماسلىشىشقا تىرىشىپ يېتەك-
لەش كېرەك.
مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە ئاخباراتچىلىق--
نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش كې-
رەك. مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى سەنئىتىنى راۋاجلاندۇ-
رۇش، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار قوشۇنىنى زورايتىش
كېرەك. مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنىڭ تەربىيىۋى رو-
لىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ساغلام، ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان،
تەربىيىنى كۆڭۈل ئېچىش ئىچىگە سىڭدۈرگەن بايراملىق مەدە-
نىي پائالىيەتلەرنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. مىللىي نەشرىيات-
چىلىق ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىيا-
تىنىڭ نادىر ئەسەرلەر ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، كىتابنى
كۆپ ۋە ياخشى چىقىرىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ
ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئاساسىدا

مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتە كۈتكەن تەلىپىنى قاندۇرۇش كېرەك.

**6. باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش**

باش شۇجى جياڭ زېمىن 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك دەپ كۆرسەتتى. سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسلىرىنى نۇرغۇن ماددىغا بۆلۈپ سۆزلەشكە بولىدۇ. بۇ يەردە بىرلا ئاساس ئۈستىدە توختىلىمەن، پارتىيىمىزنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئەتراپلىق ئالغا سىلجىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇقىم ئىجتىمائىي شارائىت بولۇشى، ھەممە مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم. ئىناق مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزى دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ ئېشىشى، خەلقئارادىكى ئورنىنىڭ ئۆسۈشى يالغۇز ئىقتىسادنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش خاسىيىتىدىنلا ئەمەس، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن بولدى. شۇڭا مىللىي خىزمەتتە مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بايرىقىنى ھا-مان ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى-نىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت-كە ئىگە قىلىش كېرەك.

سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىش ۋە قوغداش كېرەك. باراۋەرلىك — ئىتتىپاقلىقنىڭ ئاساسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مۇ-ھىمى ھەرقايسى مىللەتلەر چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينە-زەر باپباراۋەر دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن ھىمايىسىگە، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ كۆپلەپ ماختىشىغا ئېرىشتى. ھەر-قايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى باراۋەرلىكى ئۈچۈنمۇ كۈچ چىقىرىش كې-رەك، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا 21-ئەسىرگە قەدەم تاشلاش جەريانىدا مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى مەسىلىلەرنى، يېڭى زىددىيەتلەر-نى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ئۆزگىرىشچان، مۇرەككەپ خەلقئارا شارائىت ئاستىدا، سوتسى-يالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانى-دا، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تېخىمۇ تەرەققىي

قىلىدۇ، ئەمما يېڭى سىناقلارنىمۇ باشتىن كەچۈرىدۇ. بىز مىللىي مەسىلىنى چوقۇم توغرا نەزەرىيە، كەڭ نەزەر ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىشىمىز ۋە بىرتەرەپ قىلىشىمىز، يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگىلىشىمىز، يېڭى قارشى تەدبىرلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز، يېڭى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. هازىر، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسىي جەھەتتىن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كىرىدۇ، مىللىي زىددىيەت ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ، بۇ زىددىيەتنى تەربىيە بېرىش، يېتەكلەش، كېڭىشىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن هەل قىلىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، شۇنداقلا بۇ زىددىيەت بىلەن باشقا ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىپ كېتىشىنى ۋە بىر-بىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆرۈشىمىز، مىللىي مۇناسىۋەتكە دائىر خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى هەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، هەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى قوغداش ئۈچۈن، يەنە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

يولداشلار! يېڭى ئەسىر بىزگە يېقىنلاپ كەلمەكتە، يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىمىزغا قويۇلدى، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، بىرنىيەت- بىرمەقسەتتە جاسارەت بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىـ

ـرىلەپ، مـىللىي خـىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، 15-قۇرۇلتايدا بەل-
گىلەنگەن تۇرلۇك ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنداش، ھەرقاي-
ـسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللى-
ـنىشى يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى!

# مىللىي خىزمەتكە دائىر ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت

*　　*

**ئىسمايىل ئەھمەد**

*　　*

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64228007-010)
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1998-يىل 5-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 5-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 49.00 يۈەن